هاجى نۇر هاجى
چېن گوگۇاڭ

# شىنجاڭ ئىسلام تارىخى

مىللەتلەر نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭ رايونىغا تارقىلىپ كىرىشى ...... 1
1-بۆلۈم ئىسلام دىنى تارقىلىپ كىرىشتىن ئىلگىرى غەربىي يۇرتتىكى دىنلار ...... 1
2-بۆلۈم ئىسلام دىنىنىڭ بارلىققا كېلىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە دۇنيا مىقياسىدا تارقىلىشى ...... 14
3-بۆلۈم ئىسلام دىنىنىڭ قەدىمكى شىنجاڭ رايونىغا تارقىلىپ كىرىشى ...... 23
ئىككىنچى باب قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئىسلام دىنى ...... 34
1-بۆلۈم قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىچكى-تاشقى جەھەتتىكى كۈرەشلىرى ۋە دىنىي كۈرەشلىرى ...... 34
2-بۆلۈم قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئىسلام دىنى مەزھەپلىرى ...... 53
3-بۆلۈم ئىسلام دىنى ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سىياسىتى، ئىقتىسادى ھەم مەدەنىيىتى ...... 72
ئۈچىنچى باب قاراقىتان، موڭغۇل ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ ئىسلام دىنى ...... 91
1-بۆلۈم قاراقىتان خانلىقى ۋە يەرلىك ئىسلام ھاكىمىيەتلىرى ...... 91
2-بۆلۈم موڭغۇل ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى دىنىي سىياسەت ...... 107
3-بۆلۈم يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى ۋە غەربىي يۇرت مۇسۇلمانلىرى ...... 123
تۆتىنچى باب شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى ئىسلام دىنى ...... 138
1-بۆلۈم شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ھۆكۈمرانىنىڭ ئىسلام دىنىنى

قوبۇل قىلىشى ........................ 138

2-بۆلۈم شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدا ئىسلام دىنىنىڭ كېڭە-

يىشى .......................... 148

3-بۆلۈم ئەرشىدىن جەمەتى ۋە نەقشىبەندىچىلەر ... 159

بەشىنچى باب يەكەن خانلىقىنىڭ ئالدىنقى دەۋرىدىكى ئىسلام

دىنى .......................... 172

1-بۆلۈم سەئىدىيە خانلىقى ۋە ئىسلام دىنى ........ 172

2-بۆلۈم مۇھەممەد شېرىپ ۋە ئۇنىڭ ئۇۋەيسىيە مەزھىپى

.............................. 179

3-بۆلۈم ئىسلام دىنى ۋە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەدەنىيە-

تى .......................... 187

ئالتىنچى باب يەكەن خانلىقىنىڭ كېيىنكى دەۋرىدىكى ئىسلام

دىنى .......................... 200

1-بۆلۈم مەخدۇم ئەزەم ئەۋلادلىرىنىڭ باش كۆتۈرۈشى 200

2-بۆلۈم قارا تاغلىقلار بىلەن ئاق تاغلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆ-

رەش .......................... 209

3-بۆلۈم يەكەن خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى ........ 219

يەتتىنچى باب جۇڭغارلار ئىستېلا قىلغان مەزگىلدىكى ئىسلام

دىنى .......................... 228

1-بۆلۈم جۇڭغارلار خوجايىنلىقىدىكى ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ

ھۆكۈمرانلىقى .................. 228

2-بۆلۈم سىياسىي ۋەزىيەت مالىمان بولغان يىللار ... 240

3-بۆلۈم قارا تاغلىقلار ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە زاۋال تېپى-

شى .......................... 247

سەككىزىنچى باب ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئىسلام دىنى ........ 260

1-بۆلۈم ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە دىنىي پائالىيىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

260 ..........................................
2-بۆلۈم دىنىي كىتابلار ۋە تارىخىي تەزكىرىلەر........ 270
3-بۆلۈم دىنىي شەرىئەت ۋە دىنىي ئىقتىساد.......... 284
4-بۆلۈم ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە دىنىي سەنئەت ......... 295
توققۇزىنچى باب باشقا مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادى
312 ........................................
1-بۆلۈم قازاقلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ............... 312
2-بۆلۈم قىرغىزلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ............ 319
3-بۆلۈم ئۆزبېك، تاتارلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى...... 325
4-بۆلۈم تاجىكلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى............... 334
5-بۆلۈم خۇيزۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ............ 343
ئونىنچى باب چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەر
ئوتتۇرىسىدىكى ئىسلام دىنى جەھەتتىكى ئالاقە-مۇناسىۋەتلەر
356 ..........................................
1-بۆلۈم چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە شىنجاڭدىكى
سۇفىزم مەزھىپىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقىلىشى...... 356
2-بۆلۈم چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىنجاڭ بىلەن ئىچكى
ئۆلكىلەردىكى سۇفىزمنىڭ ئالاقىلىرى ................ 371
3-بۆلۈم ئىمام رەببانى مەزھىپىنىڭ تارقىلىشى ......... 379
چوڭ ئىشلار يىلنامىسى ................................ 395

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز ئورنىدا

## سەيپىدىن ئەزىزى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مەملىكىتىمىز بويىچە كۆپ مىللەت ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئەڭ چوڭ ئاپتونوم رايون، شىنجاڭ ئۆزىگە خاس تارىخىي، جۇغراپىيىۋى مۇھىت خاسىيىتىدىن بۇرۇندىن تارتىپ شەرق مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتى قوشۇلىدىغان، ئالمىشىدىغان جاي بولۇپ كەلگەن. ئىسلام دىنى دۇنياۋى دىن. ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدا تارقىلىپ، تەرەققىي قىلىپ كېلىۋاتقىنىغا 1000 يىلدىن ئاشتى. ھازىر دۆلىتىمىزدە 55 ئاز سانلىق مىللەت بار. ئۇلاردىن 10 مىللەت ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. شىنجاڭدا بۇ 10 مىللەتنىڭ ھەممىسى بار. ئاپتونوم رايونغا تەۋە 13 ئاساسىي مىللەت ئىچىدە ئۇيغۇر قاتارلىق 7 مىللەت ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ . ئۇلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 9 مىليوندىن ئاشىدۇ . ئىسلام دىنى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئېتىقاد قىلىدىغان دىن . ئىسلام مەدەنىيىتى شىنجاڭنىڭ ئەنئەنىۋى تارىخىي مەدەنىيىتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ، شۇڭا ئىسلام دىنى ئىلمىي تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇش پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مىللىي ، دىنىي سىياسەتلىرىنى توغرا ، ئىزچىل ئىجرا قىلىش ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ، ھەرمىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان دۆلەت ۋە رايونلار بىلەن بولغان دوستلۇقى ۋە ئۆزئارا چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكىمۇ پايدىلىق .

يولداش ھاجى نۇر ھاجى بىلەن يولداش چېن گوگۇاڭ بىرلىشىپ يازغان

«شىنجاڭ ئىسلام تارىخى» نىڭ ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە نۇسخىلىرى دۆلىتىمىز بويىچە شىنجاڭ رايونىدىكى ئىسلام دىنى تارىخى بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق بايان قىلىنغان تۇنجى مەخسۇس كىتاب. هاجى نۇر هاجى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقاتى ئورنىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى، چېن گوگۇاڭمۇ بۇرۇن مەزكۇر ئورۇن ئىسلام دىنى تەتقىقاتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولغان. بۇ كىتاب مۇشۇ ئىككى نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك تەتقىقات خادىمىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەتقىقات خىزمىتىدە سىڭدۈرگەن ئەجرىنىڭ جەۋھىرى. ئىككى ئاپتور تارىخىي پاكىتقا هۆرمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىلمىي پوزىتسىيىدە تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئۆزىدىكى قەدىمكى مىللىي ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپلىگەن جۇڭگو، چەت ئەل تارىخ ماتېرىياللىرىنى تەتقىق قىلىپ ۋە دەلىللەپ، دۆلىتىمىز ۋە خەلقئارادىكى ئىلىم ئەھلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلىرىنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىپ، شاكىلىنى تاشلاپ مېغىزىنى ئېلىپ، يالغىنىنى تاشلاپ راستىنى ئېلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭ رايونىغا كىرىش، تارقىلىش ۋە ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە تەرەققىي قىلىش جەريانى ھەم ئالاھىدىلىكىنى ئەينەن بايان قىلغان، شىنجاڭ رايونىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى ئېچىپ بەرگەن. شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى بىلەن غەربىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام دىنىنىڭ تارىخىي مۇناسىۋىتىنى تەھلىل قىلىپلا قالماستىن، بەلكى بولۇپمۇ شىنجاڭ بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكىرى جايلىرىنىڭ ئىسلام دىنى جەھەتتىكى مۇناسىۋىتى، كەلدى - باردىسىنى تەكشۈرگەن، دۆلىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ تەدرىجىي بىرلىككە قاراپ تەرەققىي قىلغان تارىخىي يۈزلىنىشىنى دەلىللىگەن. بۇ كىتاب شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئىجاد قىلغان مەدەنىيەتنىڭ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي خەزىنىسىنى بېيىتىپلا قالماستىن، دۇنيا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ تارىخى تۆھپە قوشقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورخانىسى
www.uyghurkitap.com

«شىنجاڭ ئىسلام تارىخى» مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى . نەشرىياتتىكى مۇھەررىر يولداشلار بۇ كىتابنى چىقىرىپ ئەھمىيەتلىك ئىش قىلدى. بۇ تارىخ ماتېرىياللىرى تەپسىلىي ۋە چىن، تىلى ئىخچام ۋە مېغىزلىق ھەم كەڭ بىلىم خاراكتېرىگە ھەم بىر قەدەر يۇقىرى ئىلمىي سەۋىيىگە ئىگە ، كىتابخانلارغا تونۇشتۇرۇشقا ئەرزىيدىغان ئەسەر. بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى ئېلىمىزنىڭ ئىسلام دىنى تەتقىقاتىدىكى بەزى بوشلۇقلارنى تولدۇردى، جۇڭگو ئىسلام دىنى تارىخى، جۇڭگو مىللەتلەر تارىخى، جۇڭگو ئىدىيە تارىخى ۋە جۇڭگونىڭ غەرب بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخى ئۈستىدىكى تەتقىقاتلارنى يەنىمۇ ئالغا سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ . بۇ كىتابنىڭ نەتىجىسىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك .

شىنجاڭنىڭ ئىسلام دىنى تارىخىنى تەتقىق قىلىش داۋاملىق چوڭقۇرلىشىپ بارىدىغان خىزمەت بولغانلىقتىن ، بۇ كىتابنى يېزىشتا يېتەرسىزلىكنىڭ بولۇشى تۇرغان گەپ .بۇ كىتابنى تۈزىتىش ۋە تولۇقلاش ئۈچۈن، كىتابخانلارنىڭ قىممەتلىك پىكىرلىرىنى ئايىماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمىز. بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە نۇسخىسىنىڭ تەرجىمىسىنى ئىشلەشتە، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى ئەزىز يۈسۈپ، جۇمەخۇن يولداشلار زور كۈچ بىلەن ياردەملەشتى، ئۇلارنىڭ خىزمىتى ھۆرمەتلەشكە ۋە تەشەككۈر ئېيتىشقا ئەرزىيدۇ. ھەممەيلەن قولنى قولغا تۇتۇشۇپ، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى، ئىلىم ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا ئالغا باسايلى!

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى باب ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭ رايونىغا تارقىلىپ كىرىشى

## 1 - بۆلۈم ئىسلام دىنى تارقىلىپ كىرىشتىن ئىلگىرىكى غەربىي يۇرتتىكى دىنلار

شىنجاڭ قەدىمكى زاماندا ” غەربىي يۇرت “ دەپ ئاتىلاتتى، ئۇ خەن، تاڭ سۇلالىلىرىدىن تارتىپ جۇڭگونىڭ بىر پۈتۈن زېمىنىنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى بولۇپ كەلگەن. شىنجاڭ ئۆزىگە خاس ئەۋزەل تارىخىي شارائىتقا ۋە جۇغراپىيىلىك مۇھىتقا ئىگە، ئۇچ چوڭ تاغ تىزمىسى ئىككى چوڭ ئويمانلىقنى ئوراپ تۇرىدۇ. جەنۇب تەرەپتە كوئېنلۇن تاغ تىزمىسى، شىمال تەرەپتە ئالتاي تاغ تىزمىسى بار، تىيانشان تاغ تىزمىسى شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى كېسىپ ئۆتىدۇ ؛ ئۇچ چوڭ تاغ تىزمىسى ئوتتۇرىسىدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تارىم ئويمانلىقى، شىمالىي شىنجاڭدىكى جۇڭغار ئويمانلىقى بار. تىيانشان، كوئېنلۇن، قاراقۇرۇم قاتارلىق تاغ تىزمىلىرى كېسىشىپ ئۆتىدىغان جايدا، قەدىمكى زاماندا ” كۆكئارت “ دەپ ئاتالغان پامىر ئېگىزلىكى شەكىللەنگەن. بۇ يەرنى مەنبە قىلىپ، ئېلىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ئىچكى دەريا — تارىم دەرياسى ھاسىل بولغان. تىيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكىدە تىيانشاندىن باشلىنىپ، بالقاش كۆلىگە قۇيۇلىدىغان ئىلى دەرياسى بار، ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئالتاي تېغىدىن باشلىنىپ، شەرقتىن غەربكە ئېقىپ زايسان كۆلىگە قۇيۇلىدىغان ئېرتىش دەرياسى بار. قەدىمدىن تارتىپ تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىقلار ۋە تىيانشاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى كەڭ يايلاقلار ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىي رايونىدا ياشىغۇچى مىللەتلەرنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ ۋە تىرىكچىلىك قىلىپ راۋاج تېپىشى

ئۈچۈن تەبىئىي شارائىت يارىتىپ بېرىش بىلەنلا قالماي، شىنجاڭ جۇڭگو بىلەن غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە جايلاشقانلىقى، قەدىم زاماندىكى قۇرۇقلۇق " يىپەك يولى " چوقۇم بېسىپ ئۆتىدىغان جاي بولغانلىقى ئۈچۈن، جۇڭگو بىلەن غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئۈچۈنمۇ كەڭ تارىخ سەھنىسى ئېچىپ بەرگەن.

دىن ــ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ بارومېتىرى. ئىنسانلار جەمئىيىتىدە، دىن ــ كىشىلەرنىڭ تەبىئەتتىن تاشقىرى نەرسىگە بولغان ئېتىقادى. دىن جەمئىيەت تارىخىدىكى بىر خىل ھادىسە سۈپىتىدە، ئىنسانلارنىڭ ئېڭى تەرەققىي قىلىپ مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندىن كېيىن پەيدا بولغان. دىن ئىپتىدائىي كوممۇنا دەۋرىدىكى ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى شارائىتىدا بارلىققا كەلگەن، ئۇ ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئۈستىخىيىلىك كۈچلەر بىلەن بولغان كۈرەشلەردە ئاجىز كەلگەنلىكى ۋە ئامالسىز قالغانلىقىنىڭ ئىنكاسى. قەدىم زاماندىكى شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىدىن قارايدىغان بولساق، ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى بۇنىڭدىن تەخمىنەن 4000 يىل ئىلگىرىلا ئىپتىدائىي دىنىي ئاڭنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قەدىمكى قەبرىلەردىن تېپىلغان بەزى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئەينى زاماندا كىشىلەردە روھ ۋە ئۆلگەندىن كېيىنكى تۇرمۇش توغرىسىدىكى ئاڭنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. تىيانشاننىڭ شىمالىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان ساكلار ئىچىدە، دىنىي ئاڭنىڭ ئىپادىلىنىشى ناھايىتى روشەن بولغان. شۇ زاماندا ساكلار ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدىن سىنىپىي جەمئىيەتكە ئۆتۈۋاتاتتى، ساك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قەبرىلىرىنىڭ تاشقى شەكلى ھەشەمەتلىك بولۇپلا قالماي، دەپنە بۇيۇملىرىمۇ ناھايىتى مول بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى جايلاردىن تېپىلغان قىياتاش رەسىملىرىدە ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش مەنزىرىلىرى تەسۋىرلەنگەن، ئۇلاردىمۇ ئىپتىدائىي دىنىي ئاڭ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، ئىپتىدائىي

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

دىن ئاددىي ھالدا تەبىئەتكە چوقۇنۇشتىن ۋە ھەممە نەرسىدە جان بولىدۇ، دەيدىغان قاراشتىن تەدرىجىي ھالدا ئىلگىرىلەپ توتېم ئېتىقادى، ئەجدادلارغا چوقۇنۇش، ھەتتا ئىلاھقا چوقۇنۇش شەكلىگە تەرەققىي قىلغان. بۇ چوقۇنۇش شەكىللىرى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن شامان دىنىدا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئىپادىلەنگەن. شامان دىنى قەدىم زاماندا شىمالىي ئاسىيا رايونلىرىدا كەڭ تارقالغان ئىپتىدائىي دىن ئىدى. ئۇ چاغدا ئىپتىدائىي جەمئىيەت يىمىرىلىشكە يۈزلەنگەنلىكتىن، كەسپىي داخان، پېرىخونلار بارلىققا كەلگەن. ئادەتتە تونگۇسلار ئۇلارنى ” شامان “ ياكى ” قامان “ دەپ ئاتاشقان، بۇنىڭ مەنىسى ” ھاياجانلىنىپ تىنىم تاپمايدىغان ئادەم “ ياكى ” قەھر ـ غەزەپلىك ئادەم “ دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ كەسپىي پائالىيىتى سەكرەپ باخشىلىق قىلىش بولغاچقا شۇنداق نام بىلەن ئاتالغان. شامان دىنى ئاسمان ئۈستۈنكى دۇنيا، ئۇنىڭدا ئىلاھلار تۇرىدۇ ؛ يەر يۈزى ئوتتۇرا دۇنيا، ئۇنىڭدا ئىنسانلار تۇرىدۇ ؛ دوزاخ بولسا تۆۋەنكى دۇنيا، ئۇنىڭدا ئالۋاستىلار تۇرىدۇ، دەپ قارىغان. بۇ دىن ” تەڭرى “ نى ھۆرمەتلىك ئىلاھ دەپ بىلگەن. تەڭرىگە چوقۇنۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ، تۇرلۇك ئىپتىدائىي ئېتىقاد ساقلاپ قېلىنغان. باخشىلىق قىلىدىغان شامانلار ئىلاھقا (ئاسمانغا) قاراپ سەكرەش، ئىلاھنى ئاسماندىن چۈشۈرۈشكە ئوخشاش پېرىخونلۇق ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئىلاھ روھى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئاپەتنى يوقىتىش ئۈچۈن تائەت ـ ئىبادەت قىلغان، مول ھوسۇل ئۈچۈن دۇئا قىلغان. بۇ خىل ئىپتىدائىي دىن ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زاماندىكى غەربىي يۇرتقا كېلىپ پائالىيەت قىلغان شىمال كۆچمەن مىللەتلىرى، مەسىلەن، ھون، سيانپى، جۇرجان، قاڭقىل (ئېگىز ھارۋىلىقلار)، تۈرك، ئۇيغۇر، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەر ئارىسىدا ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولغان، ھەتتا بىرمۇنچە مىللەتلەردە ئۇنىڭ قالدۇق تەسىرلىرى ھېلىمۇ مەۋجۇت.

ئىنسانلار سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى ئۇرۇق ـ قەبىلە دىنى تەدرىجىي ھالدا مىللەت ـ دۆلەت دىنىغا ئۆتكەن. يەنىمۇ

ئىلگىرىلەپ دۇنياۋى دىن يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلغان. بۇ چاغدا ئىپتىدائىي ئىستىخىيىلىك دىنلار ھۆكۈمران سىنىپلار تەشەببۇس قىلىدىغان ۋە يۆلەيدىغان سۈنئىي دىنغا ئايلانغان. ئىراق قەدىمكى زاماندا، مۇكەممەل دىن سۈپىتىدە غەربىي يۇرتقا ئەڭ بۇرۇن تارقىلىپ كىرگەن دىن زوروئاستىر دىنى (ئاتەشپەرەسلىك دىنى) بولغان. بۇ دىن پېرسىيىدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، زوروئاستىر (تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى VI - VII ئەسىردە ئۆتكەن) تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان. بۇ دىن پېرسىيىنىڭ قەدىمكى دىنىي كىتابى «ئاۋىستا» نى بىردىنبىر مۇقەددەس كىتاب، دەپ قارىغان. ياخشىلىق بىلەن يامانلىقتىن ئىبارەت ئىككى مەنبەچىلىكنى تەشەببۇس قىلغان، ئوت ئىلاھى ئاھۇرامازداغا چوقۇنغان. مەخسۇس ئوتقا چوقۇنۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن، شۇڭا بۇ دىن ئادەتتە "ئاتەشپەرەسلىك دىنى" ياكى "زەردۇشت دىنى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ. زوروئاستىر دىنى مىلادىدىن بۇرۇنقى IV ئەسىردىلا غەربىي يۇرتقا تارقىلىپ كىرىپ، مىلادى X ئەسىرگە قەدەر 1000 يىلدىن كۆپرەك تارقىلىش تارىخىنى بېسىپ ئۆتكەن. شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەدىمكى تاجىكلارلا خېلى بۇرۇن زوروئاستىر دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ قالماستىن، بەلكى قوچۇ (تۇرپان)، كىنكىت (قاراشەھەر)، سۇلى (قەشقەر)، ئۇدۇن (خوتەن) قاتارلىق جايلارغىمۇ زوروئاستىر دىنى تارقالغان. قوچۇ ئايمىقى دەۋرى (مىلادى 327 - 460 - يىللار) دىلا تۇرپان رايونىدا " 天明 " دېگەن خەتنى بەلگە قىلغان بىر تۈركۈم ئاتەشپەرەس خەنزۇلار بولغان. قوچۇ خانلىقى دەۋرى (مىلادىيە 460 — 640- يىللار) دا يەنە " سابو " دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدىغان، ئاتەشپەرەسلىك دىنىي ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان مەنسەپ تەسىس قىلىنغان. تۈرك خانلىقى (552 — 657- يىللار) دا، خانلىق يىمىرىلگەندە تۈركلەر مەلۇم دەرىجىدە ئاتەشپەرەسلەشكەن، شۇڭا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى يازمىلاردا " تۈركلەرنىڭ ئوت ئىلاھى " دېگەن خاتىرىلەر ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان (مىلادى 866 - يىلى) دىن كېيىن، ئاتەشپەرەسلىك دىنى يەنىلا تارقىلىپ تۇرغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

دۇنياۋى دىن مىللەت ـ دۆلەت دىنى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن، يەنە كېلىپ مىللەت ۋە دۆلەت چېگرىسىدىن ھالقىپ، دۇنيا مىقياسىدا كەڭ تارقالغان دىندۇر. ئۈچ چوڭ دۇنياۋى دىن (بۇددا دىنى، خرىستىئان دىنى ۋە ئىسلام دىنى) ئىچىدە بۇددا دىنى ئەڭ بۇرۇن بارلىققا كەلگەن، شۇنداقلا شىنجاڭغا ھەممىدىن بۇرۇن تارقىلىپ كىرگەن دۇنياۋى دىندۇر.

بۇددا دىنىنىڭ ئاساسچىسى گاۋتاماسىددارتا (تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 483 ـ563 ـ يىلى ئۆتكەن) بولۇپ، رىۋايەت قىلىنىشچە، ئۇ ھىندىستان بىلەن نېپال چېگرىسىدىكى ساكيا قەبىلىسىنىڭ شاھزادىسى ئىكەن. ئۇ 29 يېشىدا راھىب بولۇپ تائەت ـ ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، يەتتە يىلدا " بۇددا " (ئويغانغۇچى دېگەن مەنىدە) بولغان، ئۇ " ساكيامۇنى " دەپمۇ ئاتالغان (بۇنىڭ مەنىسى " ساكيا قەبىلىسىنىڭ زاھىدى " دېگەنلىك بولىدۇ). ئۇ ھىندىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا 40 نەچچە يىل ئايلىنىپ يۈرۈپ دىن تارقاتقان. ئۇنىڭ دىنىي ئەقىدىسى ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشى، قېرىشى، كېسەل بولۇپ ئۆلۈشى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئازاب، ئازابنىڭ مەنبەسى تۈرلۈك ئارزۇ ـ ھەۋەس، ئارزۇ ـ ھەۋەسنى كۆزلەپ ئىش كۆرگەندە، قايمۇقۇپ ئايلىنىپ يۈرۈشتىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ، بارلىق ئارزۇ ـ ھەۋەسنى يوقاتقاندىلا، ئاندىن " نىرۋانا " غا يەنى تۇغۇلۇش ـ يوقىلىش بولمايدىغان مەنزىلگە يەتكىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى پاك تۇتۇپ، تائەت ـ ئىبادەت قىلىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، ئاندىن نىرۋاناغا يېتىش مۇرادى ئەمەلگە ئېشىپ، ھەقىقىي نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. بۇددا دىنى ماخايانا ۋە ھىنايانادىن ئىبارەت ئىككى چوڭ مەزھەپكە بۆلۈنگەن، ھىنايانا ئىپتىدائىي بۇددا دىنىنى كۆرسىتىدۇ، ماخايانا مىلادى I ئەسىر ئەتراپىدا ھىندىستان كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ پادىشاھى كانىشكا دەۋرى (تەخمىنەن مىلادىيە 78 ـ 120 يىللار) دا شەكىللەنگەن مەزھەپتۇر. بۇددىستلار ئۆزلىرىنىڭ نىرۋاناغا يېتىش يولىنى ھارۋىغا ئولتۇرۇشقا ئوخشاش، دەپ قارايدىغان بولغاچقا، " ماخايانا " نىڭ مەنىسى كەڭ يول دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

ئۇنىڭ ھىنايانادىن پەرقى شۇكى، " ھىنايانا " مەزھىپى " ئۆز ۋۇجۇدىنى ۋە ئىدراكىنى يوقىتىپ "، ئۆزىنى ئۆزى ئازاد قىلىشقا ئېرىشىشنى تەرغىپ قىلىدۇ؛ " ماخايانا " مەزھىپى بولسا، پۈتكۈل جانلىقلارغا ئالىي مېھىر-شەپقەت يەتكۈزۈپ، بۇددانىڭ پاك زېمىنىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئالىي نىشانغا يېتىشنى تەرغىپ قىلىدۇ.

مىلادىدىن بۇرۇنقى III ئەسىردە ھىندىستاندىكى مائۇرىيا (توز) خاندانلىقىنىڭ پادىشاھى ئاسوكا ھۆكۈم سۈرگەن دەۋردىلا بۇددا دىنى كەشمىر دۆلىتىگە تارقىلىپ كىرگەن، مىلادىدىن بۇرۇنقى 74 - يىلى كەشمىرلىك ۋېيدې سىرامان ۋايىروچېنا (بىيەنجاۋ) ئۇدۇنغا كېلىپ دىن تارقىتىشقا باشلاپ، ئۇدۇن پادىشاھىنى بۇددا دىنىغا كىرىشكە دەۋەت قىلغان، كېيىن بۇددا دىنى قەشقەر، كۇچا، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا تارقىلىپ كىرگەن. دەسلەپتە تارقىلىپ كىرگىنى ھىنايانا مەزھىپى بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ماخايانا مەزھىپى ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى شىنجاڭ رايونىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن. ئۇ چاغلاردا قەدىمكى شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستان قاتارلىق رايونلاردا بۇددا دىنى ئومۇمەن " غەربىي يۇرت بۇددا دىنى " دەپ ئاتىلاتتى. ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، غەربىي يۇرت بۇددا دىنىنىڭ تەرەققىياتى ئىككى دەۋرنى باشتىن كەچۈرگەن. بىرىنچى دەۋرى، غەربىي يۇرت شەھەر بەگلىكلىرى دەۋرىدىكى بۇددا دىنى (مىلادىدىن بۇرۇنقى I ئەسىردىن مىلادى IX ئەسىرگىچە)؛ ئىككىنچى دەۋرى، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى بۇددا دىنى (مىلادى IX ئەسىردىن كېيىن). ئالدى بىلەن بىرىنچى دەۋردىكى ئەھۋالدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، خەن سۇلالىسىنىڭ جيەنيۈەن 3 - يىلى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 138 - يىلى) جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا تۇنجى قېتىم كېلىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشلىرىنى باشلىغان. خەن سۇلالىسىنىڭ شېنجۆ 3 - يىلى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 59 - يىلى) غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، غەربىي يۇرتتىكى كەڭ رايونلار خەن سۇلالىسىنىڭ زېمىن خەرىتىسىگە رەسمىي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كىرگۈزۈلگەن، بۇ ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىي چېگرا رايونلىرىنىڭ بىرلىككە كېلىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەنلىكىنىڭ ئالامىتى ئىدى. ئەينى چاغدا، غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ قارمىقىدا36 بەگلىك بولۇپ، كېيىن 50 نەچچە بەگلىككە كۆپەيگەن. بۇ شەھەر بەگلىكلىرى ئىچىدە بۇددا دىنى ئالدى بىلەن تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇب ۋە شىمال تەرەپلىرىدىكى قاتناش يوللىرىدا راۋاجلىنىپ، ئۇدۇن (ھازىرقى خوتەن) ۋە كۇسەن (ھازىرقى كۇچا) دىن ئىبارەت ئىككى چوڭ بۇددا دىنى مەركىزى ۋۇجۇدقا كەلگەن ۋە ئۇ يەرلەردىن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى شەھەر بەگلىكلىرىگە كېڭەيگەن. كۇسەندە ماخايانا مەزھىپىنىڭ ئالىي راھىبى، ئېلىمىزنىڭ بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىش تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ ئەرباب كوماراجىۋا، ھىنايانا مەزھىپىنىڭ داھىيسى، بۇددا تەلىماتى ئۆلىماسى بۇددۇسراماپىرالار مەيدانغا كەلگەن. ئۇدۇندا بولسا سراماناجېتامى (گېيۇ)، تىيۇن پراخنا (تيەنجى)، شىكساناندا (شۆشى) قاتارلىق مەشھۇر نوم ئۆلىمالىرى بولغان. سۇلې (قەشقەر) دە بۇددىزم تىلشۇناسى ۋە شەرھشۇناسى پىي خۇيلىن مەيدانغا كەلگەن. مول بۇددىزم كىتابلىرىدىن «ماخاۋايپۇليا» قاتارلىق ماخايانا نوملىرى ئۇدۇن، كۇسەنلەردە بارلىققا كەلگەن. ئۇدۇن، سۇلې، پىشامشان قاتارلىق يەر ناملىرىمۇ «بۇددا ۋاتام ساكا»، «ماخاسانىنى پاتاسوترا» قاتارلىق نوملاردا كۆپرەك ئۇچرايدۇ. ئۇدۇن قاتارلىق جايلار ماخايانا نوملىرىنى تەييارلاش مەركىزى بولۇپ قالغان، ساگرام ۋە سۇتۇپا (مۇنار) لارنىڭ ياسىلىشى، بۇددا ئۆتكۈرلىرى ۋە مىڭئۆيلەرنىڭ ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ مىمارچىلىق، ھەيكەلتىراشلىق، رەسساملىق ئىشلىرىمۇ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان. ھىندى - يۇنان سەنئىتىنىڭ جەۋھىرى بولغان قەندھار سەنئىتى① غەربىي يۇرتتا بىر مەزگىل دەۋر سۈرگەن، بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغىچە سىڭىپ كىرگەن

---

① قەدىمكى ھىندىستان خانلىقى قەندھار (ھازىرقى پاكىستاننىڭ پېشاۋار ئۆلكىسى ۋە ئافغانىستاننىڭ شەرقىي چېگرىسى) نىڭ بۇددا دىنى تېما قىلىنغان ھەيكەلتاراشلىق سەنئىتى. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، قىياپىتى جانلىق، سىزىقلىرى ئېنىق ھەم ئىخچام، تەسىرچانلىقى كۈچلۈك.

ھەمدە بۇددا دىنىدىن ئىبارەت ۋاستە ئارقىلىق، جىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى فاشيەن، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شۈەنزاڭنى نامايەندە قىلغان زور تۈركۈمدىكى سىرامانلارنىڭ غەربكە بېرىپ بۇددا ئىلمىنى تەھسىل قىلىشى ۋە ھىندىستان قاتارلىق جايلاردىن بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلغۇچى ئۇستازلارنىڭ شەرققە كېلىپ تۇرۇشى جۇڭگو بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرگەن.

IX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، غەربىي يۇرتتىكى شەھەر بەگلىكلىرىنىڭ بۇددا دىنى قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بۇددا دىنىغا ئۆتۈشكە باشلىغان. ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، قوجۇ رايونىغا كىرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارى بۆگۈتېكىن ميلادى 866 - يىلى تۇبۇتلارنىڭ سانغونى كوگشاگرىنى مەغلۇپ قىلىپ، قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان. قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دائىرىسى شەرقتە قۇمۇلدىن باشلىنىپ، غەربتە ئاقسۇغىچە ئىدى، قوجۇ ئۇيغۇرلىرى ۋە كۇسەن ئۇيغۇرلىرىدىن ئىبارەت ئىككى قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇيغۇرلار چۆللۈكنىڭ شىمالىدا ياشىغان چاغلاردا، ئاساسەن شامان دىنى ۋە مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، غەربكە كۆچكەندىن كېيىن شۇ جايلاردىكى بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، بىرمۇنچە كىشىلەر بۇددا دىنىغا كىرگەن، بۇددا دىنىغا كىرگەن قوجۇ ئۇيغۇرلىرى غەربىي يۇرتنىڭ بۇددا دىنى مەدەنىيىتىنى يېڭى گۈللىنىش باسقۇچىغا سىلجىتقان. ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت جەھەتتىن تەھلىل قىلغاندا، شەرقىي قىسمىدا ئۇيغۇرلار دەۋرىدە ياسالغان ساگراملار ۋە بۇددا ئۆڭكۈرلىرى ئەڭ كۆپ بولغان. تۇرپاندىكى بېزەكلىك مىڭئۆيى، پىچاندىكى تۇيۇق مىڭئۆيى قاتارلىقلارنىڭ كۆپچىلىكى شۇ دەۋردە بىنا قىلىنغان. بايدىكى قىزىل مىڭئۆيى دۇنخۇاڭدىن قالسىلا ئېلىمىزدىكى تۆت چوڭ تاش ئۆڭكۈرنىڭ بىرى بولۇپ، 10 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېقىن تام رەسىملىرى ساقلانغان. كۇچادىكى قۇمتۇر مىڭئۆيىمۇ ئاساسەن ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن ياسالغان. قوجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇددا دىنى مۇنداق ئىككى چوڭ ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى: بىرى، ئوتتۇرا

تۇزلەڭلىكتىكى بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، قەدىمكى ئۇيغۇر پېزىقىدىكى بىرمۇنچە بۇددا نوملىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان نوملاردىن كۆچۈرۈپ تەرجىمە قىلىنغان ؛ يەنە بىرى، تىبەت بۇددا دىنىنىڭ ئامىللىرىنى قوبۇل قىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بۇددا كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلىپ تارقىتىش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىغان، شۇ ئارقىلىق قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن خۇاشيا مەدەنىيىتى ۋە تىبەت ـ موڭغۇل مەدەنىيىتىنىڭ ئالمىشىشىغا يول ئېچىلغان.

ئىسلام دىنى تارقىلىپ كىرىشتىن ئىلگىرى، غەربىي يۇرتقا يەنە تويىن (تەرىقەتچىلىك) دىنى، مانى دىنى ۋە نېستورىيان دىنىمۇ تارقىلىپ كىرگەن. تويىن دىنى ئېلىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرىدا پەيدا بولغان بىر خىل دىن بولۇپ، ئۇ قەدىم زاماندىكى سېھىرگەرلىك ۋە چىن، خەن دەۋرلىرىدىكى ئەۋلىيالار كارامىتى (مۇنەججىملىك) دىن كېلىپ چىققان. ئىپتىدائىي تويىن دىنى شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى خۇاڭدى ـ لاۋزى تەرىقىتىدىن ئىبارەت بولۇپ، خۇاڭدى بىلەن لاۋزىغا چوقۇنغان. كېيىن تەرەققىي قىلىپ بەش كۈرە گۈرۈچ تەرىقەتچىلىكى، تەيپىڭ تەرىقەتچىلىكى ۋە جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى تەڭرى تەرىقەتچىلىكى كېلىپ چىققان. تويىن دىنىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىسى "تەرىقەت" بولۇپ، تەرىقەت "ئاسمان ـ زېمىننىڭ مەنبەسى"، "يارالغۇچى كائىناتنىڭ يىلتىزى" دەپ قارايدۇ. بۇ دىن ئۈچ ئىلاھنى، يەنى پاكلىق ئىلاھى (لاۋزى)، روھ ئىلاھى ۋە ئەخلاق ئىلاھىنى ئۇلۇغلايدۇ، تۇمار ئېسىپ ئىبادەت قىلىپ ئەۋلىيالىققا يېتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. تويىن دىنى ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ 7 ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە غەربىي يۇرتقا تارقىلىپ كىرگەن، شۇ چاغلاردا ئىچكى رايونلاردىن چېگرا رايوننى قوغداش ئۈچۈن كەلگەن ئەمەلدار، ئەسكەرلەر ۋە كۆچۈپ كەلگەن پۇقرالار تەرىقەتچىلىك ئېتىقادىنى بىللە ئېلىپ كەلگەن. تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان ئالدىنقى چىن سۇلالىسىنىڭ جيەنيۈەن 22 ـ يىلى (مىلادى 386 ـ يىلى) غا ئائىت ليۇ خۇڭفېي خانىشىنىڭ قەبرىسىدىن چىققان

بىر پارچە كىيىمگە " سول تەرەپتە قارا ئەجدىھا، ئوڭ تەرەپتە ئاق يولۋاس كۆرۈنگەي " دېگەن تويىن ئەپسۇنى يېزىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن تېپىلغان قەبرىلەردىكى بىرمۇنچە كىيىم - كېچەكلەردىمۇ ئاسماندىكى قوغدىغۇچى يۇلتۇزلار تۈركۈمىنىڭ ناملىرى يېزىلغان. تۇرپاندىن تېپىلغان قوجو كۇ جەمەتى خانلىقى دەۋرىگە ئائىت تويىن دىنى يادىكارلىقلىرى ئىنتايىن كۆپ، بولارنىڭ ئىچىدە خانلىقنىڭ ئەمەلدارلىرى تاقايدىغان تويىن تۇمارلىرى بار. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتنىڭ بەزى جايلىرىدا تويىن ئىبادەتخانىلىرى ياسالغان. مەسىلەن، ئۈچتۇرپان (ھازىرقى قۇمۇل) ئايىمىقىنىڭ ئارا تۈرۈك ناھىيىسىدە شياڭمۇ ئىبادەتخانىسى، دالو ئىبادەتخانىسى، ناجى ناھىيىسىدە شياڭمۇنى ئىبادەتخانىسى، رويۇەن ناھىيىسىدە تيەنشاڭ ئىبادەتخانىسى، تۇرپان رايونىدا كۇتاڭ ئىبادەتخانىسى، جۇلۇ ئىبادەتخانىسى قاتارلىق ئىبادەتخانىلار ياسالغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە «تويىن نومىلىرى» نىڭ كۆچۈرمە نۇسخىلىرىنىڭ تولۇقسىز بەتلىرىمۇ بار.

مانى دىنى ئىرانىنىڭ قەدىمكى دىنلىرىدىن بىرى بولۇپ، مانى (مىلادىيە 216- 277- يىللار) تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان. بۇ دىن " ئىككى مەنبە، ئۈچ دەۋر " كۆز قارىشىنى تەرغىپ قىلىدۇ. ئىككى مەنبە دېگىنى يورۇقلۇق بىلەن جاھالەتنى، ئۈچ دەۋر دېگىنى ئۆتمۈش، ھازىر ۋە كەلگۈسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ دىن دۇنيادا يورۇقلۇق بىلەن جاھالەت، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئۆزئارا كۈرەش قىلىدۇ، ئۈچ دەۋر ئىچىدە تەرەققىي قىلىدۇ، ئاخىر يورۇقلۇق جاھالەتنى يېڭىدۇ، ياخشىلىق يامانلىقنى يېڭىدۇ، دەپ قارايدۇ. مانى دىنى يورۇقلۇق ئىلاھىنى ئۇلۇغلايدۇ، مانىنى يورۇقلۇق ئىلاھى ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەن پەيغەمبەر، دەپ بىلىدۇ. مانى مۇرىتلىرى گۆشسىز تائام يەيدۇ، ئۆلگەندە يالىڭاچ دەپنە قىلىنىدۇ. ئادەتتە ئاق يەكتەك، قارا دوپپا كىيىدۇ، كۈنگە تۆت ۋاق دۇئا - تىلاۋەت قىلىدۇ، يېمەك - ئىچمەكتىن پەرھىز تۇتىدۇ ۋە تىۋا ئىستىغپار ئوقۇيدۇ. لېكىن، مانىنى پېرسىيە ھۆكۈمرانى ۋارام

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

I يامان كۆرگەنلىكتىن، مىلادى 277 ـ يىلى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، ئۇ ئىجاد قىلغان بۇ دىنمۇ پېرسىيە ۋە شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىدە مەنئىي قىلىنغان، مانى دىنى كېيىنكى چاغلاردا ئاساسەن شەرقتە، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا گۈللەنگەن. مىلادى III ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىلا مانىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك شاگىرتى ئامۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئامۇ دەرياسى رايونىغا كىرىپ، سوغدىلار ئارىسىدا دىن تارقاتقان. IV ئەسىردىن كېيىن، مانى دىنى سوغدىلارنىڭ سودا پائالىيىتى ئارقىلىق غەربىي يۇرتقا تارقىلىپ كىرگەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ يەنزەي تۇنجى يىلى (مىلادى 694 ـ يىلى) پېرسىيىدىن مانى راھىبى تاڭ ئوردىسىغا سالامغا كەلگەن، شۇنىڭ بىلەن مانى دىنى ئىلىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرىغا رەسمىي تارقالغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ باۋيىڭ 2 ـ يىلى (مىلادى 763 ـ يىلى) چۆللۈكنىڭ شىمالىدا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئۇيغۇر قاغانى بۆگۈتېكىن دۇيشى قاتارلىق تۆت نەپەر مانى راھىبىنىڭ داۋالىشىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر خانلىقىدا دىن تارقىتىشىغا يول قويغان، مانى دىنىنى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتكەن. مىلادى IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ قوچودا يېڭى پايتەخت قۇرغاندىن كېيىن، مانى دىنى يەنە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ، قوچو، يارغول ۋە سولمىدا مانى ئىبادەتخانىلىرى سېلىنغان. مانى دىنى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن، خانلىقنىڭ بىرمۇنچە مۇھىم سىياسەت ـ تەدبىرلىرىنى بەلگىلەشكە مانى ئۆلىمالىرى قاتناشقان، قوچو ئۇيغۇر خانى ئىچكىرىگە ئەۋەتكەن ئەلچىلەرنىڭ كۆپچىلىكىگە مانى ئۆلىمالىرى باشچىلىق قىلغان. تۇرپاندىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە مانى ئۆلىمالىرىنىڭ دىنىي دەرس ئۆتۈۋاتقان ھالەتلىرى تەسۋىرلەنگەن تام رەسىملىرى بار. «ئىككى مەنبە دەستۇرى»، «مانى مۇرىتلىرىنىڭ تۆۋا ـ ئىستىغپار ئىبارىلىرى» قاتارلىق كىتابلىرىمۇ تېپىلدى.

خرىستىئان دىنى غەربىي يۇرتقا تارقىلىپ كىرگەن يەنە بىر دۇنياۋى دىندۇر. خرىستىئان دىنى مىلادى I ئەسىردە پەلەستىندە بارلىققا كەلگەن

ۋە رىم ئىمپېرىيىسى زېمىنىغا تارقالغان. بۇ دىن دۇنيانى ئاللا (خرىستىئان دىنىدا گود دەپ ئاتىلىدۇ) ياراتقان، دۇنياغا ئاللا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، دەپ ئىشىنىدۇ. ئىنسانلار ئىپتىدائىي بوۋىسىدىن تارتىپلا گۇناھ قىلغان ۋە گۇناھ ئىچىدە ئازاب ـ ئوقۇبەت تارتىپ كەلگەن، پەقەت ئاللاغا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى ئەيساغا ئېتىقاد قىلغاندىلا، ئاندىن خرىستوسنى قۇتۇلدۇرغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ دىن «كونا ۋەسىيەتنامە» (يەھۇدىي دىنىنىڭ دەستۇرى) ۋە «يېڭى ۋەسىيەتنامە» نى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس كىتابى ـ ئىنجىلى قىلغان ھەمدە مىلادى ٧ ئەسىردە رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىلگەن. ئېلىمىزگە ئەڭ بۇرۇن تارقىلىپ كىرگىنى خرىستىئان دىنىنىڭ نېستورىيان مەزھىپى بولۇپ، ئۇنى سۈرىيىلىك نېستورى (تەخمىنەن مىلادىيە 451ـ 380ـ يىللار) بەرپا قىلغان. بۇ دىن خرىستوسنى ھەم ئىلاھلىق، ھەم ئادەملىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل خۇسۇسىيەت ۋە ئىككى خىل سۈپەتكە ئىگە دەپ قاراپ، مارىيەنى ئىلاھە ئانا دەپ ئاتاشقا قارشى تۇرغان. ئۇ خرىستىئان دىنىنىڭ ئورتودوكساللىقى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغانلىقتىن، شەرقىي رىم پادىشاھى تەرىپىدىن ” بىدئەت “ دەپ ئەيىبلىنىپ، نېستورى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ سۈرگۈن قىلىنغان، ئۇنىڭ مۇرىتلىرى زىيانكەشلىككە ئۇچراپ قېچىپ يۈرۈش جەريانىدا بۇ دىنىنى شەرققە تارقاتقان. مىلادى ٧ ئەسىردە نېستورىيان مەزھىپى پېرسىيە ئىمپېرىيىسىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستانغا ۋە ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى شىنجاڭ رايونىغا تارقىلىپ كىرگەن ھەم بۇ يەردىن ئىچكى رايونلارغا تارقالغان. مىلادى 550 ـ يىلى ئەتراپىدا، ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىي رايونىدىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئارىسىدا خرىستىئان ئېتىقادچىلىرى بارلىققا كەلگەن. تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 9 ـ يىلى (مىلادى 635 ـ يىلى) دا نېستورىيان راھىبى ئاروپېن چاڭئەنگە كېلىپ، ئىبادەتخانا ياسىتىپ راھىبلىق قىلغان. ئېلىمىز قەدىمكى زاماندا رىم ئىمپېرىيىسىنى ” داكچىن “ ( 大秦 )دەپ ئاتىغاچقا، نېستورىيان ئىبادەتخانىسىنىمۇ ” داكچىن ئىبادەتخانىسى “ دەپ ئاتىغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جيەنجۇڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 781 ـ يىلى) چاڭئەندە مەشھۇر ” داكچىن نېستورىيان دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىش ئابىدىسى “ تۇرغۇزۇلغان. تەخمىنەن شۇ مەزگىلدە، نېستورىيان دىنىنىڭ باش ئېپىسكوپى تىموتاي ئۆزى يازغان مەكتۇپتا تۈرك خانى ۋە ئۇنىڭ پۇقرالىرىنىڭ نېستورىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى ھەمدە تۈركلەر ئىچىدە بىر نەپەر ئېپىسكوپ تەيىنلەنگەنلىكىنى تىلغا ئالغان. كېيىن دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە، نېستورىيان راھىبلىرىنىڭ كىتابخانلىق قىلىپ دەرس ئۆتۈۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن نەپىس تام رەسىملىرى ۋە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان «داكچىن نېستورىيان ئۇلىمالىرىغا مەدھىيە» دېگەن كىتابلارمۇ بار. بولۇپمۇ قوچۇ خانلىقىنىڭ خارابىسىدىن نېستورىيان ئىبادەتخانىلىرىدىكى تام رەسىملىرىنىڭ پارچىلىرى تېپىلدى، ئۇنىڭدا پالما شاخلىرىنى كۆتۈرۈپ خاتىرە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش ئەھۋالى تەسۋىرلەنگەن. قوچۇ رايونىدىن يەنە X ئەسىردە سوغدى يېزىقى ۋە سۈرىيە يېزىقىدا يېزىلغان نېستورىيان كىتابلىرىنىڭ پارچە بەتلىرى تېپىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئالمىلىق (ھازىرقى قورغاس ناھىيىسى تەۋەسىدە) تىن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردىن نېستورىيان مۇرىتلىرىنىڭ قەبرە تېشى تېپىلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ بۇرۇنقىسى مىلادى 858 ـ يىلى ئويۇلغان.

يۇقىرىقى بايانلار ئىسلام دىنى تارقىلىپ كىرىشتىن ئىلگىرىكى غەربىي يۇرتتىكى دىنلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

## 2 ـ بۆلۈم ئىسلام دىنىنىڭ بارلىققا كېلىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە دۇنيا مىقياسىدا تارقىلىشى

ئىسلام دىنى بۇددا ۋە خرىستىئان دىنلىرىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن يەنە بىر دۇنياۋى دىندۇر. ئىسلام دىنى بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا نوپۇسىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى تەشكىل قىلىدىغان بىر يېرىم سىليارد ئادەمنىڭ رەسمىي دىنى. " ئىسلام " ئەرەبچە سۆز بولۇپ " ئىتائەت " قىلىش، يەنى بىردىنبىر ياراتقۇچى ئاللانىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇش، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئىسلام دىنى مىلادى VII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بارلىققا كەلگەن. بۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ يېرىم ئارال بولۇپ، كۆلىمى 3 مىليون كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق، ئورنى ئاسىيا قىتئەسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، ئۈچ تەرىپى دېڭىز بىلەن ئورالغان، 40 پىرسەنتتىن كۆپرەك رايونى قۇملۇق بولۇپ، كىلىماتى قۇرغاق ھەم ئىسسىق، ئەمما غەربىي جەنۇبقا جايلاشقان دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلاردا قەرەللىك ھالدا يېتەرلىك يامغۇر يېغىپ تۇرىدۇ. يېرىم ئارالنىڭ يۇقىرىسىدا شىمالغا قاراپ كامالەك شەكلىنى ھاسىل قىلغان رايون مەشھۇر " مۇنبەت ھىلال ئاي " (ھازىرقى ئىراق، سۇرىيە، لىۋان، پەلەستىن، ئىئوردانىيە رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بولۇپ، ئەرەبلەرنىڭ ئەجدادى بولغان سېمىتلار ناھايىتى بۇرۇنلا بۇ رايونغا كىرىپ ئورۇنلاشقان ھەمدە تەدرىجىي ھالدا يېرىم ئارالنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي قىسمىدىكى بوستانلىقلاردا ماكانلاشقان ئاھالىنىڭ دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى بىلەن ئوتتۇرا ـ شىمالىي قىسمىدىكى بەدىۋىلەرنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدىن ئىبارەت بىر ـ بىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئەرەب يېرىم ئارىلى ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقا ئوتتۇرىسىدىكى سودا يولىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆتۈشۈش ئورنىغا جايلاشقانلىقتىن، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش تۈگۈنى بولۇپ قالغان. قەدىمدىن بۇيان يېرىم ئارالنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىن چىقىدىغان خۇشپۇراق ماتېرىياللار دۇنيانىڭ خۇش پۇراق ماتېرىياللىرى سودىسىنى ئىلگىرى سۈرگەن ھەمدە پۈتكۈل يېرىم ئارالنى خەلقئارا ئىقتىسادىي ئالاقىگە ئېلىپ كىرگەن. ئىسلام دىنى باش كۆتۈرۈشتىن ئىلگىرى، VI ئەسىردە ئەرەب جەمئىيىتى ئىپتىدائىي كوممۇنا تۈزۈمىنىڭ يىمىرىلىش جەريانىدا تۇراتتى، تۈرلۈك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ھىجاز سودا ۋە زىيارەت يولىدىكى مەشھۇر شەھەر — مەككىدە مەركەزلىك ئەكس ئەتكەندى. ئۇ زاماندا، مەككە شەھرىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى بەدىۋىلەرنىڭ قۇرەيش قەبىلىسى ئىدى. سودا ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك كۆز قارىشىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ كېلىپ چىققان مۈلۈك تەقسىماتىدىكى تەڭسىزلىك، يەرلىك ئۇرۇق ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھوقۇقى ۋە تەسىرىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتىۋەتكەن، قۇدرەتلىك - باياشات ئۇرۇقلارنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئۇششاق ئۇرۇقلار ئۈستىدە يۈرگۈزگەن ئېكسپلاتاتسىيە ۋە بۇلاڭ - تالاڭلىرى، ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ئىچكى قىسمىدا پارچىلىنىش ۋە ئۇرۇش مالىمانچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. مەككە شەھرى سىنىپىي جەمئىيەتكە ئۆتۈشتە كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەخلاق جەھەتتىكى چۈشكۈنلىشىش ۋە ئىجتىمائىي ئىللەتلەر بۇ ئىجتىمائىي كرىزىسنى تۈگىتىشكە ئىنتىلگەن يېڭى دىنىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۈچۈن ئىجتىمائىي ئاساس يارىتىپ بەرگەن. ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرى، ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى قەبىلىلەرنىڭ ئېتىقاد قىلىدىغىنى ئۆز قەبىلىلىرىنىڭ ئىلاھلا ئىدى، فېتىشىزم (نەرسىگە چوقۇنۇش) ۋە تۈرلۈك بۇتلارغا چوقۇنۇشنى ئۆز ئالاھىدىلىكى قىلغان بۇ قەبىلە دىنلىرى سېمىتلار ئېتىقادىنىڭ ئەڭ قەدىمكى شەكلى ئىدى. مىلادىيە I ۋە II ئەسىرلەردە يەھۇدىي دىنى بىلەن خرىستىئان دىنىنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىدا تارقىلىشى، جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن، بۇ دىنلارنىڭ بىر ئىلاھلىق ئەقىدىسى ۋە تارىخىي رىۋايەتلىرى ئەرەبلەر ئارىسىغا

پەيغەمبەر ۋەھيدىن كېيىن، ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىش ئىشىنى مەخپىي هالدا ئېلىپ بېرىشتىن باشلىغان. ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئايالى ۋە ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى ئىسلام ئېتىقادىغا كىرگۈزگەن. ئۇنىڭ قەدىرلىك جۈپتى خەدىچە ئىسلام دىنىغا كىرگەن تۇنجى كىشى ئىدى، ئۇنىڭغا مۇھەممەد پەيغەمبەر ئائىلىسىنىڭ ئازاد قىلىنغان قۇلى زەيدمۇ ئەگەشكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن، ھەزرىتى مۇھەممەد ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن ئالاقىلىشىشكە باشلىغان، نەتىجىدە كىچىك ياشتىكى ئەلىمۇ مۇسۇلمان بولۇپ، پەيغەمبەر ئائىلىسگە قوشۇلغان. ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ بۇ ئارىلىقتىكى ئۇنۇملۇك مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇ كىشلەرنى ئاتا - بوۋىلىرى چوقۇنۇپ كەلگەن بۇتقا چوقۇنۇشتىن ۋاز كېچىپ، ئاللاغا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرغان. بۇ ۋاقىتتا ئەتراپتىكى مەشھۇر كىشلەردىن بىرى، شۇنداقلا ئۇنىڭ يېقىن دوستى بولغان ئەبۇبەكرى مۇسۇلمان بولغان. ھەزرىتى زۇبەير، ھەزرىتى ئابدۇراخمان بىننى ئەۋف، ھەزرىتى سەئىد بىننى ئەبى ۋاققاسقا ئوخشاش يەنە بىر قىسىم پائالىيەتچان كىشلەر ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ شەخسەن غەيرىتى ۋە سەممىي تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە مۇسۇلمان بولغان. مەككە ئاقسۆڭەكلىرى تەرىپىدىن قەدىرلەنگەن ۋە جەسۇر كىشى دەپ تونۇلغان ھەمدە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىدىن بىرى بولغان ھەمزەنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا ئەگىشىپ، قۇرەيش قەبىلىسىدىكى كۈچ - قۇۋۋەت ئىگىسى، خەۋپ - خەتەردىن قورقمايدىغان ھەزرىتى ئۆمەرمۇ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان.

تەخمىنەن مىلادىنىڭ 613 - يىلى ھەزرىتى مۇھەممەد ئۆز دىنىنى ئوچۇق جاكارلاپ: " بىردىنبىر ئىلاھقا ئېتىقاد قىلىش "قا، كۆپ ئىلاھقا چوقۇنۇشقا قارشى تۇرۇشقا چاقىرغان. ئىسلام دىنىغا كىرگەنلەر "مۇسۇلمان " دەپ ئاتالغان. بۇنىڭ مەنىسى " ئېتىقاد قىلغۇچى "، يەنى ئاللانىڭ ئىرادىسگە بويسۇنغۇچى دېگەن بولىدۇ.

مىلادى 615 - يىلدىن باشلاپ، كۆپ خۇدالىقلارنىڭ مۇسۇلمان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېتىقادچىلىرىغا قىلغان زىيانكەشلىكى كۈچەيگەنلىكتىن، ئۇلار ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ، تۈركۈم - تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇر بولغان. 622 - يىلى زور تۈركۈمدىكى مۇسۇلمانلار مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇھەممەد پەيغەمبەر مەككىلىكلەرنىڭ توساقلىرىدىن چەتلەپ ئۆتۈپ، 9 -ئاينىڭ 24 - كۈنى مەدىنىگە يېتىپ بارغان. بۇ زور ھەرىكەت "ھىجرەت" (كۆچۈش) دەپ ئاتالغان. 17 يىلدىن كېيىن خەلىپە ئۆمەر شۇ كۆچۈش بولغان يىلنى يىل بېشى ( شەمسىيە يىلى 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ) قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ يىل ھېسابىنىڭ رەسمىي باشلىنىش نۇقتىسى قىلىشنى بەلگىلىگەن، بۇ ئىسلام دىنى تارىخىنىڭ يېڭى ئېراسى باشلانغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىدى. مەدىنىگە بېرىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، مۇھەممەد پەيغەمبەر بىر تەرەپتىن دىنىنى داۋاملىق تەشۋىق قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۇ جايدىكى بەزى قەبىلىلەرنىڭ قوللىشى بىلەن قوراللىق كۈچ تەشكىللەپ، تۈرلۈك تۈزۈم ۋە قائىدە - نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىپ، ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن دىنىي جامائە قۇرغان ھەمدە مەككە ئاقسۆڭەكلىرىگە ۋە مەدىنىدىكى يەھۇدىي دىنى مۇخلىسلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلغان. مۇھەممەد پەيغەمبەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان قاتارلىق كىشىلەر بىلەن قۇدا - باجا بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ يۇقىرى تەبىقە ھۆكۈمران گۇرۇھىنى شەكىللەندۈرگەن. مىلادى 630 - يىلى ئىسلام قوراللىق كۈچلىرى مەككە شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، قەدىمكى بۇتخانا - كەئبىدىكى كۆپ ئىلاھ بۇتلىرىنى چېقىپ تاشلاپ، كەئبىنى ئىسلام دىنىنىڭ ئىبادەت مەركىزى - بەيتۇللاسى قىلىپ بېكىتكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى قەبىلىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئىسلام ئېتىقادىنى قوبۇل قىلغان ۋە شۇ ئارقىلىق پۈتكۈل يېرىم ئارال بىرلىككە كەلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، مۇھەممەد[1] يەنە شەرقىي رىم، پېرسىيە، ئېفىئوپىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ پادىشاھلىرىغا ۋە مىسىرنىڭ باش ۋالىيسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئىسلام دىنىنى

---

① مۇھەممەد پەيغەمبەر.

تەرغىب قىلغان. مىلادى 631 - يىلى مۇھەممەد پەيغەمبەر ئۆزى زور قوشۇن باشلاپ، شىمالدىكى سۇرىيىگە يۈرۈش قىلىپ غەلىبە قازانغان. ئۇ 632 - يىلى تۇنجى قېتىم پەقەت مۇسۇلمانلار قاتناشقان ھەج پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلغان ھەمدە ئەرەفات تېغىدا نۇتۇق سۆزلەپ، ئىسلام غەلىبىسىنى جاكارلىغان. بۇ ئۇنىڭ ئاخىرقى قېتىملىق ھەج قىلىشى بولۇپ، تارىختا " ھەججەتۇل ۋىدا"(خوشلىشىش ھەجى) دەپ ئاتالغان. ھىجرىيىنىڭ 11 - يىلى رەبىئول ئەۋۋال ئېيى (3- ئاي) نىڭ 13 - كۈنى (دۈشەنبە)، يەنى مىلادى 632 - يىلى 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى مۇھەممەد پەيغەمبەر مەدىنىدە ۋاپات بولغان ۋە شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. ھەزرىتى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ۋاپاتىغىچە بولغان ئون يىل ئىچىدە، ئىسلامىيەت مەدىنىدە يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈلگەن، بىر مەھەللىۋى دىندىن تەرەققىي قىلىپ، قەبىلەر ئارا تارقالغان چوڭ دىنغا ئايلانغان، شۇنىڭ بىلەن بىردىنبىر ئاللاغا ئېتىقاد قىلىدىغان، ئىسلام دىنىنى ئاساس قىلغان ئىجتىمائىي تەشكىلات بەرپا قىلىنغان ؛ ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، ئەرەب يېرىم ئارىلىنى بىرلىككە كەلتۈرىدىغان مىللىي دۆلەتكە ئاساس سېلىنغان. مۇھەممەد پەيغەمبەر ئىسلام دىنىنى ئاللانىڭ ۋەھىيسى ئارقىلىق تارقاتقۇچى بولۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى مەشھۇر سىياسىي ئەرباب، ھەربىي ئالىم ۋە داھىي بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» - ئاللاتائالانىڭ ئۆز بەندىلىرىگە ئىنئام قىلغان مۇقەددەس كىتابى. «قۇرئان» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، مەنىسى «ئۈنلۈك ئوقۇش» دېگەن بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم»گە مىلادى 610 - يىلدىن 632 - يىلغىچە مۇھەممەد پەيغەمبەرگە مەككە، مەدىنىلەردە ئاللاتائالا تەرىپىدىن ئۇدۇللۇق نازىل قىلىنغان ئايەتلەر كىرگۈزۈلگەن، شۇ ئارقىلىق ئىسلام دىنى تەلىماتىغا ئاساس سېلىنغان. پۈتۈن كىتاب 30 پارە، 114 سۈرە، 6200 دىن ئارتۇق ئايەتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇلاردىن مەككىدە نازىل بولغىنى (610- يىلدىن 622- يىلغىچە) 90 سۈرە، مەدىنىدە نازىل بولغىنى (622- يىلدىن ؟63- يىلغىچە) 24 سۈرە. «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەزمۇنى مۇنۇلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىسى
www.uyghurkitap.com

ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىلىرى ۋە ئادا قىلىنىش
تېگىشلىك پەرزلەر؛ ئەرەب يېرىم ئارىلىغا قارىتىلغان تۇرلۇك ئىجتىمائىي
تەشەببۇسلار ۋە ئەخلاق ئۆلچەملىرى؛ ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۇرۇلگەن
دىنىي جامائە ئۇچۇن تۇرغۇزۇلغان دىنىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي
ھەربىي قائىدە ۋە قانۇن - تۇزۇملەر؛ كۆپ ئىلاھ ئېتىقادچىلىرى، يەھۇدىي
دىنى مۇرىتلىرى ۋە خرىستىئان مۇخلىسلىرى بىلەن قىلىنغان مۇنازىرىلەر
دىنىنى تەشۋىق قىلىشتا نەقىل كەلتۇرۇشكە تېگىشلىك بولغان، ئەرەب يېرى
ئارىلىدا كەڭ تارقىلىپ يۇرگەن يەھۇدىي دىنى، خرىستىئان دىنى ۋە قەدى
زاماندىكى ئەرەب ھېكايىلىرى، رىۋايەتلىرى، ماقال - تەمسىللەر ۋە باشقىلار
«قۇرئان كەرىم» مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشى ۋە ئادەتتىكى تۇرمۇشىد
ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ تۇرلۇك مەزھەپلىرى
تەلىماتلىرى، ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىملىرى ۋە ئىجتىمائىي ھەرىكەتلىرى ئومۇمەن
«قۇرئان كەرىم» دىكى نەزەرىيىلەرنى ئاساس قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم» ئالدى
بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ ئۇلۇغ كىتابى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ ئەرەب
ئەدەبىياتى تارىخىدا كىتابلاشتۇرۇلغان تۇنجى يازما ئەسەر ھېسابلىنىدۇ، ئۇ
ئەرەب تىل - يېزىقىنىڭ ئۆلگىسى سۇپىتىدە ئەرەب ئەدەبىياتى تارىخىد
يۇكسەك ئورۇن تۇتقان. بۇ مۇقەددەس كىتاب دۇنيادىكى مۇسۇلمان مىللەتلە
مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ زور تەسىر كۆرسەتكەن.

ئىسلام دىنى بىردىنبىر ئاللاغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئاللانىڭ ئىرادىسىگ
بويسۇنىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ئىلمىي كالامى ئاساسىي دىنىي قائىدىلەرنى ئۇچ
تۇرگە ئايرىيدۇ : ئىمان (دىنىي ئېتىقاد)، ئىبادەت (دىنىي مەجبۇرىيەت) ۋ
خەير - ئېھسان (ياخشىلىق قىلىش). بۇنىڭ ئىچىدە " ئىمان " ئاللاغ
ئىشىنىش، پەرىشتىلەرگە ئىشىنىش، قۇرئانغا ئىشىنىش، ئاللانىڭ ئەلچىسىگ
(رەسۇلىللاغا) ئىشىنىش، ئاخىرەتكە ئىشىنىش قاتارلىق ئالتە ئېتىقادنى ئۆ
ئىچىگە ئالىدۇ، ئاللاغا ئىشىنىش ئەڭ مۇھىم، ئەڭ زور ئەقىدە ھېسابلىنىدۇ
" ئاللا " ئەرەبچە سۆز، ئوتتۇرا ئاسىيا، شىنجاڭ ۋە ئېلىمىزنىڭ غەربى

شىمالىي رايونىدىكى مۇسۇلمانلار كۆپىنچە پارسچە " خۇدا " ياكى " خۇداي ①" دېگەن سۆزنى ئىشلىتىدۇ. شىنجاڭنىڭ قەدىمكى مۇسۇلمانچە ھۆججەتلىرىدە " تەڭرى ②" دېگەن سۆزمۇ قوللىنىلغان. خەنزۇچە تىلنى قوللىنىدىغان خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مۇسۇلمانلىرى ئاللانى « 真主 » (جېنجۇ ــ ھەق ئىگەم) دەپ تەرجىمە قىلىپ ئاتايدۇ. ئىسلام دىنى ئاللانى دۇنيادىكى بارچە مەخلۇقاتلارنى ياراتقۇچى، ھەممىگە قادىر، ھەممە يەردە ھازىر، مەڭگۈلۈك بىردىنبىر ھەقىقىي ئىلاھ، دەپ قارايدۇ. ئاللاغا ئېتىقاد قىلىش ئىمان ئېيتىشنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى. مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي مەجبۇرىيىتى (ئىبادەت) ئىسلام دىنىدىكى بەش پەرزگە مەركەزلەشكەن، ئۇلار مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

ئىمان ئېيتىش ــ " لائىلاھە ئىللەللا، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا "(ئاللادىن باشقا خۇدا يوقتۇر، مۇھەممەد ئاللانىڭ ئەلچىسىدۇر) دەپ ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن ئىمان ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان ئېتىقادىنى بىلدۈرۈش.

ناماز ئوقۇش ــ كۈندە بەش ۋاخ ناماز، يەنى بامدات نامىزى، پېشىن نامىزى، دېگەر نامىزى، شام نامىزى، خۇپتەن نامىزى ئوقۇش، ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم جۈمە نامىزى ئوقۇش.

روزا تۇتۇش ــ ھەر يىلى ئىسلام كالېندارى بويىچە 9 ــ ئاي (رامىزان ئېيى) دا بىر ئاي روزا تۇتۇش.

زاكات بېرىش ــ مال ــ مۈلكىدىن نىسبەت بويىچە دىنىي باج تاپشۇرۇش (ئادەتتە شەخسىي مال ــ مۈلكىنىڭ 2.5 پىرسەنتىنى يەنى 40 تىن بىرىنى زاكات بېرىش).

ھەج قىلىش ــ شەرت ــ شارائىتى بار مۇسۇلمانلار ئۆمرىدە ئاز دېگەندە بىر قېتىم مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىش.

---

① " خۇدا " ياكى " خۇداي " قەدىمكى تۈركلەردە ئاسمان ئىلاھىغا قارىتىلغان بولۇپ، پارسلارنىڭ ئالەم ئىلاھى نامىدىن ئېلىنغان.

② " تەڭرى " ئەسلىدە تۈركلەرنىڭ قەدىم زاماندىكى ئالىي ئىلاھى بولۇپ، ئاسمان ئىلاھى ياكى يورۇقلۇق ئىلاھى، دۇنيا ھۆكۈمرانىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئەرەب يېرىم ئارىلى تۆت چوڭ خەلىپە (ۋارىسلىق قىلغۇچى، ۋاكالەتچى) ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىگە كىرگەن، بۇ تۆت چوڭ خەلىپە ـ ئەبۇ بەكرى (مىلادى 632 ـ يىلدىن 634 ـ يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، ئۆمەر (مىلادىيە 634 ـ يىلدىن 644 ـ يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، ئوسمان (مىلادىيە 644 ـ يىلدىن 656 ـ يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، ئەلى (مىلادىيە 656 ـ يىلدىن 661 ـ يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)دىن ئىبارەت. بۇ دەۋردە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى تولۇق مۇستەھكەملىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئەرەبلەر "ئاللا يولىدا جەڭ قىلىش" دېگەن "جىھاد" (غازات) شوئارى ئاستىدا، كېڭەيمىچىلىك خاراكتېرىدىكى ئۇرۇشلارنى قوزغاپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ سۈرىيە، پەلەستىن، ئىراق، مىسىر، پېرسىيە قاتارلىق جايلارنى ئىستېلا قىلغان، شۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئىسلام دىنى ئاسىيا، ئافرىقا رايونلىرىغىمۇ تارقالغان، ئىككى قىتئە ـ ئاسىيا، ئافرىقا دىن ھالقىغان ئەرەب ئىمپېرىيىسى دەسلەپكى قەدەمدە ۋۇجۇدقا كەلگەن. 661 ـ يىلى ئەلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مۇئاۋىيە مۇسۇلمان ئىمپېرىيىسىنىڭ بىردىنبىر خەلىپىسى بولۇپ قالغان، ئۇ دەمەشقنى پايتەخت قىلىپ، ئۇمەييا خاندانلىقىنى قۇرغان (مىلادىيە 661 ـ 750 ـ يىللار)، سۈرىيىنى مەركەز قىلىپ شەرقتە ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭەيگەن؛ غەربىي قىسمىدىكى رايونلاردىن مەغرىبنى بويسۇندۇرغان، گىبرالتار بوغىزىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئىسپانىيىنى ئىشغال قىلىپ، تورپتوغرا پىرىنېئوس تېغىنىڭ جەنۇبىي يېنىغا يېتىپ بارغان، شۇنىڭ بىلەن ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپادىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قىتئەگە يېيىلغان ئەرەب بۈيۈك ئىمپېرىيىسى شەكىللەنگەن، ئىسلام دىنى يەنىمۇ كەڭ كۆلەمدە تارقىلىپ، ھەقىقىي رەۋىشتە دۇنياۋى دىنغا ئايلانغان.

مىلادىيە 750 ـ يىلى ئۇمەييا خاندانلىقى گۇمران بولغان، خەلىپە ئەبۇل ئابباس ( 750 ـ يىلدىن 754 ـ يىلغىچە تەختتە تۇرغان) بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى مانسۇر (ئەبۇجەپپار 754ـ يىلدىن 775ـ يىلغىچە تەختتە تۇرغان)

ئابباس خاندانلىقىنى قۇرۇپ، باغداد شەھرىنى پايتەخت قىلغان. ئىسلام دىنى داۋاملىق تۈردە ئاسىيا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپادىكى ئېخىمۇ كەڭ رايونلارغا تارقالغان. ئىسلام دىنى دۇنيا مىقياسىدا شۇنداق زور كۆلەمدە تارقىلىش ۋە راۋاجلىنىش جەريانىدا، جۇڭگوغا ۋە جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىغىمۇ تارقىلىپ كىرگەن.

## 3 - بۆلۈم ئىسلام دىنىنىڭ قەدىمكى شىنجاڭ رايونىغا تارقىلىپ كىرىشى

ئىسلام دىنى ئېلىمىزغا دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق تارقىلىپ كىرگەن. دېڭىز يولى دېگەندە، دېڭىز بويلىرىدىكى خۇش پۇراق ماتېرىياللار يولى ئارقىلىق ئالدى بىلەن ئېلىمىزنىڭ شەرقىي جەنۇبىتىكى دېڭىز بويلىرىغا تارقىلىپ كىرگەن؛ قۇرۇقلۇق يولى دېگەندە، قۇرۇقلۇقتىكى قەدىمكى يىپەك يولى ئارقىلىق قەدىمكى شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا تارقىلىپ كىرگەن. دېڭىز يولى ۋە قۇرۇقلۇق يولى ئىچىدە دېڭىز يولىدىن كىرىشى بۇرۇنراق بولغان. ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر تارىخشۇناسى چېن يەن ئەپەندى مۇنداق دەپ يازىدۇ. تاڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭخۇي 2 - يىلى (مىلادى 651 - يىلى) تازى دۆلىتى (يەنى ئەرەب ئىمپېرىيىسى) جۇڭگونىڭ تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىشكە باشلىغان، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا رەسمىي ئالاقىنىڭ ئورنىتىلىشى ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگوغا ئەڭ بۇرۇن كىرگەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر.① بۇنىڭدىن باشقا، تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگە ئائىت جۇڭگو ۋە چەت ئەل يازما ماتېرىياللىرىدىمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئېلىمىزنىڭ شەرقىي جەنۇبىي دېڭىز بويلىرىغا تارقالغانلىقى توغرىسىدىكى ئەمەلىي ئەھۋال ئەكس

---

① چېن يەن : «ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىپ كىرىش تارىخى»، «چېن يەن ئىلمىي ماقالىلىرى توپلىمى»، 1 - توم، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1980 - يىل نەشرى.

www.uyghurkitap.com

ئەتتۇرۇلگەن. شۇ زامانلاردا ئاساسلىقى چەت ئەللەردىن جۇڭگوغا كېلىپ سودىگەرچىلىك قىلغان مۇسۇلمانلار گۇاڭجۇ، چۈەنجۇ، ياڭجۇ قاتارلىق جايلاردا مۇھاجىر بولۇپ تۇرۇپ قالغان. ئۇلار ” چەت ئەللىك مېھمان “ سالاھىيىتى بىلەن جۇڭگودا مەسچىت سالغان ۋە جامائەت قەبرىستانلىقى بىنا قىلغان. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن جۇڭگوغا كېلىپ ماكانلىشىپ قالغان مۇسۇلمانلار يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن نىكاھلاشقان، ئۇلار بىلەن نىكاھلاشقان يەرلىك ئاھالىلەر بۇ سەۋەب بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرگەن، شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇھاجىر بولۇپ تۇرۇش خاراكتېرىدە ئۆزگىرىش بولغان. بۇ ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا قولايلىق ياراتقان، ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى تەدرىجىي ھالدا خۇيزۇ مىللىتى ئورتاق گەۋدىسىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان.

ئىسلام دىنىنىڭ قۇرۇقلۇق يولىدىن ئېلىمىزگە تارقىلىپ كىرىشىگە كەلسەك، بۇ مۇشۇ دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىشى بىلەن زىچ تارىخىي باغلىنىشقا ئىگە. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك، تۆت خەلىپە ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىلا ئەرەبلەر سىرتقا كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا كىرىشكەن. مىلادى 631 - يىلى پېرسىيە ساسانىيلار سۇلالىسى يوقىتىلغاندىن كېيىن، ئەرەب قوشۇنلىرى پېرسىيىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى خوراسان رايونى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلغان. ئۇلارنى دەسلەپتە دىنىي مەقسەتنى كۆزدە تۇتقان دېگەندىن كۆرە، ئىقتىسادىي ئېھتىياجنى كۆزلەپ شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلغان، جايلارنى بۇلىغان، دېگەن تۈزۈك. لېكىن، قانداقلا بولمىسۇن، ئۇلارنىڭ قىلغان بۇ يۈرۈشلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىشكە باشلىغان. بولۇپمۇ ئەرەبلەرنىڭ مەشھۇر سەركەردىسى قۇتەيبە مىلادى 705 - يىلىدىن 715 - يىلغىچە خوراساندا باش ھەربىي ۋالىي بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە ئىستىلاچىلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىش بىلەنلا قالماي، بەلكى نوقۇل جەڭ غەنىيمەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرىلەپ، ئىستېلا قىلىنغان

رايونلارغا ئۇزاق مۇددەت ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئورۇنغان. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىي جەھەتتىكى ئىستىلادىن كېيىن، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىدىيە جەھەتتە ئىستىلا قىلىش زۆرۈر ئىدى. شۇڭا، قۇتەيبە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلام دىنىنى مەجبۇرىي يولغا قويۇشقا باشلىغان. ھەرقايسى جايلاردىكى زوروئاستېر دىنىي ئىبادەتخانىلىرى، بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى گۇمران قىلىپ، ئۇلارنىڭ خارابىسى ئۈستىگە مەسچىت سالدۇرغان. ئىسلام قانۇنلىرىنى مەجبۇرىي يولغا قويغان، يەرلىك خەلقنى ئەسلىدىكى دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلىغان. قۇتەيبە مىلادىيە 712 ـ، 713 ـ يىلى سەمەرقەند (كانكىيە، سوغدىيانا) نى ھۇجۇم بىلەن ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئارقىدىنلا قوشۇنلىرىنى ئىككى يولغا بۆلۈپ، تاشكەنت (شاش شەھىرى) بىلەن پەرغانىگە يۈرۈش قىلغان. مىلادىيە 706 ـ يىلى چوڭ سودا مەركىزى بايكەنتنى، مىلادىيە 707 ـ يىلى بۇخارانى، مىلادىيە 709 ـ يىلى كەشنى، مىلادىيە 709 ـ يىلى سەمەرقەنتنى ئىشغال قىلغان، مىلادىيە 713 ـ يىلى ماۋەرائۇننەھرگە قاراپ ئىلگىرىلىگەن، پەرغانىدىن قەشقەرگە كېلىدىغان تاغ جىلغىسىنى ئىشغال قىلىپ، ئېلىمىزغا قاراپ ئىلگىرىلەش ئۈچۈن يول ئاچقان. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، قۇتەيبە تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتكەن، ئۇنىڭ مەقسىتى ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ تىڭ ـ تىڭلاش ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ئۆمىكى روشەن ھالدا دىنىي تەشۋىقاتچىلىق تۈسىنى ئالغانىدى. «كونا تاڭنامە، ئەرەبلەر ھەققىدە قىسسە» دە مۇنداق دەپ خاتىرىلەنگەن: ” كەييۈەننىڭ تۇنجى يىلى ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتتى. ئۇلار ئات ۋە مەرۋايىت بىلەن زىننەتلەنگەن كەمەر قاتارلىق نەرسىلەرنى سوۋغات قىلدى. ئەلچىنى پادىشاھ قوبۇل قىلدى، ئەمما ئۇ يۈكۈنۈپ تەزىم قىلمىدى. ئوردا ئەمەلدارلىرى ئۇنى تۈزەتمەكچى بولدى. ئىشك ئاغا جاڭ يۆ پادىشاھقا: ئەرەبلەرنىڭ ئادىتى بىزنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، ئۇلار يىراقتىن كەلگەن مېھمان بولغاچقا، ئۇلارنى ئەيىبكە بۇيرۇساق بولماس دېدى. پادىشاھ روخسەت قىلدى. ئەلچى يەنە ئوردىغا سوۋغات ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئۆز دۆلىتىدە پەقەت ئاللاغا سەجدە

www.uyghurkitap.com

قىلىدىغانلىقىنى، پادىشاھ بىلەن كۆرۈشكەندىمۇ يۈكۈنۈپ تەزىم قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇردا ئەمەلدارى ئۇنىڭغا قايتا - قايتا چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، ئەلچى خەنزۇلارنىڭ ئادىتى بويىچە تەزىم بىجا كەلتۈردى. ①"

كەييۈەننىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيە 713 - يىلى) ئۇردىغا كەلگەن ئەرەب ئەلچىلىرى تاڭ خاندانلىقى ئوردىسىدا ئۆزلىرىنىڭ ئىسلام ئېتىقادىنى ئوچۇق - ئاشكارا بايان قىلىپ، پەقەت ئاللاغا سەجدە قىلىدىغانلىقىنى، پادىشاھقا باش ئۇرۇپ تەزىم قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتقان. شۇ قېتىم ئەلچى ئەۋەتىلگەنلىكىنى ئەرەب تارىخچىسى ئەل تەبەرى (مىلادىيە 838 - 932 - يىللار) يازغان سالنامە «تەبەرى يىلنامىسى» دىنمۇ ئىسپاتلاشقا بولىدۇ②. شىنجاڭنىڭ يەرلىك مىللىي يېزىقتىكى تارىخىي ماتېرىياللىرىدىمۇ مۇنداق بايانلار بار : قەشقەر شەھىرىدە بىنا قىلىنغان " ھېيتگاھ جەمەسى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە... ھىجرىيىنىڭ 95 - يىلى (مىلادىيە 713 -، 714 - يىلى) ئەمىر قۇتەيبە باشچىلىقىدا پەرغانە ئارقىلىق شىنجاڭغا كېلىپ دىن تارقاتقان ئەرەبلەر.. مۇشۇ جايغا دەپنە قىلىنغان.③" بۇمۇ ئىسلام دىنىنىڭ قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق قەدىمكى شىنجاڭ رايونىغا تارقىلىپ كىرگەنلىكىنىڭ مۇھىم دەلىلى.

يۇقىرىدىكى تارىخىي ماتېرىياللارغا، ئېلىمىزنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ رەسمىي تارىخىغا يېزىلغان خاتىرىگە ئاساسەن، كەييۈەننىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيە 713 - يىلى) ئەرەبلەرنىڭ تاڭ ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتكەنلىكىنى ئىسلام دىنىنىڭ قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق ئېلىمىزغا كىرگەن ئەڭ بالدۇرقى ۋاقتى، دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەگەر ئىسلام دىنىنىڭ قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق

---

① «كونا تاڭنامە»، 198 - جىلد «غەربتىكى تائىپەلەر ھەققىدە قىسسە» دە، ئۇنىڭدىن باشقا، «يېڭى تاڭنامە» 221 - جىلد 2 - قىسىم، «غەربىي يۇرتلار تەزكىرىسى» دىكى «ئەرەب دۆلىتى تەزكىرىسى» دىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان خاتىرىلەر بار.

② بۇ كىتابتا ئېيتىلغان " قۇتەيبە قەشقەرنى ئىشغال قىلغان " دېگەن سۆزنى ئىلىم ساھەسىدىكى بىرمۇنچە كىشىلەر ئىنكار قىلغان بولسىمۇ، لېكىن قۇتەيبەنىڭ تاڭ خاندانلىقى ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتكەنلىكى توغرىسىدىكى خاتىرە، توقۇپ چىقىلغان ئەمەس، بۇنى ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ھازىرغا قەدەر نەقىل قىلىپ كەلمەكتە.

③ جۇنەيد بەكرى : «قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشلىرى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 12 - توپلام، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل.

كىرگەنلىكىنى بىر مەزگىل سۈپىتىدە قارايدىغان بولساق، بۇنى ئىسلام دىنىنىڭ قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زاماندىكى شىنجاڭ رايونىغا تارقىلىپ كىرگەن «ۋاقتىنىڭ يۇقىرى چېكى» دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى شۇكى، مىلادىيە 713 - يىلى ئەۋەتىلگەن ئەرەب ئەلچىلەر ئۆمىكى ئىچىدە مۇسۇلمان ئەلچىلەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلار روشەن ھالدا دىني تەشۋىقاتچىلىق تونىنى ئالغان. شۇ يىلى يەنە قۇتەيبە ئەۋەتكەن ئەلچىلەردىن ئېلىمىزغا كىرىش سەپىرىدە يول ئۈستىدە ئۆلگەن ۋە قەشقەردە دەپنە قىلىنغان دىن تارقاتقۇچىلارمۇ بولغان.

ئىراق، ھىجرىيىنىڭ 96 - يىلى (مىلادىيە 714 -، 715 - يىلى) خەلىپە ۋەلىد قازا تاپقاندىن كېيىن، ئەرەب ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى تۈپەيلىدىن، قۇتەيبە شۇ يىلى 8 -، 9 - ئاي ئارىلىقىدا پەرغانىدە قەتل قىلىنىپ ھالاك بولغان، ئەرەب قوشۇنلىرىنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىش پىلانى ئەمەلگە ئاشمىغان. كېيىنكى چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەيسرانە قارشىلىق كۆرسىتىشى، ئەرەبلەرنىڭ ھەربىي ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى نەتىجىسىدە، ئەرەب كۈچلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخ سەھنىسىدىن چېكىنىپ چىققان، ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا تارقىلىشىلا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان، ئىسلام دىنى ئاخىر باشقا دىنلارنىڭ ئورنىنى بېسىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ دىنىنىڭ قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق قەدىمكى زاماندىكى شىنجاڭ رايونىغا كەڭ تارقىلىپ كىرىشىگە خەلقئارا شارائىت يارىتىلغان.

مىلادىيە VII ئەسىردىن X ئەسىرگىچە ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا تارقىلىش، راۋاجلىنىش ۋە بارا - بارا ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلەش جەريانىدا، غەربىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق ئېلىمىز بىلەن ئۇچرىشىپ ۋە باردى - كەلدى قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگوغا ۋە قەدىمكى زاماندىكى شىنجاڭ رايونىغا بولغان تەسىرىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتكەن، بۇنداق ئۇچرىشىش ۋە باردى - كەلدى ئاساسەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ :

بىرىنچى، ئەلچى ئەۋەتىش. بەزى ئالىملارنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭخۇي 2 - يىلى (مىلادىيە 651 - يىلى) ئەرەب دۆلىتى تاڭ سۇلالىسى بىلەن رەسمىي ئالاقە ئورناتقاندىن تارتىپ، جېنيۈەن 14 - يىلى (مىلادىيە 789 - يىلى) غىچە بولغان 147 يىل ئىچىدە ئەرەب ئەلچىلىرى جۇڭگوغا 36 قېتىم كەلگەن①، بۇنىڭ ئىچىدە مىلادىيە VIII ئەسىردىكى 95 يىل داۋامىدا 32 قېتىم ئەلچى كەلگەن. ئەلچىلەر ئوردىغا سوۋغات ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن داڭلىق ئات قاتارلىق نەرسىلەردىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ كۆپى قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق كەلگەن، دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. بولۇپمۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەييۈەن تۇنجى يىلى ئەرەب ئەلچىلىرى ئۆمكى روشەن ھالدا دىنىي تەشۋىقاتچىلىق تۈسىنى ئالغان. جۇڭگوغا ئەرەب ئەلچىلىرى كەلگەندىن تاشقىرى، پېرسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان دۆلەتلەرمۇ ئېلىمىزغا كۆپ قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەن. شۈبھىسىزكى، بۇمۇ ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ۋە تەسىرىنىڭ كېڭىيىشى ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى.

ئىككىنچى، سودا قىلىش. ئەرەب سودىگەرلىرى قەدىمكى زاماندا قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق جۇڭگوغا كېلىپ سودا قىلىشتا سەپىرىنى پارس قولتۇقىنىڭ بېشىدىن باشلاپ، شەرقىي شىمالىي يۆنىلىشكە قاراپ مېڭىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق كۆكتارات (پامىر) دىن ئۆتۈپ، تيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي يولىنى بويلاپ شەرققە يۈرۈپ، جۇڭگو سودىگەرلىرى بىلەن خېشىدىكى ئايماقلاردا سودا قىلغان، چاڭئەننى ئاخىرقى نۇقتا قىلغان. ئېلىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرىدا، مەسىلەن، تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى دېزۇڭنىڭ جيەنجۇڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيە 780 - يىلى) چاڭئەندە تۇرۇپ قالغان چەت ئەللىكلەر 4000 ئۆيلۈكتىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە پارسلار بىلەن

---

① بەي شۈيى : «تالاس جېڭىدىن تارتىپ ئىسلام دىنى توغرىسىدىكى ئەڭ بالدۇرقى خەنزۇچە خاتىرىلەرگىچە» ، «جۇڭگو ئىسلام تارىخىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى»، 1982 - يىل، يىنچۈەن.

ئەرەبلەر ئەڭ كۆپ ئىدى، بولۇپمۇ ئەرەب سودىگەرلىرى چوڭ بايلار ئىدى. ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيادا ھۆكۈمرانلىق ئورناتقاندىن كېيىن، مۇسۇلمان سودىگەرلەرمۇ VIII ئەسىردە ئۆتمۇشتىكى سودا يولىدىن پايدىلىنىپ، قارلۇقلار زېمىنىدىن يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى قىرغىزلار رايونىغا بېرىپ سودا قىلىشقا باشلىغان. ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان سوغدى سودىگەرلىرىمۇ قەدىم زاماندىكى شىنجاڭ رايونىدا سودا پائالىيەتلىرىنى كەڭ ئېلىپ بارغان، بىرمۇنچە جايلاردا سوغدىلارنىڭ ئاھالە نۇقتىلىرى بىنا قىلىنغان.

ئۈچىنچى، ھەربىي جەھەتتە ئۇچرىشىش. ئەرەبلەر بىلەن تاڭ سۇلالىسى، تۈركەشلەر، تۈبۈتلار ئوتتۇرىسىدا كۆپ قېتىم ھەربىي جەھەتتە ئۇچرىشىش يۈز بەرگەن. مەسىلەن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەييۈەن 3 - يىلى (مىلادىيە 715 - يىلى )، كەييۈەن 5 - يىلى (مىلادىيە 717 - يىلى) ئەرەبلەر بىلەن تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا قوراللىق ئېلىشقان ؛ مىلادىيە 730 - يىلى ئەرەبلەر قارىستاندا تۈركەشلەرنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغان. مىلادىيە 744 - يىلى غەربىي تۈركلەر گۇمران بولغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەل قىلغۇچ جەڭ ئېلىپ بېرىشى مۇقەررەر بولۇپ قالغانىدى. تيەنباۋنىڭ 10 - يىلى (مىلادىيە 751 - يىلى) تالاس (ھازىرقى قازاقىستاننىڭ جامبۇل شەھىرى)تا بولغان زور جەڭدە ئەرەب قوشۇنلىرى گاۋشيەنجى قوماندانلىقىدىكى 70 مىڭ كىشىلىك تۈبۈت ۋە خەنزۇ قوشۇنىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغان. بۇ قېتىمقى جەڭنىڭ نەتىجىسى تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنىڭ ئاجىزلىشىش - كۈچىيىش ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەھەتتە پەيدا قىلغان تەسىرى تېخىمۇ چوڭقۇر بولغان. بىرىنچىدىن، ئەرەبلەر تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىنغان جۇڭگولۇقلار قەغەز ياساش تېخنىكىسىنى غەربكە تارقاتقان؛ ئىككىنچىدىن، جۇڭگولۇقلار ئەرەبلەر رايونىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى تۇنجى قېتىم كۆزەتكەندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېيىن يېزىپ چىققان ئەسەر ـ «سەپەر خاتىرىلىرى» بارلىققا كەلگەن. «سەپەر خاتىرىلىرى» نىڭ ئاپتورى دۇخۇەن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر تارىخچى، «قانۇنلار قامۇسى» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى دۇيۇنىڭ جىيەنى ئىدى. ئۇ تالاستا ئەسىرگە چۈشۈپ، ئەرەب يۇرتلىرىدا 12 يىل تۇرغان. ئۇ يازغان «سەپەر خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابتا، ئەرەبلەر رايونىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ ئالىي ئېتىقادى، ناماز ـ روزىلىرى، يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتىكى پەرھىزلىرى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى توغرا ھەم كونكرېت خاتىرىلەنگەن. «سەپەر خاتىرىلىرى» ئەرەبلەرنىڭ ئىسلام دىنى ھەققىدە يېزىلغان ئەڭ بالدۇرقى خەنزۇچە خاتىرە ھېسابلىنىدۇ. " بۇ جۇڭگونىڭ ئىسلام تارىخىدىمۇ ئالاھىدە تەسۋىرلەشكە ئەرزىيدىغان ئىش①".

تالاس جېڭىدىن ئالتە يىل كېيىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ جىدې 2 ـ يىلى (مىلادىيە 757 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا، ئەرەبلەر يەنە تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئەسكەر چىقىرىپ، غەربىي يۇرت ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرىغا كىرىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەن لۇشەن (ئۆگلۈك) توپىلىڭىنى تىنچىتىپ، شەرقىي ۋە غەربىي ئاستانىنى قايتۇرۇۋېلىشىغا ياردەملەشكەن.

جېنيۈەننىڭ 17 ـ يىلى (مىلادىيە 891 ـ يىلى) باھاردا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كانكىيە (سوغدىيانا) ۋە قارا يەكتەكلىك ئەرەبلەر (باغداد خەلىپە ئىمپېرىيىسى) قوشۇنلىرى تۇبۇتلارنىڭ ياردەمچى قوشۇنى سۈپىتىدە، ئېلىمىزنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېگرا رايونىدا تاڭ سۇلالىسى ۋە نەنجاۋ بىلەن ھەربىي جەھەتتە توقۇنۇشقان، تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى لۇشۇي دەرياسىدىن كېچىسى ئۆتۈپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ غەلىبە قازىنىپ، " 20 مىڭ ئەسكەرنى ئەسىر ئالغان "، بۇ ۋەقە تارىختا " لۇشۇي جېڭى " دەپ ئاتىلىدۇ.②

يۇقىرىدا ئېيتىلغان كۆپ قېتىملىق ھەربىي ئۇچرىشىشلاردا، ھەرقايسى تەرەپلەردىن مىڭلاپ ـ تۈمەنلەپ ئەسكەر جەڭگە كىرگەن، چوڭ كۆلەملىك

---

① بەي شۇيى : «جۇڭگو ئىسلام تارىخىغا دائىر ساقلانغان ئورىگىنال»، 99 ـ بەت.
② «يېڭى تاڭنامە»، 222 ـ جىلد، 1 ـ قىسىم، «جەنۇبىتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ھەققىدە قىسسە».

ھەربىي ھەرىكەتلەرگە ھەتتا نەچچە تۈمەن ئەسكەر قاتناشتۇرۇلغان، بۇنىڭدا ئەرەب قوشۇنلىرى ئايرىم ئەھۋالدا دېڭىز ئارقىلىق قاتنىــغاندىن باشقا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى قۇرۇقلۇق يولى بىلەن كەلگەن ۋە كەتكەن.

تۆتىنچى، شىئە مەزھىپىدىكى مۇرىتلارنىــڭ كۆچۈشــى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سالجۇق خانلىقىنىڭ ئوردا تېۋىپى ما ۋېيجى (مىلادىيە 1046 ـ 1120 ـ يىللار) يازغان «ھايۋانلارنىڭ خۇسۇسىيىتى» دېگەن كىتابىدا: جۇڭگو ئاستانىسىنىڭ يېقىن ئەتراپىدا بىر دەريا بولۇپ، دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارالدا ئەلى مەزھىپى (شىئە مەزھىپى) دىكى مۇسۇلمانلار تۇرىدىغان قەلئە بار ئىكەن، ئۇلار جۇڭگولۇقلار بىلەن چەت ئەلدىن كەلگەن كارۋانلار ۋە سودىگەرلەر ئوتتۇرىسىدا ۋاسىتىچىلىك قىلىدىكەن، دەپ خاتىــرىلەنگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، " ئەلى مەزھىپىدىكى بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ قەلئەدە تۇرۇشىدىكى سەۋەب مۇنداق ئىكەن: ئۇلار ئەسلىدە ئەلى مەزھىپىدىكى تالىپلار بولۇپ، ئۇمەييا سۇلالىسى دەۋرىدە خوراسانغا كېلىپ ماكانلاشقانىكەن. كېيىن ئۇلار ئۇمەييا سۇلالىسىنىڭ ئۆزلىرىنى جازالاپ يوقىتىشقا بەل باغلىغانلىقىنى بىلىپ، قېچىپ چىقىپ شەرققە قاراپ يول ئالغان. ئۇلار كىشلەرنىڭ قوغلاپ يېتىشىۋېلىشىدىن قورققانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلام دىنىنىڭ ئەنئەنىچى رايونلىرىدا ئۆزلىرى پۈت تىرەپ تۇرغۇدەك جاينىڭ يوقلۇقىنى بايقىغانلىقى ئۈچۈن، جۇڭگوغا قېچىپ بېرىشقا مەجبۇر بولــغان. " " جۇڭگونىڭ خاقانى بۇ ئادەملەردە يامان نىيەت يوقلۇقىنى، پەقەت تۇتۇلۇپ قېلىشتىن قورقۇپ خاقاندىن پاناھلىق تىلەپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىــڭ شۇ يەردە ماكانلىشىشىغا رۇخسەت قىلغان ھەمدە ئۇلارغا ھاياتلىق يولى بېرىپ، ئۇلارنى خاتىرجەم قىلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇلار تىنىچ، مۇقىم شارائىتتا تۇرمۇش كەچۈرگەن ھەم شۇ يەردە تىرىكچىلىك قىلىپ ئاۋۇغان. كېيىن ئۇلار يەنە جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ ۋە جۇڭگو بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىدىغان باشقا مىللەتلەرنىڭ تىلىنى ئۆگىنىپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋاسىتىچــى بولۇپ

---

① «ما ۋېيجى جۇڭگو توغرىسىدا»، خۇ جىنجۇ قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان، « ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى ماتېرىياللىرى »، 1985 ـ يىل، قوشۇمچە سان. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنى تۈزۈپ باسقان.

www.uyghurkitap.com

قالغان.①»

بەشىنچى، تۈركىي مىللەتلەرگە ئەرەب، پارس ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى تۈرلۈك يوللار بىلەن ئىسلامنىڭ ئىچكى رايونلىرىغا كىلىپ تۇرۇپ قالغاندىن باشقا، غەربىي يۇرتقىمۇ ئىسلام مۇرىتلىرى تارقىلىپ كىرگەن. ئوتتۇرا ئاسىيا بۇخارادىكى سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانى ئەبۇ ناسىرنىڭ ئوردىسىدا خىزمەت قىلىدىغان ئەرەب مىسار مىلادىيە 941 - يىلى خانىنىڭ توي ئىشى ئۈچۈن جۇڭگوغا ئەلچى بولۇپ كەلگەن، ئۇنىڭ يول ئۈستىدە كۆرگەن ئەھۋاللاردىن يازغان خاتىرىسى ئۇدۇنىنىڭ شەرقىدىكى رايونلاردا ئولتۇراقلاشقان مۇسۇلمانلار بارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. مەسىلەن، مىسارنىڭ «ساياھەت خاتىرىسى» دە باھى (Bahi) دەپ ئاتالغان (پىما - Pima دەپ ئاتىلىدۇ) جاي شۇەنزاڭنىڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە تىلغا ئېلىنغان پىغانا شەھرىدۇر، بۇ جاي ھازىرقى شىنجاڭ چىرا ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا بولۇپ، قۇملۇققا ئايلىنىپ كەتكەن. مىسار مۇنداق دەپ يازغان: " دۆلىتىدە شەھەر بار ئىكەن، خانىنىڭ ئىسمى پىما ئىكەن، شەھەردە مۇسۇلمانلار، يەھۇدىي دىنى مۇخلىسلىرى، خرىستىئان دىنى مۇخلىسلىرى، ئاتەشپەرەسلەر، بۇددىستلار بار ئىكەن.①".

شۇ چاغلاردا قوجو ئۇيغۇر خانلىقىدىمۇ مۇسۇلمانلار بار ئىدى. فۇرىگېرنىڭ «مانى ئۆلىماسى ۋە ئۇنىڭ ئەسرى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەپ خاتىرىلەنگەن: 500 نەپەر مانى مۇخلىسى سەمەرقەندكە توپلانغان، ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنى باشقىلار بىلىپ قالغاندىن كېيىن، خوراسان خانى، سامانىيلىق ئوبۇلقاسىم ناسىر(مىلادىيە 913 - 942 - يىللار) ئۇلارنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان. چىن (جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتى يەنى قوجو ئۇيغۇر خانلىقى) خانى ئۇنىڭغا: "دۆلىتىمدىكى مۇسۇلمانلار دۆلىتىڭىزدىكى مانى مۇخلىسلىرىدىن ئۈچ ھەسسە جىق" دەپ گەپ ئېيتىپ بەرگەن. ئۇ يەنە: ئەگەر خوراسان خانى مانى مۇخلىسلىرىدىن بىرنى ئۆلتۈرىدىغان بولسا، مەن ئۆز دۆلىتىمدىكى مۇسۇلمانلاردىن ئۈچ ئالىمەن ۋە بارلىق مەسچىتلەرنى ۋەيران

① فىڭ چېڭجۈن: «ئەبۇ دۇلەف مىسارئىبن مۇخەلھىلنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىكى غەربىي يۇرت قەبىلىلىرى»، «غەربىي يۇرت ۋە جەنۇبىي دېڭىز تارىخ - جۇغراپىيىسى تەكشۈرۈپ دەلىللەنگەن ماقالىلەر توپلىمى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1957 - يىل.

قىلىۋېتىمەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەرقايسى ئەللەرگە ئادەم ئۇرۇنلاشتۇرۇپ، شۇ ئەللەردىكى مۇسۇلمانلارنى نازارەت قىلدۇرىمەن، ھەتتا ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىمەن، دەپ قەسەم ئىچكەن[1]. بۇ ماتېرىيالدىكى سۆز بويىچە X ئەسىردە مۇسۇلمانلار سەمەرقەندتىكى مانى مۇخلىسلىرىدىن ئۈچ ھەسسە كۆپ بولغان بولسا، قۇجۇدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 1500 گە يەتكەن بولىدۇ. ھەم ئۇلارنىڭ مەسچىتلىرىمۇ بولغان بولىدۇ، بۇ قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى ئەتراپىدىكى ئەللەردىمۇ ئىسلام ئېتىقادچىلىرىنىڭ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

لېكىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغانلىقى مىلادى X ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بەلگە قىلىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىپ كىرىشىنى بىر جەريان، دەپ قاراپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەييۈەن تۇنجى يىلى (مىلادىيە 713 - يىلى) ئەرەب ئەلچىلىرىنىڭ تاڭ ئوردىسىغا كەلگەنلىكىنى ئىسلام دىنىنىڭ قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زاماندىكى شىنجاڭ رايونىغا تارقىلىپ كىرگەن ۋاقتىنىڭ " يۇقىرى چېكى "، دەپ ھېسابلىساق، ئۇ ھالدا، مىلادى X ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقىغا ئىسلام دىنىنىڭ قۇرۇلۇق قوبۇل قىلغانلىقىغا ئىسلام دىنىنىڭ قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق تارقىلىپ كىرگەن ۋاقتىنىڭ " تۆۋەن چېكى " دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. دېمەك، ئىسلام دىنىنىڭ قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق شىنجاڭ رايونىغا كىرگەنلىكى شۇ ۋاقىتتىن كېيىن ئەمەس.

---

① فىلاڭ جياشىلاڭ قاتارلىقلار تۈزگەن «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللاردىن قىسقىچە توپلام»، 1 - قىسىم، 98 -99 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981 - يىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى باب قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئىسلام دىنى

## 1 ـ بۆلۈم قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتىكى كۈرەشلىرى ۋە دىنىي كۈرەشلىرى

قاراخانىيلار سۇلالىسى IX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان دەۋردە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمى ۋە پامىرنىڭ شىمالىدا ياشىغان تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر قۇرغان خانلىق ئىدى.

" قارا " دېگەن سۆز قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خانلىق ئۇنۋانلىرىدا قوللىنىلغان، بۇ سۆز تۈركىي تىلدا " ئۇلۇغ "، " كەڭ "، " كۆن پېتىش ياق " دېگەن مەنىنى ھەم " قارا رەڭ " دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا، خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا بۇ سۇلالە كۆپىنچە « 黑汗王朝 » (قاراخانىيلار سۇلالىسى) دەپ يېزىلغان. قاراخانىيلار سۇلالىسى مىلادى IX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە (مىلادى 840 ـ يىلىدىن كېيىن) قۇرۇلۇپ، XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا (1211 ـ يىلى) يىمىرىلگەن. بۇ خانلىقنىڭ تېررىتورىيىسى ھازىرقى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسمى، ئىلى سىلاق ۋادىسى ۋە بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبى، چۇ دەرياسى ۋادىسى ۋە ئىسسىق كۆل ئەتراپى، شۇنىڭدەك ماۋەرائۇننەھرنىڭ شەرقىدىكى رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ جايلار ئاساسلىقى ياغما، قارلۇق، ئۇيغۇر، چىگىل، چۇمۇل، ئۇغرا ـ چارۇق، ئوغۇز ۋە تۈركلەشكەن بەزى سوغدىلاردىن تەركىب تاپقانىدى. ئۇيغۇرلار بۇ سۇلالىنىڭ قۇرۇلۇشى، گۈللىنىشىدە ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى ھاياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنى " تاۋغاچ

بۇغراخان " ۋە " مەلىكۇل مەشرىق ۋە سىن " (شەرق بىلەن چىننىڭ سۇلتانى) دەپ ئاتىغان.

تارىخ ساھەسىدىكىلەر ئىلگىرى گېرمانىيىلىك ئالىم ئومەلىژان پرىتساكنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسىدە " قوش خانلىق تۈزۈمى " يولغا قويۇلغانلىقى توغرىسىدىكى پەرىزىگە ئاساسەن، بۇ سۇلالىنىڭ نەسەبنامىسى ۋە يىلنامىسىنى تۈزۈپ چىققان ھەمدە شۇنىڭغا ئاساسەن بۇ سۇلالىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ئۈستىدە كۆپ تەرەپتىن تەھلىل يۈرگۈزگەن ۋە خۇلاسە چىقارغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملار نۇرغۇنلىغان قەدىمكى پۇللار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئاتالمىش " قوش خانلىق تۈزۈمى " توغرىسىدىكى پەرەزنىڭ پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. سۇلالە قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردىلا سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، دائىم دېگۈدەك بىرنەچچە خان تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇراتتى، ئۇلار ئۆز سۇيۇرغاللىق زېمىنىدا ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. بۇ فېئودال سۇيۇرغال ئىگىلىرى گەرچە " ئارسلانخان "، " بۇغراخان " دېگەنگە ئوخشاش خانلىق نامىنى قوللانغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، شان - شەۋكەت ۋە ھوقۇق جەھەتتە پەرقلەنمەيتتى، قانداقتۇر " چوڭ خان " ۋە " مۇئاۋىن خان " دەيدىغان قوش خانلىق تۈزۈمى سىستېمىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن سۆز ئېچىشمۇ تەس ئىدى.① شۇڭا، قاراخانىيلار سۇلالىسى ھوقۇق مەركەزگە يىغىلغان خاندانلىقلارغا ئوخشاش، خانلىقنىڭ بىرلىكىنى ساقلاپ كەلمىگەن، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى خانلىق زېمىنىدا ھەمىشە فېئوداللىق بۆلۈنمە ھالەت مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن.

بۇ سۇلالىنىڭ ئاساسچىسى كۆل بىلگە قادىرخان (مىلادى IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە تەختتە تۇرغان) ئەڭ باشتا تىيانشاننىڭ غەربىي چېتىدە ھاكىمىيەت قۇرغان، ئۇ چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماۋەرائۇننەھر رايونى ئىران

---

① ( 6 .Д كوچنېۋ يازغان، ۋېي لياڭتاۋ تەرجىمە قىلغان «قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ نەسەبنامىسى ۋە يىلنامىسىگە دائىر بېڭى ماتېرىيال» دېگەن ماقالىگە بېرىلگەن «تەرجىمان ئىلاۋىسى »، «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى»غا بېسىلغان، 1988 - يىل 12 - ئاي.

www.uyghurkitap.com

تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتتىن بولغان سامانىي جەمەتىدىكىلەرنىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى. مىلادى 839 ـ 840 ـ يىللىرى سامانىينىڭ چوڭ ئوغلى نۇخا پەرغانىدە يەر تەۋرەشتىن كېلىپ چىققان ئىجتىمائىي داۋالغۇشتىن پايدىلىنىپ، پەرغانە بىلەن ئىسفىجاپ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان، ھازىرقى تاشكەنت ئەتراپىغا توغرا كېلىدىغان، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان چاچلىقلار ھەممىدىن بۇرۇن ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغان. مىلادى 982 ـ، 983 ـ يىلى يېزىلغان «ھۇدۇدۇلئالەم» دېگەن كىتابتا ئىسلام دىنىغا كىرگەن تۈركلەر " ئۇرۇشنى توختاتقان تۈركلەر[①] " دەپ ئاتالغان. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى سامانىي سۇلالىسىنىڭ باشقۇرىشىدىكى پۇقرالار ئىدى، يەنە كېلىپ تۈرك قۇللاردىن تەشكىللەنگەن ئوردا مۇھاپىزەت ئەترىتى سامانىي ئوردىسىنىڭ ئەتىۋارلىق قوشۇنى ئىدى. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تۈركىي تىللىق مىللەتلەر قۇرغان تۇنجى خاندانلىق سۈپىتىدە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى مىلادى X ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە سۇتۇق بۇغراخان (مىلادى 955ـ 956ـ يىلى ۋاپات بولغان) دىن باشلانغان. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىگە ئالاقىدار ئىشلارنى ئەڭ بۇرۇن مۇسۇلمان تارىخچىسى سالامى (مىلادى 955ـ يىلىدىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتكەن) خاتىرىلىگەن، بۇ خاتىرە گەردىشىنىڭ «ئەسلىمە بېزىكى» (مىلادى 1050 ـ يىلى ئەتراپىدا يېزىلغان) ۋە ئىبنى ئەسىر (مىلادى 1232ـ يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ بۈيۈك ئەسىرى «تارىخ ئومۇمىيە» دە يېزىلغان بۇ ۋەقەنىڭ تارىخ مەنبەسى بولۇپ قالغان. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن : " مۇھىم بىر چۈش كۆرگەندىن كېيىن، ئۇ (سۇتۇق) ئەتىگەندە ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان ۋە ئۆز خەلقىنى مۇسۇلمان بولۇشقا دەۋەت قىلغان. بۇ ئىش ھىجرىيە 315ـ / مىلادىيە 927ـ ياكى ھىجرىيە 320ـ / مىلادىيە 932ـ يىلى بولغان بولۇشى مۇمكىن. " [②]

---

① «ھۇدۇدۇلئالەم» ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سامانىيلار دەۋرىدە يېزىلغان جۇغراپىيە ئەسىرى بولۇپ، ئاپتورى نامەلۇم، ئەسلى ئەسەر پارسچە يېزىلغان، يۇقىرىقى نەقىل شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنى تۈزۈپ باسقان خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ 25 ـ باب، 87 ـ 89 ـ بەتلىرىدىن ئېلىندى.

② راۋادى تەرجىمە قىلىپ ئىزاھلىغان «كىتابۇل مىزان» (901ـ، 902ـ بەتلەر)، خۇاتاۋ يازغان «ساتۇق بۇغراخان ۋە تىيانشان رايونىنىڭ ئىسلاملىشىشىنىڭ باشلىنىشى» دىن ئېلىنغان نەقىل، «دۇنيا دىنلىرى تەتقىقاتى» غا بېسىلغان، 1991 ـ يىل 3 ـ ئاي.

بۇ رىۋايەت گەرچە قىسقا ھەم دىنىي تەسۋىر تۈسىنى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ۋەقەنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقتى ھەققىدە ئىنتايىن قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەتكەن. بۇ تارىخىي ماتېرىيالغا ئاساسەن، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەن ۋاقتىنى مىلادى X ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلى دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ.

كېيىنرەك ئوتتۇرىغا چىققان يەنە بىر قاراش بار، بۇ قاراش①ئالماي قەشقەرى (تەخمىنەن مىلادىيە 1083 ـ، 1084 ـ يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ «قەشقەر تارىخى» دا خاتىرىلەنگەن.

1282 ـ يىلى ئەل جەۋھەرىنىڭ «ئەس سۇراھ فىل لۇغەت» ناملىق ئەرەبچە سۆزلۈكنى پارسچىغا تەرجىمە قىلغان جامال قارشى (ئەبۇل فازىل بىننى مۇھەممەد ئۆمەر، ئۆمەر خالىدنىڭ ئوغلى بولۇپ، تەخەللۇسى جامال قارشى) [مىلادىيە 1230 ـ يىلى ئالمىلىقتا تۇغۇلغان] 14ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ ئەسەرگە «مۇلھەقامتۇس سۇرراھ» («سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما») نى يېزىپ، مەزكۇر كىتابىنىڭ قىسمەن مەزمۇنىنى كۆچۈرۈپ بايان قىلغان. بەزى شەيخ ۋە ئالىملارنىڭ ھاياتى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن. جامال قارشىنىڭ قاراخانىيلار خاقانلىرى تارىخىغا دائىر مەلۇماتلىرىمۇ بەك قىممەتلىك. ئۇنىڭ كۆچۈرمە بايانىدىن قارىغاندا، سۇتۇق (ئۇنىڭ مۇسۇلمانچە ئىسمى ئابدۇلكېرىم) كۆل بىلگە قادىرخاننىڭ ئەۋلادى بازىر ئارسلان خاننىڭ ئوغلى بولۇپ، ئاتىسى بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەنلىكتىن، تەختكە ئۇنىڭ تاغىسى ئوغۇلچاق ۋارىسلىق قىلغان. ئۇنىڭ ئانىسى ئوغۇلچاققا نىكاھلانغان. ئوغۇلچاق ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندە، ئىلگىرىكى خانىنىڭ سامانىيلار سۇلالىسى بىلەن يارىشىپ ئىناق ئۆتۈش پوزىتسىيىسىدىن ئۆزگىرىپ، سامانىيلار سۇلالىسىدىن قېچىپ چىققان شاھزادە ئەبۇ نەسىر بىننى سۇلەيياننى كۈتۈۋالغان ۋە ئۇنىڭ قەشقەرگە يېقىن ئاتۇشتا بىر مەسچىت سېلىشىغا ئىجازەت بەرگەن. شۇ چاغدا مۇسۇلمان كارۋانلىرى بۇخارا ۋە سەمەرقەندتىن ئاتۇشقا كېلىپ سودا قىلغان،

---

① ئەبۇل ـ خوتوھ ئابدۇغوپۇر ھۇسەيىن ئەل ئالمائى (1093 ـ يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ «قەشقەر تارىخى» دا بۇ ھەقتە خاتىرىلەر بار.

www.uyghurkitap.com

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىنىمۇ كېڭەيتكەن. سۇتۇق 12 ياش ۋاقتىدا ئاتۇشقا بېرىپ،، كارۋانلار ئېلىپ كەلگەن ماللارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئەبۇ نەسىر سامانىي بىلەن تونۇشقان ھەم مۇسۇلمانلارنىڭ ناماز ئوقۇش ئەھۋالىنى كۆرگەن. ئۇ سامانىيدىن سوئال سورىغان، ” سامانىي دەرھال ئۇلۇغ ئاللانىڭ 99 گۈزەل نامى ۋە يۈكسەك پەزىلەتلىرىنى بايان قىلىپ بەرگەن. ئۇ يەنە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرىدىن نەقىل ئېلىپ ئىسلام قانۇنىنى بايان قىلغان ھەمدە ئىسلام ئەقىدىلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى ۋە تۆھپىلىرىنى سۆزلىگەن. ①” سۇتۇق بۇنىڭدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىپ، شۇئان ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ھەم ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەتچى، مۇلازىملىرى ۋە تۇغقانلىرىنى مەخپىي ھالدا دىنغا كىرگۈزگەن. لېكىن، ئوغۇلچاق جاھىل بۇتپەرەس بولغاچقا، بۇ ئىشنى سېزىپ قالغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا قەتئىي يول قويمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. سۇتۇق 25 ياش ۋاقتىدا 50 نۆكەرنى باشلاپ چىقىپ كېتىپ، بىر قەلئەنى ئىگىلەپ، ئوغۇلچاق بىلەن قارشىلىشىشقا بەل باغلىغان ھەمدە قەشقەردىن 300 ئاتلىق ئەسكەر يىغقان، يەنە پەرغانىدىكى مۇسۇلمان پىدائىيلىرىنىڭ ياردىمگە ئېرىشىپ، ئومۇمىي ئەسكىرىنى 1000 غا يەتكۈزگەن. ئۇلار ئالدى بىلەن ئاتبېشى تايانچ پونكىتىنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىپ، ئادەم سانى 3000 ئاتلىق ئەسكەركە يەتكەندىن كېيىن قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئوغۇلچاقنى يېڭىپ، خانلىق تەختىنى تارتىۋالغان. بۇ كىتابتا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ : ” ھىجرىيە 344 - يىلى (مىلادى 955 - 956 - يىلى) بويسۇندۇرغۇچى سۇتۇق بۇغراخان ۋاپات بولدى، ئۇنىڭ قەبرىسى قەشقەرنىڭ ئاتۇش دېگەن كەنتىدە. ” «قەشقەر تارىخى» دىكى خاتىرە كېيىنكى چاغلاردا سۇتۇق بۇغراخاننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ھەققىدە خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەتلەرنىڭمۇ تارىخىي مەنبەسى بولسا كېرەك. ئاتۇش مەشھەتتىكى سۇتۇق بۇغراخان قەبرىسى ھازىرمۇ شىنجاڭدىكى ئەڭ مەشھۇر مازارلارنىڭ بىرى بولۇپ، ” ھەزرىتى سۇلتان مازىرى “ دەپ ئاتىلىدۇ. «قەشقەر تارىخى» سالامىنىڭ خاتىرىسىدىن بىر ئەسىر كېيىن بارلىققا

---

① ۋىلىيام بارتولد : «موڭغول ئىستىلاسىدىن ئىلگىرىكى تۈركىستان».

كەلگەن، بۇ كىتابتا سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەن ۋاقتى ئېنىق كۆرسىتىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يېشىدىن ھېسابلاپ قارىغاندا، يەنىلا X ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىگە توغرا كېلىدۇ. يەنە كېلىپ بۇ كىتابتا ”چۈش كۆرۈپ دىنىغا كىرگەن“ دېگەن گەپلەر ئىستىسنا قىلىنغان. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ دىنىغا كىرىش جەريانى بىر قەدەر ئەمەلىي ھەم ئىشەنچلىك يېزىلغان، شۇڭا ئۇنى سالامىنىڭ خاتىرىسىگە قىلىنغان چوڭ بىر تولۇقلىما، دەپ قاراشقا بولىدۇ. سامانىي سۇلالىسىنىڭ شاھزادىسى ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ سۇتۇقنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە دالالەت قىلىشى ھەرگىزمۇ يەككە ـ يېگانە، تاسادىپىي يۈز بەرگەن ۋەقە ئەمەس. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك، مىلادى VIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلغان، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئىسلاملاشقاندىن كېيىن، ئىسلام دىنى 200 نەچچە يىل داۋامىدا تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن قورۇقلۇق يولى ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى شىنجاڭ رايونىغا كىرگەن. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ماۋەرائۇننەھر رايونىنىڭ شىمالىدا سامانىي خانلىقىنىڭ چېگرىسىنى بويلاپ يۈز بەرگەن تۈرلۈك ھەربىي ھەرىكەتلەر ۋە سودا ئالاقىلىرىمۇ شۇ جايلاردىكى تۈركلەرنىڭ تەدرىجىي ھالدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشىغا سەۋەب بولغان، بۇ ئەھۋاللار قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. ھالبۇكى، «قەشقەر تارىخى» دا بايان قىلىنغان ئەھۋالدىن قارىغاندا، قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى سىياسىي كۈرەش سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىغا تۈرتكە بولغان بىۋاستە سەۋەبتۇر. سۇتۇق بۇغراخان بىننى بازىرخان ئەسلى خان جەمەتىنىڭ چوڭ تارمىقى نەسەبىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، خان ئاتا ـ بازىرخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئانىسىنى ئوغۇلچاق ئەمرىگە ئېلىۋالغان. تۇل خوتۇنلارنى ئۆز جەمەتى ئىچىدە ياتلىق قىلىش، ئىنىسى تۇل قالغان يەڭگىسىنى ئېلىش كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتىگە خىلاپ ئەمەس. لېكىن، سۇتۇق ئانىسى بىلەن بىللە تاغىسىغا بېقىنىپ قالغانلىقتىن، ئۆزىنىڭ چوڭ تارماق نەسەبىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رەسمىي ئورنىدىن مەھرۇم بولۇپلا قالماي، تەخت ۋارىسى بولۇش ھوقۇقىدىنمۇ مەھرۇم بولۇش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن. مۇرەككەپ ۋە شىددەتلىك ئوردا كۈرىشى جەريانىدا، سۇتۇقنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى ئۇنىڭ بۇ مەنىۋى رالدىن پايدىلىنىپ كۈچ توپلىشىغا ھەم سىرتتىكى ئىسلام كۈچلىرىنىڭ ۋوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشىگە پايدىلىق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن شارائىت تەدرىجىي پىشىپ يېتىلگەندىن كېيىن، ئۇ ئىچكى - تاشقى كۈچلەرنىڭ ماسلىشىشىغا تايىنىپ، بىردىنلا ھەربىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، تاغىسىدىن ھوقۇقنى تارتىۋالغان، سۇتۇق بۇغراخان بىنىنى بازىرخان تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئارىسىدا تۇنجى مۇسۇلمان ھاكىمىيىتىنى قۇرغان، بۇ رايونلاردا ئىسلام دىنىنى رەسمىي دۆلەت دىنى دەپ ئېلان قىلغان. بۇ ئىسلام دىنىنىڭ شەرقتىكى تەرەققىياتىدا تارىخىي يول كۆرسەتكۈچنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. بۇ تىيانشان ئەتراپلىرىدىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا ئومۇميۈزلۈك ئېتىقاد قىلىش يولىغا مېڭىشىغا تۈرتكە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى چاغلاردا ماۋەرائۇننەھر رايونىغا كېڭىيىشى ۋە راۋاج تېپىشى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق بولغان. لېكىن، قاراخانىيلار سۇلالىسى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆزىگە يېقىن قوشنا بولغان ئۇددا رايونلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى كۈندىن - كۈنگە جىددىيلەشكەن. ئالدى بىلەن ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى (ھازىرقى خوتەن) بىلەن قەشقەر ئىسلام ھاكىمىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كەسكىنلەشكەن. ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋىسارا جەمەتىنىڭ يەرلىك ھاكىمىيىتىدىن كېلىپ چىققان. ئۇدۇن خانى ۋىسارا تەگرىخان (لى شېڭتيەن، مىلادى 912 - يىلدىن 966 - يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان) ئۆزىنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەۋەلىكى دەپ ئاتىغان. تيەنفۇنىڭ 3 - يىلى (مىلادى 938 - يىلى) كېيىنكى جىن سۇلالىسى ئوردىسى ئۇنىڭغا " ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن خانى " دەپ نام بەرگەن. ئۇدۇن ۋىسارا خانلىقى ئەنئەنىۋى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خانلىق ئىدى، ئۇنىڭ چېگرىسى شەرقتە چەرچەنگىچە،

غەربتە يەكەنگىچە باراتتى، ئۇزۇنىسى، توغرىسى بولۇپ نەچچە مىڭ چاقىرىملىق زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، تازا گۈللىنىش دەۋرىدە تۇراتتى. قاراخانىيلار خانى سۇتۇق بۇغراخان ۋاپات بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇدۇن خانى ۋىسارا تەگرىخان قەشقەرگە قارشى ئۇرۇش قوزغىغان. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان P. 3016 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە، تيەنشىڭنىڭ 9 - يىلى (مىلادى 958 - يىلى) 7 - ئايدا ۋىسارا تەگرىخان "ئۆزى قوشۇن باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلدى" دېيىلگەن. بۇ ئۇدۇن ۋىسارا خانلىقىنىڭ قەشقەرگە ئەڭ بۇرۇن ھەربىي يۈرۈش قىلغان ۋاقتى[1]. ئۇ چاغدا سۇتۇقنىڭ چوڭ ئوغلى بايتاش (مۇسۇلمانچە ئىسمى مۇسا بىننى ئابدۇلكېرىم) تەختكە ۋارىسلىق قىلغان (تەختتە تۇرغان ۋاقتى 956 - 971 - يىلغىچە) بولۇپ، "ئارسلانخان" دەپ ئاتالغان. بىراق، ئۇدۇن بۇددا دۆلىتى قەشقەر رايونىدىكى ئىسلام ھاكىمىيىتىنى گۇمران قىلالمىغان. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىككى يىلدىن كېيىن، ھىجرىيە 349 - يىلى (مىلادى 960 - يىلى) "200 مىڭ چېدىرلىق تۈركىي خەلقلەر ئىسلام دىنىغا كىرگەن[2]". بايتاش تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، دەرھال ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا ئىسلام دىنىنى يولغا قويغان، قاراخانىيلارنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى ۋە ئەدلىيە، قازىخانا قاتارلىق مۇئەسسەسىلىرىنى قۇرغان. ئىسلام دىنىنىڭ قاراخانىيلار زېمىنىدا بۇنداق زور كۆلەمدە راۋاج تاپقانلىقى ھۆكۈمرانلارنىڭ ھاكىمىيەت كۈچىگە تايىنىپ بويسۇندۇرۇلغانلىقىدىن باشقا، خۇراساندىن كەلگەن سۇفىزمچى، نىشاپۇرلۇق ئەبۇل ھەسەن مۇھەممەد كارامىتى ئېلىپ بارغان دىنىي تەشۋىقات پائالىيىتى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. ئۇ مىلادى 961- يىلى قاراخانىيلار ئوردىسىدا ۋاپات بولغان. بەزى تارىخ ئەسەرلىرى بۇ زور ۋەقە

① خۇاڭ شېڭجاڭ : «خوتەن پۇتۇكلىرى (ئۇدۇن خانى ۋىسارا سۇرا بىلەن شاجۇ خانى ساۋ يۈەنجۇڭنىڭ بىر - بىرىگە يېزىشقان مەكتۇبلىرى) ۋە غەربىي شىمالنىڭ تارىخ - جۇغراپىيە مەسىلىلىرى»، «تارىخى - جۇغراپىيە» نىڭ 3 - سانىغا بېسىلغان. ئۇنىڭ «يەنە شۇ توغرىدا» دېگەن ماقالىسى، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» . 1990 - يىل 1 - ئاي.

② ئىبنى ئەسىر: «تارىخى ئۇمۇمىيە».

www.uyghurkitap.com

مۇسا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋردە ئىسلام دىنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ دۆلەت دىنىغا ئايلىنىپ بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، دەپ قارايدۇ. دۇنخۇاڭدا قېپقالغان P. 4065 - نومۇرلۇق ھۆججەتنىڭ ئۇچىنچىسىدە قەشقەر ئىسلام ھاكىمىيىتىنىڭمۇ ۋىسارا تەگرىخانىنىڭ ئۇدۇن بۇددا دۆلىتىگە قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ، شىددەتلىك جەڭدىن كېيىن مەغلۇپ بولۇپ چېكىنگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. مىلادى 962 - يىلى ئۇدۇن ۋىسارا جەمەتى ھاكىمىيىتى "خان جەمەتىنىڭ مەنپەئىتى بويىچە ھەرىكەت قىلىش①"نى قارار قىلىپ، قەشقەرگە قارشى زور كۆلەمدە ھۇجۇمنى تەشكىللىگەن. ئۇدۇن خاندانلىقىنىڭ تيەنزۇن 3 - يىلى (مىلادى 969 - يىلى) 7 - ئايدا، ۋىسارا تەگرىخاندىن كېيىن تەختكە چىققان ۋايجىراسۇرا (967 - يىلدىن 977 - يىلغىچە تەختتە تۇرغان) قەشقەرنى ئىشغال قىلغان ھەم ئايرىم ھالدا شاجۇغا ۋە سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ غەلىبە خەۋىرىنى مەلۇم قىلغان، غەنىيمەت ئالغان ئالتۇن -كۈمۈش قاچىلار ۋە ئۇسسۇلچى پىلنى سوۋغات قىلغان. لېكىن، قەشقەر قولدىن كېتىپ بەش ئايدىن كېيىن، قاراخانىيلار ياردەمگە ئەۋەتكەن قوشۇن يەنە قەشقەر شەھىرىگە قىستاپ بارغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزئارا ھۇجۇم قىلىش جېڭى گاھ توختاپ، گاھ داۋاملىشىپ، قەشقەر شەھىرى قولدىن -قولغا ئۆتۈپ تۇرغان، شۇنداق قىلىپ، بۇ ئۇرۇش 30 -20 يىل داۋاملاشقان.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مۇسا نەسەبىدىكى خانلار بىلەن ئۇدۇن ۋىسارا جەمەتى خانلىقى بىر - بىرىگە قايتا - قايتا ھۇجۇم قىلىپ تۇرۇۋاتقان چاغلاردا، مۇسانىڭ ئىنىسى سۇلايماننىڭ ئوغلى ھەسەن (ھارۇن) بۇغراخان (مىلادى 991 - يىلدىن 993 - يىلغىچە تەختتە تۇرغان) سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ چىرىكلەشكەنلىكى ۋە ئىچكى مالىمانچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، 990- يىلى ئۆزىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى بالاساغۇندىن ئەسكەر چىقىرىپ، سامانىيلار

① پېللىئوت : ئۇدۇن يۇتۇكلىرى P. 5538 a - نومۇرلۇق ھۆججەت «ئۇدۇن خانى ۋىسارا سۇرا بىلەن شاجۇخانى ساۋيۈەنجۇڭنىڭ بىر - بىرىگە يېزىشقان مەكتۇپلىرى»، ئالدىنقى ئىزاھاتتا ئېيتىلغان خۇاڭ شېڭجاڭنىڭ ماقالىسىدىن ئېلىندى.

تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغىنىغا 150 يىل بولغان ئىسفىجاب شەھىرىنى قايتۇرىۋالغان. ئىككى يىلدىن كېيىن، مىلادى 992 - يىلى ھەسەن بۇغراخان ئەسكەر چىقىرىپ ماۋەرائۇننەھر رايونىنى بويسۇندۇرغان، ئۇ ئۆزىنى " شھابۇددەۋلە ۋە ناھىرۇدداۋا " (دۆلەتنىڭ نۇرى ۋە ئېتىقادنىڭ تۈۋرۈكى) دېگەن ئىسلامچە " لەقەب " بىلەن ئاتىغان. " ئەل بىرۇنىنىڭ قارىشىچە، بۇ لەقەب خەلىپە تەرىپىدىن بېرىلگەن بولماستىن، ئۆزى تەرەپتىن ئۇنۋانلارغا قوشۇۋېلىنغاندى[1]". 999 - يىلى 10 - ئايدا، ئېلىك ناسىر بىننى ئەلى (ھەسەن بۇغراخاننىڭ جىيەنى، ئۆز كەنتتە تۇرۇشلۇق ھۆكۈمران) سامانىيلار سۇلالىسىگە يېڭى ھۇجۇم قوزغاپ، بۇخارانى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئاخىرى سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ ماۋەرائۇننەھر رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەرگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئىزچىل تۈردە تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ كونتروللۇقىدا بولۇپ كەلگەن.

قاراخانىيلار قوشۇنىنىڭ ئىسلام بايرىقى ئوخشاش بىر دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان سامانىيلار ھۆكۈمرانلىرىنى " غازات " شوئارى ئارقىلىق كىشىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئامالسىز قالدۇرۇپ، قاراخانىيلارنىڭ ماۋەرائۇننەھر رايونىدا ھەربىي كېڭەيمىچىلىك قىلىشىغا قولايلىق ياراتقان دېيىلسە، قاراخانىيلارنىڭ خوتەن بۇددىست دۆلىتىگە قارشى قىلغان ئۇرۇشى ئۇنىڭغا قارىغاندا كۆپ قىيىن چۈشكەن. قەدىمكى شىنجاڭ رايونىدا ئۇزۇنغىچە داۋام قىلغان بۇ ئۇرۇش جەريانىدا، قاراخانىيلارنىڭ بىرمۇنچە خان جەمەتلىرى ۋە قوماندانلىرى جەڭدە ئۆلگەن، بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇسانىڭ چوڭ ئوغلى ئەلى ئارسلانخانمۇ بار ئىدى. ئىسلام تارىخچىلىرىنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، ئەلى ئارسلانخان خوتەندىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان جەڭدە قۇربان بولغان. بۇ ئۇرۇش مىلادى 998 - يىلى يەكەن بىلەن يېڭىسار ئوتتۇرىسىدىكى چۆلدە (ھازىرقى ئوردام مازىرى ئەتراپىدا) بولغان. ئەلى ئارسلانخاننىڭ جەستى قەشقەر تۆۋەنكى تار بوغۇزغا (تۈمەن دەرياسى بويىغا)

---

① «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى »، ئۇيغۇرچە نەشرى، 50 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دەپنە قىلىنغان، ئۇنىڭ كاللىسى قەشقەردىكى «گۇمبەزەتۇلخاقانىيە» ناملىق خان جەمەتى قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان. ئەلى ئارسلانخان جەڭدە ئۆلگەندىن كېيىن، يۈسۈپ قادىرخان (ھەسەن بۇغراخاننىڭ ئوغلى، 1004 ـ يىلدىن 1032 ـ يىلغىچە تەختتە تۇرغان) ئوتتۇرا ئاسىيادىن نەچچە تۈمەن ئەسكەر باشلاپ ياردەمگە كەلگەن، مىلادى 1000 ـ يىلى قەشقەرنى ئاخىر قايتۇرۇۋالغان. 1005 ـ يىلى يۈسۈپ قادىرخان ئەلى ئارسلانخاننىڭ چوڭ ئوغلى ئەھمەد توغانخاننى بالاساغۇنغا ھەيدىۋېتىپ، مۇسا نەسەبىدىكى خانلارنىڭ قەشقەردىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلىگەن ھەمدە يەكەن، قاغىلىق، گۇما يوللىرىدا جەڭ قىلىپ، 1006 ـ يىلى خوتەن بۇددىستلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، چىكالۇ خالىخاننى ئۆلتۈرۈپ خوتەننى ئىشغال قىلغان①. خوتەن خەلقى ئىشغالىيەتچىلەرگە ئۇزۇنغىچە قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن، قوراللىق كۈرەشتىن تاشقىرى، يەرلىك ئاھالە بىلەن ئىستېلاچىلار ئوتتۇرىسىدا دىني ئېتىقاد جەھەتتىكى قارشىلىق كۈرىشى ئېخىمۇ ئۇزۇن داۋاملاشقان. ئىسلام ئىستېلاچىلىرى بۇددا ئىبادەتخانىلىرى، راھىبلارنىڭ ھۇجرىلىرىنى بۇزۇپ تاشلىغان ۋە تارتىۋالغان، بۇددا راھىبلىرىغا سەدىقە بېرىلمىگەنلىكتىن، راھىبلار زەنمۇ ئىبادەتخانىسىغا يىغىلىپ، بۇ دۆلەتنى تاشلاپ چىقىپ كېتىش قارارىغا كېلىپ، پىيادە يۈرۈپ تىبەتكە كەتكەن، قالغان راھىبلار ۋە ئېتىقادچىلار يەنىلا يوشۇرۇن ھالدا ئۆز ئېتىقادىدا چىڭ تۇرغان، XI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن خوتەندىكى بۇددا دىنىنىڭ ئورنىنى ئىسلام دىنى تەدرىجي ھالدا تولۇق ئىگىلىگەن.

يۈسۈپ قادىرخان قاراخانىيلار سۇلالىسى تارىخىدا خېلى ئىشلارنى قىلغان خان ئىدى، ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىنكى 20 نەچچە يىل ئىچىدە بۇ خاندانلىقنىڭ شەرقىي قىسىم رايونلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. مىلادى

① خوتەندە ئىسلام ئۈچۈن قۇربان بولغان تۆت ئىمام توغرىلىق خەلق ئارىسىدا ھازىرغىچە تارقىلىپ يۈرگەن تەزكىرە، كۆچۈرمىلىرى بار، ئۇنىڭدا يۈسۈپ قادىرخاننىڭ خوتەننى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان جەڭلىرى تۈرلۈك ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر بىلەن بايان قىلىنغان.

1028 ـ يىلى يۈسۈپ قادىرخان ئەخمەد توغانخان II نى جەڭدە مەغلۇپ قىلىپ، بالاساغۇننى تارتىۋالغان، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن قاراخانىيلار دۆلىتى بىرلىككە كەلگەن ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. گەرچە شۇ چاغلاردا ماۋەرائۇننەھر رايونىدا باشقا خان جەمەتلىرى ئىگىلەپ تۇرغان مۇستەقىل ھاكىمىيەتلەر يەنىلا مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى يۈسۈپ قادىرخاننىڭ خانلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلغان.

بىراق، شەرقىي قىسىمدا قاراخانىيلارنىڭ تەسىر كۆچـــــى پەقەت قوشۇۋېلىنغان ئەسلىدىكى ئۇدۇن خانلىقىنىڭ زېمىنىگىچىلا كېڭەيگەن، ئۇنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى توسۇپ تۇرغانلىقى، شەرقىي جەنۇب تەرىپىدە تۇبۇتلار توسۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئىسلام دىنىنىڭ شەرققە تېز تەرەققىي قىلىشىنى چەكلەپ قويغان.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى مىلادى 866 ـ يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارى بۆگۈتېكىن قۇرغان. بۇ خانلىق قوچۇنى مەركەز قىلغان، ئۇنىڭ ئىدارە قىلغان رايونلىرى شەرقتە قۇمۇلدىن باشلىنىپ غەربتە ئاقسۇغىچە باراتتى. جەنۇبى بىلەن شىمالى تۇرپان، تارىم، جۇڭغار ئويمانلىقلىرىدىن ھالقىپ ئۆتەتتى. خانلىق قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن كۇسەن (كۇچا) ئۇيغۇرلىرىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى مانى دىنىغا بولغان ئېتىقادىنى ساقلاپ قالغاندىن باشقا، شۇ يەردىكى بۇددا دىنىي مەدەنىيىتىگىمۇ تەدرىجىي ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، لياۋ سۇلالـــىسىنىڭ تيەنزەن 3 ـ يىلى (مىلادى 924 ـ يىلى) دىلا، لياۋتەيزۇ يوللىغ ئاپاگى ئۆزى قوشۇن باشلاپ تۈرك قاتارلىق مىللەتلەرگە يۈرۈش قىلغاندا، بېشبالىق (جىمسار) دىن ئالتۇنتاغ (ئالتاي تېغى) غىچە بولغان كەڭ رايونلارنى ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋالغانىدى. لياۋ سۇلالىسىنىڭ كەيتەي تۇنجى يىلىدىن 2 ـ يىلىغىچە (مىلادى 1012 ـ، 1013 ـ يىللار) يوللىغ خۇاگې ئىككى قېتىم غەربىي زېمىنغا يۈرۈش قىلىپ، بالاساغۇن ھۆكۈمرانى ئەخمەد توغانخان I (998 ـ يىلدىن

1018 - يىلغىچە تەختتە تۇرغان) نىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇرۇش قىلغان، قوچۇ ئۇيغۇر رايونىمۇ بۇ ئۇرۇش ئوتىدىن خالىي بولالمىغان، ئەمما قاراخانىيلار قوشۇنى قوچۇ رايونىنى قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرالمىغان①.

قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن تۇبۇت خانلىقىنىڭ مۇناسىۋىتىگە كەلسەك، مىلادى 1030 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە، گۇگا خانلىقىنىڭ بۇددىست پادىشاھى يىشىۋۇ ھىندىستان ئالى راھىبى ئادىشا (982 - 1054 - يىللار) نى تىبەتكە تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىش ئۈچۈن، ئالى رايونىنىڭ شىمالىدىكى جايلاردىن پادىشاھنى تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىشكە لازىم بولىدىغان نۇرغۇن ئالتۇن توپلىغان، نەتىجىدە يول ئۈستىدە قاراخانىيلار قوشۇنى تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىنغان. قاراخانىيلار ھۆكۈمرانى يىشىۋۇنى قويۇپ بېرىشنىڭ ئىككى شەرتىنى ئوتتۇرىغا قويغان : بىرى، ئۇ ئىسلام دىنىغا كىرىش ؛ يەنە بىرى، ئۆز بويىغا تەڭ ئېغىرلىقتا ئالتۇن تۆلەپ ئۆزىنى سېتىۋېلىش، يىشىۋۇنىڭ جيەن نەۋرىسى شياڭ چۇيۋېي شاھ بوۋىسىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ توپلىغان ئالتۇنى بوۋىسىنىڭ گەۋدە ئېغىرلىقى بىلەنلا تەڭلىشىپ، باش قىسمىنىڭ ئېغىرلىقىغا تەڭ كېلىدىغان ئالتۇن كەملەپ قالغان. تىبەتچە تارىخ ماتېرىياللىرىدا، يىشىۋۇ بىلەن شياڭ چۇيۋېي ئوتتۇرىسىدا بولغان تەسىرلىك سۆھبەت خاتىرىلەنگەن، قاماققا چۈشۈپ قالغان يىشىۋۇ قىلچە قورقماستىن: "مەن ياشىنىپ كېسەلچان بولۇپ قالدىم، بۇددا دىنىمىز ئۈچۈن چوڭ ئىش قىلىپ بېرەلمەيمەن، ياش پادىشاھنىڭ مېنى دەپ ئالتۇنلارنى ئىسراپ قىلىشى ھاجەتسىز، ئۇنى يەنىلا ئالىي راھىبنى تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن تۈزۈك②" دېگەن. شياڭ

---

① مىلادى 1074 - يىلى يېزىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» غا قاراخانىيلار قوشۇنىنىڭ قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ بۇتخانىلارنى ۋە بۇتلارنى چاققانلىقى توغرىسىدىكى نەزمىلەر كىرگۈزۈلگەن، بۇنىڭدا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قوچۇ رايونىدا ئېلىپ بارغان ئاتالمىش " غازات " جېڭى ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

② خوفماننىڭ «تىبەتچە ھۆججەتلەردىكى قارلۇقلار» دېگەن ماقالىسىگە قارالسۇن، «شەرق» (1950 SO,orins - يىل، 3 - سان)، فاڭ جيەنچاڭنىڭ «شىزاڭ خوېزۇلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەسچىتلىرى ھەققىدە تەتقىقات - قوشۇمچە ئىسلام دىنىنىڭ تىبەتكە تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىنىدى، «تىبەت ھەققىدە تەتقىقات» قا بېسىلغان.

چۈيۈپى ھېچ ئىلاج قىلالماي، يىغلاپ ئايرىلىپ، شاھ بوۋىسىنىڭ بۇددا دىنى ئۈچۈن جېنىدىن كېچىش ئارزۇسىغا تەن بېرىشكە مەجبۇر بولغان. يىشۋۇ ئۇزاق ئۆتمەي زىنداندا ئۆلتۈرۈلگەن. يىشۋۇنىڭ بۇددا دىنى يولىدا قۇربان بولۇشى ئىسلام دىنىنىڭ گۇگا خانلىقىدا تارقىلىشىنى توسۇپ قويغان.

مىلادى 1032 - يىلى يۈسۈپ قادىرخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئەلى سىستېمىسىدىكى كۈچلەر ماۋەرائۇننەھر رايونىدا قايتىدىن باش كۆتۈرگەن.

مىلادى 1041 - يىلى ئەلى ئارسلانخاننىڭ نەۋرىسى ئالىپ تېكىن بۇخارانى ئىشغال قىلىپ، قاراخانىيلارنىڭ بۇغرا قارا خانى سۇلايمان يۈسۈپنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئايرىلغانلىقىنى جاكارلىغان، ئۆز كەند شەھىرىدە ئۆزىنى "تاۋغاچ بۇغرا قاراخان" دەپ ئاتىغان.

مىلادى 1051 -، 1052 - يىللىرى ئالىپ تېكىن تاۋغاچ بۇغرا قاراخان ئالەمدىن ئۆتكەن، ئۇنىڭ ئىنىسى بۆرى تېكىن تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىنى "تاۋغاچ بۇغراخان"، "مەلىكۇل مەشرىق ۋە سىن" (شەرق بىلەن چىننىڭ سۇلتانى) دەپ ئاتىغان. ئۇ ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنى ئۆز كەندتىن يۆتكەپ، سەمەرقەندنى پايتەخت قىلىپ، ماۋەرائۇننەھر رايونىدا ھۆكۈم سۈرگەن. ۋە شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان بولۇۋالغان. شۇنىڭدىن باشلاپ، قاراخانىيلار سۇلالىسى رەسمىي ھالدا شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى قىسمغا بۆلۈنۈپ كەتكەن، غەربىي قىسمى سەمەرقەندنى مەركەز قىلغان، شەرقىي قىسمى بالاساغۇن بىلەن قەشقەرنى مەركەز قىلغان.

يەنە بەزى ئېيتىشلاردا، شەرقىي ۋە غەربىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ چېگرىسى مىلادى 1070 - يىلى ئاخىر قانۇن شەكلى بىلەن مۇقىملاشقان دېيىلىدۇ. شەرقىي قىسىم قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ زېمىنى ئىلمىزنىڭ شىنجاڭ تەۋەسى سىرتىدىكى يەتتىسۇ ۋە پەرغانىنىڭ شەرقىي قىسىم رايونلىرىنى، شىنجاڭ تەۋەسى ئىچىدىكى ئىلى ۋادىسى، قەشقەر ۋە خوتەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇنىڭ پايتەختى بالاساغۇن ۋە قەشقەر ئىدى، قەشقەر

www.uyghurkitap.com

"ئوردۇكەنت" (شاھ تۇرىدىغان شەھەر) دەپمۇ ئاتالغان. شەرقىي خانلىقنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد خانى يۇسۇپ قادىرخاننىڭ چوڭ ئوغلى بوغراتېكىن سۇلايمان (1032 - يىلدىن 1057 - يىلغىچە تەختتە تۇرغان) بولۇپ، " ئارسلانخان " دەپ ئاتالغان. ئىبنى ئەسىرنىڭ خاتىرىلىشىچە، مىلادى 1043 - يىلى 9 -، 10 - ئايلاردا ئون مىڭ چېدىرلىق تۈرك كۆچمەن چارۋىچىلىرى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان. ئۇلار ئىلگىرى بالاساغۇن ۋە قەشقەرنىڭ چېتىدىكى مۇسۇلمان شەھەرلىرىگە كېچىلىرى بېسىپ كىرىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، كىشىلەرگە ئارام بەرمىگەنىكەن. ئۇلار قۇربان ھېيت كۈنى 20 مىڭ قوي ئەكېلىپ قۇربانلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى تۈگىگەن. ئۇلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ھەرقايسى جايلارغا تارقىتىۋېتىلگەن. ئىبنى ئەسىر «تارىخي ئومۇمىيە» دە بۇ توغرىلىق مۇنداق دەپ يازغان: " تۈركلەردىن ئىسلام دىنىغا كىرمىگەنلىرى پەقەت تاتارلار بىلەن قىتانلار بولۇپ، ئۇلار چىن تەۋەسىدە ئىدى[①]". بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئىسلام دىنى بۇ چاغدا باشقا دىنلارنىڭ ئورنىنى بېسىپ، قاراخانيلار زېمىنىدىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئېتىقادىغا ئايلانغان، شۇنداقلا مەزكۇر خاندانلىقنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداشتىكى مۇھىم قورالى بولۇپ قالغان.

سۇلايمان ئارسلانخان تۇبۇتلار رايونىدىن كۆچۈپ كەلگەن تۈركلەر بىلەن غەربىي لياۋ كونتروللۇقىدىكى رايونلاردىن كۆچۈپ كەلگەن تۈركلەرگە ئوخشاش بولمىغان پوزىتسىيە ۋە سىياسەت قوللانغان. «تارىخ ئومۇمىيە» دە خاتىرىلىنىشىچە، مىلادى 1046 - 1047 - يىلى ئارىلىقىدا " سانسىزلىغان تۈركلەر تىبەتتىن ئايرىلىپ بالاساغۇن ھۆكۈمرانى ئارسلانخان تەرەپكە كەلگەن. ئۇ پۇقرالارغا ياخشىراق مۇئامىلە قىلغان بولغاچقا، بۇ ئادەملەر ئۇنىڭ دۆلىتىگە قارشى ھەرىكەتتە بولۇپ باقمىغان، ئۇلار ئاخىرقى ھېسابتا شۇ يەردە

---

① «تارىخي ئومۇمىيە» دىن تاللاپ قىلىنغان تەرجىمە (1 - قىسىم)، لىۋزگى تەرجىمە قىلغان، «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى» غا بېسىلغان، 1988 - يىل 2 - يانۋار.

تۇرۇپ قالغان. ئارسلانخان ئۇلار تۇرغان يەرگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە دەۋەت قىلغان، ئۇلار ئۇنىمىغان، لېكىن قېچىپ كەتمىگەن. ①" غەربىي لياۋ رايونىدىن كەلگەن تۈركلەرگە كەلسەك، ئۇلاردىن 16 مىڭ چېدىرلىق ئاھالە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ شەرقىي چېگرىسىغا ئەۋەتىلىپ، چارۋا بېقىش ۋە تاغ ئىچىدىكى ئېغىزنى ساقلاشقا مەجبۇر قىلىنغان. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا مۇكاپات يەر بېرىلگەن. لېكىن، قاراخانىيلار ھۆكۈمرانى ئۇلارغا نىسبەتەن قاتتىق چەكلەش چارىسىنى قوللانغان. ئۇلار كارۋانلارنىڭ يول باشلىشى بىلەن بالاساغۇنغا كۆچۈپ بارغان ۋە خانلىقنىڭ ھۆكۈمرانى بىلەن قارشىلاشقان، كېيىنكى چاغلاردا يوللىغ تاشىن غەربكە يۈرۈش قىلغاندا، ئۇلار غەربىي لياۋ ئىستېلاچىلىرىغا ئىچكى جەھەتتىن ماسلاشقۇچى كۈچ بولغان.

مىلادىيە 1056 ـ، 1057 ـ يىلى سۇلايمان ئارسلانخان ئاتا ـ بالا ئوردا مالىمانچىلىقىدا خانىنى ئارقا ـ ئارقىدىن يەڭگۈشلىگەن، ئاخىرىدا مەھمۇد تۇغرۇلخان (1062 ـ يىلدىن 1080 ـ يىلغىچە تەختتە تۇرغان) خاندانلىقنىڭ سەردارى بولغان. ئۇ تەختتىكى چاغدا، ئارسلان تېكىن 40 مىڭ كىشىلىك مۇسۇلمان قوشۇنىنى باشلاپ، بۆكە بۇدراچ قوماندانلىقىدىكى 700 مىڭ كىشىلىك " كۇپپارلار " قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغان. قاراخانىيلار قوشۇنى " ئىلى دەرياسى بىلەن ئېمىل دەرياسىنى بېسىپ ئۆتۈپ، تيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكىنى بويلاپ قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، قوجۇ ئۇيغۇرلىرىنى، مىڭلاق ئەرلىرىنى تالان ـ تاراج قىلىپ، ئۇلارنىڭ شەھەرلىرىنى ۋەيران قىلدى، بۇتلىرىنى چېقىپ كۇمپەيكۇم قىلىۋەتتى. شۇڭا، ئۇ ئىسلام دىندا 《 ئادالەت ۋە دىنىنىڭ قوغدىغۇچىسى 》، 《 دىنىنىڭ شان ـ شەۋكىتى 》 دېگەن پەخرىي ناملارغا ئېرىشتى②."

مەھمۇد تۇغرۇل تېكىن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى ئۆمەر

---

① «تارىخى ئومۇمىيە» دىن تاللاپ تەرجىمە قىلىنغان خەنزۇچە نۇسخا (1 ـ قىسىم).
② «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى »، 176 ـ، 177 ـ بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىبنى مەھمۇد تەختكە ۋارىسلىق قىلغان، كېيىن خانلىق ھاكىمىيىتى ئۆمەر ئىبنى مەھمۇدنىڭ قولىدىن ھەسەن ئىبنى سۇلايمان (تارىختا ھارۇن بۇغراخان II دەپ ئاتالغان، مىلادى 1069 ـ يىلدىن 1103 ـ يىلغىچە تەختتە تۇرغان) نىڭ قولىغا ئۆتكەن. ھەسەن ئىبنى سۇلايمان شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ تۇنجى ئەۋلاد خانى سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، ” تاۋغاچ بۇغرا قاراخان “ دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ قاراخانىيلار سۇلالىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە قەشقەر مۇھىم مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغان. قاراخانىيلار ھۆكۈم سۈرگەن يەرلەردە پاراكەندىچىلىكنىڭ بولۇشىغا قارىماي، تاۋغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەننىڭ دادىسى سۇلايمان ئارسلان خان زامانىدىن تارتىپ بالاساغۇن، قەشقەر رايونلىرىدا سەلتەنەتنىڭ مۇقىم بولغانلىقى مەدەنىيەتنىڭ تېز روناق تېپىشىدا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان. بۇ دەۋردە ئەدەبىيات، تارىخ، تىلشۇناسلىق ساھەلىرىدە ئالەمشۇمۇل داستان ۋە يۈكسەك ئىلمىي ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن. بۇ دەۋردە خان ھۇزۇرىدا چوڭ ـ چوڭ ئالىملار ئىشلىگەن. ئۇلار شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى، ئۇنىڭ ئۇستازى ھۈسەيىن ئىبنى خەلپەت قەشقەرى ۋە ئەبۇلفەتۇھ ئابدۇغوپۇر ھۈسەيىن ئەلئەلباي قەشقەرى قاتارلىق ئالىملار ئىدى. بۇ ئالىملاردىن بىرى مۇتەپەككۇر ۋە دانىشمەن شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىدى. ئۇنىڭ ئۆلمەس داستانى «قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى يازما ئەدەبىياتىدىن زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن بۈيۈك ئەسەر بولۇپ، ئۇ بۇ ئەسەرنى ھىجرىيە 462 ـ يىلى (مىلادى 1070 ـ يىلى) قەشقەردە يېزىپ، ئەبۇ مۇھەممەد ئەلى بۇغرا قاراخانغا تەقدىم قىلغان. ” شەرقىي قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىرىدىن تاۋغاچ بۇغراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەن زامانىسىدا، شەيخ ئىمام ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد بىننى ئابدۇسەمەت بىننى ئىسمايىل ئەل بۇخارى ئىسمىلىك بىرىنىڭ يەكەن قازىسى بولغانلىقى ھەققىدىكى بىر ھۆججەت دەۋرىمىزگىچە ساقلىنىپ قالغان. بۇ ھۆججەتتە بىر شەرىئەت دەۋاسىغا ھۆكۈم چىقارغانلىقى مەلۇم، بۇ دەۋاغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا تۈزۈلگەن

ھۆججەتتە ئىمام ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد ھەم يەكەن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ قازىسى، ھەم ھاكىمى دەپ تىلغا ئېلىنغان[1]. " بۇ مەلۇماتلاردىن مەيلى جازا بېرىش قازىلىرى ياكى دىنىي مەھكىمە قازىلىرى بولسۇن، مەلۇم شەھەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ دەۋالىرىنى سوراش ئۈچۈن تەيىن قىلىنغانلىقىنى، قازىلارنىڭ مەركەزنىڭ خىزمەتچىلىرى بولۇش بىلەن بىللە، يەرلىك تەشكىلاتلاردىنمۇ ئورۇن ئالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مىلادى 1103 - يىلى ھارۇن II ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى ئەخمەد ئىبنى ھەسەن (مىلادى 1103 - 1128 - يىللار) تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، ئارسلان خان دەپ ئاتالغان. ئۇ ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇ" كۆچمەن تۈرك قەبىلىلىرىنى مۇقىم ئولتۇراقلىشىش ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا يەنىمۇ دالالەت قىلدى. مىلادى 1105 - يىلى، ئۇ مەھمۇد ئىبنى ئابدۇجېلىل قەشقەرىنى ئابباسىيلار خەلىپىلىكىگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. خەلىپە مۇستەزھىر بىللاھ ئۇنىڭغا « ئىمان دۇد دەۋلە » دەپ پەخرىي نام بەردى.[2]"

مىلادى 1128 - يىلى ئەخمەد ئىبنى ھەسەن ئارسلان خان ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى ئىبراھىم ئىبنى ئەخمەد تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. ئىبراھىم ئىبنى ئەخمەد ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، شەرقىي قىسىم قاراخانىيلار خانلىقى ئاجىزلىشىپ، ئۇنىڭغا تەۋە مىللەتلەر ئۇنىڭغا قارشى چىقتى، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى قارلۇقلار بىلەن قاڭلىلار ئىسيان كۆتۈرگەنلىكتىن، خانلىقنىڭ كۈچى بارغانسېرى ئاجىزلاشتى. بۇ چاغدا ئىبراھىم ئىبنى ئەخمەد ۋەزىيەتنى ئوڭشايمەن، دەپ غەربكە قاراپ سىلجىپ كېلىۋاتقان قىتانلارنىڭ سەردارى يەللىغ تاشىنىدىن مەدەت تىلەشكە مەجبۇر بولدى. يەللىغ تاشىن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يەتتىسۇ ۋە سىر دەريا ۋادىسىدىكى رايونلارغا

---

① رىشات گەنج : «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى » ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، 352 - بەت.
② «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، 177 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قوشۇن ئەۋەتىپ، ئۇ جايلارنى ئىشغال قىلىۋالدى. يوللىغ تاشىن مىلادى 1124 - يىلى ئۆزىنى خان قىلىپ تىكلىدى. ئۇ قوشۇن تەشكىللەپ، تۈمەن چاقىرىملىق يولنى بېسىپ، غەربكە يۈرۈش قىلدى. يول بويى يەتتە ئايماق، 19 قەبىلىدىن ئۆز قوشۇنىغا ئەسكەر ئېلىپ، مىلادى 1128 - يىلى قەشقەرگە بېسىپ كىردى. شۇنىڭدىن كېيىن، شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى غەربىي لياۋ (قىتانلار) نىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالدى. نايمانلارنىڭ سەردارى كۈچلۈك (1211 - 1218 - يىلى تەختتە تۇرغان) مىلادى 1211 - يىلى غەلىيان كۆتۈرۈپ تەختنى تارتىۋېلىپ، غەربىي لياۋنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى يوللىغ جىرۇق (1178 - يىلدىن 1211 - يىلغىچە تەختتە تۇرغان) نى تەختتىن چۈشۈرگەن، ئۇ قوشۇن ئەۋەتىپ قەشقەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى ئاخىرلاشقان، كېيىنكى يىلى (1212 - يىلى) غەربىي قاراخانىيلار خانلىقىمۇ ھالاك بولغان.

## 2 ـ بۆلۈم قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئىسلام دىنى مەزھەپلىرى

قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئىسلام مەزھەپلىرى ئۈستىدە توختىلىشتىن ئىلگىرى، ئىسلام دىنىدىكى مەزھەپلەرنىڭ تەرەققىيات تارىخىغا قىسقىچە نەزەر سېلىپ ئۆتىمىز. مىلادى 632 ـ يىلى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ۋاپات بولغانلىقى ئىسلام ئېتىقادچىلىرىنى ۋە ساھابىلەرنىڭ چوڭلىرىنى ھەيران قالدۇرغان. " بۇنىڭغا بەزىلەر ئىشىنىشنى خالىمايتتى، بەزىلەر ئۆزىنى يوقاتقانىدى. ئەبۇ بەكرىنىڭ باشلىشى بىلەن ساھابىلەر پەيغەمبەرنى يۇيۇپ كېپەنلەپ يەرلىكىدە قويغاندىمۇ، يەنىلا خىلاپەت مەسىلىسى ساھابىلەرنىڭ پىكرىنى بەند قىلغانىدى.①" بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرنىڭ ۋارىسى مەسىلىسى ئۈستىدە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار ئارىسىدا كەسكىن تالاش ـ تارتىش يۈز بەرگەن. ئەبۇ بەكرى ئۆمەر، ئوسمان، ئەللەرنى يېنىغا ئېلىپ، پەيغەمبەرنىڭ ھىجرىسى يېنىدا توپلانغان ئىسلام ئەھلى بىلەن كېڭەشكەن. يىغىلغان ئىسلام ئەھلى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ۋارىسىنى مۇسۇلمان ئەھلىنىڭ سالاھىيەت ۋە ئىناۋىتىنى ئاساس قىلىپ سايلاشنى بىردەك تەشەببۇس قىلغان، نەتىجىدە ئۆمەر باشچىلىقىدىكى مۇسۇلمانلار ئەبۇ بەكرىنى مىلادى 632 ـ يىلى ئۆزلىرىگە خەلىپە قىلىپ سايلىغان. ئەمما، بىر قىسىم مۇسۇلمانلار ئەبۇ بەكرىنىڭ خەلىپىلىكىگە بەيئەت قىلماي، پەيغەمبەرنىڭ ۋارىسى ئەلى بولۇشى كېرەك. بۇ مەسىلىنى قىلىچ بىلەن ھەل قىلىمىز، دەپ ھاياجانلانغان. يەنە بىر قىسىم مۇسۇلمانلار ئۆز تەرەپدارلىرىنى كۈشكۈرتۈپ، شۈبھە تۇغدۇرۇپ، مالىمانچىلىق پەيدا قىلىش كويىدا بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقا جايلاردىكى ئەرەبلەرنىڭ ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغانلىقى، تەرەپ ـ تەرەپتە بىرمۇنچە يالغان پەيغەمبەرلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىققانلىقى تۇغرىسىدىكى خەۋەرلەر مەدىنىگە يېتىپ

---

① شاھ بەندەزادە قىلىنىلىق ئەخمەد ھىلمىنىڭ «ئىسلام تارىخى» دېگەن ئەسىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كەلگەن. بۇ چاغدا ئىسلام دىنى بەك چوڭ ۋە جىددىي خەۋپكە دۇچ كەلگەن. بۇنداق جىددىي ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ۋەزىپىسى ئەبۇ بەكرى خەلىپىنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن. ئۇ ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى قاتارلىق كاتتا ساھابىلەر بىلەن بىرلىكتە، بۇ ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئۈچۈن 11 قېتىم جەڭ قىلىپ ئىسيانىنى باستۇرۇپ، ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ بىرلىكىنى قوغدىغان.[1] شۇنىڭ بىلەن بارلىق ئەرەب ئىسلام ئەھلى ئەبۇ بەكرىنىڭ پەيغەمبەر ۋارىسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان.

ئىسلام تارىخىدا بۇ تۆت خەلىپىنى ھىمايە قىلغۇچى مۇسۇلمانلار كېيىنكى دەۋرلەردە ” ئەھلى سۈننەت “، ” سۈننىيلەر “ دەپ ئاتالغان. ئۇلار مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ يولىدىكى ئۈممەتلەرنىڭ جەم بولۇشىغا يۆلەنگەن ئىسلام ئەقىدە ئىگىلىرى ئىدى. بۇ ئەقىدىنى شۇنداق يىغىنچاقلاشقا بولىدۇكى، سۈننىي مەزھىپىگە داخىل بولغانلار خۇدانىڭ ئەزەلىي ۋە مەڭگۈ ئىكەنلىكىگە، خۇدانىڭ دۇنيانى ياراتقان قۇدرىتىگە ئىشىنىشى، خۇدا پەرىشتىلەرگە چۈشۈرگەن مۇقەددەس كىتاب قۇرئان كەرىمنىڭ خۇدانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە، ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە مۇھەممەدنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە، ئۆلۈمدىن كېيىن تىرىلىشنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىشى، تۆت چارىيانىڭ خەلىپىلىكىنى ئېتىراپ قىلىشى، پەيغەمبەرگە ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە مۇھەببەت باغلىشى شەرت. بۇ، سۈننىيلەرنىڭ تۈپ مەقسىتى. بۇ مەزھەپ مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ سۆز ۋە ئىش - ئىزلىرىنى رەتلەپ «ھەدىس» نى تۈزگەن. بۇ كىتاب ” سۈننەھ “ دەپ ئاتالغان. ” سۈننىي مەزھىپى “ دېگەن نام ئەنە شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان.

ئىلمى فىقھى[2] جەھەتتىن قارىغاندا، جۇڭگودىكى مۇسۇلمانلار سۈننىي مەزھىپى ھەنەفىيە فىقھىسىگە مەنسۇپ.

ئەلى خەلىپىلىككە چىققاندىن كېيىن، مۇئاۋىيىنى شامدىكى ۋالىيلىق

---

[1] شاھ بەندەزادە قىلىبلىق ئەخمەد ھېلمىنىڭ «ئىسلام تارىخى» دېگەن ئەسىرى.
[2] «فىقھى» — شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تەتقىق قىلىدىغان دىنىي ئىلىم.

ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش بۇيرۇقىنى چۈشۈرگەن. مۇئاۋىيە خېلى ئۇزاق تەييارلىق قىلىش ئاساسىدا، ئەلىنىڭ خەلىپىلىكىنى ئېتىراپ قىلماي، ئەلىگە قارشى بىرنەچچە قېتىم كۈچ ئۇيۇشتۇرغانىدى. ئەلى بىلەن مۇئاۋىيە ئوتتۇرىسىدا ئاخىر قانلىق ئۇرۇش كېلىپ چىققان، ئۇرۇش ئۈچ ئاي داۋام قىلىپ، ئىككى تەرەپتىن نۇرغۇن كىشى ئۆلگەن. بۇ ئۇرۇشتا ئەلى تەرەپ غەلىبە قازىنىۋاتقاندا، ئەمرۇبىننى ئاس بىر تەدبىرنى ئويلاپ تاپقان. مۇئاۋىيىنىڭ شاملىق (سۈرىيىلىك) قوشۇنلىرى نەيزە ئۇچىغا قۇرئاننى باغلاپ، ئەلىنى " كىتاب ۋە سۈننەتنىڭ ھۆكۈمى " گە بويسۇنۇشقا چاقىرغان. كىتابقا دەۋەت قىلىش ئۇچىغا چىققان ھىيلە ئىدى. مۇئاۋىيىنىڭ بۇ ھىيلىسى ئەلى تەرەپدارلىرىغا تەسىر قىلغان. ئەلى تەرەپدارلىرى بۇ ھىيلىگە ئالدىنىپ، شاملىقلارنىڭ ئۇرۇشنى ۋاقىتىنچە توختىتىش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى قوبۇل قىلغان. بۇ ھۆكۈمگە ئەلىۋىلەر[①] رازى بولمىغان، ئەمما بىر قىسىم ئەلى تەرەپدارلىرى: بىز ھەرقانداق ۋاقىتتا سىزگە سادىق " شىئە "، يەنى سىزنىڭ تەرەپدارلىرىڭىز، دېگەن. " شىئە " دېگەن نام شۇنىڭدىن كەلگەن. بۇنىڭ بىلەن ئىسلامنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسى ئىككىگە ئايرىلىپ بۆلۈنۈش كېلىپ چىققان.

كېيىنكى دەۋرلەردە «ھەدىس» نى شەرھلەش جەھەتتە زور نەتىجىلەر بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، مۇھەممەد ئىبنى جەرىر ئەل تەبەرى (838 — 923 ـ يىللار) «قۇرئان تەپسىرى»نى يازغان، زەمەخشەرى «كەششاف» (قۇرئان تەپسىرنىڭ بىر خىلى) نى يازغان، ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەد ئىبنى ئۆمەر فەخرىددىن رازى ھىجرىيىنىڭ 549 ـ يىلى (مىلادى 1149 ـ، 1150 ـ يىلى) ئىراننىڭ رەي شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن، ئۇ «فوتۇھا تەپسىر» دېگەن ئەسەرنى يېزىپ، ئىسلام دۇنياسىدا «شەيخۇل ئىسلام» دەپ شۆھرەت قازانغان، مىلادى 1210 ـ يىلى ھىراتتا ۋاپات بولغان. ئىبنى ئاساكىر دەمەشقى —

---

① بۇ جايدىكى " ئەلىۋى " ئەلىگە مەنسۇپ ۋە باغلىق بولغانلار، يەنى ئەلى تەرەپدارلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

فەخرىددىن ئەبۇ مەنسۇر ئابدۇرەخمان ئىبنى مۇھەممەد ھەدىسچىلىك بىلەن تونۇلغان ئالىم. ئۇ 1186- يىلى دەمەشقتە تۇغۇلۇپ، 1223 - يىلى ۋاپات بولغان. مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل ئەلبۇخارى (مىلادى 810 ـ 870 - يىللار) «سىھاھى سىتتە» (ئالتە پارچە ھەدىس كىتابى) دەپ ئاتالغان مەشھۇر ھەدىس كىتابىنى يېزىپ شۆھرەت قازانغان. ئىمام مۇھەققەق بىنىنۇلھەزم — ئىسلام تارىخىدىكى مەشھۇر تەپسىر ۋە ھەدىس ئالىمى، ئۇ ھىجرىيە 384 - يىلى (مىلادى 994 - يىلى) قۇرتەبە دېگەن جايدا تۇغۇلۇپ، ھىجرىيىنىڭ 456 - يىلى (مىلادى 1064 - يىلى) ۋاپات بولغان. فىقھشۇناسلىق ۋە ھەدىسشۇناسلىق ئەسەرلىرى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن، ئىسلام تارىخىدا شۆھرەت قازانغان ۋە ھەممە ئېتىراپ قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئۆلىمالارنىڭ قولىدا يېزىلىپ، رەتلىنىپ، تەھرىرلىنىپ تۈزۈپ چىقىلغان. كېيىن خۇراسانلىق ئەبۇ ھامىد مۇھەممەد غەززالى (مىلادى 1069 ـ 1111 - يىللار) ئىسلامنىڭ ھۆججىتى ۋە دىنىنىڭ پېشۋاسى دېگەن نام بىلەن شۆھرەت قازىنىپ، سۈننىي مەزھىپىنىڭ ئەقىدىلىرىنى بېيىتقان ۋە راۋاجلاندۇرغاندىن كېيىن، مۇكەممەل ئىلاھشۇناسلىق ئىدىيىۋى سىستېمىسى شەكىللەنگەن. سۈننىي مەزھىپىنىڭ ئىلمىي فىقھىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئىسلام دىنىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن.

ئىلمىي فىقھى جەھەتتە، ھەنەفىيە مەزھىپى دەسلەپتە خۇراسان رايونىدا ئەۋج ئالغان، كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كەڭ تارقالغان، مىلادى X ئەسىردە ماۋەرائۇننەھر رايونىدا ھەنەفىيە مەزھىپى ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملىشىپ، ھەنەفىيە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلامىيەت قانۇن - تۈزۈملىرىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سامانىيلار خاندانلىقى، غەزنەۋىيلەر خاندانلىقى، سالجۇقىيلار خاندانلىقى ۋە دېھلى سۇلتانلىقى قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرى ھەنەفىيە فىقھىسى ئاساسىغا قۇرۇلغان، قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئەھۋالىمۇ ئاساسەن شۇنداق

بولغان.

قاراخانىيلار خاندانلىقى ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرغاندىن كېيىن، ئورتودوكسال سۈننىي مەزھەپى ھۆكۈمەت تەرەپ ئەمەل قىلىدىغان مەزھەپ بولۇپ قالغان، شۇنداقلا شىنجاڭ رايونىدىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئېتىقادى بولۇپ قالغان، ئۇلار سىرتقا نىسبەتەن ئۆزلىرىنى " چوڭ ئىمام مەزھەپى "، يەنى سۈننىي مەزھەپىنىڭ ھەنەفىيە فىقھىچىلىرى دەپ ئاتىغان، بۇ ئېلىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرىدىكى مۇسۇلمانلار مەنسۇپ بولغان مەزھەپ بىلەن ئوخشاش.

سۈننىي مەزھەپىنىڭ ھەنەفىيە فىقھىچىلىرى ئاللا بۇيرۇغان بەش پەرزگە ئەمەل قىلىشنى تەكىتلىگەن، بىر خىللا مەسچىت تۈزۈمىنى تەشەببۇس قىلغان، شۇڭا قاراخانىيلار زېمىنىدا مەسچىت ئومۇمىيۈزلۈك سېلىنغان. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، يەكەندىن تېپىلغان قاراخانىيلار خاندانلىقى دەۋرىگە ئائىت پۈتۈكلەردە شۇ جايدىكى ئىككى مەسچىت تىلغا ئېلىنغان، بىرى، يەكەننىڭ لابۇر كەنتىدە بولۇپ، نامى " ئىسھاق جارۇپ مەسچىتى "، پۈتۈكتە خاتىرلەنگەن ۋاقتى ھىجرىيە 479 ـ 494 ـ يىلى (مىلادى 1082 ـ 1101 ـ يىلى)؛ يەنە بىرى، يەكەننىڭ شىمناش كەنتىدە بولۇپ، نامى " يەھيا ئىنال ئەل ھاجىپ مەسچىتى "، پۈتۈكتە خاتىرلەنگەن ۋاقتى ھىجرىيە 525 ـ 515 ـ يىلى (مىلادى 1121 ـ 1136 ـ يىلى). بۇلار شىنجاڭ ئىسلام تارىخىدا دەلىل ـ ئىسپاتى بار ئەڭ بالدۇرقى مەسچىتلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. " بەش پەرز " دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىش مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆمرىدە ئۆتەشكە تېگىشلىك ئىنتايىن مۇقەددەس دىنىي مەجبۇرىيىتى ھېسابلىنىدۇ، ھەج قىلىپ كەلگەنلەر " ھاجى " دېگەن ھۆرمەتنامىغا ئىگە بولىدۇ. يەكەندىن تېپىلغان پۈتۈكتە قاراخانىيلار خاندانلىقىدىن مەككىگە بېرىپ ھەج قىلغان بىرقانچە كىشى خاتىرلەنگەن. ئۇلار ھۈسەيىن ھاجى، ھەسەن ئەمىر ھاجى، ھەسەن ھاجى ۋە ھاجى ئىناللاردىن ئىبارەت. پۈتۈكتە خاتىرلەنگەن ۋاقىت مىلادى 1082 ـ يىلدىن

www.uyghurkitap.com

1121 - يىلغىچە بولۇپ، شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ يۈەنفېڭ 5 - يىلىدىن شۈەنخې 3 - يىلىغىچە بولغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. ئۇلار شىنجاڭدىن ئەڭ بۇرۇن مەككىگە بېرىپ ھەج قىلغانلاردۇر.①

قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزھىپى شىئە مەزھىپى بولۇپ، بۇ مەزھەپكە تاجىكلار ئېتىقاد قىلغان، شىنجاڭدىكى تاجىكلار ئېلىمىزدە ئىسلام دىنىنىڭ شىئە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدىغان بىردىنبىر مىللەت.

شىئە مەزھىپى ئىسلام دىنىدىكى ئوتتۇرىچىل سۈننىي مەزھىپىدىن باشقا يەنە بىر مۇھىم مەزھەپ ھېسابلىنىدۇ. " شىئە " ئەرەبچە سۆز بولۇپ، " ئەگەشكۈچى " دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ مەخسۇس ئەلى تەرەپدارلىرىغا قارىتىلغان. بۇ مەزھەپ مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئەلى خەلىپە بولغان ۋاقىتتا ئەلى بىلەن مۇئاۋىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتا ئەلىگە ئەگەشكۈچىلەردىن تەركىب تاپقان سىياسىي گۇرۇھتىن تەرەققىي قىلىپ شەكىللەنگەن. مىلادى 661 - يىلى ئەلى كۇفەدە قەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ھەسەن مۇئاۋىيىنىڭ تەھدىدى بىلەن ۋارىسلىق ھوقۇقىدىن ۋاز كەچكەن ۋە مىلادى 669 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئەلىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ھۈسەيىن خەلىپىلىك ئورنىنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، لېكىن مۇئاۋىيىنىڭ ئوغلى خەلىپە يەزىد تەرىپىدىن مىلادى 680 - يىلى (ھىجرىيە يىلى بويىچە 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى) كۇفەگە يېقىن كەربالا دېگەن جايدا قوغلاپ ئۆلتۈرۈلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، شىئە مۇرىتلىرى ھۈسەيىن ئۈچۈن قىساس ئالىمىز، دېگەن دىنىي ھېسسىيات بىلەن خەلىپىگە قارشى كۈرەشكە ئاتلانغان. مىلادى 685 - يىلى شىئە مەزھىپىگە قاتناشقان پارسلار كۇفەدە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن، شۇنىڭدىن باشلاپ پارسلار شىئە مەزھىپىدە بارغانسېرى چوڭ رول ئوينىغان. ئەلىنىڭ ئەۋلادلىرى بولسا كۆپىنچە ئىلاھىيەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان، بولۇپمۇ 6 - ئەۋلاد ئىمام جەفەر

---

① لىن مېيسۇن: «يەكەندىن تېپىلغان قاراخانىيلار خاندانلىقىغا دائىر يۇتۇكلەر توغرىسىدىكى بىر نەچچە مەسىلە»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» غا بېسىلغان، 1992 - يىل 2 - ئاي.

سادىق (ۋاپاتى مىلادى 765 - يىلى) شىئە مەزھىپىنىڭ ئىلاھشۇناسلىقىغا ئاساس سالغان. خەلىپە مەمۇن ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىلدە (مىلادى 813 ـ 833 - يىللىرى) شىئە مەزھىپىگە بىر قەدەر كەڭچىلىك سىياسەت قوللانغانلىقتىن، شىئە مەزھىپى زور دەرىجىدە راۋاجلانغان، ئۇنىڭ تەشكىلاتلىرى ھەرقايسى جايلارغا ئىلگىرىلەپ تارقىلىپلا قالماي، بەلكى يەمەن، ئىران، ئىراق، شىمالىي ئافرىقا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بەزى رايونلىرىدىمۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىئە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدىغان مۇستەقىل دۆلەت خانلىقلار قۇرۇلغان. شىئەن مەزھىپى ئەلىنى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئىسلام ھوقۇقىنىڭ قانۇنىي ۋارىسلىرى سۈپىتىدە ئىلاھلاشتۇرۇپ، " ئىمام " دەپ ئاتاپ، ئىمامنى ئاللا تەيىنلەيدۇ، بەندىلەرنىڭ ئۇلارنى سايلاش ھوقۇقى يوق، ئىماملار ئاللانىڭ پاناھىدا بولىدۇ، ئۇلاردا پەيغەمبەردىن مىراس بولۇپ قالغان " ئىلاھىي نۇر " بار، شۇڭا ئۇلار ئالاھىدە ئىلاھىي خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە، زادىلا گۇناھ سادىر قىلمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئىمام سىياسىي بىلەن دىنىي بىرلەشتۈرگەن داھىي، بىرىنچى ئەۋلاد ئىمام مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ۋارىسى ئەلى، پەقەت ئەلىنىڭ ئەۋلادلىرىلا قانۇنىي ئىمام ھېسابلىنىدۇ. شىئە مەزھىپى ئەقىدىسىنىڭ يادروسى " غايىپ بولغان ئىمام " دېگەن تەلىماتتىن، يەنى ئاخىرقى ئىمام غايىپ بولغان، ئۇ دۇنيانى قۇتقۇزغۇچى " مەھدى " سۈپىتىدە، زامان ئاخىرى بولغاندا قايتا پەيدا بولۇپ، ھىدايەت ۋە ئادالەتنى يولغا قويىدۇ، زالىملىق ۋە يامانلىقنى يوقىتىدۇ، دېگەن قاراشتىن ئىبارەت. شىئە مەزھىپى «قۇرئان» دىكى سۆزلەر " ئوچۇق مەنىلىك " ۋە " يىپىق مەنىلىك " بولىدۇ، ئادەتتىكى بەندىلەر ئۇنىڭ ئوچۇق مەنىلىرىنىلا چۈشىنەلەيدۇ، «قۇرئان» نىڭ يىپىق مەنىلىرىنى پەقەت ئىماملارلا چۈشىنەلەيدۇ، «قۇرئان» نىڭ ھەقىقىي جەۋھىرى ئەنە شۇ يىپىق مەنىدە بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭا، بۇ تەلىمات " باتىنىيە " (يىپىق مەنىچىلەر) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مىلادى VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ سۈننىي مەزھىپىنىڭ فىقھشۇناسلىرى «قۇرئان كەرىم» بىلەن «ھەدىس» نى تەتقىق قىلىش ۋە شەرھلەش ئارقىلىق، قۇرئانشۇناسلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋە ھەدىسشۇناسلىقنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. مىلادى X ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، سۈننىي مەزھىپىنىڭ كالامشۇناسى ئەشئەرى (مىلادى 879 ـ 935 ـ يىللار) ئىسلام دىنىنىڭ ئىلاھشۇناسلىق نەزەرىيىسىگە ئاساس سالغان.

ئىلمىي فىقھى جەھەتتە، سۈننىي مەزھىپى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ قانۇنچىلىق تەشەببۇسىغا ئىزچىل ئەمەل قىلغان، مىلادى X ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مۇكەممەل دىنىي قانۇن ئىدىيىۋى سىستېمىسى ۋۇجۇدقا كەلگەن ۋە ئىسلام قانۇنى ـــ شەرىئەت ئەھكاملىرى تۈزۈپ چىقىلغان. سۈننىي مەزھىپى شەرىئەت قانۇنلىرىنى چىقىرىشتا «قۇرئان كېرىم» ۋە «ھەدىس»نى ئاساس قىلىدۇ، " قىياس " (سېلىشتۇرۇش) نى قانۇن خۇلاسىسىنىڭ ئاساسىي ئۇسۇلى قىلىدۇ، ئۆلىمالارنىڭ " ئىجائى " (ئومۇمىي پىكرى) نى خۇلاسىنىڭ كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ياكى ئىگە ئەمەسلىكىنى تەستىقلاشنىڭ پرىنسىپى قىلىدۇ. ئومەييا سۇلالىسى دەۋرىدىلا، سۈننىي مەزھىپىنىڭ ئىلمىي فىقھىسىدە ئىمام ئەزەم، ئىمام مالىك، ئىمام شافىئي ۋە ھەنبەلىدىن ئىبارەت تۆت چوڭ فىقھى مەزھىپى كېلىپ چىققان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەنەفىيە مەزھىپىنىڭ تارىخى ئەڭ ئۇزۇن، تارقىلىشى ئەڭ كەڭ بولغان. ھەنەفىيە مەزھىپىنىڭ ئىمامى ۋە ئاساسچىسى ئەبۇ ھەنىفە نوئمان مىلادى 699 ـ يىلى ئىراق تەۋەسىدە تۇغۇلۇپ، مىلادى 767 ـ يىلى باغدادتا ۋاپات بولغان. ئۇ كۇفەدە تاۋار ـ دۇردۇن تىجارىتى بىلەن تېرىكچىلىك قىلغان. كۇفە شۇ دەۋردە ئىسلام قانۇنلىرى (شەرىئەت)نى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە سىستېمىلاشتۇرۇشنىڭ ئىلمىي مەركىزى ئىدى، ئەبۇ ھەنىفە ياش ۋاقتىدا كۇفەدە ئوقۇغان، ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، قانۇن سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىشقا مەخسۇس كىرىشكەن. ئۇنىڭ قانۇن تۈزۈش پرىنسىپى «قۇرئان كەرىم» نى ئاساس قىلىش، «ھەدىس»تىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن پايدىلىنىش، " قىياس " (سېلىشتۇرۇش) ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا ئەھمىيەت بېرىش، قازىلارنىڭ پىكرى ۋە ھۆكۈمىگە ھۆرمەت قىلىشتىن ئىبارەت بولغان. ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ قانۇنى (فىقھىسى)نىڭ ئاساسچىسى سۈپىتىدە "چوڭ ئىمام" دېگەن نام بىلەن مەشھۇر

ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ فىقھى مەزھىپى ئادەتتە «چوڭ ئىمام مەزھىپى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەبۇھەنىفە ھايات ۋاقتىدا خەلىپە ھاكىمىيىتى بىلەن ھەمكارلىشىشنى رەت قىلغان. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ شاگىرتلىرى پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، خەلىپە ھاكىمىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتكەن، ئابباس خاندانلىقىدىن باشلاپ، فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، كەڭ تارقىلىپ، تۆت چوڭ فىقھى مەزھىپى ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ مەزھەپ بولۇپ قالغان.

ئەرەب ئىستىلاچىلىقى دەۋرىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۇمەييا خاندانلىقى بىلەن ئابباس خاندانلىقىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرىپ قالغانىدى، شۇڭا سۈننىي مەزھىپى تەشەببۇس قىلىنىپ ۋە قوللاشقا ئېرىشىپ تازا راۋاجلانغان.

ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۇمەييا خاندانلىقى دەۋرىدە، بىر قىسىم شىئە مۇخلىسلىرى ھۆكۈمرانلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قېچىپ، خۇراساندىن ئېلىمىزغا كۆچۈپ كەلگەن، بۇ شىئە مەزھىپىنىڭ ئېلىمىزغا تارقىلىش مەنبەلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

قاراخانىيلار دەۋرىدە مۇستەقىل بىر دىنىي مەزھەپ سۈپىتىدە تارقىلىپ كىرگىنى تاجىكلار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن ئىسمائىلىيە مەزھىپىدۇر. تاجىكلار شەرقىي ئىران تىلىنى قوللىنىدىغان مىللەت، شىئە مەزھىپى ئوتتۇرا ئاسىيا تاجىكلىرى ئارىسىدا كەڭ تارىخىي تەسىرگە ئىگە.

شىئەلەر كېيىنكى چاغلاردا، پەيغەمبەر ئەۋلادىغا مەنسۇپ بولغانلاردىن يىشى چوڭلار شىئەلەرنىڭ ئىشىغا باشچىلىق قىلىشى كېرەك، دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەلىنىڭ ئوغلى ھۈسەيىن ئەۋلادىدىن ئەڭ نوپۇزلۇق ۋە بىلىملىك دەپ ھېسابلانغان جەفەر سادىقنى شىئەلەرنىڭ ئالتىنچى ئىمامى قىلىپ تىكلىگەن.

ملادى 760 ـ يىلى شىئەلەرنىڭ ئالتىنچى ئىمامى جەفەر سادىق ئۆزى بىلەن بىر پىكىردە بولمىغان چوڭ ئوغلى ئىسمائىلنى ۋارىسلىق ھوقۇقىدىن

www.uyghurkitap.com

مەھرۇم قىلىپ، بۇ ھوقۇقنى يەنە بىر ئوغلى مۇسا كازىمغا بەرگەن. بۇ چاغدا ئىسمائىلنىڭ تەرەپدارلىرى ئىماملىقنىڭ ئىسمائىلغا تەئەللۇق بولۇشى قىل سىغمايدىغان ھەقىقەت، تىرىك مەۋجۇداتلار ئىچىدە شۇنداق يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان ئادەم كېلەچەكتە ئىمام بولۇشى كېرەك، ئۇنداق ئادەمنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇنى ئىماملىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلغان ئاسىيلار گۇناھقا لايىق دەپ قاراپ، ئىسمائىلنى داھىي قىلىپ كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ مەيدانغا چىققان.

جەفەر سادىق ھىجرىيە 142 ـ يىلى (مىلادى 765 ـ يىلى) ۋاپات بولغاندىن كېيىن، كىمنى ئىمام قىلىش مەسىلىسىدە ئىختىلاپ كېلىپ چىقىپ، كىشىلەر ئىككى پىرقىگە ئايرىلغان. جەفەر سادىقنىڭ چوڭ ئوغلى ئىسمائىلنى ئىمام دەپ ئېتىقاد قىلغۇچىلار ئىسمائىلىيە پىرقىسى، جەفەر سادىقنىڭ يەنە بىر ئوغلى مۇسا كازىمنى ئىمام دەپ ئېتىقاد قىلغۇچىلار مۇسا كازىمنىڭ ئىسمىنى ئاساس قىلىپ، ”مۇساۋىيە“ ياكى ئۇلار ئېتىقاد قىلىدىغان ئىماملارنىڭ سانى 12 بولغانلىقىغا ئاساسەن ”ئىسنائەشەرىيە“ (12 چىلار) دەپ ئاتالغان.

ئىسمائىل ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى ئىسمائىلنىڭ ئۆلۈشى پەقەت شەكىلدىنلا ئىبارەت، ئۇ ئۆلمىدى، بەلكى غايىپ بولدى، ئۇ يەنە پەيدا بولىدۇ، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. يەنە بىر خىل قاراشتىكىلەر ئىسمائىل ئۆلگەنىكەن، ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەدنى يەتتىنچى ئىمام دەپ ئېلان قىلىش كېرەك، چۈنكى ئىمام پەقەت يەتتە بولىدۇ، مۇھەممەد ئەنە شۇ يەتتىنچى ئىمام، بارلىق مۇسۇلمانلار مۇشۇ ۋەقەنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى كۈتۈپ بىرلىككە كېلىشى لازىم، دەپ قارىغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەزھەپ ”يەتتىنچىلەر“ دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ نامى ئالتىنچى ئىمام جەئفەرى سادىقنىڭ چوڭ ئوغلى ئىسمائىلنىڭ نامىدىن كەلگەن.

مىلادى VIII ئەسىردىن IX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان مەزگىل ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ مۇھاكىمە ۋە تەييارلىق مەزگىلى، IX ئەسىرنىڭ

ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، ئىسمائىلىيە مەزھىپى تەدرىجىي شەكىللەنگەن. ئىسمائىلىيە مەزھىپىدە مەخپىي گۇرۇھقا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر يۇرۇش تەشكىلات بولۇپ، ئۇ ئەقىدە جەھەتتە توققۇز دەرىجە بەلگىلىگەن، مۇرىتلار ئالدىنقى يەتتە دەرىجىدە ئۆزىنىڭ ساداقىتىنى ئىسپاتلىيالىسا، ئاندىن كېيىنكى دەرىجىلەرگە كىرەلىگەن. بۇ خىل مەخپىي تەشكىلات شەكلى مۇرىتلارغا نىسبەتەن ناھايىتى كۈچلۈك جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولۇپ، ئاممىنى قولغا كەلتۈرۈش جەھەتتە زور رول ئوينىغان. دەسلەپكى ئىسمائىلىيە مەزھىپى، مەسىلەن، كارامەت مەزھىپى ئىچىدە دېھقانلار ۋە قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىققا قارشى كۈرەشلىرى خېلى راۋاجلانغان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر مۇنچە خەلق ھەرىكەتلىرىمۇ كارامەت مەزھىپىنىڭ مۇددىئاسىغا ئويغۇن ئىدى، ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئەرەب تاجاۋۇزچىلىرى ۋە يەرلىك فېئوداللارنىڭ زۇلۇمىغا قارشى تۇرۇش ئىدى. مىلادى XI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، ئىسمائىلىيە مەزھىپىدىكىلەر ئوتتۇرا ئاسىيادا سالجۇقىيلار خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەش قىلغان. ئەينى چاغدا تاجىك ۋە پارسلارنىڭ مەشھۇر شائىرى، پەيلاسوپ ۋە دىنىي ئەرباپ ناسىر خۇسراۋ (مىلادى 1004 ـ 1088 ـ يىللار) فېئودالىزمغا قارشى بۇ كۈرەشنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇنىڭ پامىر رايونىدا ئېلىپ بارغان دىنىي تەشۋىقات پائالىيىتى نەتىجىسىدە، ئىسمائىلىيە مەزھىپى قەدىمكى شىنجاڭدىكى تاجىك مىللىتى ئارىسىغا تارقالغان.

ئەبۇ مۇئىددىن ئەل قۇبادىيانى ناسىر خۇسراۋ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاجىكىستاننىڭ شەدتوز رايونىدا قوبادىيان شەھىرىدە تۇغۇلغان. ياش چېغىدا بەلخ شەھىرىدە، كېيىن مەرۋىدە ئوقۇپ، تۈرلۈك بىلىملەرنى تەتقىق قىلىغان ۋە غەزنەۋىيلەر خاندانلىقى، سالجۇقىيلار خاندانلىقىدا ئەمەل تۇتقان. مىلادى 1046 ـ يىلى ئۇ يەتتە يىللىق ساياھەتچىلىك ھاياتىنى باشلاپ، دەرۋىشلىك سالاھىيىتى بىلەن ھىجاز، كىچىك ئاسىيا، سۇرىيە، شىراز، پەلەستىن، نىشانور، سېستان، ئىسپاھان، غىلان، خۇراسان ۋە مىسىر قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ،

جايلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، دىنىي ئېتىقاد ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئۇقۇشقان. ناسىر خۇسراۋ مىسىردىكى چېغىدا ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئۇلارغا خەيرخاھلىق بىلدۈرگەن.① ئۇ ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ ئىجتىمائىي غايىسى يولىدا ئىزدىنىپ، كارامەت مەزھىپىدىكىلەر قۇرغان بەھرەيىن سۇلتانلىقى ۋە ئىسمائىلىيە مەزھىپىدىكىلەر قۇرغان فاتىمە خاندانلىقىنى زىيارەت قىلغان. ئۇ ئىسمائىلىيە تەشكىلاتىغا قاتنىشىپلا قالماي، يەنە مىسىردا فاتىمە خاندانلىقىنىڭ خەلىپىسى مۇستەنسىر تەرىپىدىن دىن تارقاتقۇچى ۋەكىل قىلىپ تەيىنلىنىپ، خۇراسان قاتارلىق جايلارغا دىنىي تەشۋىقات قىلىشقا ئەۋەتىلگەن. ئۇ بەلخ قاتارلىق جايلاردا ئىسمائىلىيە تەلىماتىنى تارقىتىپ يېگى مۇرىت توپلىغان، شۇڭا ئۇنىڭغا سالجۇقىيلار خاندانلىقىدىكى يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى ۋە ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەر زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغان، ئۇ زىيانكەشلىكتىن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىش ئۈچۈن سەرگەردان بولۇپ، خۇراسان، تەبەرىستان ۋە مازاندىراندا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن. ئۇ مىلادى 1061 - يىلدىن ئىلگىرى ئىسمائىلىيە تەلىماتىنى تارقاتقۇچى ئۇستازلىق سالاھىيىتى بىلەن پامىر رايونىغا كېلىپ، ئاخىر بەدەخشاننىڭ يۇمخۇن دېگەن تاغلىق يېرىدە ماكانلىشىپ، ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر شۇ يەردە تۇرۇپ يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ناسىر خۇسراۋ (تەخەللۇسى "ھۆججەتى") پۈتۈن ئۆمرىدە نۇرغۇن شېئىر، ساياھەت خاتىرىلىرى، دىنىي ۋە پەلسەپىۋى ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇنىڭ «سەفەرنامە»، «زادەل مۇسافىرىن» (مۇساپىرنىڭ ئوزۇقى) دېگەن ئەسەرلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، شىمالىي ئافرىقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى كېزىپ چىققاندىن كېيىن يېزىلغان بولۇپ، تارىخ، ئېتنولوگىيە، ئېتىكا جەھەتتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ ئۆز ھاياتىدا 60 مىڭ مىسرادىن ئارتۇق قەسىدە، غەزەل، قىتئە، روبائىي يېزىپ، ھېكمەت، نەسىھەت،

---

① شىئە مەزھىپى ئاساسىدا كەلگەن ئىسمائىلىيە مەزھىپى شىئەلەرنىڭ 7 - ئىمامى ئىسمائىلنى ھەقىقىي ۋە ئاخىرقى ئىمام، دەپ قارايتتى.

تەۋسىيەلىرىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يادىكار قىلغان. ئۇنىڭ دۇنياغا كەڭ تارقالغان پەلسەپىۋى مەزمۇنغا باي شېئىرلىرى 11 مىڭ جۈپ جۈملىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، «روشەننامە»، «سائادەتنامە» دېگەن شېئىرلار توپلىمى ناھايىتى يۇقىرى بەدىئىي قىممەتكە ئىگە. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ دىنىي مەسىلىلىرىگە دائىر نۇرغۇن ئەسەرلىرى بار، بۇنىڭ ئىچىدە پەلسەپىۋى ماقالىلەر توپلىمى «زادەل مۇسافىرىن» (مۇساپىرنىڭ ئوزۇقى)، «ۋاجىھىددىن» (دىنىنىڭ ھۆججەت - دەلىللىرى)، «جامىئۇل ھېكمەتەيىن» (ئىككى ھېكمەتنىڭ قوشۇلۇشى) قاتارلىق ئەسەرلەر بار. ناسىر خۇسراۋنىڭ ئەسەرلىرى بىرمۇنچە تەربىيىۋى ۋە دىداكتىك ئىدىيە، كۆز - قاراشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئاپتور زالىم پادىشاھ ۋە پارىخور ئەمەلدارلارنى، ئالدامچى ۋە سۈتخورلارنى قاتتىق قامچىلاپ، دېھقان، ھۈنەرۋەنلەرنى مەدھىيىلىگەن. ئۇ كىشىلەرنى ياخشى خىسلەتنى ئىگىلەپ، يامان خۇسۇسىيەتلەردىن چەتلەشكە دەۋەت قىلغان. بۇ دىنىي ئەقىدىچىلىكنىڭ ئىدىيىۋى ئاسارىتىگە قارشى تۇرىدىغان ئىنسانپەرۋەرلىك مەزمۇنغا ئىگە. ناسىر خۇسراۋ تۇزەتكەن ئىسمائىلىيە ئەقىدىلىرى پامىر رايونىدا ئۆزاققىچە ئۆز تەسىرىنى ساقلاپ كەلگەن. ئۇنىڭ بۇ رايوندا ئېلىپ بارغان 20 نەچچە يىللىق تەشۋىقات پائالىيىتى، كەڭ مەنىدىن ئالغاندا، ئۇنى بەدەخشاندىكى ئىسمائىلىيە تەشكىلاتىنىڭ ئاساسچىسى ۋە قوغدىغۇچى پەيغەمبىرى قىلىپ قويغان، شۇنداقلا قەدىمكى شىنجاڭ رايونىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن، شىئە مەزھىپىنىڭ شىنجاڭدىكى تاجىكلار ئارىسىغا تارقىلىشىدا يېتەكچى خاراكتېرلىك رول ئوينىغان. مىللىي پېرسىقتىكى مەنبەلەردە بايان قىلىنىشىچە، مىلادى 1061 - يىلدىن ئىلگىرى ناسىر خۇسراۋ بىلەن بىللە پامىرغا كېلىپ دىن تارقاتقۇچىلاردىن يەنە سەئىد ھەسەن، رەنىەر رەبى، سەئىد سۇراپ ۋەلى، سەئىد جالال بۇخارى، جاھان مەلىكشاھ قاتارلىق كىشىلەرمۇ بار. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سارىكۆل (ھازىرقى شىنجاڭ تاشقورغان) گە كېلىپ، ئىسمائىلىيە ئەقىدىلىرىنى تارقاتقان ۋە مۇرىت قوبۇل قىلغان. شۇنىڭدىن تارتىپ، ناسىر

www.uyghurkitap.com

خوسراۋنى شىنجاڭدىكى تاجىك مۇسۇلمانلار ” پىر “، ” ئۇستاز “، ” ئەۋ ئاتا “ دەپ ئۇلۇغلىغان. ئۇ يازغان ” چىراغ ئايىتى “ تاجىكلار تەرىپىدە دىنىي تۇرمۇشتىكى قىبلىنامە دەپ ھۆرمەتلەنگەن. تاجىكلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئۆلگۈچى دەپنە قىلىنىدىغان ئاخشىمى چىراغ يورۇتۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ، مۇراسىمدا خەلپە (بۇ يەردە ئادەتتىكى دىنىي زات كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ئايەت ئوقۇيدۇ، شۇڭا بۇ (چىراغ ئايىتى) دەپ ئاتالغان. ” چىراغ ئايىتى “ دە ئۆلگۈچىنىڭ ئۇ دۇنياغا بارغاندا دۇچ كېلىدىغان ئىشلىرى سۆزلىنىدۇ، ئۆلگۈچىگە ئۇ ئالەمدە ياخشىلىق تىلەپ دۇئا قىلىنىدۇ. ئېيتىلىشىچە، ” چىراغ ئايىتى “ ئوقۇلمىسا، ئۆلگۈچى ئوبدان يەرلىككە كىرەلمەسمىش، ئۇ ئالەمدە ئەمىنلىك تاپالماسمىش. شۇڭا، تاجىكلار ” چىراغ ئايىتى “نى بەكمۇ ئۇلۇغ بىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، نۇرغۇنلىغان دۇئا - تىلاۋەت، نەزىر - چىراغ پائالىيەتلىرىدە مۇراسىمنىڭ ئاياغلاشقانلىقى ناسىر خوسراۋنىڭ نامى بىلەن جاكارلىنىدۇ. ناسىر خوسراۋنىڭ تەسىرى شىنجاڭ تاجىكلىرى ئارىسىدا ئىزچىل تۈردە ئاجىزلاشماي داۋاملىشىپ كەلمەكتە، ھەتتا تاجىكلار ئىچىدىكى بىرمۇنچە دىنىي زاتلار (سەئىد، ئىشان قاتارلىقلار) ئۆزلىرىنى تارىختا ناسىر خوسراۋ بىلەن كېلىپ تاشقورغاندا دىن تارقاتقان كىشىلەرنىڭ ئەۋلادى دەپ ئاتاشماقتا①.

بۇ يەردە قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئىسلام دىنى مەزھەپلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىش بىلەن بىللە، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تەسەۋۋۇپ (سوفىزم) نى بايان قىلىشتىن ئىلگىرى، تەسەۋۋۇپنىڭ بارلىققا كېلىشى، ئۇنىڭ ھەرقايسى ئىسلام ئەللىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، دىنىي ھاياتىدا ئوينىغان ئىجابىي ۋە سەلبىي رولى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈشنى زۆرۈر دەپ قارايمىز.

” سوفىزم “ دېگەن سۆزنىڭ قايسى تىلدىن ئېلىنغانلىقى، مەنىسىنىڭ

---

① شىرىن قۇربان، رۇچايىك تۇرەتقۇل : «تاجىكلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى». «شىنجاڭ دىن تەتقىقات ماتېرىياللىرى»، 17 توپلام، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئورنى تۈزۈپ باسقان، 1989 - يىل.

نېمە ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇپ ئالىملىرى ئۆز ئەسەرلىرىدە ھەرخىل ئىزاھلاپ كەلدى. بەزىلەر بۇ سۆز ئەرەبچە « ساپ » ياكى « سۇففە » دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان، دېدى؛ بەزىلەر بۇ سۆز ئەرەبچە « يۇڭ » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان « سۇف » سۆزىدىن كېلىپ چىققان، سوفىلار يۇڭدىن توقۇلغان مەللە چاپان كىيىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنى « سوفى » دەپ ئاتىغان، دېدى؛ بەزىلەر « سۇف » سۆزى ئەسلى يۇنانچە « سوفىيە » (سوفوس — ھېكمەت) دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان، تەسەۋۋۇپچىلىق (سىرلىقلاشتۇرۇلغان ئەقىدە) « سوفىزم » دەپ ئاتالغان، بۇ ئەقىدىنىڭ ئېتىقادچىلىرى ئادەتتە « سوفىلار » دەپ ئاتىلىدۇ، دېدى. تەسەۋۋۇپ ئۆز تارىخىدا ۋۇجۇدقا كېلىش، راۋاجلىنىش ۋە كاساتلىنىش دەۋرىنى بېسىپ ئۆتكەن. ئىسلامىيەت تارىخىدا يۈز بەرگەن نۇرغۇن زور ۋە مۇرەككەپ ۋەقەلەرنىڭ سەۋەبچىسى سۈپىتىدە تارىخ سەھىپىسىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلگەن. ئىسلام دىنىدىكى پىرقە - ئېقىملار ئارىسىدا تەسەۋۋۇپ ئېقىمى (سوفىزم) ئالىملارنىڭ دىققىتىنى ھەممىدىن بەكرەك تارتقان.

تەسەۋۋۇپ (سوفىزم) ئىسلام دىنى مەيدانىغا كېلىپ ئىككى ئەسىردىن كېيىن پەيدا بولغان. ئۇ بۇ ئىككى ئەسىر داۋامىدا ھەرقايسى ئىسلام ئەللىرىنىڭ تارىخىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئەدەبىياتتا ناھايىتى چوڭ ئورۇن ئىگىلىگەن پەلسەپىۋى مەسىلەككە ئايلانغان. گەرچە ئىسلام دىنى ۋۇجۇدقا كېلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ سىستېمىلاشمىغان ئايرىم كۆرۈنۈشلىرى بار بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاساسەن ئىسلام دىنىنى ۋۇجۇدقا كەلگەندىن كېيىن فېئودال - كلېرىكال ئەكسىيەتچىلىكنىڭ ئەۋج ئېلىشى ۋە ئۇنىڭغا قارشى قوزغالغان نارازىلىقلارنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى ئارقىسىدا راۋاجلىنىپ ۋە سىستېمىلىشىپ، بىرمۇنچە تارماقلارغا ئىگە بولغان پەلسەپىۋى ئېقىمغا ئايلانغان. IX — XI ئەسىرلەردە تېز راۋاجلانغان ۋە تارقالغان، مەشھۇر مۇتەسەۋۋۇپ (سوفىزم ئېقىمىدىكى زات) لار مەيدانغا كەلگەن. رابىئە، ئىبنى ئەل ئەرەبى، ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم، فەرىدۇددىن ئەتتار، ھەسەن ئەل بەسرى، ھەسەن ئەل بەستامى، ئەبۇ بەكرى

www.uyghurkitap.com

ئەش شىلى، ئەبۇ مەنسۇر مەئەل ھۈسەيىن ئەل ھەللاج ۋە باشقىلار تەسەۋۋۇپنىڭ يېتەكچىلىرىدۇر.

ئىسلام دىنىنىڭ تەسەۋۋۇپ ئېتىقادىدىكى كىشىلەر ھەم «قۇرئان كەرىم» نىڭ بەزى ئايەتلىرىنى ئاساس قىلغان، ھەم يېڭى پىلاتونىزم ۋە ھىندىستاندىكى يوگا مەزھىپىنىڭ ئىدىيىلىرىنى قوبۇل قىلغان. سوفىزم دەسلەپكى مەزگىلىدە ئاساسەن دەرۋىشلەرنىڭ غۇربەتچىلىك، تەركىدۇنيالىق، زاھىدلىققا بېرىلىشى بىلەن خاراكتېرلەنگەن. مىلادى VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ئىككىنچى باسقۇچقا قەدەم قويغاندا تەرەققىي قىلىپ، تەسەۋۋۇپچىلىق (تەبىئەتتىن تاشقىرى ئالەم بارلىقىغا ئىشىنىدىغان بىر خىل سىرلىق قاراش) بىلەن خاراكتېرلەنگەن. تەسەۋۋۇپچىلىق سىرلىق مۇھەببەت، پان ئىلاھچىلىق ۋە تېئوسوفىيە (مۇراقىبە يولى ” خۇدانى بىلىش “ ۋە ” غايىب ئالەمگە يېتىش “ دېگەن خۇراپىي تەلىمات) نى تەشۋىق قىلىدۇ، دىلدا ئاللاغا ئىبادەت قىلىپ، چوڭقۇر خىيال ئارقىلىق ئاللا بىلەن بىرلىشىپ كېتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. XI ئەسىرگە كەلگەندە سوفىزم تەرەققىي قىلىپ ئۈچىنچى باسقۇچقا يەتتى، بۇ مەزگىلدە ھاكىم سولايمان ئاتا (ۋاپاتى 1086 - يىلى) قاتارلىق سوفىزم پېشۋالىرى مەيدانغا چىققان. بىر تەرەپتىن، سوفىزم تەلىماتى ئىسلام دىنى ئەقىدىسى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن، يەنە بىر تەرەپتىن، تەسەۋۋۇپچىلىق تەشكىلاتلىشىش تەرەپكە قاراپ راۋاجلانغان. سوفىزم X ئەسىردىن باشلاپ ئىسلام دۆلەتلىرىنى ھەر خىل تەرىقەت ئىچىگە سۆرەپ كىرگەن. سوفىزم كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقالغان ھەم شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىغان. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك، سۇتۇق بۇغراخاننى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە دەۋەت قىلغان ساماني شاھزادىسى ئەبۇ ناسىر ساماني تەسەۋۋۇپچى ئىدى، مۇسا بىننى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ياردەملەشكەن كىشىمۇ نىشاپۇرلۇق مەشھۇر تەسەۋۋۇپچى سوفى كارامات ئىدى.

ئوتتۇرا ئاسىيادا تەسەۋۋۇپچىلىق تەرەققىي قىلىپ، ئىمام مۇھەممەد

غەززالى ياردەم بېرىپ قوللىغان ۋە ئورتودوكسالللىق بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن " پان تەسەۋۋۇپچىلىق " ھەرىكىتى شەكىللەنگەن. مىلادى XII ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە پېرسىيىلىك دىن تارقاتقۇچى ئاينۇل قۇداتۇل يۇسۇپ ھەمەدانى (مىلادى 1130 - يىلى ۋاپات بولغان) ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىستاننىڭ مەرۋى شەھىرىگە كېلىپ، سۇفىزمچىلارنىڭ دەسلەپكى چاغلاردىكى داھىيسى بولۇپ قالغان. تەرىقەت نەسەبىدىن قارىغاندا، يۇسۇپ ھەمەدانىنىڭ ئۇستازى شەيخ ئەبۇفالمە دىن سىستېمىسىنىڭ ئىككى قىسىم نەسەبى ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ تۇغقانلىرى ئەبۇ بەكرى ۋە ئەلىلەرگىچە ئۇلىشىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىلەپ " پەيغەمبەر " بىلەن باغلىنىدۇ. بۇنىڭدا، ئالدى بىلەن، پېرسىيىدىكى شىئە مەزھىپىگە ئەلى باشچىلىقىدىكى ئىماملار تەلىماتىنىڭ تەسىر كۆرسەتكەنلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئۇنىڭ سىستېمىسىنىڭ ئاللا بەخش ئەتكەن " ئىلاھىي نۇر "غا بولغان ۋارىسلىق مۇناسىۋىتى تەكىتلەنگەن؛ ئىككىنچىدىن، ئەبۇ بەكرىگە " پەيغەمبەر " ئاتا قىلغان سۈننىي مەزھىپىنىڭ ئىلاھىيەت سىستېمىسى سىڭدۈرۈلگەن، دەپ تەرغىپ قىلىنغان.①

بارتولد ئۆزىنىڭ «تۈركىستاندىكى مەدەنىي ھايات تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە تەسەۋۋۇپنىڭ ماۋەرائۇننەھرگە تارقىلىشى X - XI ئەسىر مۇتەپەككۇرى يۇسۇپ ھەمەدانىدىن باشلانغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ : يۇسۇپ ھەمەدانى موزدوز ئىدى، ئۇ ئۆز دەۋرىدە بۇخارانى، كېيىنچە سەمەرقەندنى قاراخانىيلارنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداشقا بىۋاسىتە قاتناشقان ئادەم، ئۇ ئۆز شاگىرتلىرىنى ئەمگەك قىلىشقا، ھۈنەر ئۆگىنىشكە، ھەربىي ئىشلارنى ئۆگىنىشكە

---

① شاھ مەھمۇد ئىبنى مىرزا فازىل جوراس يازغان «تاۋارىخ» (رۇسچە نۇسخىسى) 150 - ، 152 - بەتلەر، ئو. ف. ئاكىمنۇشكىن تەرجىمە قىلىپ ئىزاھلىغان، موسكۋا، 1976 - يىل نەشرى، كېيىنكى چاغلاردا شىنجاڭدىكى بىرمۇنچە خوجىلار بۇ شەجەرىدىكى ئىماملار سىستېمىسىنى قانداشلىق نەسەبىگە يۆتكەپ، ئەلىدىن باشلانغان خىلمۇ خىل قانداشلىق نەسەبنى توزۇپ چىققان، قالغان قىسمى بولسا سۈننىي مەزھىپىنىڭ ئورتودوكساللىقىغا ئويغۇن كېلىدىغان ئاددىيلاشتۇرۇلغان تەرىقەت نەسەبى بولۇپ شەكىللەنگەن. قانداشلىق نەسەبى "ئاشقى نەسەب"، دىنىي نەسەب "ئىچكى نەسەب" دەپ ئاتالغان. نەسەبنى بۇنداق تۈزگەندە، تارىخنىڭ چىنلىقىنى يوقىتىپ قويماسلىق مۇمكىن ئەمەس.

www.uyghurkitap.com

چاقىرغان، دەپ يازىدۇ. يۈسۈپ ھەمەدانىنىڭ تەلىماتى ئۆز دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي تەپەككۇرنىڭ رىۋاجلىنىشىدا ئىلغار رول ئوينىغان. يۈسۈپ ھەمەدانى مىلادى 1130 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەلىماتى ئۇنىڭ مۇرىتى خوجا ئەھمەد يەسەۋى نامى بىلەن باغلانغان.

خوجا ئەھمەد يەسەۋى ئوتتۇرا ئاسىيالىق بولۇپ، مىلادى 1086 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1166ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ ئىبراھىم دېگەن شەيخنىڭ ئوغلى، ئارسلانبېك ۋە يۈسۈپ ھەمەدانىنىڭ شاگىرتى ئىدى.

ئەھمەد يەسەۋى تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنى بۇخارادا ئۆگىنىپ، كېيىن تۈركىستانغا قايتقان. ئۇ مىلادى 1145 ـ يىلى «دىۋان ھېكمەت» دېگەن ئەسىرىدە ۋە ئۆز تەلىماتىدا زالىم، پارىخور، ئەمەل تۇتقان سۇفىلارغا قارشى تۇرۇشنى تەرغىب قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ پەلسەپىۋى شېئىرلار توپلىمى ئەينى چاغلاردا دېھقانلار، ھۈنەرۋەنلەر ۋە ئىسيانكار شائىرلار تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىنغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى شۇ دەۋردىكى فېئودال ھۆكۈمرانلىقنى، رىيائىللىقنى سۆكۈش، پاش قىلىش، ئەيىبلەش جەھەتتە ئىلغار، تەركىدۇنيالىقنى تەرغىپ قىلىشى جەھەتتە پاسسىپ، تىل جەھەتتە ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ پۈتۈن بەدىئىي ئۇتۇقلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن گۈزەل ئۆرنەكتۇر. ئۇ تەسەۋۋۇپچىلىق نەزەرىيىسى جەھەتتىكى ئىجادىيىتى ۋە تۆھپىسى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئەل غەززالىدىن كېيىنكى پېشۋالارنىڭ بىرسى ۋە ئاتاقلىق ئۆلىما، دەپ نام ئالغانلارنىڭ بىرسى بولۇپ قالغان. ئۇ تەسەۋۋۇپچىلىقنى ئۆز دۇنيا قارىشىنىڭ ئاساسىي قىلىپ، رېئال دۇنيانى ۋە ئۆزىنى تەرك قىلىپ، توپتىن ئايرىلىپ پىنھان ياشاشنى، قاتتىق ئوي ـ خىيال بىلەن ئىبادەت قىلىپ، ئىچكى تەسىر ئارقىلىق خۇدانى بىلىشنى تەشەببۇس قىلغان.

ئەھمەد يەسەۋى مۇنداق دېگەن :

ھەر ئىشتا قاتتىق ئەمەل قىل شەرىئەتكە،
ھاياتىڭنى بېغىشلا ھامان تەرىقەتكە،

جان - دىلىڭنى جەم قىلغىن مەرپەتكە،
شۇنداق يېتەرسەن ئۇزدىگەن ھەقىقەتكە.①

ئۇ يەسەۋى سۇلۇكىنىڭ قورغانلىقى ۋە ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن زىكىر قىلىش (ئۇقۇش) نى ئۇنجى بولۇپ تەشەببۇس قىلغانلىقى ئۈچۈن جەھرىيە ("ئاشكارا"، "جاراڭلىق"، يەنى ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن ئوقۇغۇچىلار) نىڭ پىر، ئۇستازى دەپ ئاتالغان، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئەڭ ئاتاقلىق " ئەۋلىيا "لارنىڭ بىرى، دەپ قارالغان. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ياسا شەھرىدە دەپنە قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ جاي ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى تاۋاپ قىلىدىغان مۇقەددەس جاي بولۇپ قالغان. ئەھمەد يەسەۋى، ئۇنىڭ تەلىماتى ۋە تەشكىلاتى، يەسەۋى سۇلۇكى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، سۇفىزىم بىر مەھەل تېخىمۇ ئەۋج ئالغان. خۇددى «ئەتەبەتۇلھەقايىق»تا تەسۋىرلەنگەندەك :

" ئالىملار ئۆز ئىشىنى، زاھىتلار تەقۋالىقىنى تاشلىدى،
بىلىملىكلەر ئويۇن چىقىرىپ خۇش ساماغا چۈشتى.
بىدئەتتىن ئۆزىنى تارتقان ئادەم قالمىدى،
شۇڭا بىدئەت كۆنسېرى ئاشماقتا.②"

ئاقىللار ئويۇنغان " ساما " دەل سۇفىلارنىڭ زىكىر قىلغان چاغدا ئوينايدىغان ئۇسسۇلى. سۇفىزمنى ئورتودوكسال ئىسلام ئالىملىرى " بىدئەت " دەپ ئەيىبلىگەن. بۇنداق " بىدئەت " ئەۋج ئالغانلىقى ئۈچۈن، «ئەتەبەتۇلھەقايىق»نىڭ ئاپتورى " بىدئەت كۆنسېرى ئاشماقتا " دەپ غەزەپلەنگەن.

---

① «سۇفىزىم توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە»، ۋاھىدوۋ يازغان «تەسەۋۋۇپ ھەققىدە» دېگەن ئەسەردىن.
② ئەھمەد يۈكنەكى: «ئەتەبەتۇلھەقايىق»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981 - يىل نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 3 ـ بۆلۈم ئىسلام دىنى ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سىياسىتى، ئىقتىسادى ھەم مەدەنىيىتى

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك، قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن سۇتۇق بۇغراخان ئەڭ بۇرۇن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، خاندانلىقنىڭ سىياسىي كۈرەشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشقانىدى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى خانلارمۇ دىنىنى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ سىياسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدىغان ئەنئەنىدىن پايدىلانغان. ئۇلار ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرغاندىن كېيىن، ماۋەرائۇننەھر رايونىغا قارىتىلغان كېڭەيمىچىلىك ۋە ئىستېلاچىلىقنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداپلا قالماي، بەلكى ئاتالمىش „ غازات “ نامى بىلەن ئۇدۇن (خوتەن) بۇددا دۆلىتىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان. بىراق، قاراخانىيلار سۇلالىسى ئۇدۇننى كونترول قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، بۇ رايوننىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خاندانلىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. ئۇدۇن تەزكىرىسى» دە، داجۇڭ شياڭفۇنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادى 1009ـ يىلى) „ ئۇ دۆلەتنىڭ قاراخانى ئۇيغۇرلاردىن لاچىن قاتارلىقلارنى يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلاردىن ئولپان تاپشۇرۇشقا ئەۋەتتى “ دەپ خاتىرىلەنگەن. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ قاراخانىيلار سۇلالىسى سۇڭ سۇلالىسى بىلەن ئىزچىل تۈردە دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، قەدىمكى شىنجاڭدىكى يەرلىك ھاكىمىيەت ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قانداق دىنغا ئېتىقاد قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار ئىچكى رايونلار بىلەن بولغان ئالاقىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن، بۇنى شىنجاڭدىكى مىللەتلەردە تارىختىن بۇيان شەكىللەنگەن مۇنداق بىر قاراش، يەنى جۇڭگودىن ئىبارەت فېئوداللىق، بىرلىككە كەلگەن سىياسىي گەۋدىنى ئېتىراپ قىلىش بەلگىلىگەن.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئوتتۇردوكسال سۈننىي مەزھىپىنى ھۆكۈمەتنىڭ ئىسلام دىنى مەزھىپى قىلغان. بۇ مەزھەپ ئەمەل قىلىدىغان ھەنەفىيە فىقھىسىنىڭ پرىنسىپلىرى سىياسىي بىلەن دىنىنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۆچەيتكەن. بىراق، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى دەسلەپتە كۆنساناپ زاۋاللىققا يۈزلەنگەن ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى بىلەن ئالاقە ئورنىتىشقا ئانچە قىزىقمىغان، سۇتۇق بۇغراخاندىن باشلاپ دەسلەپكى خانلارنىڭ ھېچقايسىسى خەلىپىدىن ئاتاق - ئۇنۋان تەلەپ قىلمىغان. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى ھەسەن بۇغراخان تۇنجى بولۇپ " دۆلەتنىڭ نۇرى ۋە ئېتىقادنىڭ تۈۋرۈكى " دېگەن ئىسلامچە نام - ئۇنۋانغا ئىگە بولغان قاراخان بولسىمۇ، لېكىن بۇ نامنى خەلىپە بەرگەن بولماستىن، ئۆزىنى ئۆزى شۇنداق ئاتىغان. ئۇ ئىراقتا قويدۇرغان پۇلدا خەلىپىنىڭ نامى يېزىلمىغان. شۇ چاغلاردا قاراخانىيلار سۇلالىسى باغداد خەلىپىسى بىلەنمۇ رەسمىي مۇناسىۋەت ئورناتمىغان. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئىچىدە تۇنجى قېتىم باغداد خەلىپىسىدىن ئۇنۋان تەلەپ قىلغان خان ئۇدۇندىكى جەڭدە ئۆلگەن ئەلى ئارسلانخاننىڭ چوڭ ئوغلى ئەخمەد توغانخان (مىلادى 998 - يىلدىن 1018 - يىلغىچە تەختتە تۇرغان) بولۇپ، ئۇنىڭ " لەقەب " نامى " ھەقىقەتنىڭ غالىبى ۋە دۆلەتنىڭ مۇھىم ئەربابى " ، " ئادالەتنىڭ مەدەتكارى " ئىدى. ئۇ قويدۇرغان پۇلدا باغداد خەلىپىسى قادىر بىللاھنىڭ نامى بار ئىدى، ھەتتا ئۇ ئۆزىنى " ئېتىقاد قىلغۇچىلار ئەمىرىنىڭ پاناھىغا ئېرىشكۈچى " دەپ ئاتاپ، ئۆزىنىڭ خەلىپىنىڭ پاناھىدا بولىدىغان بېقىندىلىق ئورنىنى ئىپادىلىگەن. توغانخان مىلادى 1005 - يىلى يۈسۈپ قادىرخان تەرىپىدىن قەشقەردىن قوغلىنىپ، بالاساغۇنغا كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاباسىيلار سۇلالىسىدىن ئۇنۋان تەلەپ قىلغان. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق سالاھىيىتى ۋە ئورنىنىڭ " قانۇنلۇق " ئىكەنلىكىنى خەلىپىدىن ئالغان ئۇنۋانى بىلەن كۆز - كۆز قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ خاندانلىقى ئىچىدىكى ھوقۇق تالىشىش

كۆرشى ۋە ماۋەرائۇننەھر رايونىدىكى سىياسىي ئېلىشىشتىكى رىقابەت
ئىقتىدارىنى كۆچەيتىش ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ
باشقا خانلىرىمۇ بەس - بەس بىلەن ئۇنى دوراپ، باغداد ئوردىسىغا ئەلچى
ئەۋەتىپ ئۇنۋان تەلەپ قىلغان. مىلادى 1013 - يىلى يۈسۈپ قادىرخان
يەكەندە قۇيدۇرغان پۇلغا " مەلىكۇل مەشرىق " (شەرقنىڭ خاقانى) دېگەن
ئىسلامچە ئۇنۋاننى قوشقان. شۇنىڭدىن كېيىن، مەيلى قاراخانىيلارنىڭ ئەلى
سىستېمىسىدىكى خانلار بولسۇن ياكى ھەسەن سىستېمىسىدىكى خانلار
بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خەلىپىدىن ئىسلامچە ئۇنۋان - نام تەلەپ قىلىپ
ئالغان، مەسىلەن، شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ 1- ئەۋلاد خانى سۇلايمان
ئارسلانخانغا " دۆلەتنىڭ شان - شەۋكىتى " دېگەن ئۇنۋان، سۇلايمان
ئارسلانخاننىڭ چوڭ ئوغلى ھەسەن تاۋغاچ بۇغرا قاراخانغا " ئادالەتنىڭ ۋە
دىننىڭ قوغدىغۇچىسى "، " دىننىڭ شان - شەرىپى "، " شەرقنىڭ خانى
" دېگەنگە ئوخشاش ئۇنۋانلار بېرىلگەن. ئەمما، بۇ نام - ئۇنۋانلار ئۇلار
بىلەن خەلىپە ئوتتۇرىسىدا ئەمەلىي بېقىندىلىق مۇناسىۋەت بارلىقىنى
چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ، شۇنداقلا بۇنىڭلىق بىلەن ئۇلارنى باغدادنىڭ ئىسلام
ھاكىمىيىتىگە بېقىنغان، دەپ ھۆكۈم قىلىشقىمۇ بولمايدۇ. سالجۇقىيلار
سۇلالىسىنىڭ باش ۋەزىرى نىزامۇلمۇلك ئۆزىنىڭ «يۇرت سوراش تەدبىرلىرى»
دېگەن مەشھۇر ئەسىرىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: قاراخانىيلارنىڭ بەزى
ھۆكۈمرانلىرى ھەمىشە ئۆز نامىغا " شەرق ۋە چىننىڭ خانى " دېگەن ئۇنۋاننى
قوشۇپ ئاتايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى جۇڭگونىڭ پادىشاھى دەپ، ئۆزلىرىنىڭ
سۇلالىسىنى جۇڭگونىڭ سۇلالىسى دەپ، ئۆز سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى
زېمىنىنىمۇ جۇڭگونىڭ زېمىنى، دەپ قارايدۇ. بۇ ئۇقۇم، ئەمەلىيەتتە، شۇ
زاماندىكى ئوتتۇرا ئاسىيا كىشىلىرى (ھەتتا ئوتتۇرا شەرق رايونىدىكى
ئابباسىلار سۇلالىسى) نىڭمۇ ئومۇمىي قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن①.

① «سوفىزىم توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە»، ۋاھىدوۋ يازغان «تەسەۋۋۇپ ھەققىدە» دېگەن ئەسەردىن.

قاراخانىيلار خانلىقى مىلادى 1041 - يىلى شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتكەندىن كېيىن، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت بىلەن دىنىنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمىغان. غەربىي قاراخانىيلارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى زېمىن ئەسلىدە سامانىيلار ئىلكىدىكى ماۋەرائۇننەھر رايونى ئىدى، ئۇلار سامانىيلار سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇش كۈرىشىدە دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمىگە ئېرىشكەن.

شەرقىي قاراخانىيلار تەۋەسىدىكى شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىسلام ئېتىقادى يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن تەبىقە ئىدى، ئومۇمەن ئالغاندا، ئۇلار دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەتكە بېقىناتتى. يۈسۈپ قادىرخان دەۋرىدىن تارتىپ، شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ھۆكۈمرانلىقىنى ھاكىمىيەت بىلەن ئىسلام دىنىنى بىر گەۋدە قىلغان ھاكىمىيەت ئاساسىدا يۈرگۈزۈپ كەلگەن. ئىبنى ئەسىرنىڭ «تارىخىي ئومۇمىيە» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

”قادىرخاننىڭ ئۆمرى ئادىللىق، ئاق نىيەتلىك بىلەن ئۆتكەن،... (ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى) خوتەن چىن بىلەن تۈركىستان ئارىلىقىدىكى بىر دۆلەت ئىدى، ئۇ يەردە نۇرغۇن ئۆلىمالار ۋە ھۆرمەتلىك كىشىلەر بار ئىدى. بۇنداق ئەھۋال تاكى ھىجرىيىنىڭ 423 - يىلى (1031 - 1032 - يىلى) ئۇ ۋاپات بولغانغا قەدەر داۋاملاشتى. قادىرخان ئۇزۇن مۇددەتكىچە جامائەت بىلەن بىللە ناماز ئوقۇيتتى. قادىرخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى سۇلايمان ئىبنى يۈسۈپ ئارسلانخان (سۇلايمان ئارسلانخان) تەختكە ۋارىسلىق قىلدى، قەشقەر، خوتەن، بالاساغۇننىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا تەۋە ئىدى. بۇ جايلاردىكى مەسچىتلەردە خۇتبە ئوقۇلغاندا ئۇنىڭ نامى ئاتىلاتتى. ئۇنىڭ ھۆرمەت نامى 《 شەرەف ئەددەۋلە 》 ئىدى. ئۇ ئەزەلدىن شاراب ئىچمەيتتى، دىنغا ئىخلاسمەن ئىدى، ئۆلىمالارنى ۋە ئېتىقادچىلارنى ئىززەتلەيتتى. بۇ ئادەملەر تەرەپ - تەرەپتىن ئۇنى زىيارەت قىلىپ كەلسە، ئۇ ئۇلارنى كۈتۈۋالاتتى، ئۇلارغا ئىلتىپات

www.uyghurkitap.com

كۆرسىتەتتى ①".

سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئوغلى ھەسەن تاۋغاچ بۇغراخان دەۋرىدە، ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ۋە ئاقىللارنىڭ رولىغا تايىنىپ شەرىئەت ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىلگەن. «قۇتادغۇبىلىك» تە مۇنداق يېزىلغان.

" يەنە بىر تەبىقە ـ دانالار (ۋە) ئالىملاردۇر،

ئۇلارنىڭ ئىلمى خەلقنىڭ يولىنى يورۇتىدۇ."

" ئۇلار ھەقىقەت، دىنىنىڭ تايانچىدۇر،

ئۇلارنىڭ بىلىمى چىن شەرىئەتنىڭ ئاساسىدۇر②."

شېئىردا ئېيتىلغان "چىن شەرىئەت" ئوتتۇرا ئوتتۇرادوكسال سۈننىي مەزھىپى تۈزۈپ چىققان ئىسلام قانۇنىنى كۆرسىتىدۇ. ئىسلام دىنى «قۇرئان» نى قانۇن ئاساسى قىلغان. VII ئەسىردىن X ئەسىرگىچە بولغان تەخمىنەن 300 يىلدا دىنىي قانۇن (شەرىئەت) ئاخىرقى ھېسابتا شەكىللەنگەن. شەرىئەت «قۇرئان كېرىم» نى، يەنى ئاللانىڭ ۋەھيىسىنى تۈپ ئاساس قىلغان بولۇپ، "مۇقەددەس قانۇن " دەپ ئاتىلىدۇ. شەرىئەت مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىكى بارلىق ھەرىكەتنىڭ مىزانى. " شەرىئەت " ئەرەبچە سۆز بولۇپ، " ئاخىرەتلىك يول "، كەڭ مەنىدە " ھەرىكەت، يول "، خاس مەنىدە " ئاللا بۇيرۇغان يول " دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. قىسقىسى، ئۇ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىكى ھەرىكەتنىڭ تۈپ مىزانى. ئىسلام شەرىئىتىنىڭ مەزمۇنىنى ئومۇمەن ئىككى تۈرگە ئايرىش مۇمكىن: بىرىنچى تۈرى، دىنىي قائىدە ـ يوسۇن ۋە مەجبۇرىيەت توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر؛ ئىككىنچى تۈرى، قانۇن ۋە سىياسىي جەمئىيەتكە بەلگىلىمىلەر. «قۇرئان»دا بەلگىلەنگەن شەرىئەتكە دائىر قىسمى كونكرېت ئايرىغاندا مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1) شەرىئەت (ئىبادەت قىلىش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش، زاكات

---

① «تارىخى ئومۇمىيە» دىن قىلىنغان تەرجىمە (1 ـ قىسىم).
② «قۇتادغۇبىلىك»، نەسرىي يەشمىسى، 619 ـ بەت، 4345 ـ، 4391 ـ بېيت، مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى، 1991 ـ يىل 11 ـ ئاي.

بېرىش، مەككىنى زىيارەت قىلىش (ئۇمرەھ)، قەسەم، يېمەك - ئىچمەك توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر)؛

2) ئۇرۇش قانۇنى (ئۇرۇش قىلىش، شەرتنامە تۈزۈش، ئەسىر، قۇللۇق تۈزۈم، جەڭ غەنىيمەتلىرى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر)؛

3) ئائىلە قانۇنى (نىكاھ، تالاق، يېتىم - يېسىر، ۋەسىيەت، دوست - بۇرادەرلىرىنى يوقلاش ۋە ھۆجرىدىكى قائىدە - يوسۇنلار توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر)؛

4) ۋارىسلىق قانۇنى (مال - مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى، جۈملىدىن ئاياللارنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقى ۋە تەقسىمات مىقدارى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر)؛

5) سودا ئىشلىرى قانۇنى (توختامغا ئەمەل قىلىش، ھارام بايلىقنى كۆزلىمەسلىك، جازانىخورلۇق قىلماسلىق توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر)؛

6) جىنايى ئىشلار قانۇنى (ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى، زىناخورلۇق جىنايىتى، تۆھمەتخورلۇق جىنايىتى، ئوغرىلىق جىنايىتى، قاراقچىلىق جىنايىتى قاتارلىق جىنايەتلەرگە بېرىلىدىغان جازا توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر).

ئىسلام دىنى تارقالغان جايلار ۋە مىللەتلەر ئارىسىدا شەرىئەتكە پرىنسىپ جەھەتتە ئومۇميۈزلۈك ھۆرمەت قىلىنسىمۇ، لېكىن تۈرلۈك مۇرەككەپ ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئەدلىيە ئەمەلىيىتى ۋە شەرىئەت نەزەرىيىسى ئانچە بىردەك بولمىغان. ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەردە شەرىئەتنىڭ كونكرېت ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى تولىمۇ پەرقلىق بولغان. " مەھمۇد قەشقەرىنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا، كىشىلەر بارلىق دىنىي ئەھكاملارنى، جۈملىدىن ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىلىرىنىمۇ نوم دەپ ئاتاشقان.[①]"بۇ خانلىق ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرغاندىن

① بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە»، لوجېيېڭ تەرجىمە قىلغان، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل.

كېيىن، ھۆكۈمرانلار شەرىئەتنى ئاللانىڭ ۋەھيىسىنى ئاساس قىلغان دەپ مۇقەددەسلەشتۈرۈش ۋە خەلىپىدىن ئۇنۋان - ئاتاق تەلەپ قىلىپ ئېلىش ئارقىلىق ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ مۇقەددەسلىكىنى ئىپادىلىمەكچى بولغان، بۇ ئىسلام شەرىئىتىنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداشتىكى مۇھىم رولىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. «شەرىئەت مىزانى» ئىمان ئېيتىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىشتىن ئىبارەت بەش پەرز دائىرىسىگە كىرىدۇ. ئۇ ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئېتىقاد جەھەتتىكى ئاساسىي مەجبۇرىيىتى، ئۇ ھەم دىنىي قانۇن، ھەم مۇھىم ئەخلاق مىزانى. ئىسلامىيەتنىڭ دىنىي قائىدىلىرى ۋە دىنلاشقان ئۆرپ - ئادەتلىرىنى تەرتىپكە سېلىشقا، دىنىي ئىشلار ئۈستىدە نازارەت قىلىشقا مەسئۇل بولغان ئەمەلدار " مۇھتەسىپ " دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭ ئورنى دىنىي ئۆلىمادىنلا تۆۋەن تۇرىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» تە مۇھتەسىپلەرنى تىلغا ئېلىش بىلەن بىللە، بۇ مۇئەسسەسىنىڭ ئەينى دەۋردىكى قاراخانىيلارنىڭ ئىدارە تەشكىلاتىدا بارلىقى سۆزلەپ ئۆتۈلگەن. قاراخانىيلار دەۋرىدە مەھكىمە شەرئى يولغا قويۇلغان. ھەر دەرىجىلىك مەھكىمە شەرئىنىڭ خادىملىرى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن، مەھكىمە شەرئى ھۆكۈمىنىڭ ئىجراسى شۇلار ئارقىلىق نازارەت قىلىنغان. ئۇلار: (1) قازى كالان (قازى قۇززات دەپ ئاتىلىدۇ)، ئۇلار مەھكىمە شەرئىدە ئەڭ چوڭ ھوقۇقدار بولۇپ، ھەر دەرىجىلىك مەھكىمە شەرئى خادىملىرىنى تەيىنلەش، قالدۇرۇش، ئۇلارنىڭ ھۆكۈم، پەتۋالىرىنى رەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە؛ (2) ئەلەم (ئەلەم ئاخۇنۇم دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، ئۇلار قازى كالاننىڭ ئورۇنباسارى؛ (3) مۇپتى، ئۇلار مەھكىمە شەرئىنىڭ باشلىقى، ھۆكۈم چىقارغۇچى؛ (4) قازى سوراقچى؛ (5) قازى رەئىس، ئۇلار مەھكىمە شەرئىنىڭ ئىجرائىيە تەپتىشى.

شەرىئەتنى ئىجرا قىلغۇچى ئەمەلدار ئەرەب تىلىدا " قازى " دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ مەھكىمە شەرئىنىڭ سوتچىسى بولۇپ، ئادەتتە قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمەت ئورنى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن. ئۇ سوت ئىشلىرىنى بېجىرگەندىن

باشقا، يەنە ۋەخپە، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى باشقۇرغان، ئىگە ـ چاقىسىز ئاياللارنىڭ نىكاھ توختامىنى تۈزگەن. «قۇتادغۇبىلىك»تە پادىشاھنىڭ ئۈچ خىل ئادەمنى، يەنى قازى، خەلىپە (شاھنىڭ تەخت ۋارىسى) ھەم ۋەزىرنى تاللاش ۋە ئىشقا قويۇشقا ماھىر بولۇشى تەكىتلەنگەن، ھالبۇكى، قازىنى تاللاپ تەيىنلەش بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلغان. ئومۇمەن قارىغاندا، شەرىئەتنىڭ ئىجرا قىلىنىشى كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونلىرىغا قارىغاندا ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلىدىغان رايونلاردا ياخشى بولغان. شۇڭا «قۇتادغۇبىلىك»تە دېھقانلار:

" تېرىقچى كىشىلەرنىڭ قولى كەڭ كېلىدۇ،

كۆڭلىنى خۇدا بەرگىنىدىنمۇ زىيادە (كەڭ) تۇتىدۇ. "

دەپ مەدھىيىلەنگەن. چارۋىچىلار بولسا " ئەدەب ـ قائىدىسىز "، " ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئەركىن بولىدۇ①" دېيىلگەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، كۆچمەن چارۋىچىلار، ئەمەلىيەتتە شۇ چاغلاردا يەنىلا ئەنئەنىۋى قەبىلە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ساقلاپ كەلگەن.

قاراخانىيلار سۇلالىسىدە ئىسلام دىنى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشقىمۇ زور تەسىر كۆرسەتكەن. بارتولد مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: " قاراخانىيلار دۆلىتىدە، بارلىق كۆچمەن چارۋىچى ئىمپېرىيىلەردىكىگە ئوخشاش، ئورۇقداشلىق مۈلۈكچىلىك قارشى خۇسۇسىي قانۇن مۇناسىۋىتىدىن دۆلەت قانۇنى ساھەسىگە بۇرۇلغان②. " ئىسلام دىنى قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت دىنى قىلىنغانلىقتىن، شەرىئەتنىڭ يولغا قويۇلۇشى بۇ بۇرۇلۇش جەريانىنىڭ ئورۇندىلىشىنى تېزلەتكەن.

بىرىنچىدىن، قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتلىرى سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنى يولغا قويغان. قاراخانىيلارنىڭ زېمىنى بارلىق خان جەمەتلىرىگە مەنسۇپ بولغان، دۆلەت پۈتكۈل خان جەمەتىنىڭ مۈلكى دەپ ھېسابلانغان، شۇڭا

---

① «قۇتادغۇبىلىك»، نەسرىي يەشمىسى، 637 ـ ۋە 663 ـ بەتلەر.

② «بارتولد ئەسەرلىرى توپلىمى»، 1 ـ توم، 330 ـ بەت، موسكۋا، 1963 ـ يىل رۇسچە نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دۆلەت زېمىنى پارچە - پارچە سۇيۇرغاللىق يەر قىلىنىپ، خان جەمەتىنىڭ بارلىق ۋەكىللىرىگە بۆلۈپ بېرىلگەن. ئۇلار ئۆز سۇيۇرغاللىق زېمىنىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزلىرى مۇستەقىل باشقۇرغان.

ئىككىنچىدىن، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار - ۋەزىرلەرگە خانلىق تەرىپىدىن مەلۇم مىقداردا يەر ئىنئام قىلىپ بېرىلگەن. ئىسلام قانۇنىدا " ئىكتا " دەپ ئاتىلىدىغان بۇنداق يەر مائاش ئورنىدا بېرىلىدىغان ئىش ھەققى، دەپ ئىزاھلىنىدۇ. ئىكتا تۈزۈمى ئۇمەييە سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يولغا قويۇلۇشقا باشلىغان. ئابباسىيلار سۇلالىسىدە ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلانغان. ئىكتا يېرىدىن بەھرىمەن بولغۇچىلار " ئىكتادار " دەپ ئاتالغان. دەسلەپتە ئۇلاردا ئۆزى ئىگە بولغان يەردىن مەنپەئەتلىنىش ھوقۇقىلا بولۇپ، ئىگىدارلىق ھوقۇقى بولمىغان، ئىكتا يېرى ۋە ئۇنى تېرىغۇچى دېھقانلار يەنىلا دۆلەتنىڭ ئىلكىدە بولغان، ئىكتادارلار ھەر يىلى يەر تېرىغان دېھقانلاردىن ھوسۇلنىڭ بىر قىسمىنى ئالغان. يەر ئىكتادارلارنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى بولمىغاچقا، ئۇلار دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىغا مۇداخىلە قىلالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىكتادارلارمۇ خانلىققا مەلۇم مىقداردا ئولپان تۆلىشى، زۆرۈر تېپىلغاندا ئۆزى قوراللاندۇرۇپ تەمىنلەيدىغان قوشۇننى باشلاپ خان ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى شەرت ئىدى. XI - XII ئەسىرگە كەلگەندە، كۆپ قىسىم ئىكتا يەرلەر ئەمەلىيەتتە ۋارىسلىق زېمىنىغا يەنى ئىكتادارلارنىڭ خۇسۇسىي مۈلكىگە ئايلانغان، ئىكتا يەرلىرىنى تېرىيدىغان دېھقانلارمۇ تامامەن ئىكتادارلارغا بېقىنىدىغان ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان. بۇ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ فېئوداللىشىشىنى تېزلەتكەن.

قاراخانىيلاردىن ئىلگىرى، مىراسلىق ئورۇقداش ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يەر ئىگىدارچىلىق تۈزۈمى ئەۋج ئالغانىدى، ئۇ چاغدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ ئاقساقاللىرى، جۈملىدىن يەر ۋە ئۈزۈملۈك باغلارنىڭ ئىگىلىرى "دېھقان" دەپ ئاتىلاتتى. قاراخانىيلار سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دېھقانلارنىڭ يەرلىرى تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق يېڭى خانلىقنىڭ ۋە يېڭى فېئوداللارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ

كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن يېڭى يەر ئىگىلىرى سىنىپى شەكىللەنگەن، دېھقانلارنىڭ قالغان قىسمىمۇ شۇ سىنىپنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن.

فېئوداللىق يەر ئىگىدارچىلىق تۈزۈمى ئاساسەن مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1) دىۋان يېرى (دۆلەت يېرى)، شەرىئەتنىڭ ھۆكۈمى بويىچە مۇسادىرە قىلىنغان خېنىي يەر. بۇ بويىسۇندۇرۇش ئۇرۇشىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن يەرلەرنى ۋە قانۇن بويىچە جازاغا ھۆكۈم قىلىنغانلارنىڭ يەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2) ۋەخپە يەر. ئىسلام دىنىنىڭ ۋەخپە تۈزۈمىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، بۇ خاندانلىق ھۆكۈمرانلىرى، فېئودallar ۋە ئادەتتىكى مۇسۇلمانلار تۈرلۈك دىنىي مۇئەسسەسىلەرگە، مەسچىتلەرگە، مەدرىسلەرگە، كۆل، يول، كۆۋرۈكلەرگە ھەقسىز تەسەررۇپ قىلىش ئۈچۈن ئىنئام قىلغان يەرلەر. بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەردىن باشقا، تۈگمەن، كارخانا، دۇكان ۋە شەھەرلەردىكى يەر - زېمىنمۇ بار. ۋەخپە يەردىن ئادەتتىكى ئەھۋالدا باج ئېلىنمىغان. ۋەخپە يەر مەسچىت، مەدرىسلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ئىدى.

3) مۈلۈك يەر، يەنى خۇسۇسىيلارغا تەئەللۇق يەر. ئىسلام فىقھشۇناسلىرى فېئوداللار ئىلكىدىكى يەرلەر ۋە دېھقانلار ئىلكىدىكى يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى مۈلۈك يەر دەپ ئاتايدۇ. دېھقانلارنىڭ مۈلۈك يېرى ئۆزلىرى تېرىيدىغان ئاز مىقداردىكى پارچە يەرلەر ئىدى. فېئوداللار مۈلۈك يېرىنى ئۆزلىرى تېرىماي، يېرى يوق ياكى يېرى ئاز دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرىپ، يەر ئىجارىسى ئالاتتى. بۇنداق فېئودال مۈلۈكدارلار ئىكتادارلارنى، كونا دېھقان ئاقسۆڭەكلىرىنى ۋە يەر سودىسىغا تايىنىپ مۈلۈكدارغا ئايلانغان يەر ئىگىلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ، پومېشچىك سىنىپىنى شەكىللەندۈرگەن.

بۇنىڭدىن باشقا، يېزىلاردا مۇسۇلمانلار جامائەسى ئىگىدارلىقىدىكى يەرلەرمۇ بار ئىدى.

قاراخانىيلارنىڭ باج - سېلىقمۇ شەرىئەتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايتتى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماۋەرائۇننەھر رايونىدا ئەرەبلەر ئىستېلاسىدىن بۇيان يۈرگۈزۈلۈپ كەلگەن يەر بېجى - خىراج سېلىقى قاراخانىيلار سۇلالىسىدە

www.uyghurkitap.com

يولغا قويۇلغان، باج مىقدارى هوسۇلنىڭ ئۈچتىن بىرىنى تەشكىل قىلاتتى. باج ئۈچۈن ئەمەلىي نەرسە تاپشۇرۇش ئاساس قىلىناتتى، بەزىدە پۇلمۇ ئېلىناتتى، باج تاپشۇرغۇچىلار يۇقىرىدا ئېيتىلغان يەر ئىگىلىرى ئىدى. چارۋىچىلار " ساداق "، يەنى چارۋا بېجى تاپشۇراتتى. قاراخانىيلارنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى رايونلاردا دېھقانچىلىق بېجى يەگىلىرەك بولۇپ، ئاساسلىقى شەرىئەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە يەردىن ئېلىنغان هوسۇلنىڭ ئوندىن بىر قىسمى ئېلىناتتى①. لېكىن، شەرىئەتنىڭ چەكلىمىسى ۋە تەسىرىگە ئۇچرىغان قاراخانىيلار سۇلالىسىدە يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى يەنىلا تىپىك فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى، يەنى دىۋان يېرى (خېنىي يەر)، ۋەخپە يەر، فېئوداللارنىڭ مۈلۈك يېرىگە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى هۆكۈمران سىنىپ بىلەن يەر ئىجارىگە ئېلىپ تېرىيدىغان ئورتاقچى دېھقانلار ۋە باشقا يېزا جامائەسى دېھقانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىش مۇناسىۋىتى ئىدى. بۇ خىل ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى قاراخانىيلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ ماهىيىتى ئىدى.

قاراخانىيلارنىڭ پۇلى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ پۇل تۈزۈمىگە تەقلىد قىلىنغان بولۇپ، دىنار (ئالتۇن پۇل)، دىرهەم (كۈمۈش پۇل) ۋە فارس (مىس پۇل) دىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك پۇل سىستېمىسى قوللىنىلغان. قاراخانىيلاردىكى ۋەسىقە - توختامنامىلەردە ئومۇمەن دىنارنى بىرلىك قىلىپ، مال - مۈلۈك تەقسىماتى هېسابلىناتتى. قاراخانىيلارنىڭ مىتال پۇلى قەشقەر، يەكەن ۋە خوتەنلەردىكى قەدىمىي خارابىلەرنىڭ هەممىلا يېرىدىن تېپىلدى.

---

① ئالاقىدار خەنزۇچە تارىخ ماتېرىياللىرىدا مۇنداق دەپ خاتىرىلەنگەن: " دادىڭ يىللىرى (مىلادى 1161 - 1189 - يىللىرى) دا، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلاردىن ئۈچ كىشى غەربىي جەنۇبىي جازا مەھكىمىسىگە سودا ئۈچۈن كەلگەن. ئۇلار: ‹دۆلىتىمىزنىڭ ئۇيغۇر خانلىرى تۇرىدىغان شەهەرنىڭ نامى قۇز ئوردۇ (بالاساغۇن) دەپ ئاتىلىدۇ، ئادەتتە هەربىي قورال يوق، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئالغان هوسۇلنىڭ ئوندىن بىر قىسمى هۆكۈمەتكە تاپشۇرۇلىدۇ› دېگەن. "، «جىن سۇلالىسى تارىخى. جەنگى خەنزۇ تەرجىمىھالى»غا قاراڭ، «25 تارىخ»، 9 - قىسىم، 7203 - بەت، شاڭخەي قەدىمكى كىتابلار نەشرىياتى، شاڭخەي كىتابخانىسى.

ئىسلام دىنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەدەنىيىتىگىمۇ مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن. قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىرى قەشقەرنى خانلىقنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى قىلىپ قۇرۇپ چىققان ۋە گۈللەندۈرگەن، ئۇ يەردە شىنجاڭ تارىخىدىكى تۇنجى ئالىي بىلىم يۇرتى ـ ساچىيە مەدرىسى (مەدرىسەئى ساچىيە) ۋە كۇتۇپخانا قۇرۇپ، ئىسلام مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرغان. جامال قارشى ئۆزىنىڭ «سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما» دېگەن ئەسىرىدە ساچىيە مەدرىسىنى تىلغا ئالىدۇ ۋە ئۆزى جەۋھەرىنىڭ «سىھاھ» لۇغىتىنى ئۇزۇندىن بۇيان ئىزدەپ، ئاخىر سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئەرپىدىن بىنا قىلىنغان ساچىيە مەدرىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىدىن تاپقانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ.①

ئىسلام دىنى تارقالغاندىن كېيىن، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ئۆز مىللىتىنىڭ قەدىمىي ۋە مۇنەۋۋەر تارىخىي مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ھەم ئوتتۇرا ئۇزلەكسىز كۆلىكتىكى خۇاشيا مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى تەسىرىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئەرەب، پارس مەدەنىيىتىدىن ئوزۇق ئېلىپ، قاراخانىيلار جەمئىيىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرگەن.

ئەرەب، پارس ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق شەرقتىكى مىللەتلەردە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى — ئوتتۇرا قەدىمكى زاماندىكى دۇنيا مەدەنىيىتى تەرەققىياتىنىڭ زور نەتىجىسى. ئەرەبلەرنىڭ يىراققا يۈرۈش قىلىشى، مۇسۇلمان سودا كارۋانلىرىنىڭ يىراق دېڭىز يوللىرىدا سەپەر قىلىشى، ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇمەييا سۇلالىسىدىن باشلانغان گرېك، پارس، ھىندى قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئىلىم، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تەرجىمە قىلىش پائالىيىتى X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئابباسىيلار خاندانلىقىدا يۇقىرى پەللىگە يەتكەن. شۇ زاماندا ياۋروپا ئۇزۇن داۋام قىلغان مالىمانچىلىقنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئۇ يەردە قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ ئىزى

---

① جامال قارشى: «سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىن ئېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قالمىغانىدى، كېيىن، ياۋروپالىقلار ئەرەب تەرجىمە نۇسخىلىرىغا تايىنىش ئارقىلىق گرېك (يۇنان) مەدەنىيىتىنىڭ شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قايتىدىن تونۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. ئەرەب پەلسەپىسى گرېك پەلسەپە ئىدىيىسىنى، بولۇپمۇ ئارىستوتېلنىڭ ئىدىيە سىستېمىسىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ھەقىقىي شەكىللەنگەن. "گرېك پەلسەپىسى بىلەن ئىسلام دىنىنى كېلىشتۈرۈش خىزمىتىنى ئەرەب كىندى باشلىغان، فارابى داۋاملاشتۇرغان، ئىبنى سىنا تاماملىغان①." شەرق بىلەن غەربنىڭ ئىدىيىۋى جەۋھەرلىرى بىرلەشتۈرۈلگەن بۇنداق پەلسەپىۋى ئالەم قاراشنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مۇسۇلمان ئالىملىرى بىر مۇنچە ئەللەرنىڭ ئىلمىي نەتىجىلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ تەتقىق قىلغان، ئاسترونومىيە، تىببىي ئىلىم، ماتېماتىكا، ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە قاتارلىق ساھەلەردە يېڭى تەرەققىيات بارلىققا كەلگەن. خۇددى مەشھۇر بىر ھەدىستە: "ئىلىم جۇڭگودا بولسىمۇ، ئۇنى ئۆگىنىڭلار" دېيىلگەندەك، ئەرەب خەلقى بىلەن جۇڭگو خەلقى ئوتتۇرىسىدا بۇرۇنلا كەڭ كۆلەملىك مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش بولغانىدى. ئېلىمىزنىڭ تاڭ، سۇڭ ئوردىلىرىغا كەلگەن ئەرەب دۆلىتىنىڭ ئەلچى ئەمەلدارلىرى، دىن تارقاتقۇچىلىرى ۋە سودىگەرلىرى ئاسترونومىيە، تىببىي بىلىملەرنى ئېلىپ كەلگەن، ئېلىمىز خەلقى ئىجاد قىلغان كومپاس، قەغەز ياساش تېخنىكىسى، مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسى، مىلتىق دورىسى، ھەربىي قورال ۋە ئېلىمىزنىڭ ماتېماتىكا، خىمىيە، تىبابەتچىلىككە دائىر مول بىلىملىرىنى ئەرەبلەر غەربكە ئېلىپ بارغان.

مەدەنىيەت تارقىتىشنىڭ قورالى بولغان تىل - يېزىق جەھەتتىن قارىغاندا، ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلغان چاغلاردا، مىلادى VIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇمەييا خاندانلىقىنىڭ خانى ئابدۇلمەلىك (مىلادى 688 — 705 - يىللار) بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئەرەب تىلىنى "مۇقەددەس تىل" دەپ جاكارلىغان، ئۇنى رەسمىي دۆلەت تىلى قىلىپ بەلگىلىگەن.

① «ئەرەب ئومۇمىي تارىخى»، 1 - قىسىم، 435 - بەت، ھىت يازغان، ماجىيەن تەرجىمە قىلغان، سودا باسمىخانىسى 1979 - يىل نەشرى.

ئەرەب يېزىقى ئەرەب ئىسلام ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەڭ ئومۇملاشقان قانۇنىي يېزىقى ھېسابلىناتتى، دىن، سىياسەت، ئەدەبىيات، تىلشۇناسلىققا دائىر ئەسەرلەر ئەرەب تىلىدا يېزىلىشى كېرەك ئىدى. خەلىپىلىكنىڭ مەركەزلىرىدە ئەرەب تىلى ئالىي ھاكىمىيەت تىلى بولغاندىن باشقا، ئىلىم - پەن تىلىمۇ قىلىنغانىدى. شۇڭا، شۇ دەۋردە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان رايونلاردا ئەرەب تىلى - يېزىقى قوللىنىلىپ، شۇ رايونلارنىڭ ئۆز تىل - يېزىقى ئورنىغا دەسسىتىلگەن، تىل - يېزىقنىڭ مەجبۇرىي ھالدا " ئەرەبلەشتۈرۈلۈشى " جايلاردىكى غەيرىي ئەرەب ئاھالىسىنىڭ غەزىپى ۋە قارشىلىقىنى قوزغىغان. كېيىنكى چاغلاردا، ئەرەب ھۆكۈمرانلىقىنىڭ زاۋال تېپىشى ئارقىسىدا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي تەرەپلىرىدە پارس تىلى ئەدەبىي تىل بولۇشقا باشلىغان، ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللىي دۆلەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ، پارس تىلى رەسمىي دۆلەت تىلى ۋە ئەدەبىي تىل قىلىپ قوللىنىلغان، شۇنىڭ بىلەن پارس تىلى ئەرەب تىلىنى بارا - بارا چەتكە قېقىپ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ رەسمىي ھۆكۈمەت تىلى ۋە ئەدەبىي تىلىغا ئايلانغان، ھەتتا مەدرىسلەرنىڭ ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرىدىمۇ پارس تىلى مەلۇم ئورۇنغا ئىگە بولغان. لېكىن، X ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدىن باشلاپ، ئىسلام دىنىنىڭ قاراخانىيلار خانلىقىدا تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەرەب تىلى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئارىسىدا يەنىلا كەڭ تەسىر كۆرسەتكەن. دەسلەپتە ئىسلام دىنى «قۇرئان» تىل - يېزىقىنى مۇقەددەس ۋە دەخلىسىز دەپ، دىن ئېتىقادچىلىرىنىڭ ئۇنى ئۆز تىلىغا تەرجىمە قىلىشىغا يول قويماي، تامامەن ئەرەب تىل - يېزىقىدا ئوقۇشنى شەرت قىلغانلىقى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپچىلىكىدە ئاز - تولا ئەرەب تىلى بىلىمىگە ئىگە بولۇش ئېھتىياجى تۇغۇلغان، شۇ سەۋەبتىن ئەرەب تىلىنىڭ تەسىرى ئۇزۇنغىچە ساقلىنىپ قالغان، XII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندىمۇ قاراخانىيلارنىڭ قەشقەر رايونىدا ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى، قانۇن ھۆكۈملىرىدە يەنىلا ئەرەبچە سۆز - ئىبارىلەر قوللىنىلغان. ئەرەب تىل - يېزىقىنىڭ تارقىلىشى ئەينى چاغدا قاراخانىيلارنىڭ

ئەدىب، ئالىملىرىنىڭ تۈركىي تىلدا ئەرەب يېزىقى بىلەن ئەسەر يېزىشى ئۈچۈنمۇ يول ئېچىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر يېزىقىنىڭ ئەرەبچە يېزىققا كۆچۈشىگە تۈرتكە بولغان.

قاراخانىيلار دەۋرىدە ئەدەبىيات، تىلشۇناسلىق مىسلىسىز يۈكسەلگەن. «قۇتادغۇبىلىك»، «دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» قاتارلىق ئەسەرلەر شۇ زاماندىكى ئەدەبىيات، تىلشۇناسلىق تەرەققىياتىنىڭ نامايەندىلىرىدۇر.

1. «قۇتادغۇبىلىك» (بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم) — " ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XI ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن يېزىلغان چوڭ ھەجىملىك داستان. بۇ داستان قەدىمكى زامان ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدىن ھازىرچە بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن يېگانە بەدىئىي ئەسەر ۋە XI ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىسى بولۇش بىلەن ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەرلەرنىڭ بىرى ۋە خەلقىمىزنىڭ ئىپتىخارى ھېسابلىنىدۇ. ①" داستان قەشقەردە يېزىلغان بولۇپ، مۇئەللىپنىڭ ئېيتىشىچە، ھىجرىيىنىڭ 462 ـ يىلى 18 ئايدا تاماملىغان. داستاننىڭ يېزىلغان ۋاقتى مىلادى 1069 ـ 1070 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بالاساغۇندا تۇغۇلۇپ، ئۆزىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىنى قەشقەردە ئۆتكۈزگەن. ئۇ داستاننى يېزىپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇنى قاراخانىيلار ھۆكۈمدارى تاۋغاچ بۇغراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەنگە تەقدىم قىلغان، ھەسەن بۇغراخان مۇئەللىپكە " خاس ھاجىپ②" لىق ئۇنۋانىنى بەرگەن.

«قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئاللاغا، پەيغەمبەرگە ھەم تۆت ساھابىگە ئۇقۇلغان مەدھىيە؛ يەتتە يۇلتۇز، 12 بۇرج؛ بىلىم ۋە ئەقىل؛ تىل؛ ياخشىلىققا

---

① «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى، 4 ـ بەت.
② " ھاجىپ " ئەرەبچە سۆز بولۇپ ئارىچى، ۋاكالەتدار، خاننىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ سۆزنىڭ قەدىمكى تۈركچىسى «تاياڭۇ» يەنى تايانچ دېمەكتۇر. («دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، فوتو نۇسخا، 230 ـ بەت).



www.uyghurkitap.com

بولغان مەدھىيە: كىتابنىڭ نامى، مەنىسى ۋە ئاپتورنىڭ ئۆز ئەھۋالى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ قىسىمدا ئاپتورنىڭ دىنىي ئېتىقادى، سىياسىي پوزىتسىيىسى، پەلسەپۋى نۇقتىئىنەزەرى ھەمدە ئىنسانىيەتنىڭ قىممىتى ۋە جەمئىيەتكە بولغان ئومۇمىي قارىشى گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن، پۈتۈن داستانىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. پۈتۈن داستاندىكى ھېكايە، ۋەقەلىكلەر 12 - بابتىن باشلاپ قانات يايدۇرۇلغان. داستاندا ئادالەت سىمۋولى كۈنتۇغدى ئېلىگ (ھۆكۈمدار)، بەخت - سائادەت سىمۋولى ئايتولدى (ۋەزىر)، ئەقىل - پاراسەت سىمۋولى ئۆگدۈلمىش (ۋەزىرنىڭ ئوغلى) ، قانائەت سىمۋولى ئودغۇرمىش (زاھىد) تىن ئىبارەت تۆت كىشىنىڭ ئوبرازى يارىتىلىپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر قاتار مۇناسىۋەت ۋە نۇرغۇن دىئالوگلار ئارقىلىق قاراخانىيلار خاندانلىقىدىكى رېئال ئىجتىمائىي ھايات تەسۋىرلەنگەن، مۇئەللىپنىڭ ئالەمگە، تەبىئەتكە، ئىجتىمائىي كىشىلىك تۇرمۇشقا، ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا، سىياسىي قانۇنغا، ئېتىكا - ئەخلاققا، بولۇپمۇ دۆلەتنى باشقۇرۇشقا بولغان قارىشى ئىپادىلەنگەن.

2. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» قاراخانىيلار دەۋرىدە دۇنياغا كەلگەن كاتتا تىلشۇناسلىق ئەسىرى، دۇنيا بويىچە تۇنجى، مۇكەممەل، سىستېمىلىق تۈركىي تىللار لۇغىتى بولۇپ، ئۇنى مەھمۇد ئىبنى ھۈسەيىن ئىبنى مۇھەممەد قەشقەرى ھىجرىيە 466 - يىلى جامادىل ئاخىرنىڭ 10 - كۈنى (دۈشەنبە )، يەنى مىلادى 1074 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يېزىپ پۈتتۈرگەن. ئۇ ئۇرىگىنالنى تۆت قېتىم ئۆزگەرتكەن، كىتاب پۈتكەندىن كېيىن، ئۇنى ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى ئەبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرۇللا (مىلادى 1075 - يىلدىن 1094 - يىلغىچە تەختتە تۇرغان) غا تەقدىم قىلغان. بۇ ئەسەر ئەرەب تىلىدا يېزىلغان. مۇئەللىپ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: " ئىلگىرىكى ئەدىبلەرنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ۋە ئەرەب لۇغەتلىرىنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئوخشىتىپ، بۇ كىتابنى ‹ ب › بىلەن ئاخىرلاشقان ئىسىملاردىن باشلايمەن "، " تەگرى كىتابىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، مەنمۇ كىتابىمنى ھەمزە بىلەن

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، رەسمىي تېكىست، 4 -، 31 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باشلىدىم[1]. “

بۇ كىتاب سەككىز بۆلۈمگە بۆلۈنگەن، ھەربىر بۆلۈمى ئىسىملار ۋە پېئىللار شەكلىدە ئىككى قىسىمغا ئايرىلغان. ھەربىر قىسمى يەنە بابلارغا ئايرىلغان، ھەربىر بابتىكى سۆزلۈكلەر ئىككى ھەرپتىن تۈزۈلگەن سۆزلەر، ئۈچ ھەرپتىن تۈزۈلگەن سۆزلەر، تۆت ھەرپتىن تۈزۈلگەن سۆزلەر دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنگەن. سۆزلەملەر ئەرەبچە ھەرپ بىلەن يېزىلىپ، يەشمىسى بېرىلگەن. كىتابقا 7500 دىن ئارتۇق سۆزلەم (سۆز ۋە جۈملە)، تۈرلۈك تېمىدىكى 242 كۇپلېت شېئىر، 200 دىن ئارتۇق ھېكمەتلىك سۆز، ماقال - تەمسىل كىرگۈزۈلگەن. بۇ لۇغەت شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنىڭ تارىخ، جۇغراپىيىسىگە دائىر مول بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بىر پارچە خەرىتە بېرىلگەن. بۇ خەرىتىدە ئاپتور ئۆز زامانىسىدا ئۆزىگە مەلۇم بولغان دۇنيانى سىزىپ چىققان، بۇ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ بۇرۇنقى ۋە ئەڭ مۇكەممەل ئوتتۇرا ئاسىيا خەرىتىسى ھېسابلىنىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، XI ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدا ياشىغۇچى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ماددىي مەدەنىيىتى، تۇرمۇش ئادىتى، مىللەت ۋە جاي ناملىرى، ئۇرۇق - قەبىلىلەرنىڭ ئايرىلىشى، ئۇرۇق - تۇغقان ۋە نىكاھ ئىشلىرىغا دائىر ئاتالغۇلار، تۈرلۈك ۋەزىپە - مەنسەپ ۋە ئۇنۋان ناملىرى، يېمەك - ئىچمەكلەر نامى، ئۆي قۇشلىرى ۋە ئۆي ھايۋانلىرى، ياۋايى قۇش ۋە ياۋايى ھايۋانلار ناملىرى، چارۋىچىلىققا دائىر ئاتالغۇلار، ئۆسۈملۈك ۋە زىرائەتلەر، ئاسترونومىيە ئاتالغۇلىرى ۋە شەھەر - جاي ناملىرى، خەلق كالېندارى، ئاي ۋە كۈنلەر ناملىرى، جۇغراپىيە ئاتالغۇلىرى، ھەرخىل كېسەللىكلەر ۋە دورا- دەرمەك ناملىرى، ئاناتومىيە ئاتالغۇلىرى، مېتال ۋە مىنېراللار، ھەربىي ئىشلار، تەنتەربىيە ۋە مەمۇرىيەت ئاتالغۇلىرى، تارىخىي شەخسلەر ۋە ئەپسانىۋى شەخسلەر ئىسمى، دىنىي ۋە مىللىي ئاتالغۇلار، بالىلار ئويۇنى ۋە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، ئۇنى " ئىخچام ۋە

چۇشىنىشلىك ئېنسىكلوپېدىيە " دېيىشكە مۇناسىپ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئەسلى نۇسخىسى ھازىرغىچە تېپىلغىنى يوق، ئۇنىڭ ئەڭ بۇرۇن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىنى ئىرانلىق مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەبۇلفەتھى دېگەن كىشى ھىجرىيىنىڭ 644 - يىلى (مىلادى 1266 - يىلى) كۆچۈرۈپ چىققان.

3 . «ئەتەبەتۇلھاقايىق» قەشقەر تىلىدا يېزىلغان دىداكتىك داستان بولۇپ، شائىر ئەھمەد ئىبنى مەھمۇد يۈكنەكى XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يېزىپ، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئەمەلدارى ئەمىر مۇھەممەدكە تەقدىم قىلغان. پۈتۈن كىتاب 14 باب، 480 مىسرا بولۇپ، كېيىنكى كىشىلەر ئۇنىڭغا خاتىمە تەرىقىسىدە 28 مىسرا شېئىر قوشقان. «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانىنىڭ تىلى ۋە ئۇسلۇبى «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن ئوخشاش، ئۇنىڭدا ئىسلام كلاسسىك شېئىرىيەت شەكلى قوللىنىلغان. كىتابنىڭ باش قىسمىدا ئاللاغا، پەيغەمبەرگە، تۆت ساھابىگە ۋە ئەمىرگە مەدھىيە ئوقۇلغان ھەم بۇ كىتابنى يېزىشتىكى مەقسەت بايان قىلىنغان، ئۇنىڭدىن كېيىن پەلسەپە، ئەخلاق مەسىلىلىرىگە ئۆتكەن. ئاپتور قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ياشىغان بولغاچقا، خانلىقتىكى ئۇرۇش مالىمانچىلىقلىرى، جەمئىيەتنىڭ داۋالغۇشى، ئىگىلىكنىڭ خارابلىشىشى، خەلقنىڭ ئېغىر جەبىر - جاپا ئىچىدە قالغانلىقى، ئەدەب - ئەخلاقنىڭ بارغانسېرى چۈشكۈنلەشكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. ئاپتور بۇ ھەقتە ئەستايىدىل ۋە جىددىي پوزىتسىيە بىلەن ئۆز كۆز قارىشى ۋە تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جەمئىيەتتىكى تەڭسىزلىك ئۈستىدە شىكايەت قىلىپلا قالماستىن، مۇسۇلمانچىلىقنىڭ يوللىرىنى ئالاھىدە تەشۋىق قىلغان. ئۇ كىشىلەرنى دىنىي نەسىھەت ئارقىلىق قايىل قىلىپ، ئىسلام قائىدىلىرى ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ كۆرگەن.

ھازىر «ئەتەبەتۇلھەقايىق» نىڭ بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان ئۈچ خىل كۆچۈرمە نۇسخىسى بار: سەمەرقەند A نۇسخىسى (قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن)، ئىستانبۇل B نۇسخىسى (قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەرەب يېزىقى قوشۇپ كۆچۈرۈلگەن) ۋە ئىستانبۇل C نۇسخىسى (ئەرەب يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن). ئۈچىنچى نۇسخا، C كۆچۈرمە نۇسخىسىنىڭ يىل دەۋرى ئېنىق بولمىغاندىن باشقا A، B ئىككى خىل كۆچۈرمە نۇسخىسى XV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا مەنسۇپ نۇسخىلاردۇر.

يىغىپ ئېيتقاندا، يۇقىرىقى ئەسەرلەردە ھەم ئاپتورلارنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان ئېتىقادى بايان قىلىنغان، ھەم شۇ رايوندىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇنىڭدىن باشقا، ئوتتۇرا قەدىمكى زاماندا تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىنغان «قۇرئان كەرىم»، «قۇرئان تەپسىرى» ۋە ئەھمەد يەسەۋىنىڭ شاگىرتى سۇلايمان باقىرخان يازغان شېئىرىي ئەسەر «نەسىھەتنامە» قاتارلىق دىنىي ئەسەرلەرمۇ بار.

# ئۈچىنچى باب قاراقىتان، موڭغۇل ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ ئىسلام دىنى

## 1 - بۆلۈم قاراقىتان خانلىقى ۋە يەرلىك ئىسلام ھاكىمىيەتلىرى

قاراقىتان خانلىقى (مىلادى 1218 — 1124 - يىللار) لياۋ سۇلالىسىدىن كېيىن ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا قۇرۇلغان فېئودال خانلىق بولۇپ، " كېيىنكى لياۋ "، " غەربىي لياۋ "، " قارا خىتاي " دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قاراقىتان خانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان بىر ئەسىرگە يېقىن مەزگىلدە، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى ئاساسەن بۇرۇنقى قاراخانىيلار خانلىقى ۋە قوچو ئۇيغۇرلىرىغا تەۋە جايلار بولۇپ، شەرق تەرىپى تاڭغۇتلار ۋە موڭغۇللارنىڭ كېرەي، نايمان قەبىلىلىرى تۇرغان جايغا تۇتىشاتتى، شىمال تەرىپى ئېمىل ۋە بالقاش كۆلىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، غەرب تەرىپى ئاساسەن ئامۇ دەرياسىنى چېگرا قىلغانىدى، جەنۇب تەرىپى خوتەن رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. قاراقىتان خانلىقىنىڭ پايتەختى بالاساغۇن بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەمەرقەند شەھىرى " ماۋەرائۇننەھر مەھكىمىسى " دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ قاراقىتان ئاقسۆڭەكلىرىنى ئاساس قىلغان ۋە خەنزۇ، تۈرك، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمران سىنىپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرلەشمە ھاكىمىيەت ئىدى. ئىسلام تارىخچىلىرى قاراقىتان خانىنى " گۈرخان " دەپ ئاتىغان ۋە بۇ نامنى " خانلارنىڭ خانى " دېگەن مەنىدە ئىزاھلىغان. لېكىن، قاراقىتان ھۆكۈمرانلىرى يەنىلا ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆزلەشتۈرۈپ كەلگەن ھەمدە ئوتتۇرا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاسىيا ۋە ئۇنىڭ شەرق، غەرب تەرىپىدىكى رايونلارغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن①. قاراقىتان ئاقسۆڭەكلىرى ئارىسىدا ئەنئەنىۋى كوڭزىچىلىق ئىدىيىسى ۋە بۇددىزم ئىدىيىسى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى، لېكىن ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىي رايونى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى مىللەتلەر ئارىسىدا يەنە ئىسلام دىنى، خرىستىئان دىنى، مانى دىنى، ئاتەشپەرەسلىك (زوروئاستېر دىنى)، تويىن (داۋجياۋ) دىنى، شامان دىنى قاتارلىق كۆپ خىل دىن مەۋجۇت ئىدى. بولۇپمۇ قاراخانىيلار رايونىدا ئىسلام دىنىنىڭ دۆلەت دىنى قىلىنغانلىقىغا بىر يېرىم ئەسىر بولغانىدى، ئىسلام دىنىنىڭ بۇتپەرەسلىككە قارشى تۇرۇشى قاراقىتان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادى بىلەن زىت ئىدى. بۇ قاراقىتان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى يەرلىك ئىسلام ھاكىمىيەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشىدا مۇرەككەپ ئەھۋالنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. قاراقىتان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى يەرلىك ئىسلام ھاكىمىيەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئاساسەن مۇنداق تۆت مەزگىلنى باشتىن كەچۈرگەن:

بىرىنچى مەزگىل — قاراقىتان خانلىقى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىل. بۇ مەزگىلدە قىتان ھۆكۈمرانلىرى يەرلىك ئىسلام ھاكىمىيەتلىرىگە "دۈشمەنلەشكەنلەرنى يېڭىش، تەسلىم بولغانلارغا ئەمىنلىك بېرىش②" سىياسىتىنى قوللانغان.

بۇ مەزگىل ئاساسەن يوللىغ تاشىن تەختتە تۇرغان مەزگىلگە (مىلادى 1124 — 1143 - يىللار) غا توغرا كېلىدۇ. يوللىغ تاشىن لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئاساسچىسى يوللىغ ئاپاگىنىڭ 8 - ئەۋلاد نەۋرىسى ئىدى، ئۇ لياۋ پادىشاھى تيەنزا (يوللىغ يەنشى) نىڭ چىرىكلىكى، يارامسىزلىقىدىن، جىن سۇلالىسى ھۇجۇم قىلغاندا دۆلەت زېمىنىنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، خانلىقتا ھاقارەت

---

① شۇنىڭدىن باشلاپ، "قىتان" (خىتاي) دېگەن سۆز ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەر جۇڭگونى ئاتاشتا قوللىنىدىغان نام بولۇپ قالغان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن ياۋروپاغا تارقىلىپ، رۇسچە "KUMAU"، ئىنگلىزچە "Cathay" دېگەن ئاھاڭداش ئاتالغۇ بارلىققا كەلگەن.

② «لياۋ تارىخى»، 30 - جىلد، «پادىشاھ تيەنزا (يوللىغ يەنشى) ھەققىدە خاتىرە».

كەلتۈرگەنلىكىدىن نەپرەتلىنىپ، 1124 - يىلى غەربىي زېمىننى ئېچىش ئۈچۈن غەزەپ بىلەن چىقىپ كەتكەن. ئۇ ئېلىمىزنىڭ شىمالدىكى كەڭ رايونلىرىنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، 1130 - يىلى تاشقى موڭغۇلدىن داۋاملىق غەربكە يۈرۈش قىلغان ھەمدە ئۇيغۇر خانى بىلگە (تۇرۇشلۇق جايى تۇرپاننىڭ شەرقىدىكى قاراخوجا) نىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. بىراق، كېيىنكى چاغلاردا غەربكە يۈرۈپ قاراخانىيلار زېمىنىغا يېتىپ بارغاندا، يەرلىك ئىسلام ھاكىمىيىتى بىلەن شىددەتلىك جەڭ قىلغان. قەشقەر ھۆكۈمرانى ئارسلانخان ئەخمەد قەشقەرنىڭ شەرقىي رايونىدا قىتانلار قوشۇنىغا قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىپ، يەكچەشمە باش سانغۇن (ئەل ئاۋار) قوماندانلىقىدىكى قاراقىتان قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغان. قاراقىتان قوشۇنلىرى ئېمىل دەرياسى بويىدا ئىستىھكام قۇرۇپ تىركىشىپ، ئاخىر قارشى تەرەپنى يېڭىپ، داۋاملىق غەربكە يۈرۈش قىلغان.

" دۈشمەنلەشكەنلەرنى يېڭىش " دېگەن سىياسەتكە " تەسلىم بولغانلارغا ئەمىنلىك بېرىش " دېگەن سىياسەت ماسلاشتۇرۇلغان. ئارسلانخان ئەخمەد قاراقىتان قوشۇنلىرىغا قارشىلىق كۆرسىتىپ يېڭىلگەندىن كېيىن ئۆلگەن، ئۇنىڭ ئوغلى ئىبراھىم تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ بالاساغۇندا تۇرغان. لېكىن، يەرلىك قاڭقىللار بىلەن قارلۇقلار ئۇنىڭغا بويسۇنمىغان ھەم ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ پاراكەندىچىلىك سالغان. ئىبراھىم ئىلاجسىز قېلىپ، قاراقىتان ھۆكۈمرانىدىن ئەسكەر كىرگۈزۈشنى ئىلتىجا قىلغان، يوللىغ تاشىن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يەتتىسۇ رايونىنى قايتۇرۇۋالغان. ئۇ بالاساغۇننى پايتەخت قىلىپ، ئىبراھىمنىڭ خانلىق نامىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭغا " ئىلىك ئى تۈركمەن " (تۈركمەن شاھى) دەپ نام بېرىپ، قەشقەرنى سوراشقا قويغان. ئۇنىڭدىن كېيىن يوللىغ تاشىن قاڭقىللارنى بويسۇندۇرغان ھەمدە باش سانغۇن شياۋخوربىلارنى 70 مىڭ ئەسكەر بىلەن شەرققە يۈرۈش قىلىپ، قەشقەر، خوتەن ۋە قىرغىزلار رايونى (ھازىرقى يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى) نى بويسۇندۇرۇشقا ئەۋەتكەن. بۇ رايونلارنى بويسۇندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن،

مىلادى 1131 - يىلى يوللىغ تاشنى كىرمان (ھازىرقى سەمەرقەند بىلەن بۇخارا ئارىلىقى)دا خانلىق تەختكە چىقىپ ئۆزىنى " گۆرخان " دەپ ئاتىغان، ئەئىيانلار ئۇنى ھۆرمەتلەپ " تەڭرى يار بولغان پادىشاھ " دېگەن پەخرىي نام بىلەن ئاتىغان.

قاراقىتانلار يەتتىسۇ رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن غەربكە قاراپ ئىلگىرىلىگەن، 1137 - يىلى سىر دەرياسى ۋادىسىدىكى خوجەندلىكلەر غەربىي قاراخانىيلار خانى مەھمۇدنىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغان ھەمدە كۆچ توپلاپ ماۋەرائۇننەھر رايونىنى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلماقچى بولغان. بۇ چاغدا قاراخانىيلارنىڭ ھەربىي كۆچى بولغان قارلۇقلار بىلەن مەھمۇدخان ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ يۈز بەرگەن، قارلۇقلار قاراقىتانلاردىن ياردەم سورىغان، مەھمۇدخان بولسا سالجۇق سۇلتانى سانجاردىن ياردەم تىلىگەن. شۇنداق قىلىپ، سانجار قاراقىتان ھۆكۈمرانى بىلەن 1141 - يىلى كاتۋان يايلىقىدا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلغان. ئىبنى ئەسىرنىڭ خاتىرىلىشىچە، جەڭگە چۈشۈشتىن ئاۋۋال سانجار گۆرخانغا خەت ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشىنى تەلەپ قىلغان ۋە قوراللىق تەھدىت سېلىپ، " بىز ئوقيا ئېتىپ چاچنى ئۈزۈۋېتەلەيمىز " دېگەن. گۆرخان خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، خەت ئېلىپ كەلگەن ئەلچىگە : قېنى، سەن يىڭنە بىلەن مېنىڭ ساقىلىمدىكى بىر تال تۈكنى ئۈزۈپ باققىنا، دەپ بۇيرۇق قىلغان، لېكىن ئۇ ئەلچى بۇنداق قىلالمىغان، بۇ چاغدا گۆرخان: " سەن يىڭنە بىلەن ساقالدىكى تۈكنى ئۈزۈۋېتەلمىگەن يەردە، باشقا ئادەملىرىڭ قانداق قىلىپ ئوقيا بىلەن باشتىكى چاچنى ئۈزۈۋېتەلەيدۇ؟①" دېگەن. شۇنىڭ بىلەن گۆرخان سانجارغا ھۇجۇم باشلىغان. بۇ قېتىمقى جەڭدە مۇسۇلمانلار قوشۇنىدىن 30 مىڭ كىشى ئۆلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە بېشىغا سەللە يۆگىگەن نۇرغۇن مولللارمۇ بار ئىدى. يوللىغ تاشىنىڭ كاتۋان يايلىقىدىكى ھەل قىلغۇچ جەڭدە قىلغان غەلىبىسى غەربىي قاراخانىيلارنى قاراقىتانلارنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇرۇپلا قالماستىن،

---

① « تارىخى ئومۇمىيە» دىن تاللاپ قىلىنغان تەرجىمە، (2 - قىسىم).

بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىمۇ قورقۇتۇۋەتكەن، ئۇنىڭ تەسىرى ھەتتا غەربىي ئاسىيا بىلەن ياۋروپاغىمۇ يېتىپ بارغان. ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا قاراقىتان خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى تىكلىنىپ، ئىسلام ھاكىمىيىتىنىڭ كېڭىيىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى چەكلىگەن.

ئىككىنچى مەزگىل — قاراقىتان ھۆكۈمرانلىقى گۈللەنگەن مەزگىل. بۇ مەزگىلدە قاراقىتانلار بىر قەدەر كەڭ ۋە مۆتىدىل سىياسەت قوللانغان.

بۇ مەزگىل يوللىغ تاشىندىن باشلىنىپ گەنتەنىخۇ شياۋ تابۇيەن (1144—1150)، رېنزۇڭ يوللىغ ئىلە (1151 — 1163)، چېڭتيەنخۇ يوللىغ پۇسۇۋەن (1164 — 1177) ۋە قاراقىتان خانلىقىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى يوللىغ جىرۇق (1178 — 1211) ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىگىچە بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مەزگىلدە قاراقىتانلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى كەڭ رايونلار كۆپ مىللەتلىك، كۆپ دىنلىق، كۆپ خىل مەدەنىيەت تۈسىنى ئالغان رايونلار ئىدى. قاراقىتان ھۆكۈمرانلىرى مەمۇرىي باشقۇرۇش جەھەتتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي ئالاقە - ھۆججەتلىرىدە خەنزۇچە يېزىقنى قوللىناتتى، پۇللىرىنىمۇ جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرىدىكى پۇلنىڭ شەكلىدە قۇيدۇراتتى. پۇلنىڭ ئۈستىدە "گەنتيەن يامبۇسى"، "سوغدى تومپۇرى"، "تيەنشى تومپۇرى" دېگەنگە ئوخشاش خەنزۇچە يېزىق بار ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە قىتانچە يېزىقىمۇ ساقلاپ قېلىنغانىدى. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان قارام ئەللەر بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا پارسچە يېزىقىمۇ قوللىناتتى، خانلىقنىڭ ئوتتۇرا ۋە شەرقىي قىسمىدىكى زېمىندا بولسا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى قوللىنىلاتتى. ئۇنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرى لياۋ سۇلالىسىنىڭكىگە ۋارىسلىق قىلىنغانىدى. ئەمەل - ئۇنۋان نامى ۋە يىل - ئاي ھېسابىمۇ خەنزۇلار رايونىدىكى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ھەربىر قاراقىتان پادىشاھىنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن بېرىلگەن نامى بار ئىدى، يېڭى تەختكە چىققان پادىشاھ يىلنامىنى ئۆزگەرتىپ، يىلنى يېڭىدىن باشلايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلار يولغا

قويغان بەزى تۈزۈملەر ئاساسەن ئىچكى رايونلاردا قوللىنىلغان چارە بىلەن ئوخشاش ئىدى، مەسىلەن، باج ئېلىشتا ئېلىمىز ئەزەلدىن قوللىنىپ كەلگەن " تۈتۈن بېجى "، يەنى تۈتۈن (ئائىلە) بويىچە باج ئېلىش تۈزۈمى قوللىنىلاتتى (ھەربىر ئائىلىدىن بىر دىنار باج ئېلىناتتى). بۇنىڭدىن باشقا، قاراقىتان ھۆكۈمرانلىرى چىن، خەن سۇلالىلىرىدىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ۋىلايەت، ناھىيە تۈزۈمىنى سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى ئورنىغا دەسسىتىش تەجرىبىسىنى قوبۇل قىلىپ، شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەسلىدىكى سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنى ئۆزگەرتكەن، سۇيۇرغاللىق يەر ئايرىپ بەرمىگەن. بەيئەت قىلغان قارام ئەللەرگە ئاساسلىقى شاخنا (نازارەتچى) ئەۋەتىپ، سىياسىي پەرمانلارنى يەتكۈزۈش، باج - خىراج ئېلىش چارىسىنى قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىغا ئارىلاشمىغان. يەرلىك ھۆكۈمرانلار مەيدىسىگە بىر تال كۈمۈش ئىزناك تاقاپ، ئۆزىنىڭ پادىشاھقا بولغان قاراملىق مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلىسىلا كۇپايە قىلغان.

دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە، قاراقىتان خانلىقى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دىنىي تۇرمۇشىغا ئارىلاشمىغان، شۇ مەزگىلدە بىرەر خىل دىنىي زورلۇق بىلەن يولغا قويۇش ياكى خەلقنى ئۆز دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلاش ئەھۋاللىرى سادىر بولمىغان. قوجو ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىرى ئىلى رايونىدا پائالىيەت قىلىپلا قالماي، خىرىستىئان دىنىمۇ ئىلى دەرياسى ۋە چۇ دەرياسى ۋادىلىرىدا تارقالغان ۋە راۋاجلانغان. يەرلىك مىللەتلەر " ئاق كىيىمنى خەيرلىك كىيىم، قارا كىيىمنى مۇسىبەت كىيىمى قىلاتتى "، قارا رەڭنى ئەلا بىلىدىغان قاراقىتان ھۆكۈمرانلىرىمۇ ئەسلىدىكى ئادىتىنى بارا - بارا تاشلاپ، يېڭى ئادەتنى قوللىنىپ،" ھەممىسى ئاق كىيىم كىيىدىغان بولغان①. " شۇڭا، بۇ مەزگىلدە غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى بىر قەدەر مۇقىم بولغان، دىنىي ئېتىقادى ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر ئارىسىدا ۋە يەرلىك ھاكىمىيەتلەر ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت، توقۇنۇش ناھايىتى ئاز يۈز بەرگەن. مالىمانچىلىق

---

① «غەربكە ساياھەت خاتىرىلىرى»، 1 - قىسىم.

ئاساسەن ماۋەرائۇننەھر رايونىدا يۈز بەرگەن، غەربىي قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمرانى بىلەن قارلۇق ھەربىي سەركەردىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بارغانسېرى ئەۋج ئالغان. قاراقىتانلار كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتقان خارەزمگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ماۋەرائۇننەھر رايونىدىكى قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنى كۈچىنىڭ بارىچە يۆلىگەن. مىلادى 1158 - يىلى گۈرخان غەربىي قاراخانىيلارنىڭ ئىسيانچى قارلۇقلارنى باستۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، قەشقەردىكى ئىلىك ئى تۈركمەن (ئىبراھىمخان) نى قوشۇن باشلاپ ياردەم بېرىشكە ئەۋەتكەن. 1163 - يىلى قاراقىتان ھۆكۈمرانلىرى يەنە سەمەرقەندتىكى ئىلىك چاغرۇلخاننى قارلۇقلارنى قورالسىزلاندۇرۇپ، قەشقەرگە كۆچۈرۈپ، تېرىقچىلىق ياكى باشقا ئەمگەك بىلەن شۇغۇللاندۇرۇشقا بۇيرۇغان. چاغرۇلخان قارلۇقلارنى باستۇرۇش داۋامىدا، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بۇخارانى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان. بۇخارا ھاكىمى سوتچى ئىبنى مازا غەزەپلەنگەن ھالدا چاغرۇلخانغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ: " بىلىپ قويۇڭكى، تۈنۈگۈن كاپىرلار (قاراقىتانلارنى دېمەكچى) بۇ دۆلەتكە ئاياغ بېسىپ كىرگەندە، باشقىلارنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلىمىغان ۋە كىشىلەرگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزمىگەن. مەن سىلەرگە ئاجرىتىپ بەرگەن خىراجەتمۇ سىلەرنىڭ ئېھتىياجىڭلارغا يېتىپ ئاشىدۇ، سىلەرنىڭ ئۇنداق بۇلاڭ - تالاڭ، قىرغىنچىلىق قىلماسلىقىڭلارنى ئۆتۈنىمەن ①" دېگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قاراقىتان ھۆكۈمرانلىرى " غەيرىي دىن " دە بولسىمۇ، لېكىن ماۋەرائۇننەھر رايونىدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا خالىغانچە بۇلاڭ - تالاڭ ۋە قىرغىنچىلىق قىلماي ياخشى تەسىر قالدۇرغان.

ئۈچىنچى مەزگىل — قاراقىتان خانلىقىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى يوللىغ جىرۇق ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىل. بۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا سىياسىي كونتروللۇق يوقالغان، خەلق قوزغىلىپ كەتكەن، ۋاسساللار ئىسيان كۆتۈرگەن. قاراقىتان خانلىقى ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىپ ئۆز

① «تارىخى ئۇمۇمىيە» دىن تاللاپ قىلىنغان تەرجىمە (1. قىسىم).

www.uyghurkitap.com

هۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىشقا ھەرقانچە ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، لېكىن زاۋال تېپىش تەقدىرىدىن قۇتۇلالمىغان.

قاراقىتانىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى يۇللىغ جىرۇق ئوردا مالىمانچىلىقىدىن كېيىن تەختكە چىققان. مىلادى 1177 - يىلى چېكتىيەنخۇنىڭ ئانىسى پۇسۇۋەن كوراگان شياۋ دوروبۇنىڭ ئىنىسى پۇگۇجى شالى بىلەن زىنا قىلىپ كوراگاننى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. كوراگاننىڭ ئاتىسى شياۋ خورىلا لەشكەر باشلاپ كېلىپ ئوردىنى قورشاپ پۇسۇۋەن بىلەن پۇگۇجى شالىنى ئۆلتۈرگەن. پۇسۇۋەن ئۆلگەندىن كېيىن، يۇللىغ ئىلەنىڭ 2 - ئوغلى جىرۇق تەختكە چىققان. يۇللىغ جىرۇق ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە، قاراقىتان خانلىقى يەنىلا كۈچلۈك ئىدى، شۇڭا خارەزم شاھ بىلەن قاراقىتانلار ئوتتۇرىسىدىكى سودا بىر مەزگىل داۋام قىلغان، بۇنىڭدا ئۇيغۇر سودىگەرلىرى مۇھىم رول ئوينىغان. خارەزم شاھ بىلەن قاراقىتانلار ئوتتۇرىسىدا سۈلھ تۈزۈلگەندىن كېيىن، مىلادى 1209 - يىلى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، شائىر شەيخ سەئدى سودا كارۋانلىرى بىلەن قەشقەرگە بارغان. كېيىنكى مەزگىلدە قاراقىتان خانلىقى تېز زەئىپلىشىشكە باشلىغان. شۇڭا، ئەسلىدە قاراقىتانغا بەيئەت قىلىپ ئولپان تاپشۇرۇپ كەلگەن خارەزم قاراقىتانغا بولغان قارامىلىق ئورنىدىن قۇتۇلۇشقا جىددىي ئۇرۇنۇپ، قاراقىتان ئەلچىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئولپان تاپشۇرۇشنى رەت قىلىپلا قالماي، ماۋەرائۇننەھر رايونىغا نەچچە قېتىم بېسىپ كىرگەن. قاراقىتان ھۆكۈمرانلىرى ۋاسساللارغا بولغان كونتروللۇقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ھەدەپ ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىشقا كىرىشكەن. مۇسۇلمانچە تارىخ ماتېرىياللىرىدا گۈرخان يۇللىغ جىرۇقنىڭ كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان ئىسلامچە " مۇھەممەد " دېگەن ئىسمى كۆزگە چېلىقىدۇ①. ئۇنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەن قاراقىتان خانى ئىكەنلىكى ئېهتىمالغا يېقىن. ئۇنىڭ ۋەزىرى مەھمۇد تايى مۇسۇلمان سودىگەر ئىدى. قاراقىتان خانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىلدىكى ھۆكۈمرانلىرى ئىسلام دىنىنى ھۆرمەتلىگىنى ئۈچۈن، شەرقىي قاراخانىيلار رايونىدا ئىسلام دىنى راۋاج

---

① ئىبنى ئەسىر: «تارىخي ئومۇمىيە»، 11 - جىلد.

ئاپقان، بالاساغۇننىڭ شىمالىدىكى قارلۇقلار تۇرىدىغان غەيرىي مۇسۇلمان رايونلىرىدا قايالىق ۋە ئالمىلىقتىن ئىبارەت ئىككى مۇسۇلمان قارام دۆلەت بارلىققا كەلگەن. قاراخانىيلار خانلىقى بىلەن قوچو ئۇيغۇر خانلىقى چېگرىلىنىدىغان كۇسەن (كۇچا) رايونىدا ئۇيغۇر بۇددىستلىرى بىلەن جەڭ قىلغان ئىسلام قەھرىمانى قىزىربېك مەيدانغا چىققان. ئۇ قەشقەر مۇسۇلمانلىرى قوچو ئۇيغۇرلىرى بىلەن جەڭ قىلغاندا قەشقەرلىكلەرگە ياردەم بەرگەن. ئۇنىڭ قىلغان بۇ ياردىمىگە جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن، قەشقەر خانى قىزىربېكقا خان دېگەن ئۇنۋانىنى بەرگەن. بىراق، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ئىسلام دىنى چەرچەنگىچىلا كېڭەيگەن. ماۋەرائۇننەھر رايونىنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى مالىمانچىلىقنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، قاراقىتان ھۆكۈمرانلىرىمۇ دىنىي كۈچلەرنى كۈچىنىڭ بارىچە يۆلەپ، ئۆزىنىڭ ماۋەرائۇننەھر رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىشكە تىرىشقان. شۇ چاغلاردا بۇخارادىكى مەشھۇر دىنىي مۆتىۋەر ئائىلە — بۇرھانىدىن جەمەتى ئىچىدە "سادىل جاھان" دەپ ئاتالغان دىنىي گۇرۇھ ئىلكىدىكى "بۇرھان خانلىقى" بارلىققا كېلىپ، قاراقىتان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ شۇ جايدىكى ۋەكىلى بولۇپ قالغان. ئۇلار كۆپلىگەن ۋەخپە يەر - مۈلۈكلەرنى ئىگىلىۋالغان ھەمدە قاراقىتان خانلىقىغا باج - ئولپان تاپشۇرۇش دېگەن باھانە بىلەن زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ، خەلقنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىغان. 1206 - يىلى بۇخارادىكى مۇسۇلمانلار قالقانچى سانجارنىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن، خارەزم ھۆكۈمرانى شاھ مۇھەممەد 1207 - يىلى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوشۇن چىقىرىپ، بۇخارانى ئىشغال قىلىۋالغان ھەمدە سەمەرقەند ھۆكۈمرانى ئوسمان بىلەن بىرلىشىپ قاراقىتانلارغا قارشى جەڭ قىلغان، 1210 - يىلى تالاستا قاراقىتان باش سانغۇنى تايانگۇنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغان، شۇنىڭ بىلەن خارەزم قاراقىتان خانلىقىغا بولغان بېقىندىلىق ئورنىدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلغان.

قاراقىتان خانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تېز زاۋال

www.uyghurkitap.com

تېپىشقا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى شىنجاڭ رايونىدىمۇ داۋالغۇش كېلىپ چىققان. قاراقىتان خانلىقى ھەرقايسى جايلارغا ئەۋەتكەن نازارەتچىلەر ئۆزۈندىن بۇيان ئىزچىل تۈردە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ، تۈرلۈك يوللار بىلەن بۇلاڭ - تالاڭ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاددىي پۇقرالارنىڭ غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغاپلا قالماي، ھەرقايسى ۋاسساللارنىڭ باشلىقلىرىنىمۇ ئىنتايىن بىزار قىلغانىدى. قاراقىتان خانلىقى سىياسىي كونتروللۇقنى يوقىتىپ قويۇش بىلەنلا، ھەرقايسى جايلاردا كەينى - كەينىدىن قارشىلىق ھەرىكەتلىرى يۈز بەرگەن. قەشقەر ۋە خوتەن ئاۋۋال ئىسيان كۆتۈرگەن، گۈرخان قەشقەرنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرغاندا، قەشقەر خانى مۇھەممەد ئىبنى يۈسۈپنى ئەسىر ئېلىپ قاماپ قويغان، ئۇ يەنە قايالىق خانى ئارسلانخاننى خوتەندىكى قارشىلىق كۆرسەتكۈچلەرنى باستۇرۇشقا بۇيرۇغان. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بۇ ۋاسسال خان ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشنى راۋا كۆرمەي، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. ئۇنىڭ ئوغلى تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلغان ۋە چىڭگىزخاننىڭ بىر قىزى بىلەن توي قىلىشقا مۇيەسسەر بولغان.

يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن يەنە بىر ۋاسسال خانلىق — ئالمىلىق (ھازىرقى ئىلى) نى قۇياسلىق قارلۇق ئوزار قۇرغان. ئوزار ئەسلىدە يىلقا ئوغرىلاپ، يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىدىغان ئورمان قەھرىمانى سۈپىتىدە باش كۆتۈرۈپ چىققان، ئۇ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنى قورال كۈچى بىلەن كېڭەيتىپ، ئالمىلىق شەھرىنى ئىشغال قىلىپ، پۈتۈن رايوننى بويسۇندۇرغان ۋە پولات (ھازىرقى بورتالا ناھىيىسى دائىرىسىدە) نى ئىشغال قىلغان. ئۇ قارام ئادەم بولسىمۇ، لېكىن ئىخلاسمەن خۇداگۇي ئىدى. بىر كۈنى سۇفى يەكتىكى كىيگەن بىر سۇفى پۇل قەرز ئېلىش ئۈچۈن كەلگەندە، ئوزار ئۇ سۇفىغا بىر ئالتۇن بەلىش سەدىقە بېرىپ، سۇفىدىن ئۆزىنىڭ ئاللاغا بولغان ھۆرمىتىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئۆتۈنگەن ۋە بۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ كۆزىگە ياش ئالغان. ئالمىلىق خانى ئوزارمۇ قاراقىتان خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە

قاراقىتانىدىن ئايرىلىپ چىقىپ چىڭگىزخانغا ئەلچى ئەۋەتىپ بەيئەت قىلغان ۋە چىڭگىزخانىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە جوجى بىلەن قوشۇلاشقان.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئىككى ۋاسسال خانلىقتىن باشقا، قاراقىتاي ھۆكۈمرانلىقى يىمىرىلىش ئالدىدا، قوجو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىدىقۇتى بارچۇق ئارت تېكىنمۇ قاراقىتانىنىڭ قوجودا تۇرۇشلۇق نازارەتچىسى كەنجى باسقاقنى ئۆلتۈرۈپ، چىڭگىزخانغا ئەل بولغان. چىڭگىزخان ئۇنى 5 - ئوغلۇم دەپ ئاتىغان.

ئۈچىنچى مەزگىل — كۈچلۈك خانلىق ئورنىنى تارتىۋالغان مەزگىل. بۇ مەزگىلدە ئىسلام دىنىغا بېسىم سىياسىتى قوللىنىلغانلىقتىن ، ھەرقايسى رايونلاردىكى ئىسلام فېئوداللىرىنىڭ ۋە كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. چىڭگىزخان ئەسكەر ئەۋەتىپ كۈچلۈككە جازا يۈرۈشى قىلغان، شۇنىڭ بىلەن قاراقىتان خانلىقى ئاخىر گۇمران بولغان.

كۈچلۈك نايمان خانى تايبۇقا (تايانخان)نىڭ ئوغلى ئىدى. 1204- يىلى موڭغۇللارنىڭ سەردارى بۆرە تېكىن تېمۇچىن جەڭ ئۈستىدە نايمان خانى تايبۇقىنى ئۆلتۈرگەن، 1206 - يىلى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلەر قۇرۇلتىيىدا تېمۇچىن چىڭگىزخان قىلىپ سايلانغاندىن كېيىن، شۇ يىلى نايمان سەردارى بۇيرۇقنى تىرىك تۇتۇپ ئۆلتۈرگەن. تايبۇقانىڭ ئوغلى، بۇيرۇقنىڭ جىيەنى كۈچلۈك قېچىپ كېتىپ، مېركىت قەبىلىسىدىكى توقتاي بىلەن بىرلىشىۋالغان، لېكىن چىڭگىزخانىنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشى ئارقىسىدا، ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان، توقتاي ئۆلتۈرۈلگەن. كۈچلۈك بالاساغۇنغا قېچىپ بېرىپ، قاراقىتانىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى يوللىغ جىرۇقىغا تايانغان. ئۇ چاغدا يوللىغ جىرۇق بارغانسېرى گاللىۋاشلىشىپ، ئەيش - ئىشرەت، سەيلە - شىكار بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرى بىلەن كارى بولمىغان، لېكىن كۈچلۈكنى ئوبدان كۈتۈپ، قىزىنى بېرىپ، كۈيئوغۇل قىلىۋالغان. شۇ چاغدا قوجو ئۇيغۇر خانى، ماۋەرائۇننەھر رايونىدىكى سەمەرقەند خانى ۋە خارەزم سۇلتانى قاراقىتان خانلىقىدىن ئايرىلىپ چىقىش

ئۇچۇن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتاتتى، كۈچلۈكمۇ جىرۇقنى غۇلىتىپ، تەختنى تارتىۋېلىش قەستىگە چۈشكەن. ئۇ ئالدى بىلەن جىرۇقنىڭ قول ئاستىدىكى سانغۇنلاردىن بىرنەچچىسىنى ئۆزىگە تارتىپ گۇرۇھ تۈزگەن ھەمدە قايتىپ كېتىپ، قالدۇق نايمان قەبىلىسىنى يىغىشنى تەلەپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مېركىت قەبىلىسىنىڭ قالدۇق ئاممىسىمۇ كۈچلۈككە ئەگەشكەن، كۈچلۈك ئەنە شۇنداق تەسلىمچىلەر ۋە ئاسىيلارنى ئەتراپىغا توپلاپ ھەم خارەزم سۇلتانى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، غەلىيان كۆتۈرۈشكە كېلىشكەن، قاراقىتان قوشۇنلىرى سىرتقا ئەۋەتىلگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆز. كەنت شەھىرىدىكى گۆرخانىنىڭ خەزىنىسىنى بۇلاپ، ئۇنىڭدىن كېيىن بالاساغۇنغا ھۇجۇم قىلغان، گۆرخان قېرىپ، تېتى ئاجىزلاپ قالغان بولسىمۇ يەنە قوشۇن باشلاپ جەڭگە چىققان، كۈچلۈك ئۇڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ چېكىنگەن. شۇ چاغدا قاراقىتان قوشۇنى خارەزم بىلەن سەمەرقەندنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىغا قارشى جەڭدە مەغلۇپ بولغان. قاراقىتان باش قوماندانى تايانگۇ تىرىك تۇتۇلۇپ قالغان، ئۇنىڭ تارمار بولغان ئەسكەرلىرى قايتىشىدىن بېرىپ ئۆز دۆلىتىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان، بالاساغۇن ئاھالىسى شەھەر دەرۋازىسىنى تاقىۋېلىپ، ئۇلارنى كىرگۈزمىگەن، قاراقىتان قوشۇنى بالاساغۇنغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، شەھەردە قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەن. دۆلەت خەزىنىسى قۇرۇقدىلىپ قالغاچقا، چوڭ ۋەزىر مەھمۇد تاي ئۆزىنىڭ مال ـ دۇنياسىنىڭ تەقدىم قىلىنىشىدىن ئەنسىرەپ، سەركەردە ۋە ئەسكەرلەرنىڭ كۈچلۈكتىن تارتىۋالغان مال ـ دۇنيانى ھۆكۈمەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان، سەركەردىلەر بۇنىڭدىن نارازى بولۇپ چىقىپ كېتىشكەن. مىلادى 1212 ـ يىلى خارەزم شاھى مۇھەممەد سەمەرقەند شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، غەربىي قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمرانى ئوسماننى ئۆلتۈرگەن. كۈچلۈك قاراقىتان سەركەردىلىرىنىڭ رايى قايتقانلىقى ۋە خەلقنىڭ مۇشكۇل ئەھۋالدا قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، پىستىرما قوشۇن قويۇپ، جىرۇقنىڭ ئورنىدا " ۋاكالىتەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش " دېگەن نام بىلەن پادىشاھلىق تەختىنى

تارتىۋالغان. ” لياۋ سۇلالىسىنىڭ شاھلىق تون ـ تاجلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، جىرۇقنى شاھىنشاھ، ئۇنىڭ خوتۇنىنى شاھ ئانا دەپ ھۆرمەتلەپ، ئەتىسى ـ ئاخشىمى ئۇلاردىن ئامانلىق سوراپ، ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىشىشىنى كۈتكەن①“ بۇ ۋەقەدىن كېيىنكى 2 ـ يىلى جىرۇق ئۆلگەن، كۈچلۈك قاراقىتان بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، قاراقىتان خانلىقىنىڭ ئاخىرقى ھۆكۈمرانى بولۇۋالغان.

كۈچلۈك ئەسلىدە خىرىستىئان (نېستورىيان) مۇخلىسى ئىدى، لېكىن جىرۇقنىڭ قىزىنى ئالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ گېپىگە كىرىپ، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. ئۇ ئۆز تەۋەسىدىكى فېئودااللارنى تىنچىتىپ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئىسلام دىنىغا بېسىم سىياستى قوللانغان. ئۇ ئالدى بىلەن موڭغۇللارغا بەيئەت قىلغان ئالمىلىق خانى ئوزارنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن نەچچە قېتىم قوشۇن ئەۋەتىپ جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئاخىر ئوزارنى شىكارغا چىققان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ تىرىك تۇتۇۋالغان. كۈچلۈكنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇنى زەنجىر بىلەن باغلاپ، ئالمىلىق شەھىرىنىڭ سېپىل تۈۋىگە ئېلىپ بارغان. ئالمىلىق ئاھالىسى سېپىل دەرۋازىسىنى تاقاپ، كۈچلۈكنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلغان. بۇ چاغدا كۈچلۈك موڭغۇللارنىڭ ياردەمگە كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئالمىلىقتىن قايتقان، ئوزارنى يولدا ئۆلتۈرۈۋەتكەن. بىراق، ئوزار ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى سىغناق تېكىن چىڭگىزخاننىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشىپ، يارلىق بويىچە ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان.

كۈچلۈك ئوزارنى تىرىك تۇتۇپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، قەشقەر بىلەن خوتەنگە جازا يۈرۈشى قىلغان، ئۇ قەشقەرنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن گۆرخان تەرىپىدىن قاماپ قويۇلغان مۇھەممەد ئىبنى يۈسۈپنى قويۇپ بەرگەن، لېكىن قەشقەر ئاقسۆڭەكلىرى ئۇنى قارشى ئالمىغان، يۈسۈپ قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ بۇ ئىشتىن غەزەپلىنىپ، قوشۇن ئەۋەتىپ

① «لياۋ تارىخى»، 30 ـ جىلد، «پادىشاھ تېنزا ھەققىدە خاتىرىلەر».

www.uyghurkitap.com

قەشقەرنى ۋەيران قىلغان. ھەر قېتىملىق ھوسۇل يىغىش مەزگىلىدە، قەشقەرلىكلەرنىڭ زىرائەتلىرىنى ئوت قويۇپ، كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتكەن، كىشىلەر ئۈچ - تۆت يىلغىچە ھوسۇل ئالالماي، زور ئاچارچىلىق يۈز بەرگەن، پۇقرالار ئاچارچىلىققا چىدىيالماي تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولغان. كۈچلۈك قوشۇن باشلاپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ، شەھەرنى ئېلىپ، ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈپ، پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋەتكەن. ھەر بىر ئائىلىگە بىردىن ئەسكەر قويۇپ، پۇقرالار ئۈستىدىن قاتتىق نازارەت قىلغان، بۇ ئەسكەرلەر ھەممىلا يەردە خوتۇن - قىزلارغا باسقۇنچىلىق قىلغان، شەھەر ئەتراپىدىكى خەلق ئۆيلىرىنى تارتىۋېلىپ ئۆز ئادەملىرىگە بەرگەن، قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىغان.

كۈچلۈك بۇ يەردىن داۋاملىق ئىلگىرىلەپ خوتەنگە ھۇجۇم قىلغان. قىلىچ خان مۇداپىئە قىلغان. كۈچلۈك ئۇنى ئاخىرى ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈپ خوتەننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، خوتەن ئاھالىسىنى قىرغىن قىلغان، شەھەرلەرنى كۆيدۈرگەن، يەرلىك ئاھالىنى ئىسلام دىنىدىن چىقىپ شامان دىنىغا كىرىشكە مەجبۇرلىغان، ئۇلارغا تۈرلۈك زۇلۇملارنى سالغان. كۈچلۈك خەلقنىڭ ئىسلام دىنىدا چىڭ تۇرۇشى خوتەندە ئالىملارنىڭ كۆپ بولغانلىقىدىن دەپ قاراپ، ئالىملارنى يوقىتىش كويىغا چۈشكەن ئۇ: ئالىملارنىڭ ھەممىسى توپلانسۇن، دىن توغرىسىدا مۇنازىرە بولىدۇ، كىم ھەق بولسا ھەممىمىز ئۇنىڭغا بويسۇنىمىز، دېگەن مەزمۇندا يارلىق چىقارغان. مەيدانغا 3000 غا يېقىن ئالىم توپلانغان. كۈچلۈك ئەسكەرلەر بىلەن ھازىر بولۇپ مۇنازىرىنى باشلىغان. خوتەننىڭ ئالىملىرىدىن ئىمام ئالائىددىن ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقىنى، بۇددا چوقۇنۇشىنىڭ بەكلا ئاساسسىزلىقىنى ناھايىتى كۈچلۈك، ئوچۇق پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلىغان. كۈچلۈك بۇ دەلىللەرنىڭ ئالدىدا شەرمەندە ۋە خىجالەت بولۇپ، ھېچنېمە دېيەلمەي، ئىسلام دىنىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھاقارەت قىلىشقا باشلىغان. ئىمام ئالائىددىن كۈچلۈككە جاۋاب بېرىپ، ئۇنى ئاۋۋالقىدىنمۇ بەكرەك شەرمەندە قىلغان.

كۈچلۈك ئەسكەرلىرىگە بۇيرۇق بېرىپ، مەيدانغا توپلانغان ئالىملارنى بىر يولىلا قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرگەن. شۇ كۈندىن باشلاپ ئەزان ئېيتىش، مەسچىتكە يىغىلىش ۋە باشقا ئىسلام قائىدىلىرىنى پۈتۈنلەي مەنئى قىلغان. مەسچىت ۋە مەدرىسلەرنى ۋەيران قىلغان، قولغا چۈشۈرگەن كىتابلارنى كۆيدۈرگەن، مۇسۇلمانلىقنى ئىزھار قىلغان كىشىلەرنى تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن ئۆلتۈرگەن. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن، كۈچلۈك ئەلپازىنى بۇزۇپ ئىمام ئالائىددىننى تۇتۇشقا بۇيرۇق قىلغان. ئۇنىڭ كېيىمنى سالدۇرۇپ يالىڭاچلاپ، يېمەك - ئىچمەك بەرمەي، قاتتىق ئۇرۇپ، ئۇنى ئىسلام دىنىدىن يېنىشقا مەجبۇرلىغان، ئىمام ئالائىددىن قاتتىق ئازابلارنى تارتقان بولسىمۇ، ئۆز ئېتىقادىدىن قىلچە تەۋرەنمىگەن. نەتىجىدە ئۇنى ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان مەدرىسىنىڭ دەرۋازىسىغا مىقلاپ ئۆلتۈرگەن.

كۈچلۈكنىڭ تۈرلۈك زوراۋانلىق قىلمىشلىرى قەشقەر ۋە خوتەن خەلقىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىنى قوزغىغان. چىڭگىزخان داھىيلىقىدىكى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى بۇ رەقىبىنىڭ قاراقىتان خانلىق تەختىدە بىمالال ئولتۇرۇشىنى خالىمايتتى. شۇڭا، 1218 - يىلى باش سانغۇن جەبەنويان‌نى 20 مىڭ ئەسكەر بىلەن كۈچلۈككە جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتكەن، قوجو ئىدىقۇتىمۇ بۇيرۇققا بىنائەن قوشۇنلىرىنى جەڭگە ئاتلاندۇرغان. موڭغۇل قوشۇنلىرى بالاساغۇننى ئىشغال قىلغان ۋە تارىم ئويمانلىقىغا قاراپ ئىلگىرىلىگەن. كۈچلۈك شۇ چاغدا قەشقەردە ئىدى، ئۇ موڭغۇل قوشۇنلىرى يېتىپ بېرىپ، تېخى جەڭ باشلانماي تۇرۇپلا، جېنىنى ئېلىپ قېچىپ كەتكەن. موڭغۇل قوشۇنلىرىغا كۈچلۈكتىن باشقا ھېچنەرسە كېرەك ئەمەس ئىدى، ئۇلار پەرمانچى ئارقىلىق قەشقەر ئاھالىسىگە: " ھەركىم ئۆز دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، ئۆز دىنىنىڭ قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلىۋەرسە بولىدۇ ①" دەپ جاكارلىغان. كۈچلۈك قاچقاندا، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيلىرىدە تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلىرىنى پۇقرالار ئۆلتۈرۈپ تۈگەتكەن. ئەسلى بالاساغۇندىكى قاراقىتانىنىڭ كونا ئەمەلدارى، خوجەندىنىڭ

---

① جۇۋەينى: «تارىخى جاھانكۇشاي»، 1 - قىسىم، 74 - بەت (خەنزۇچە).

باسقاق بېگى ئىسمائىل قاتارلىق شەھەر ئاقساقاللىرى موڭغۇل قوشۇنىغا ئەل بولغان، ئىسمائىل جەبەنويانىنىڭ تۇرشاۋۇلى بولۇپ، كۈچلۈكنىڭ قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلغان. كۈچلۈك موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشى بىلەن بەدەخشانغا قېچىپ بېرىپ، سارىغ چوپان جىلغىسىدا يەرلىك ئۇۋچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان، ئۇلار ئۇنى موڭغۇل قوشۇنىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن، موڭغۇللار ئۇۋچىلارغا كۆپ پۇل ئىنئام قىلغان، ئۇنىڭدىن كېيىن كۈچلۈكنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ ماڭغان. جەبەنويان ئىسمائىلنى كۈچلۈكنىڭ كاللىسىنى ھەرقايسى جايلارغا ئاپىرىپ سازايى قىلىشقا بۇيرۇغان، قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق شەھەرلەر ئارقا ـ ئارقىدىن موڭغۇل قوشۇنلىرىغا بەيئەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن قاراقىتان خانلىقىنىڭ قەدىمكى شىنجاڭ رايونىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى تامامەن ئاخىرلاشقان.

## 2 ـ بۆلۈم موڭغۇل ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى دىنىي سىياسەت

مىلادى 1218 ـ يىلى ئېلىمىزدىكى تىيانشان تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رايونلار موڭغۇل قوشۇنلىرى تەرىپىدىن قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىگە كىردى. موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى ھەربىي كېڭەيمىچىلىك قىلىش ۋە زېمىنى كەڭ، مىللىتى مۇرەككەپ، مەدەنىيىتى پەرقلىق بولغان بۇ خانلىقتىكى ھۆكۈمرانلىقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن دىنىي جەھەتتە، ھەرقايسى دىنلارغا ئوخشاش يول قويۇش سىياسىتىنى قوللاندى. موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى دىنىي سىياسەت تۇرۇپ چىقىش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشتا، ئۇمۇمەن مۇنداق بىرنەچچە دەۋرنى باشتىن كەچۈردى:

بىرىنچى، چىڭگىزخان دەۋرى.

چىڭگىزخان (مىلادى 1162 — 1227 ـ يىللار) XII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا باش كۆتۈرۈپ چىققان موڭغۇل مىللىتىنىڭ مەشھۇر داھىيسى بولۇپ، يۈەن تەيزۇ (يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاساسچىسى) دەپ ھۆرمەتلىنىدۇ. بۇ دەۋردە، قوجۇ ئىدىقۇتى①، ئالمىلىق خانى ۋە قايالىقتىكى قارلۇق خانى چىڭگىزخان تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىن ئۆتۈپ ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇش جېڭى ئېلىپ بارغاندا تۆھپە كۆرسەتكەن، بولۇپمۇ ئىدىقۇت چىڭگىزخان بىلەن بىللە تاڭغۇتلارغا قارشى جەڭ قىلغان، شۇڭا چىڭگىزخان ئۇنى ئەتىۋارلىغان. قوجۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتى ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلىرىنى ساقلاپ قېلىپ، بۇرۇنقى ئۇنۋانى بويىچە ئاتىلىۋەرگەن. سىغناق تېكىنمۇ چىڭگىزخاننىڭ ھىممىتىگە ئېرىشىپ، بۇيرۇققا بىنائەن ئالمىلىقنى باشقۇرغان. موڭغۇل ھۆكۈمرانى بۇ ئىككى جايغا نازارەتچىلىك

① ئۇيغۇرلار ئۆز ھۆكۈمرانلىرىنى "ئىدىقۇت" دەپ ئاتىغان، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى "دۆلەت ـــ بەخت ئىگىسى" دېمەكتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىش ئۈچۈن پەقەت " دارۇغاچ " لا ئەۋەتكەن. قارلۇق خانى ئارسلانخان بولسا يەنىلا قايالىققا ئىگىدارلىق قىلغان، كېيىن ئۇنىڭ ئوغلىغا يەنە سىر دەرياسى بويىدىكى ئۆز كەنتىنى سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن. چىڭگىزخان ئۆزىگە بىرىنچى بولۇپ بەيئەت قىلغان ئىسلام دىنىدىكى پادىشاھ ئارسلانخاننى " سارتاقتاي " دەپ ئاتاشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. بۇ سۆز " مەلۇم مەدەنىيەت تىپىدىكى ئادەم " دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.① دېمەك، موڭغۇللار ئۇلارنى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ نەچچە خىل مەدەنىيەت تەركىبىدىكى ئىسلام مەدەنىيىتى ۋەكىلى، دەپ قارىغان. چىڭگىزخان مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە ھەربىي ئىشلاردا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا دىندىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى مەنىۋى تايانچ قىلىشقا بەكمۇ ئەھمىيەت بەرگەن. چىڭگىزخان دەۋرىدە شامان دىنى موڭغۇللارنىڭ ئاساسىي ئېتىقادى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەر خىل دىنلارغا ئوخشاش يول قويۇش سىياسىتىنى قوللانغان. چىڭگىزخان مۇنداق بۇيرۇق چۈشۈرگەن: ھەممە دىنغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك، بىرىسىگە يان بېسىپ، يەنە بىرسىنى چەكلەشكە بولمايدۇ؛ ھەرقانداق دىني مەزھەپنىڭ ئەركىنلىكىگە دەخلى قىلىش جازالاشقا تېگىشلىك جىنايى قىلمىش ھېسابلىنىدۇ؛ دىنغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپلا قالماي، بارلىق دىنلارغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك؛ دەرۋىشلەر، موللىلار، قازىلار، تېۋىپلار، ئۆلىمالاردىن، تائەت - ئىبادەتكە ئۆزىنى ئاتىغان ۋە زاھىدلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلاردىن باج - ئىجارە ئېلىنمايدۇ، ئۇلارغا ئالۋان - ياساق سېلىنمايدۇ؛ ھۆرمەت قىلىش يۈزىسىدىن، ئىبادەتخانا، مەسچىت، بۇتخانىلار ۋە ئۇلاردا ئولتۇرۇشلۇق راھىبلاردىن ئېلىنىدىغان بارلىق باج - ئىجارە كەچۈرۈم قىلىنىدۇ ۋەھاكازا. لېكىن، چىڭگىزخاننىڭ دىني سىياسىتى ئۇنىڭ ھەربىي كېڭەيمىچىلىك يۈرگۈزۈشى ۋە سىياسىي ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى، شۇڭا ئۇنىڭ دىني سىياسىتىنىڭ ئىجرا

---

① ۋىلىيام بارتولد : «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىغا دائىر 12 لېكسىيە»، 133 - بەت، لوجىپىڭ تەرجىمىسى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1984 - يىل نەشرى.

قىلىنىشى ھەمىشە دېگۈدەك ئەمەلىي ئەھۋالنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرغان.

يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، چىڭگىزخان قوشۇن ئەۋەتىپ كۈچلۈككە جازا يۈرۈشى قىلغاندا، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى قوغدىلىدىغانلىقىنى جاكارلىغانلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش جېڭىدە ناھايىتى تېز غەلىبە قازانغان. لېكىن، 1219- يىلدىن 1224- يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇش ۋاقتىدا ئەھۋال ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئىسلام دىنىغا پۈتۈنلەي باشقىچە پوزىتسىيە قوللانغان. 1219- يىلى ئوترارنىڭ يەرلىك ھاكىمى قايىرخان ئىنالچۇق چىڭگىزخان ئەۋەتكەن مۇسۇلمان سودىگەرلەرنى ۋە ئەلچىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى، موڭغۇل قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇش ۋاقتىدا خارەزم شاھى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدىكى مۇسۇلمانلار قوراللىق قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام خانلىقىنى ئىشغال قىلىشتا "ئاللانىڭ دەررىسى" سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ، مۇسۇلمانلارنى قىرىپ تاشلاپ ۋە ئىسلام دىنىنى ھاقارەتلەش ھەرىكىتىنى ئوچۇق - ئاشكارا قوللانغان. مەسىلەن، بۇخارادا چوڭ مەسچىتنى موڭغۇل ئاتلىق قوشۇنىنىڭ ئەسكەرلىرى دەپسەندە قىلغان، «قۇرئان» كۆچۈرمىلىرىنى يەرگە چېچىپ پېتىقلىغان، «قۇرئان» سېلىنىدىغان ساندۇقلار موڭغۇللارنىڭ ئات ئوقۇرى قىلىنغان، ئىمام، شەيخ، ئۆلىمالار ئېغىلدا ئات بېقىشقا قويۇلغان، ئاخىرىدا ئۇلارمۇ باشقا مۇسۇلمانلار بىلەن بىر قاتاردا قىرغىن قىلىنغان ۋە سۈرگۈن قىلىنغان.

ئەمما، ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، چىڭگىزخانىنىڭ دىنىي سىياسىتى ئۇنىڭ ئۆز ئۆمرىدە تەرەپ - تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ زېمىن كېڭەيتىش، موڭغۇل ئۇلۇغ ئىمپېرىيىسى قۇرۇش ئىشلىرىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇنىڭ ھەممە دىنغا ئوخشاش يول قويۇش سىياسىتى بويسۇندۇرۇلغان رايونلاردىكى ئوخشاش بولمىغان دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەردارلىرىنى ۋە پۇقرالىرىنى جەلىپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ قارشىلىقىنى ئازايتىشقا پايدىلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى نۇرغۇن مىللەت ۋە ھەرخىل دىندىكى زاتلار ۋە پۇقرالار ئارىسىدىكى ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلەرنى ھۆرمەتلەپ، ئىختىساسلىق خادىملارنى ئۆز يېنىغا تارتىپ ئىشلىتىشكىمۇ پايدىلىق بولغان. چىڭگىزخان ئىشقا قويغان مەشھۇر ئەربابلار، مەسىلەن، قىتان مىللىتىدىن بولغان بۇددىست زاھىد يۈللىغ چۇساي، ئۇيغۇر مىللىتىدىن بولغان نېستورىيان مۇرىتى تاتاتۇڭا، تويىن دىنى داھىيسى، شەندۇڭلۇق ئەۋلىيا چيۇ چۇجى قاتارلىق كىشىلەر مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇيغۇر ئالىمى تاشتۇن چىڭگىزخان ھۇزۇرىدا مۆھۆردار بولۇپ، " چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نىشاپۇرغا يېتىپ بارغاندا، نىشاپۇر خەلقىگە ئۇيغۇرچە ھەرپ بىلەن يېزىلغان، قىزىل مۆھۈر بېسىلغان پەرمانىنىڭ ئەينىنى چۈشۈرگەن①. " بۇ يەردە غەربىي يۇرتلۇق مۇسۇلمان مەھمۇد يالۋاچ بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى مەسئۇد ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. يالۋاچنىڭ ئۆز ئىسمى مەھمۇد خارەزم بولۇپ، ئەسلىدە بالاساغۇنلۇق ئۇيغۇر ئىدى، تىجارەت قىلىش ئۈچۈن خارەزم پايتەختى ئۈرگەنچ شەھرىگە كۆچۈپ بارغان ۋە ئىسلام دىنى ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ تارمىقى كارامەت مەزھىپىگە مۇرىت بولغان. يالۋاچ بۇرۇن موڭغۇل رايونلىرىغا بېرىپ تىجارەت قىلغان چاغلىرىدىلا چىڭگىزخان بىلەن تونۇشقان، 1215 - يىلدىن كېيىن چىڭگىزخانىنىڭ خارەزمگە ئەۋەتكەن سودا كارۋىنى ۋە ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ مۇھىم كاتتىۋېشى بولۇپ، خارەزم شاھى مۇھەممەد بىلەن موڭغۇل پادىشاھىنىڭ سۇلھ شەرتنامىسى تۈزۈشنى ئېلگىرى سۈرگەن. كېيىن " يالۋاچ " (ئەلچى) دېگەن لەقەب بىلەن ئاتىقى چىققان. چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلىپ، ۋەئىلئەھد جۇجى ئۈرگەنچ شەھرىنى ئالغاندىن كېيىن، يالۋاچ ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە ئوغلى مەسئۇدنى چىڭگىزخانىنىڭ چېدىرىغا باشلاپ ئاپىرىپ كۆرۈشتۈرگەن. چىڭگىزخان مەسئۇدنى موڭغۇل داروغاچقا ھەمكارلىشىپ بۇخارا، سەمەرقەند، ئۈرگەنچ، خوتەن، قەشقەر ۋە باشقا

---

① «بارتولد ئەسەرلىرى»، 640 - بەت.

شەھەرلەرنى ئىدارە قىلىشقا ئەۋەتكەن. ئۇنىڭ ئاتىسى يالۋاچنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ مېڭىپ، ئۇنى پۈتۈن دۆلەت پۇقرالىرىنى باشقۇرىدىغان داروغاچ بىلەن بىللە ئالتۇن بالىق (بېيجىڭ)نى ساقلاشقا ئەۋەتكەن. شۇنىڭدىن تارتىپ، يالۋاچ بىلەن مەسئۇد ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مالىيە - باج ئىشلىرىنى ۋە غەربىي يۇرتنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان، تۆت ئەۋلاد خان دەۋرىدە ئەتىۋارلانغان مۇسۇلمان ئەمەلدار بولۇپ قالغان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مەركىزىي خاندانلىق ۋە چاغاتاي خانلىقى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان.

چىڭگىزخان ئۆز ھاياتىدىكى سىياسىي تەجرىبىسىنى يەكۈنلىگەندە، دىنىي جەھەتتە ھەممە دىنغا ئوخشاش يول قويۇش سىياسىتىنى قوللىنىشنى مۇھىم ۋەسىيەت سۈپىتىدە قالدۇرۇپ: " ئۆز ئەۋلادلىرىنى ھەرگىزمۇ ھەرقانداق دىنغا بىر تەرەپلىمە يان باسماسلىق، ھەرقايسى دىندىكىلەرگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىش كېرەك، دەپ بۇيرۇغان. ①" بۇ ۋەسىيەتنى ھەرقايسى دەۋرلەردىكى موڭغۇل خاقانلىرى ئىزچىل ئىجرا قىلغان.

ئىككىنچى، ئوگداي خاقان ۋە چاغاتاي خان دەۋرى.

چىڭگىزخان ھايات چاغدا، مىلادى 1225 - يىلى تۆت ئوغلىغا زېمىن سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن، بۇ سۇيۇرغاللىق زېمىن تۆت چوڭ خانلىق دەپ ئاتالغان. چوڭ ئوغلى جۇجىغا قىپچاق خانلىقى (روسىيە ۋە سىبىرىيىنىڭ غەربىي قىسمى )، 2 -ئوغلى چاغاتايغا چاغاتاي خانلىقى، 3 - ئوغلى ئوگدايغا ئوگداي خانلىقى (موڭغۇلىيىنىڭ غەربىي قىسمى)، 4 - ئوغلى تولۇيگە موڭغۇللارنىڭ ئۆز زېمىنى سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن. تولۇينىڭ ئوغلى ھۇلاكۇ كېيىنكى چاغلاردا ئىران، ئافغانىستان، غەربىي ئاسىيادا ئىلخان خانلىقىنى قۇرغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە چاغاتاي خانلىقى "قاراقىتانلارنىڭ قەدىمكى زېمىنى " بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قەدىمكى شىنجاڭ رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، پايتەختى ئالمىلىق ئىدى. بىراق، بۇ خانلارنىڭ

① قىبلاڭ چېڭجۈن تەرجىمە قىلغان «دوسسون موڭغۇل تارىخى»، 1 - قىسىم، 158 - بەت.

سۈيۈرغاللىق يېرى يايلاق ـ ئوتلاقلاردىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئېكىنزار رايونلار ۋە شەھەرلەرنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى يەنىلا مەركەزدىكى خاقانىنىڭ قولىدا ئىدى، شۇڭا تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى بېشبالىق، ئۇيغۇرلار رايونى ۋە خوتەن، قەشقەر قاتارلىق شەھەرلەرنى ھەم ئېكىنزار رايونلارنى يەنىلا مەركىزىي ھۆكۈمەت ئەمەلدار ئەۋەتىپ باشقۇراتتى. يەنە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، چىڭگىزخان ئوغۇللىرىغا تەقسىم قىلىپ بەرگەن زېمىن شۇنچە كەڭ بولسىمۇ، لېكىن ئۈچ ۋەلىئەھدىنىڭ ئوردىسى (پايتەختى) قەدىمكى شىنجاڭ رايونىنىڭ دائىرىسىدە ئىدى. جۇجىنىڭ ئوردىسى ئېرتىش دەرياسى بويىدا، ئوگدايىنىڭ ئوردىسى چۆچەكنىڭ يېنىدا، چاغاتايىنىڭ ئوردىسى ئىلىدا ئىدى. 1227 ـ يىلى چىڭگىزخان ۋاپات بولغان، ئوگداي 1229 ـ يىلى خاقانلىق تەختىگە چىقىپ يۇەن تەيزۇڭ بولغاندىن كېيىن شىنجاڭدىن كېتىپ، ئورخۇن دەرياسى بويىدىكى چىڭگىزخاننىڭ پايتەختى قاراقورۇمغا بېرىپ تۇرغان. ھەرخىل دىندىكى ئالىملار يازغان تارىخ ھۆججەتلىرىدە، ئوگداي خاقان (چوڭ خان) نى ئادىل، كۆڭۈل ـ كۆكسى كەڭ پادىشاھ ئىدى، ئۇ ھەرقايسى دىنلارنىڭ ئەركىن راۋاجلىنىشىغا ئىلھام بېرەتتى، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى قاراقورۇمدا ھەرخىل دىنلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرىنى بىنا قىلدۇرۇپ، چىڭگىزخاننىڭ دىنلارغا كەڭ يول قويۇش سىياسىتىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقىنىڭ سىمۋولى قىلغان ھەمدە ھەرخىل دىنلار ئوتتۇرىسىدا بىھۇدە ماجىرا ۋە تالاش ـ تارتىشنى مەنئىي قىلغان، دەپ ئېتىراپ قىلىندۇ. ھالبۇكى، ۋاقىت جەھەتتە ئوگداي خاقان بىلەن زاماندىش بولغان چاغاتاي خان بولسا باشقىچە ئىش تۇتقان. چىڭگىزخان ھايات چېغىدا چاغاتاي خاننى موڭغۇل قانۇنىنىڭ ھامىيسى قىلىپ بېكىتىپ، ئۇنىڭغا ئىمپېرىيىنىڭ جاساق (قانۇن) لىرىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ ئىجرا قىلىشنى تاپشۇرغانىدى. شۇڭا ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش جەريانىدا موڭغۇل قانۇنىنى قاتتىق قوللۇق بىلەن ئىجرا قىلغان، ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلغان سۈيۈرغاللىق زېمىنىدا تېخىمۇ ئۆرنەك كۆرسىتىپ، ئوگدايىنىڭ چوڭ سۈپەت، كەڭ قورساقلىق پەزىلىتىنىڭ

ئەكسىنى ئىپادىلىگەن. موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا قارىتىلغان سىياسەتنى ئىجرا قىلىشىدىكى بەزى كونكرېت ئەھۋاللار موڭغۇل قانۇنى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ زىددىيەتلىك مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئەكس ئەتكەن.

چىڭگىزخان ھايات ۋاقتىدا موڭغۇل قەبىلىلىرى ئىچىدە ۋە ئۆزى بويسۇندۇرغان رايونلاردا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى يۇرگۈزۈش ئۈچۈن موڭغۇللارنىڭ قەدىمىي ئادەتلىرى ئاساسىدا سىستېمىلىق قانۇن — «ئۇلۇغ جاساق» نى تۈزۈپ چىققانىدى. ئۇ خان ۋە دۆلەتنىڭ ھوقۇقى، مەجبۇرىي ھەربىي خىزمەت ئۆتەش، ھاشار - باج كەچۈرۈملىرى، مەمۇرىي، ھەربىي ئىشلار، ئۇۋچىلىق، باج - خىراج، دىنىي ئېتىقاد ۋە جىنايى ئىشلار قانۇنى، ھەق تەلەپ قانۇنى، سودا قانۇنى، دىپلوماتىيە قانۇنى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمە مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ قانۇن مىلادى 1225 - يىلى ئېلان قىلىنىپ، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ بارلىق رايونلىرىدا يولغا قويۇلغان، ئىمپېرىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەرتىپىنى ساقلاشتىكى مۇھىم ئاساس قىلىنغانىدى. بىراق، بويسۇندۇرۇلغان رايونلاردىكى مىللەتلەردىن ئېيتقاندا، موڭغۇل قانۇنى بۇ مىللەتلەر ئەمەل قىلىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى ئادەت ۋە قائىدە - يوسۇنلارغا كۆپ ھاللاردا قايچا كېلەتتى. بولۇپمۇ قەدىمكى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمان مىللەتلەر ئىچىدە موڭغۇل قانۇنى بىلەن ئىسلام قانۇنى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تېخىمۇ كەسكىن ئىپادىلەنگەنىدى. مەسىلەن، موڭغۇل قانۇنىدا: " باھار، كۈز ئىككى پەسىلدە كىشىلەرنىڭ كۈندۈزى سۇغا چۈشۈشىگە ياكى ئېرىق - ئۆستەڭدە قول يۇيۇشىغا ۋە ياكى ئالتۇن - كۈمۈش قاچىلاردا سۇ ئېلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. يۇيۇلغان كىيىملەرنى داللاردا يېيىشقىمۇ بولمايدۇ، چۈنكى بۇنداق ھەرىكەتلەر گۈلدۈرماما ۋە چاقماقنى كۆچەيتىۋېتىدۇ " دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ شامان دىنىدىكى خۇراپىي قاراش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەنىدى. لېكىن، ئىسلام دىنىدا سۇدا غۇسلى قىلىپ، تەرەت ئېلىپ پاكلىنىش تۈرلۈك دىنىي مۇراسىم پائالىيەتلىرىدىكى ئەڭ ئاساسىي قائىدە ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا موڭغۇللار قانۇنىدىكى يۇقىرىقى بەلگىلىمە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشىغا ناھايىتى چوڭ چەكلىمە بولۇپ قالغان.

موڭغۇل قانۇنىدا يەنە: " كىشىلەرنىڭ ھايۋانلارنى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، موڭغۇللارنىڭ ئۆز ئۇسۇلى بويىچە ھايۋاننىڭ قارنىنى يېرىپ ئۆلتۈرۈش كېرەك①" دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ ئىسلام قانۇنىدا قەيت قىلىنغان چارۋا مالنى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىگە تۈپتىن قارىمۇ قارشى ئىدى.

بۇنىڭدىن باشقا، موڭغۇل قانۇنىدىكى كىشىلەرنىڭ پالانى نەرسە پاك، پالانى نەرسە پاك ئەمەس دېيىشىنى مەنئىي قىلىش، ھەرقانداق نەرسىنى پاك دەپ بىلىش، نەرسىلەرنى پاك ياكى ناپاك دەپ ئايرىماسلىق؛ كىشىلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى پۈتۈنلەي يىرتىلىپ تۈگىمىگۈچە كىيىپ يۈرگەن پۈتۈن كىيىمىنى سۆكۈپ يۇيۇشنى مەنئىي قىلىش؛ مەيلى سۇلتان بولسۇن ياكى باشقا كىشى بولسۇن، ئۇلارنىڭ نامىنى قوللىنىۋېرىش، دېگەنگە ئوخشاش بەلگىلىملىرىمۇ ئىسلام قانۇنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇش مىزانى بىلەن زادىلا سىغىشالمايتتى.

پېرسىيىلىك مۇسۇلمان تارىخشۇناس جۇۋەينى يازغان «تارىخى جاھانكۇشاي»، راشىددىن يازغان «جامىئۇل تەۋارىخ» قاتارلىق دۇنياغا مەشھۇر تارىخ ئەسەرلىرىدە، ئۇگداي خاقان بىلەن چاغاتاي خاننىڭ موڭغۇل قانۇنى بىلەن ئىسلام قانۇنىنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئوخشاش بولمىغان پوزىتسىيىسى خاتىرىلەنگەن. موڭغۇل قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىپ، كۈندۈزى سۇغا كىرگەن بىر كىشىگە قىلىنغان مۇئامىلە مۇنداق بايان قىلىنغان: بىر كۈنى چۈش ۋاقتىدا، ئۇگداي خاقان بىلەن چاغاتاي خان شىكاردىن قايتىش يولىدا، بىر مۇسۇلماننىڭ ئۆستەڭگە چۈشۈپ يۇيۇنۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالغان. چاغاتاي خان ئاچچىقىنى باسالماي ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، ئۇستىخان كۈلىنى كۆككە سورۇش كېرەك، دېگەن. لېكىن، ئۇگداي خاقان ئۇنى كېچىكتۈرۈپ ئەتىسى سوراق قىلىشنى ئېيتقان ۋە بىرسىنى

① فېڭ چېڭجۈن تەرجىمە قىلغان «دوسسون موڭغۇل تارىخى»، 1 - قىسىم، 158 - بەت.

بۇيرۇپ، ئۈستەڭگە بىر دانە تەڭگە تاشلاپ قويغان ھەمدە گۇناھكارغا سوراق ئۈستىدە ئۆزىنىڭ بەكمۇ نامرات بولغانلىقى ئۈچۈن، جاندىن كېچىپ سوغا كىرىپ، پۇل سۇزۇۋالماقچى بولغانلىقىنى ئېيتىشنى ئۇقتۇرۇپ قويغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئادەم كەچۈرۈم قىلىنىپ قويۇپ بېرىلگەن.

موڭغۇل قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىپ مالنى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرگەن يەنە بىر ۋەقە توغرىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: بىر مۇسۇلماننىڭ ئۆز ئۆيىدە قوي بوغۇزلاۋاتقانلىقىنى يوشۇرۇن نازارەت قىلىپ كۆرۈپ قالغان بىر قىپچاق ئۇنى ئۇتۇپ ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلغان، ئاخىرىدا بۇ ئەنزە ئۇگداي خاقانغا مەلۇم قىلىنغان، لېكىن ئۇگداي خاقان بۇ مۇسۇلماننى كەچۈرۈم قىلىپ، ھېلىقى چېقىمچىغا ئۆلۈم جازاسى بەرگەن. ۋەھالەنكى، مالنى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈشنى مەنئىي قىلىش توغرىسىدىكى قانۇننى چاغاتاي خان قاتتىق ئىجرا قىلغان. چاغاتاي خانلىقى تەۋەسىدىكى رايونلاردا كىشىلەر چاغاتاينىڭ قاتتىق جازالىشىدىن قورقۇپ، بىر مەھەل قوينى ئۇچۇق ـ ئاشكارا سويالمىغان، بەزى جايلاردىكى مۇسۇلمانلار ئىلاجسىزلىقتىن چىرىگەن گۆشنى يېيىشكە مەجبۇر بولغان.

چاغاتاينىڭ موڭغۇل قانۇنىنى ئىجرا قىلىشتىكى رەھىمسىزلىكى مۇسۇلمانلارغا چىدىغۇسىز ئېغىر بېسىم بولۇپ قالغان، شۇڭا ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن بىر مۇسۇلمان شائىر ئۇنى قاغاپ شېئىر يازغان. خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئالىملار بولسا ئۇنى چاغاتاينىڭ خرىستىئان دىنىغا بولغان مايىللىقى، دەپ قارىغان. ھەتتا ماركوپولومۇ خەلق رىۋايەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، چاغاتاينىڭ ئۆزىمۇ خرىستىئان مۇرتى بولغان[1]، دەپ مۇبالىغە قىلغان. ئەمەلىيەتتە، سىنىپىي جەمئىيەتتە مەيلى مىللىي زىددىيەت بولسۇن ياكى دىنىي زىددىيەت بولسۇن، تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، يەنىلا سىنىپىي كۈرەش مەسىلىسى. ئۇگداي خاقاننىڭ كۆڭۈل ـ كۆكسىنى كەڭ تۇتۇشىمۇ، چاغاتاي

---

[1] «ماركوپولو ساياھەت خاتىرىسى»، 43 ـ بەت، فۇجيەن پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 1981 ـ يىل نەشرى.

www.uyghurkitap.com

خاننىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قاتتىق قول بولۇشمۇ ئوخشاشلا موڭغۇل فېئودال ھۆكۈمران سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىنى ئاساس قىلغان، خالاس. ئەمەلىيەتتە، موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن يەرلىك ئىسلام فېئوداللىرى ھەر مىللەت دېھقانلىرى، چارۋىچىلىرى، قول ھۈنەرۋەنلىرى قاتارلىق ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپلار ئۈستىدىكى سىياسىي ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيىسىنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆزئارا زىچ باغلانغان. ئالايلۇق، ئوگداي خاقان چىڭگىزخاننىڭ ۋەزىرى، باي مۇسۇلمان سودىگەر يالۋاچنى ماۋەرائۇننەھر رايونىنى باشقۇرۇشقا قويغان؛ چاغاتاي خان ئۆزى خارەزم شاھىنىڭ قىزىنى ئەمرىگە ئېلىپلا قالماي، ئوترارلىق مۇسۇلمان، كاتتا باي ھەبەش ھامىدنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن. ھەبەش ھامىد موڭغۇللار ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرغاندىن تارتىپ چاغاتايغا ئەگىشىپ، ياردەمچى ۋەزىر بولغان، ئۇنىڭ ھوقۇقى، تەسىرى ۋە بايلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، خانلىقتىكى ھوقۇقدارلار ئۇنىڭ بىلەن قۇدا - باجا بولغان. ھەبەش ھامىدمۇ ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا چاغاتاي خاننىڭ ئوغۇللىرىغا تامغاچ قىلىپ بەرگەن.

موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى بىلەن ئىسلام فېئوداللىرى بىرلىشىپ شەپقەتسىز ئەزگەنلىكى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغانلىقى ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىكى ئېغىر ۋەيران بولغان، ئىنتايىن نامراتلاشقان مۇسۇلمان ئەمگەكچى خەلق قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولغان. 1238 - يىلى بۇخارادا ئەلگەكچى ئۇستا مەھمۇد تارابى رەھبەرلىكىدىكى قوزغىلاڭ پارتلىغان، لېكىن موڭغۇل ئىستېلاچىلىرى بىلەن يەرلىك ئىسلام فېئوداللىرىنىڭ بىرلىشىپ باستۇرۇشى بىلەن مەغلۇپ بولغان. قوزغىلاڭچىلاردىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، موڭغۇل قوشۇنلىرى بۇخارانى قىرغىن قىلىشقا تەييارلانغان، لېكىن يالۋاچ كۈچىنىڭ بارىچە قارشى تۇرۇپ، ئوگداي خاقاننىڭ كەچۈرۈم قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، كىشىلەرنى بىر قېتىملىق بالايىئاپەتتىن ساقلاپ قالغان. ئەمما، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، يالۋاچ چاغاتاي خان بىلەن چىقىشالمىغانلىقتىن، يەنجىڭ (بېيجىڭ) ۋاقىتلىق ۋازارەتنىڭ جارۇقچى (زالىم ھەكەم)لىقىغا يۆتكۈۋېتىلىپ، خەنزۇ پۇقرالارنىڭ

هۆكۈمەت بىلەن بولىدىغان ئىشلىرىنى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مالىيە - باج ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قويۇلغان. ئۇنىڭ ئوغلى مەسئۇد باش ۋالىيلىق سالاھىيىتى بىلەن ماۋەرائۇننەھر رايونىنى باشقۇرغان.

ئۈچىنچى، كۈيۈكخان دەۋرى.

مىلادى 1241 - ۋە 1242 - يىللىرى ئۇگداي بىلەن چاغاتاي كەينى - كەينىدىن ۋاپات بولغان، نايمانجىن خانىش توگېنا خاتۇن دۆلەت ئىشىنى بەش يىلغىچە ۋاقىتلىق باشقۇرۇپ تۇرغان، 1246 - يىلغا كەلگەندە، ئۇگداينىڭ چوڭ ئوغلى كۈيۈك خاقانلىق تەختىگە چىققان (خانلىق نامى يۈەن دىڭزۇڭ) . كۈيۈك ئىلگىرى خرىستىئان دىنىدىن تەربىيە ئالغانىدى، ئۇنىڭ ۋەزىرى تايغۇ قادا بىلەن باش ۋەزىرى چىنخەي خرىستىئان مۇرىتى ئىدى، شۇڭا كۈيۈكمۇ بۇ دىنىنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان، خرىستىئان دىنىنىڭ تەسىرى ئۇنىڭ دىلىغا " خۇددى تاشقا ئويۇلغان رەسىم "دەك ئورناپ كەتكەنىدى①. ئۇ خرىستىئان دىنىغا ۋە ئۇنىڭ مىسسىئونېرلىرىغا ناھايىتى ئەدەب بىلەن مۇئامىلە قىلغان، بۇنى ئاڭلىغان غەرب مىسسىئونېرلىرى دەمەشق، رۇم، باغداد، ئاسۇرىيە، روسىيە قاتارلىق جايلاردىن كۆپلەپ كەلگەنىدى، ئوردا تېۋىپلىرىنىڭ كۆپچىلىكىمۇ خرىستىئان دىنىدىكى دوختۇرلار ئىدى. " نەتىجىدە خرىستىئان دىنى ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە راسا گۈللەنگەن، مۇسۇلمانلار ئۇلار بىلەن تاكاللىشىشقا جۈرئەت قىلالمىغان. ②"

بىراق، كۈيۈكخان ئىسلام دىنىنى پۈتۈنلەي چەتكە قېقىۋەتمىگەن. نايمانجىن خانىش ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ تۇرغان مەزگىلدە، يالۋاچ ئوردىدىكى ۋەزىرلەردىن نەپرەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ سۇيىقەست ۋە زىيانكەشلىكى بىلەن خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، ۋەلىئەھد قۇتاننىڭ يېنىغا قېچىپ بېرىۋالغانىدى، ئوغلى مەسئۇدمۇ دەرھال باتۇنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ پاناھلانغانىدى، كۈيۈك تەختكە چىققاندىن كېيىن، بۇ ئىككى مۇسۇلمان

---

① «تارىخى جاھانگۇشاي»، 1 - قىسىم، 301 - بەت.
② يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

ئەمەلدارنىڭ بۇرۇنقى خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. چاغاتاي خانلىقىدا چىڭگىزخاننىڭ ھايات ۋاقتىدىكى قارارى ۋە ئۇگدايىنىڭ قەتئىي ئىجرا قىلىنسۇن، دەپ تەكىتلىگەن بۇيرۇقىغا ئاساسەن، چاغاتاينىڭ نەۋرىسى قاراھىلاكۇ چاغاتاي خانلىقىنىڭ تەخت ۋارىسى بولغان. لېكىن، كۇيۇك بىلەن چاغاتاينىڭ 5 - ئوغلى يېسۇمۆڭكۈنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى ئىدى، شۇڭا كۇيۇك نەۋرىسى تەختكە ۋارىسلىق قىلسا قانۇنغا ئۇيغۇن بولمايدۇ، دېگەن باھانە بىلەن قاراھىلاكۇنىڭ ۋارىسلىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يېسۇمۆڭكۈنى خان قىلىپ تىكلىگەن. يېسۇمۆڭكۈ ئىلگىرى قارھىلاكۇنىڭ تەختكە چىقىشىنى قوللىغان ۋەزىر ھەبەش ھامىدنى ئىشتىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ھەبەش ھامىدنىڭ ئاسراندى ئوغلى باھائىددىن مەرغىلانىنى ئىشلەتكەن. باھائىددىننىڭ ئۆز ئاتىسى پەرغانىنىڭ ۋارىسلىق شەيخۇلئىسلامى ئىدى، ئانىسمۇ قەشقەر قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خان جەمەتىدىن ئىدى. تارىخشۇناس جۇۋەينى ئىلگىرى باھائىددىن بىلەن ئەسرا بولغان، ئۇ، باھائىددىن ئۆز ۋۇجۇدىدا مول ۋە غەيرىي دىنىي بىلىملەرنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن، شۇڭا ئۇ بۇرۇنلا چاغاتاينىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشىپ، ئاخىر ياردەمچى ۋەزىرلىك ئورنىغا ئۆسكەن، دېگەن. باھائىددىن مەرغىلانىنىڭ ئائىلىسى ئۆز ۋاقتىدا ئىسلام ئۆلىمالىرى توپلىنىدىغان جاي ئىدى، ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىللەردە ئىسلام ئۆلىمالىرى ئۇنىڭ خەير - ساخاۋىتى ۋە ياردىمىگە ئېرىشكەن. ئۇ يەنە ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ سالا - سۆلھى قىلىپ، ھەبەش ھامىدنى يېسۇمۆڭكۈنىڭ ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن ساقلاپ قالغان.

تۆتىنچى، مۆڭكۈخان دەۋرى.

مىلادى 1248 - يىلى كۇيۇك خاقان ۋاپات بولغان، كېيىن جۇجىنىڭ ئوغلى باتۇ ئۆز جەمەتىنىڭ ئاقساقىلى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن 1251 - يىلى تۇلۇينىڭ چوڭ ئوغلى مۆڭكۈنى خاقانلىق تەختىگە چىقىرىش سايلىمىنى باشقۇرغان، مۆڭكۈ تەختكە چىقىپ يۈەن شيەنزۇڭ دەپ ئاتالغان. مۆڭكۈنىڭ تەختكە چىقىشى بىلەن بىلەن ئۇگداي سىستېمىسىدىكى خانلارنىڭ خاقانلىق

تەختكە ۋارسلق قلش شېرن خيالى بەربات بولغان، شۇڭا ئۇلار ئسيان كۆتۈرۈپ، موڭغۇل ئمپېرىيەسنڭ برلكنى پارچلاش قەستگە كرشكەن. بۇ سياسى كۆرەشنڭ مۇهم پەيتدە، يالۋاچ بلەن مەسئۇد ئاتا ـ بالا ئككسى مۆڭكۇخاننى قەتئى همايە قلش پوزتسيەسدە تۇرغان. 1251 ـ يلننڭ بېشدا، پايتەخت قاراقۇرۇمدا تەختكە چقشنى تەبرىكلەش مۇراسمى ئۆتكۈزۈلگەندە، ئۇگداي سستېمسدكى شرامۇن، قۇچا، ناقۇدن ئبارەت ئۈچ خاننڭ ئسيان كۆتۈرۈش پلانى ئاشكارلنىپ قالغان. مۆڭكۇخان ئۇلارنى ئۆزى سوراق قلغان. ئۇ بۇ ئشنڭ ئۆز تۇغقانلرىغا چېتشلق ئكەنلكنى، ئۆزنڭ ئەمدلا تەختكە چققانلقنى، كۆپلەپ ئۆلۈم جازاسى بەرسە قانداق بولدىغانلقنى ئويلاپ، هۆكۈم قلشتا بەك ئوڭايسزلانغان. مۆڭكۇخان بۇ هەقتە ۋەزرلەردن پكر سورىغاندا، يالۋاچ ئۇنڭغا بر هېكايە سۆزلەپ ئلهام بەرمەكچى بولۇپ مۇنداق دېگەن: ئسكەندەر زۇلقەرنەين (ماكېدونىيلك ئالېكساندر) دۇنيادكى كۆپلگەن دۆلەتلەرنى بويسۇندۇرغاندا، هندستانغا هۇجۇم قلماقچى بولغانكەن. ئەمما، ئۇنڭ دۆلتدكى ئەمرلەر ئۇنڭغا بويسۇنماي، هەرقايسسى ئۆزى مۇستەقل بولۇۋېلش كويدا بوپتۇ. ئسكەندەر رۇمغا جددي ئەلچى ئەۋەتىپ ئارستوتېلدن ئەقل سوراپتۇ. ئارستوتېل ئەلچنى باغچغا باشلاپ كرىپ، خزمەتكارلرىغا يلتزى چوڭ هەم چوڭقۇر دەرەخلەرنى قومۇرۇپ تاشلاپ، ئۇلارنڭ ئورنغا ئاجز، ئۇششاق دەرەخلەرنى تكشنى تاپلاپتۇ، ئەمما ئەلچنڭ سورىغان مەسلسگە جاۋاب بەرمەپتۇ. ئەلچى قايتىپ بېرىپ ئسكەندەرگە ئۆزى كۆرگەن بۇ ئەهۋالنى ئەينەن مەلۇم قپتۇ. ئسكەندەر بۇنڭ مەنسنى چۈشنپتۇ ـ دە، شۇنڭ بلەن ئۆز يېندكى مۇتتەهەم، زالم ئەمرلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئورنغا ئۇلارنڭ ئوغۇللرىنى قويۇپتۇ. يالۋاچنڭ بۇ هېكايسدن مۆڭكۇخان زور ئلهام ئېلىپ، ئۈچ خاننڭ شېرىكلرىدن 77 كشنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق قلغان، شۇنڭ بلەن ۋەزىيەتنى تېز كونترول قلۋالغان. يالۋاچ بلەن مەسئۇد ئاتا ـ بالا ئككسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن مۆڭكۆخاننىڭ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشىگە ئېرىشكەن.

شۇ چاغلاردا، خانلارنىڭ زالىملىقى تۈپەيلىدىن، دېھقانلارنىڭ ئالغان ھوسۇلى ئېلىنىدىغان تۈرلۈك باج - سېلىقلارنىڭ نىسبىتىغىمۇ يەتمىگەن، نۇرغۇنلىغان دېھقانلار ئۆي - ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ خانىۋەيران بولۇپ كەتكەنىدى. مۆڭكۆخان جايلاردىكى ۋەزىرلەرنىڭ پىكرىنى ئالغاندىن كېيىن، يالۋاچنىڭ ماۋەرائۇننەھر رايونىدا قوللانغان چارىسى بويىچە، " قۇبچۇر بېجى " تۈزۈمى ئاساسىدا باج ئېلىشنى يولغا قويغان. بۇ تۈزۈمدىكى بەلگىلىمە بويىچە، بىر بايدىن يىلىغا 10 دىنار ئېلىنغان، مۇشۇ نىسبەت بويىچە بىر كەمبەغەلدىن يىلىغا بىر دىنار ئېلىنىدىغان، بۇنىڭدىن باشقا قانۇنسىز باج ئېلىنمايدىغان بولغان، شۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ ئۈستىدىكى ھەددىدىن زىيادە سېلىق يەڭگىللىگەن.

مۆڭكۆخان دەۋرىدە، چىڭگىزخاندىن بۇيان قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان دىنىي سىياسەت داۋاملىق ئىجرا قىلىنغان. مۆڭكۆخان غەربتىن كەلگەن خرىستىئان ئەلچىسى ۋىلىيام رۇبرۇكنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق دېگەن: " بىز موڭغۇللار تەڭرىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىمىز، ئۇنىڭ پاناھىدا ياشايمىز، ئۇنىڭ ھىممىتى بىلەن ئۆلىمىز. بىزدە ئۇنىڭغا ئىخلاس باغلىغان توغرا نىيەتلا بار "، " لېكىن، تەڭرى بىزگە ئوخشاش بولمىغان بارماقلارنى ئاتا قىلغاندەك، كىشىلەرگە ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇلنى ئاتا قىلغان. ①" مۆڭكۆخان بۇنى: تەڭرى خرىستىئان مۇخلىسلىرىغا «ئىنجىل» نى ئاتا قىلغان، موڭغۇللارغا بولسا پالچىلارنى ئاتا قىلغان، دەپ ئىزاھلىغان. مۆڭكۆخان ماھىيەتتە شامان دىنىنىڭ ئېتىقادچىسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دىن جەھەتتىكى ئوخشاش بولمىغان ئېتىقاد شەكىللىرىگە يول قويغان، ھاكىمىيەت كۈچىگە تايىنىپ بىرەر خىل دىننى راۋاجلاندۇرۇش ياكى بېسىش ئۇسۇلىنى قوللانمىغان، ھەرقايسى دىنلار ئوتتۇرىسىدىكى

---

① دوسسون تۈزگەن، لۈي فۇ تەرجىمە قىلغان، جۇلياڭشاۋ ئىزاھلىغان «موڭغۇللىيىگە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»، 214 - بەت.

زىددىيەتنى ھەل قىلىشتا ئۇلارنىڭ قايسىسى يوللۇق، قايسىسى يولسىز ئىكەنلىكىگە مۇنازىرە ئارقىلىق ھۆكۈم قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. 1254 ـ يىلى قاراقۇرۇمدا مۆڭكۈخاننىڭ رىياسەتچىلىكىدە، خرىستىئان دىنى، ئىسلام دىنى ۋە تويىن دىنى ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ مۇنازىرە يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن، شۇ چاغدا خرىستىئان مىسسىئونېرلىرى بىلەن ئىسلام ئۆلىمالىرى بىرلىشىپ، تويىن دىنىغا رەددىيە بېرىپ ئۈستۈنلۈك قازانغان. 1255 ـ يىلى يەنە بۇددا دىنى بىلەن تويىن دىنى باشلىقلىرىنىڭ چوڭ مۇنازىرە يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن، نەتىجىدە تويىن دىنىنىڭ ئەۋلىياسى چيۇ چۇجىنىڭ شاگىرتى لى جىچاڭ كونتروللۇقىدا بىرمەھەل دەۋران سۈرۈپ، ” تولۇق ھەقىقەت يولى “ دەپ ئاتالغان تويىن دىنى زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان.

مۆڭكۈخان دەۋرىدە، غەربىي يۇرتتا ئىسلام دىنى قوغدالغان ۋە راۋاجلانغان. دەسلەپتە ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ 3 ـ ئەۋلاد ئىدىقۇتى سالىن تېكىنمۇ ئوگداي سىستېمىسىدىكى خانلارنىڭ مۆڭكۈخانغا قارشى قوراللىق ئىسيان كۆتۈرۈش پىلانىغا قاتناشقان ھەمدە دىنىي سەۋەبنى باھانە قىلىپ، بىر جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا يىغىلغان بېشبالىق ۋە ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى مۇسۇلمانلارنى پۈتۈنلەي يوقىتىۋېتىش ئۈچۈن 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇن توپلىغان. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ مەقسىتى ئوگداي سىستېمىسىدىكى خانلارنىڭ ئوردىدا سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىشىغا ماسلىشىش ئىدى. بۇ سۇيىقەستنى شۇ جايدىكى مۇسۇلمانلار بىلىپ قېلىپ يۇقىرىغا مەلۇم قىلغان. مۆڭكۈخان ئوگداي سىستېمىسىدىكى ئۆكتىچىلەرنى تازىلىغاندىن كېيىن، سالىن تېكىننى موڭغۇل خان ئوردىسىغا يالاپ ئاپىرىپ سوراق قىلغان، 1253 ـ يىلى بېشبالىققا قايتۇرۇپ كېلىپ، بىر جۈمە كۈنى ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بەرگەن.

مۆڭكۈخان يالۋاچنىڭ ئوغلى مەسئۇدنى داۋاملىق ئىشقا قويۇپ، ئۇيغۇرلار رايونىدىن خارەزمگىچە بولغان پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرى ۋە ھەرقايسى شەھەرلىرىنى باشقۇرىدىغان باش ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەن. ئۇ 1251 ـ يىلى بېشبالىقتا، 1255 ـ يىلى سەمەرقەندتە

تۇرغان. تەخمىنەن شۇ چاغلاردا، مەسئۇد بۇخارادا ئۆز نامى بىلەن ئاتالغان كاتتا بىر مەدرىس سالدۇرغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۆڭكۇخاننىڭ ئانىسى ئىئانە قىلغان پۇل بىلەن يەنە بىر مەسچىت سالدۇرغان، بۇ ئىككى مەدرىسنە 1000 غا يېقىن تالىپ ئوقۇغان. قەشقەردىكى «ساچىيە مەدرىسى» قاراخانىيلار دەۋرىدە بىنا قىلىنغان بولۇپ، كۈچلۈك ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ۋەيران قىلىنغان. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋالىيسى مەسئۇدبەگ مىلادى 1260 - يىلى بۇ مەدرىسنىڭ خارابىسى ئورنىغا مەدرىس سېلىپ، ئۇنىڭغا "مەسئۇدىيە مەدرىسى" دەپ نام بەرگەن ھەم بۇ مەدرىسكە ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلغان، ئۇنىڭ يېنىغا يەنە " سائادەت كۇتۇپخانىسى "نى سالدۇرغان. ئاتاقلىق ئالىم ئەبۇلفەزلى مۇھەممەد ئۆمەر ئوغلى (ئۆمەر بولسا خالىدنىڭ ئوغلى، تەخەللۇسى " جامال قارشى "، مىلادىنىڭ 1230 - يىلى ئالمىلىقتا تۇغۇلۇپ، كېيىن قەشقەرگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان)نى مۇدەررىسلىككە تەكلىپ قىلغان. جامال قارشى بۇ مەدرىسنىڭ كۇتۇپخانىسىدىن ئۆزى ئۆزۈندىن بۇيان ئىزدەپ يۈرگەن جەۋھەرى (ئەبۇ نەسرى ئىسمائىل ھامادنىڭ ئوغلى، تەخەللۇسى " جەۋھەرى ") دېگەن كىشى يازغان «ئاسھا فىللۇغەت» ناملىق تۆت توملۇق كىتابنى تاپقان ۋە ئۇنى تۈزىتىپ «مۇلھىقاتۇس سۇرراھ» («سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما») دېگەن كىتابنى يازغان. بۇ مەدرىس ئەينى زاماندىكى شىنجاڭدا ئىسلامىيەت مائارىپىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالغان.

چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئۆزىدىن ئېيتقاندا، مۆڭكۇخان ئۆزىنىڭ سىياسىي رەقىبلىرىنى تازىلاش كۈرىشىدە يېسۇمۆڭكۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، قاراھىلاكۇنى قايتىدىن خان قىلىپ تىكلىگەن، لېكىن قاراھىلاكۇ بىرنەچچە ئايدىن كېيىنلا ئۆلگەن، چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقى قاراھىلاكۇنىڭ خوتۇنى ئورگەنا خاتۇننىڭ قولىغا ئۆتكەن. ئورگەنا خاتۇن ئۆزى بۇددىست بولسىمۇ، لېكىن ئىسلام دىنىنىڭ ھامىيسى دەپ ئاتالغان. بەزى تارىخشۇناسلار ھەتتا ئۇنى مۇسۇلمان ئىدى، دېيىشىدۇ. خانلىقنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئىلگىرى خىزمىتىدىن قالدۇرۇلغان

ھەبەش ھامىد ۋە ئۇنىڭ ئوغلى نەسرىددىنمۇ قايتىدىن ئۆز ئورنى ۋە ھوقۇقىغا ئىگە بولغان، باھائىددىن مەرغىلانى بولسا ھەبەش ھامىدنىڭ ئۆزكورلۇقى تۈپەيلىدىن ئۆلۈمگە بۇيرۇلۇپ، ئوردا كۈرىشىنىڭ قوربانى بولغان.

## 3 ـ بۆلۈم يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى ۋە غەربىي يۇرت مۇسۇلمانلىرى

مۆڭكۈ خاقان بولۇپ تۇرغان دەۋردە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشى ئېلىپ بارغان. مىلادى 1252ـ يىلى مۆڭكۈخان ئۆز ئىنىسى ھىلاكۈنى غەربىي ئاسىياغا يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتكەن. ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شىئە مەزھىپىنىڭ ھەششاشىنلار تارمىقى قۇرغان ئالاموت قەلئە دۆلىتىنى ۋە قۇرۇلغىنىغا 500 يىلدىن ئاشقان باغداد ئابباسىيلار خاندانلىقىنى گۇمران قىلىپ، ئۆزى بويسۇندۇرغان زېمىندا ئىلىكخانلىقى (مىلادى 1258 ـ 1388ـ يىللار) نى قۇرغان. شەرقتە مىلادى 1252 ـ يىلى قۇبلاي چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا يۈرۈش قىلىپ، 1253 ـ يىلى يۈننەننى بويسۇندۇرغان، تۇبۇت (تىبەت)نى ئىشغال قىلغان. 1259 ـ يىلى مۆڭكۈ خاقان سىچۇەندىكى جەڭدە ئۆلگەن، شۇنىڭدىن كېيىن قۇبلاي بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى ئارىغ بۆكە خاقانلىق ئورنىنى تالىشىپ جەڭ قىلغان. 1260 ـ يىلى قۇبلاي كەيپىڭ (ھازىرقى دورىن) دا خاقانلىق تەختىگە چىقىپ، 1271 ـ يىلى دۆلەت نامىنى يۈەن (元) دەپ بېكىتكەن، قۇبلاينىڭ خاقانلىق نامى يۈەن شىزۇ دەپ ئاتالغان، كېيىنكى يىلى خانبالىق (ھازىرقى بېيجىڭ)نى پايتەخت قىلغان، 1279 ـ يىلى جەنۇبىي سۇڭ خاندانلىقىنى يوقىتىپ، پۈتۈن جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەن.

يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى ئىلگىرىكىدەكلا ھەممە دىنلارغا ئوخشاش يول قويۇش سىياسىتىنى ئىجرا قىلغان. مەشھۇر ئىتالىيە ساياھەتچىسى ماركوپولو خاتىرىلىگەن قۇبلاينىڭ سۆزىدە مۇنداق دېيىلگەن: ” ئىنسانلارنىڭ ھەر قايسى تائىپىلىرى تۆت چوڭ پەيغەمبەرگە ئېتىقاد قىلىدۇ ۋە چوقۇنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خرىستىئان مۇخلىسلىرى ئەيسانى ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرى دەپ بىلىدۇ؛ سالاسۇنلار مۇھەممەدنى ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرى دەپ بىلىدۇ؛ يەھۇدىيلار مۇسانى ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرى دەپ بىلىدۇ؛ بۇددىستلار بولسا ساكيامۇنىغا ئۆزلىرىنىڭ مەبۇدى ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇر پەيغەمبەر، دەپ چوقۇنىدۇ. مەن بۇ تۆت چوڭ پەيغەمبەرنىڭ ھەممىسىگە ھۆرمەت بىلدۈرىمەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەقىقەتەن ئاسماندا بار بىرسىنىڭ بىزگە ياردەم بېرىشىنى تىلەيمەن.»① شۇڭا، قۇبلاي خرىستىئان دىنى، ئىسلام دىنى، يەھۇدىي دىنى ۋە بۇددا دىنىنىڭ بايراملىرى يېتىپ كەلگەندە، تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ تۇرغان.

يۈەن دەۋرىدىكى مۇسۇلمانلار غەربىي يۇرتلۇقلار ئىچىدە ئاساسىي تەركىب بولۇپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي ئورنى بىر قەدەر يۇقىرى ئىدى، ئۇلار ئەمەلدارلىققا ئىمتىھان بېرىش، ئەمەل تۇتۇش، ئۇلتىپاتقا ئېرىشىش، جىنايى ئىشلار قانۇنى، خۇسۇسىي قوشۇن تۇرغۇزۇش جەھەتلەردە بىر قەدەر ئوبدان مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغان. يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىدە ئىسلام شەرئىتىنى باشقۇرىدىغان قازى (قازى قۇززات) قويۇلغان، "مەھكىمە شەرئى" دەپ ئاتىلىدىغان مۇستەقىل ئورگان تەسىس قىلىنغان. قازىنىڭ ئاستىدا يەنە باشقا دىنىي ئەمەلدارلارمۇ بولغان. قازى مەھكىمىسى ئىسلام قانۇنى بويىچە دىنىي مۇراسىم ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ جىنايى ئىشلىرى، نىكاھ، پۇل، ئاشلىق، ئەرز - شىكايەت ئىشلىرىنى باشقۇرغان. چىڭگىزخان دەۋرىدىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان خرىستىئان، ئىسلام، بۇددا قاتارلىق دىنلارنىڭ دىنىي خادىملىرىدىن باج ئالماسلىق توغرىسىدىكى سىياسەت يۈەن دەۋرىدىمۇ داۋاملىق ئىجرا قىلىنغان.

لېكىن، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى موڭغۇل قانۇنى بىلەن ئىسلام قانۇنىنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ئىلگىرىكى موڭغۇل پادىشاھلىرىغا ئوخشاش ئىنتايىن قاتتىق پوزىتسىيە قوللانغان. راشىددىنىنىڭ «جامىئۇل

---

① «ماركوپولو ساياھەت خاتىرىسى»، 87 - بەت.

تەۋارىخ» دېگەن كىتابىدا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: قۇبلاي خاقان قۇرى، بۇرقۇ ۋە قىرغىز رايونىدىن كەلگەن مۇسۇلمان سودىگەرلىرىنى ئۆزىنىڭ داستىخىنىدىكى تائام بىلەن مېھمان قىلماقچى بولغان. لېكىن، بۇ سودىگەرلەر: " بۇنداق تائامنى يېيىش بىزگە دۇرۇس ئەمەس " دەپ يېيىشنى رەت قىلغان. خاقان بۇنىڭدىن قاتتىق خاپا بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قوينى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈشكە يول قويۇلمىسۇن، قوينى موڭغۇللارنىڭ ئادىتى بويىچە قارنىنى يېرىپ سويسۇن، قوينى بوغۇزلاپ سويغۇچىلار كۆرۈلسە، ئۇلار شۇ ئۇسۇل بىلەن ئۆلتۈرۈلسۇن ۋە ئۇلارنىڭ خوتۇن - بالىلىرى، ئۆي - جايلىرى، مال - مۈلكى مەلۇم قىلغۇچىلارغا مۇكاپات قىلىپ بېرىلسۇن، دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، بەزى مۇسۇلمان قۇللار ئۆز خوجايىنلىرىغا قوينى بوغۇزلاپ سويدى، دەپ تۆھمەت چاپلاپ، ئازاد بولۇش ۋە خوجايىنلىرىنىڭ مال - مۈلكىگە ئىگە بولۇش كويىغا چۈشكەن، نەتىجىدە، مۇسۇلمانلار تۆت يىلغىچە ئوغلىنى ئىسلام قانۇنى بويىچە سۈننەت قىلالمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن. بۇ تەقىق بۇيرۇقى قەدىمكى شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىسلام دىنىغىمۇ تەسىر يەتكۈزگەن. قوينى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈشنى مەنئى قىلىش بۇيرۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، قەشقەر مەلىكى نەسىرىدىن، قىرغىزلاردىن ئۆمەر ۋە باشقا مۇسۇلمان مۆتىۋەرلەر باش ۋەزىر سانگە ئارقىلىق ئىلتىماس سۇنغان. بۇ تەقىق بۇيرۇقى يەتتە يىل ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىن، مۇسۇلمان سودىگەرلىرى ئۇياققا بېرىپ سودا قىلىشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالغاچقا، چېگرا بېجى كىرىمى ئازىيىپ كېتىپ، ئاخىر " قوينى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈشكە رۇخسەت قىلىشقا يارلىق چۈشتى " ① دەپ، يول قويۇشقا مەجبۇر بولغان. قۇبلاي دەۋرىدە، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ خاقانىنىڭ مەركىزي شىنجاڭدىكى شەھەرلەرگە ۋە دېھقانچىلىق رايونلىرىغا بولغان ئىگىدارچىلىق هوقۇقى يەنىلا ساقلاپ قېلىنغان. ماركوپولو مىلادى 1271 - يىلى ئېلىمىزغا سەپەر قىلىپ

① «جامىئۇل تەۋارىخ»، 2 - توم، 346 -، 347 - بەت.

غەربىي يۇرتتىن ئۆتكەندە، ھەر قايسى شەھەرلەردىكى دىنلارنىڭ ئەھۋالىنى خاتىرىلەپ مۇنداق دېگەن:

" ... قەشقەر ... ھازىر چوڭ خاننىڭ زېمىنىغا كىرگۈزۈلگەن ... ئاھالىلىرى ئىچىدە مۇسۇلمانلاردىن باشقا، يەنە نېستورىيان مەزھىپىدىكى خرىستىئانلارمۇ بار ئىكەن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىي قائىدىلىرى بويىچە ياشايدىكەن، ئۆز چېركاۋلىرىدا ئىبادەت قىلىدىكەن. "

" يەكەن .. ئاھالىلىرىنىڭ بىر قىسمى خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن، بىر قىسمى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ پادىشاھى چوڭ خاننىڭ جىيەنى ئىكەن، بىراق ئۇ كىچىك ئاتىسى بىلەن ئەپ ئەمەس ئىكەن، ھەمىشە بىر - بىرى بىلەن پۇت تېپىشىدىكەن، ھەتتا جېدەل ئۇلغىيىپ جەڭ قىلىشقانىكەن. "

" ساجا بەگلىكى .. ئاھالىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى مۇسۇلمان ئىكەن. ئاز قىسمى نېستورىيان مەزھىپىدىكى خرىستىئانلار ئىكەن، چوڭ خانغا بەيئەت قىلىپ، ئۇلپان تاپشۇرىدىكەن. "

" خوتەن ... چوڭ خاننىڭ زېمىن دائىرىسىدە ئىكەن. خەلقى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. "

" لوپ شەھىرىنىڭ ئورنى شەرقىي شىمالدا، لوپ قۇملۇقىنىڭ كىرىش ئېغىزىدا، چوڭ خاننىڭ زېمىنىغا تەۋە ئىكەن، ئاھالىلىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. ①"

يۇقىرىقى خاتىرە ئىسلام دىنىنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىق رايونلىرىدا، مەسىلەن، قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلاردا ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغانلىقىنى ۋە لوپنۇر قۇملۇقىغىچە تارقالغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

يۈەن سۇلالىسى قۇرۇلۇشى بىلەنلا، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىمۇ پەيدىنپەي يىمىرىلىشكە باشلىغان. بۇ يىمىرىلىش جەريانىدا، غەربىي شىمالنىڭ شەھەرلىرى

---

① «ماركوپولو ساياھەت خاتىرىسى»، 42 — 47 - بەتلەر.

ۋە ئېكنزارلىق رايونلىرىدا ئولتۇرۇشلۇق ئىگىلىگەن ئىسلام دىنى موڭغۇل هۆكۇمرانلىرىغا ئاستا ـ ئاستا تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىياسىي كۆرەش تەقەززاسى بىلەن غەربىي شىمالدىكى موڭغۇل خانلىرى ئىچىدە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ۋەكىل خاراكتېرلىك شەخسلەر بارلىققا كەلگەن. قىپچاق خانلىقىنىڭ خانى بېركەخان (1257 ـــ 1266 ـ يىلغىچە تەختتە تۇرغان) ئىسلام دىنىغا كىرگەن تۇنجى موڭغۇل خاندۇر. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، چاغاتاي خانلىقىنىڭ هاكىمىيىتى دەسلەپ يەنىلا ئۇرگەنا خاتۇننىڭ قولىدا ئىدى. ئارىغ بۆكە شىمالىي چۆللۈكتە پادىشاه نامىنى سۈيىئىستېمال قىلىپ يۈرگەندە، ئۇرگەنا خاتۇن ئۇ يەرگە بېرىپ ئارىغ بۆكىگە بېقىنغان، مەسئۇدمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشكەن. لېكىن، ئارىغ بۆكە بىلەن چاغاتايىنىڭ يەنە بىر نەۋرىسى ئارغۇ قوراللىق ئېلىشىپ، جېدەل ئۇزۇنغىچە بىر تەرەپ بولمىغاچقا، ئارىغ بۆكە ئۇرگەنا خاتۇن بىلەن مەسئۇدنى دىۋان بېگى قىلىپ تەيىنلىگەن، شۇنىڭدىن باشلاپ مەسئۇد چاغاتاي خانلىقىنىڭ مالىيە ۋەزىرى بولۇپ، بۇ ۋەزىپىنى تاكى 1289 ـ يىلى ۋاپات بولغانغا قەدەر ئۆتىگەن.

ئارغۇ 1266 ـ يىلى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇرگەنانىڭ ئوغلى مۇبارەكشاه تەختكە ۋارىسلىق قىلغان، " مۇبارەكشاه " پارسچە سۆز بولۇپ،" خەيرلىك پادىشاه " دېگەن بولىدۇ. ئۇ چاغاتاي سىستېمىسىدىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان تۇنجى پادىشاه. شۇنداقلا چوڭ خاننىڭ تەيىنلىشىدىن ئۆتمەي ئۆزى تەختكە چىقىۋالغان تۇنجى موڭغۇل خانى ئىدى. ئۇ ئىلىدىكى ئەنئەنىۋى ئوردىدا ئەمەس، بەلكى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزىگە يېقىن ئانگرېن دېگەن جايدا تەختكە چىققان. بۇ ۋەقە ئىسلام دىنىنىڭ چاغاتاي خانلىقى هۆكۇمرانلىرىغا قانچىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بىراق، مۇبارەكشاهنىڭ تەختكە چىقىشى قۇبلايىنىڭ تەستىقىسىز بولغاچقا، قۇبلاي چاغاتايىنىڭ يەنە بىر نەۋرىسى بۇراقنى ئەۋەتىپ، مۇبارەكشاهنى تەختتىن چۈشۈرۈۋەتكەن. بۇراقمۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، ئىسلامچە ئىسمى " غىياسىددىن " ئىدى، لېكىن بۇراق بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى دۇۋا

ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۇگداي سىستېمىسىدىكى خان قايدۇ بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، قۇبلايغا ئاسىيلىق قىلغان. بىر قاتار ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن كېيىن، مىلادى 1269 ـ يىلى ئەتىيازدا، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى تالاس دەرياسىنىڭ بويىدا ئۆتكۈزۈلگەن. قايدۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى موڭغۇل خان ـ بەگلىرى كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، ھەر قايسىسى ئۆز پادا ـ يىلقىلىرىنى تاغلىق رايونلار ۋە يايلاقلارغا يۆتكەپ، ئېكىنزار رايونلارنى ئىگىلىمەسلىككە، قانۇندا بەلگىلەنگەن دۆلەت بېجى ۋە يىللىق خىراجدىن باشقا، يەرلىك ئاھالىدىن ۋە ھۈنەرۋەنلەردىن نورمىدىن ئارتۇق نەرسە ـ كېرەك ئالماسلىققا بىردەك قوشۇلغان. دېھقانچىلىق رايونلىرىنى باشقۇرۇش ۋە ئوردىغا ئېلىنىدىغان باجنى يىغىش ئىشلىرىغا مەخسۇس ئەمەلدار تەيىنلەنگەن. قايدۇ مەسئۇد بەگنى ئىشقا قويغان، ئۇ پۇقرالارنى ئارام ئېلىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش چارىسىنى قوللىنىپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ھەمدە بۇراق دېھقانچىلىق رايونلىرىنى بۇلاشقا تەمشىلىۋاتقاندا، كۈچىنىڭ يارىچە نەسىھەت قىلىپ ئۇنى توسقان. ئۇ ئىدارە قىلغان رايونلاردا ”ھۆكۈمەت خەزىنىسى باياشات، پۇقرالار ئەمىن بولۇپ①“، كۆرۈنەرلىك نەتىجە يارىتىلغان. مەسئۇد ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ خىزمىتىنى ئۆز نۆۋىتى بويىچە ئۈچ ئوغلى ئۈستىگە ئالغان، 3 ـ ئوغلى قەشقەردە خىزمەت ئۆتىگەن.

مىلادى 1310 ـ يىلى ئۇگداي خانلىقى ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا ھالاك بولغان، خانلىقنىڭ كۆپ قىسىم زېمىنى چاغاتاي خانلىقى تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغان، لېكىن يۈەن سۇلالىسى بىلەن چاغاتاي خانلىقىنىڭ غەربىي يۇرتنى تالىشىش ئۇرۇشى يەنىلا داۋام قىلىپ، 14- ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا ئاندىن تىنچىغان.

شۇ چاغلاردا ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىياتى شەھەرلەر، دېھقانچىلىق رايونلىرى ۋە يايلاقلاردىكى كۆچمەن چارۋىچى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئاز ساندىكى

① تۆجى: «موڭغۇل تارىخىدىن خاتىرىلەر»، 46- جىلد.

ھۆكۈمران تەبىقىسى دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتەلمىگەن. يايلاقلاردىكى كۆچمەن چارۋىچى ئەمگەكچىلەر ئاممىسى ۋە كۆپ ساندىكى فېئودال ھۆكۈمرانلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلماي، يەنىلا شامان دىنىنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشىنى ساقلاپ، ئىسلام دىنىغا تاقابىل تۇرغان، ھەتتا ئۇلار ئىسلام دىنىغا بۇرۇنلا ئېتىقاد قىلغان بوراق خان مىلادىنىڭ 1270 ـ يىلى ۋاپات بولغاندا، ئۇنى "كۆپپارلار"نىڭ قائىدە ـ يوسۇنى، يەنى موڭغۇللارنىڭ ئادىتى بويىچە تاغ ئۈستىگە دەپنە قىلغان.

ھەر قايسى خانلىقتىكى موڭغۇل خانلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىمۇ ئۈزچىل داۋاملاشمىغان. مەسىلەن، قىپچاق خانلىقىدا بېركىدىن كېيىنكى خانلارنىڭ ھېچقايسىسى ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن، ئۆزبېك خان تەختكە چىققان (1312 ــ 1342 ـ يىللاردا تەختتە تۇرغان) دىن كېيىن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇرغانلىقى ۋە ئۇنىڭ شەرىئەتكە ئەمەل قىلدۇرغانلىقىنى ئوچۇق بىلدۈرگەن ھەمدە ھاكىمىيەت كۈچىگە تايىنىپ ئىسلام دىنىنى مەجبۇرىي يولغا قويغان. ئىلخان خانلىقىدا ھىلاكۇ ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى ئاباغا خرىستىئان دىنىغا مايىل بولغان ۋە خرىستىئان پادىشاھى بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن، ئاباغانىڭ ئىنىسى تاقۇدار تەختكە چىققان (1281 ــ 1284 ـ يىللاردا تەختتە تۇرغان) دىن كېيىن خرىستىئان دىنىدىن ئىسلام دىنىغا ئۆتكەن، لېكىن ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى خان يەنە خرىستىئان دىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن، XIII ئەسىردە ئىلخان، يەنى مەشھۇر غازانخان (1295 ـ يىلدىن 1304 ـ يىلغىچە تەختتە تۇرغان) دەۋرىدە ئاندىن ئىسلام يولىغا قايتا ماڭغان. غازانخان ئىراندىكى بارلىق موڭغۇللاردىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشنى تەلەپ قىلغان، نارازى بولۇپ قارشى چىققانلارنى باستۇرغان. غازانخاننىڭ ئىلخان خانلىقىدا ئىسلام دىنىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئومۇملاشتۇرغانلىقى موڭغۇل بارگاھلىرىدىكى ھۆكۈمرانلار ئىچىدە زور تەسىر قوزغىغان. ھەتتا جوڭگونىڭ چوڭ خان ئوردىسىدىكى خانلار ئىچىدىمۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار بارلىققا كەلگەن، مەسىلەن، قۇبلاينىڭ نەۋرىسى خانزادە ئاناندا شۇنداق

قىلغان. ئاناندا قۇبلاينىڭ 3 ـ ئوغلى مېنگولانىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇنى كىچىكىدىن تارتىپ تۈركىستاندىكى بىر مۇسۇلمان ئەر ـ ئايال بېقىپ چوڭ قىلغان. شۇڭا، ئىخلاسمەن مۇسۇلمان بولۇپ تەربىيىلەنگەن. ئۇ «قۇرئان كېرىم» نى يادلىغان ھەم ئەرەب يېزىقىنى ناھايىتى ئوبدان ئۆگەنگەن، ئۆز ۋاقتىنى ھەمىشە ناماز ئوقۇپ ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆز قوماندانلىقىدىكى 150 مىڭ موڭغۇل ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپچىلىكىنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزگەن. بىرسى قۇبلاينىڭ ۋارىسى تېمۇر خاقانغا بۇ ئىشنى مەلۇم قىلغان ھەمدە ئاناندانىڭ ئۆز قول ئاستىدىكى موڭغۇللارنىڭ كۆپ قىسىم ئوغۇل باللىرىنى ئىسلام قائىدىسى بويىچە خەتنە قىلدۇرغانلىقىنى ئەيىبلىگەن. ئاناندا غازانخاننىڭمۇ شۇنداق قىلغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆزىنى ئاقلىغان، خان ئانا كۆكۈجىن خاتۇننىڭ ئارىغا چۈشۈشى بىلەن تېمۇر خاقان ئاناندانىڭ ئىسلام ئېتىقادىنى ساقلاپ قېلىشىغا ماقۇل بولغان ھەم ئۇنى تاڭغۇتلار (ھازىرقى نىڭشىيانىڭ پۈتۈن قىسمى ۋە گەنسۇ، چىڭخەينىڭ بىر قىسىم رايونى) نىڭ قوشۇنى ۋە زېمىنىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇشقا ئەۋەتكەن.

چاغاتاي خانلىقىدا بۇراقنىڭ ئوغلى دۇۋا ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ھەم قايدۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن. لېكىن، مىلادىنىڭ 1251 ـ يىلى قەتل قىلىنغان قاراھىلاكۇنىڭ ئىنىسى، بۇرىنىڭ نەۋرىسى تالىقۇنىڭ ئانىسى كېرمان ئاقسۆڭەكلىرىدىن بولغاچقا، ئۇمۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ ، مۇسۇلمانچە ئىسمىنى " خىزىر " دەپ ئاتىغان. ئۇ مىلادىنىڭ 1309 ـ 1311 ـ يىلى ئارىلىقىدا خانلىق تەختىنى تارتىۋالغان. لېكىن، ئىسلام دىنىغا ئارتۇقچە يان بېسىپ، دۇۋانىڭ ئەۋلادلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكىلەرگە قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن، موڭغۇل خان ـ بەگلىرى بۇنىڭغا تاقەت قىلالمىغان، ئاخىردا دۇۋانىڭ ئوغلى كېپەك ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

كېپەك ئەسلىدە شامان دىنىدا ئىدى، لېكىن ئۇ ئىسلام دىنىغا يان باسقانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمان تارىخچىلىرى ئۇنى ماختىغان. كېپەك

ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىل (1318 ــ 1326 - يىللار) دە پايتەختىنى سەمەرقەندكە يۆتكىگەنلىكى ئۈچۈن، شەرقىي موغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىغان، بۇ ئىش چاغاتاي خانلىقىنىڭ پارچىلىنىشىغا سەۋەب بولغان. كېپەك ئۆلگەندىن كېيىن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئېلجىگىتاي، دۇۋاي تېمۇرلەر ۋارىسلىق قىلغان. ئېلجىگىتاي خرىستىئان دىنىغا يان باسقان، ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، كاتولىك دىنىنىڭ دومىنگو مەزھىپىدىن بولغان توماس مەنكاسۇرا ئوتتۇرا ئاسىيادا كاتولىك دىنىنى تارقىتىش پائالىيىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قانات يايدۇرغان، مىلادى 1309 - يىلى پاپا جون XII ئۇنى سەمەرقەندكە ئېپىسكوپ قىلىپ تەيىنلىگەن.

كېپەكتىن كېيىن ئىسلام دىنىغا ھەقىقىي ئىشەنگەن خان تارماشىرىندۇر. " تارماشىرىن " ئەسلىدە سانسكرىت تىلىدىكى بۇددىستلارنىڭ نامى ئىدى، كېپەك خۇداغا ئىخلاس قىلغانلىقى ئۈچۈن، كېيىن " ئەلائىددىن " (ئۇلۇغ ئېتىقادچى) دېگەن نامغا ئېرىشكەن. مەراكەشلىك مۇسۇلمان سەيياھ ئىبنى بەتۇتە سەمەرقەندكە ساياھەت قىلىپ كەلگەندە، سۇلتان تارماشىرىننىڭ ئۆز بارگاھى بار جايدىكى مەسچىتتە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن. ئۇ مۇنداق بايان قىلدۇ: شۇ چاغ قارا قىش پەسلى ئىدى. لېكىن، سۇلتان پېشىن نامىزى بىلەن خۇپتەن نامىزىنى جامائەت بىلەن بىللە ئوقۇيتتى، زادى ئۈزۈلدۈرمەيتتى. سۇلتان بامدات نامىزىدىن كېيىن كۈن ئۆرلىگىچە تۈركىي تىلدا ھەمدۇسانا ئوقۇيتتى، ئاندىن جامائەت ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قول بېرىپ كۆرۈشۈپ سالام بېرەتتى، دىگەر نامىزىدىن كېيىنمۇ شۇنداق قىلاتتى. بەزىلەر كىشمىش ياكى خورما ئېلىپ كېلەتتى، سۇلتان ئۇنى ئۆز قولى بىلەن مەسچىتتىكى كىشىلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرەتتى. سۇلتاننىڭ دىنىي مەسلىھەتچىسى پېرسىيىلىك سۇفىزم ئىمامى ھىسامىددىن ياغى ئىدى. بىر قېتىم دىگەر نامىزى ۋاقتىدا، سۇلتان تەرەت ئېلىۋېلىش ئۈچۈن نامازنى سەل تەخىر قىلىپ ئۆتەشنى ئىلتىجا قىلغان، لېكىن ئىمام ھېسامىددىن ياغى: " نامازنى ئاللا ئۈچۈن ئوقۇيمىزمۇ ياكى تارماشىرىن ئۈچۈنمۇ؟ " دېگەن ۋە نامازنى

باشلاۋەرگەن. سۇلتان كېچىكىپ كىرگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئىخلاس بىلەن دىگەر نامىزىنى تولۇقلاپ ئوقۇغان. بۇ ئىمام ھەر قېتىمقى نامازدا جامائەتكە ۋەز ئېيتىپ نەسىھەت قىلاتتى. سۇلتانغىمۇ ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىپ، يامان ئىشلارنى قىلماسلىقنى جېكىلەيتتى، ئىمامنىڭ سۆزلىرى قاتتىق بولسىمۇ، سۇلتان يەنىلا قۇلاق سېلىپ ئاڭلايتتى، ھەتتا كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلەتتى①.

تارماشىرىن چىڭگىزخاننىڭ جاساق تۈزۈمى بويىچە موڭغۇل خان - بەگ، ئاقسۆڭەكلىرى ھەر يىلى ئۆتكۈزىدىغان يىغىننى ئەمەلدىن قالدۇرغان. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئافغانىستانغا ئۇرۇش قوزغىغان ھەمدە يىراقتىكى ھىندىستانغا يۈرۈش قىلغان، لېكىن تۆت يىلغىچە ئالمىلىققا ۋە شەرقتىكى ئۆلكىلەرگە كېلىپ باقمىغان. شۇڭا، مىلادىنىڭ 1334 - يىلى تارماشىرىنغا قارشى توپىلاڭ يۈز بەرگەن، ئۇنى جاساق قانۇنىغا خىلاپلىق قىلدى، دەپ ئەيىبلىگەن، توپىلاڭغا دۇلاي تېمۇرنىڭ ئوغلى بۇزان باشچىلىق قىلغان، بۇزاننىڭ ئۆزىمۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، لېكىن ئۇ موڭغۇللارنىڭ ئادىتىنى تاشلىۋېتىشكە قارشى تۇرغان، تارماشىرىن ئاخىر ئۆلتۈرۈلگەن.

بۇزان خانلىق ھوقۇقىنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارغا ھەر تەرەپتىن مۇشكۈلچىلىك سالغان ھەمدە خرىستىئان مۇرىتلىرى ۋە يەھۇدىيلارنىڭ چېركاۋ سېلىشى، دىنىي جەمئىيەت قۇرۇشىغا رۇخسەت قىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر مۇنچە موڭغۇل شاھزادە - بەگلىرىنى ۋە ئىسلام مۆتىۋەرلىرىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇغان، شۇڭا ئۇ تەختتە ئۇزۇن ئولتۇرمايلا ئاغدۇرۇۋېتىلگەن، شۇ يىلى (1334 - يىلى) دۇۋانىڭ نەۋرىسى، ئەبىجىننىڭ ئوغلى جىنكېش ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان. جىنكېش بۇددىست بولۇپ، تەختكە چىقىشتىن ئىلگىرى 1332 - يىلىلا يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن قاراملىق مۇناسىۋىتى ئورناتقانىدى. جىنكېش تەختكە چىققاندىن كېيىن كۆپ ۋاقتىنى

① ماچىنبېك تەرجىمە قىلغان «ئىبنى بەتۇتە ساياھەت خاتىرىسى»، نىڭشىيا خەلق نەشرىياتى 1985 - يىل نەشرى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالمىلىقتا ئۆتكۈزگەن. بۇ مەزگىلدە خرىستىئان دىنىنىڭ مەركىزىمۇ ئالمىلىققا يۆتكەلگەن، كاتولىك دىنىنىڭ فرانسىس مەزھىپىدىكى مىسسىئونېر نىكولاس جۇڭگو دىنىي رايونىنىڭ كادىناللىقىغا تەيىنلەنگەن، ئۇ جىنكېش ئوردىسىدا ناھايىتى ئوبدان كۈتۈۋېلىنىپ، ئالمىلىققا يېقىن جايدىكى چوڭ قورۇقتا چىرايلىق بىر چېركاۋ سالدۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىن، غەربنىڭ خرىستىئان ئېپىسكوپلىرى كەينى - كەينىدىن كەلگەن. بولۇپمۇ بىر قېتىم خرىستىئان ئېپىسكوپى خاننىڭ كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتىپ قويغاندىن كېيىن، خان ئۆزىنىڭ يەتتە ياشلىق ئوغلى ئۈچۈن خرىستىئان دىنىغا كىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن. بىراق، جىنكېش 1338 - يىلى ئۆپچۆرىسىدە ئاغدۇرۇلغان، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتى ئوگداي سىستېمىسىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئەلى سۇلتاننىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتكەن. ئەلى سۇلتان ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، خرىستىئانلارنى دەھشەتلىك قىرغىن قىلىش ۋەقەسى يۈز بەرگەن. 1339 - يىلى ئالمىلىقتىكى مەشھۇر خرىستىئان ئېپىسكوپلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلگەن، ھەتتا يەتتىسۇ رايونىدىكى كاتولىك مۇخلىسلىرىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي مەنسەپ تۇتقان بىر مۇنچە كىشىلەرمۇ ۋەقەگە چېتىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئەلى سۇلتاننىڭ زالىملىقى خرىستىئانلارغا قىلىنغان مۇئامىلە دائىرىسىدىن كۆپ ھالقىپ كەتكەن، شۇڭا مۇسۇلمان ئەدىبلەرمۇ ئۇنى رەھىمسىز، زالىم پادىشاھ دەپ ئاتىغان. غازانخان ئۇنىڭ ۋارىسى بولغان. غازانخان پارچىلىنىپ كەتكەن چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتىنى قايتا تىكلەشكە ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان، بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۆزى 1346-يىلى كونا تۈرك ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماۋەرائۇننەھر رايونىدىكى موڭغۇل خان - بەگلىرى قورچاق بولۇپ قالغان، ئەمەلىي ھوقۇق پۈتۈنلەي كونا تۈرك خانلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرى جۇڭگو بىلەن غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يەنمۇ كەڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش دەۋرى بولغان. موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيانى بويسۇندۇرغانلىقى جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناشقا يول ئېچىپ بەرگەن، غەربىي يۇرت مۇسۇلمانلىرى يۈەن دەۋرىدىكى مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا مۇھىم تارىخىي رول ئوينىغان. يۈەن سۇلالىسىنىڭ زېمىنى كەڭ، ئۇنىڭدىكى مىللەتلەر كۆپ ئىدى، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئۈچ خىل تىل-يېزىق قوللىنىلاتتى، موڭغۇل تىلى ئاتالمىش "دۆلەت تىلى" ئىدى، خەنزۇلار بىلەن جەنۇبلۇقلار خەنزۇ يېزىقىنى قوللىناتتى، غەربىي يۇرتلۇقلار 31 خىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى ئىدى. ئۇ چاغدا ئىسلام دىنىدىكىلەر ئومۇمەن پارس تىلىنى قوللىنىدىغان بولغاچقا، پارس يېزىقىمۇ يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى قوللىنىدىغان يېزىق قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنىدى. يۈەن سۇلالىسىدە مۇسۇلمان سودىگەرلەرنىڭ ھوقۇقى ناھايىتى چوڭ ئىدى، شۇڭا يۈەن سۇلالىسىنىڭ مۇھىم ئورگانلىرىغا مۇسۇلمان تىلماچلار، پەرمانچىلار، نايىپلار ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلىرىنى مەخسۇس باشقۇرىدىغان 10 نەچچە خىل ئەمەلدار قويۇلغانىدى. مەخسۇس ئىسلام ئىلىم ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان خانلىق رەسەتخانا نازارەتچىسى (ئىلمى نۇجۇم، قەمەرىيە، شەمسىيە كالېندارچىلىقىنى باشقۇرىدۇ)، شىپاگەرلىك مەھكىمىسى (مۇسۇلمانلارنىڭ دورىگەرلىك، تىبابەتچىلىك ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ)، ئۇيغۇر زەمبىرەكچىلىرى، قورال ئۇستىلىرىنى باشقۇرىدىغان تۈمەن تۇتۇن مەھكىمىسى (ئۇيغۇر زەمبىرەكچىلىرىنى ۋە قورال ياساش ئۇستىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك باشقۇرىدۇ)، ئۇيغۇر خانلىق بىلىم يۇرتى، خانزادىلەر مەكتىپى (ئۇيغۇر تىل-يېزىق ئىشلىرىنى مەخسۇس باشقۇرىدۇ) تەسىس قىلىنغانىدى. خانلىق بىلىم يۇرتى ھۆكۈمەت تەسىس قىلغان ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدىن بىرى ئىدى.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، غەربىي يۇرت مۇسۇلمانلىرىنىڭ جۇڭگوغا كۆپلەپ كېلىپ ساياھەت قىلىشى ياكى ئولتۇراقلىشىپ قېلىشى ئىسلام دىنىنىڭ

جۇڭگونىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا كەڭ تارقىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇنىڭ ئىچىدە سۇفىزم مەزھىپىنىڭ ئوينىغان رولى ئەڭ گەۋدىلىك بولغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سۇھرەۋەردىيە سۇلۇكىدىن بولغان شەيخ بۇرھانىددىننىڭ شاگىرتى جۇڭگونىڭ شىمالىي رايونلىرىدا مۇرىت قوبۇل قىلغان، كېيىن جۇڭگودا ۋاپات بولغان. بۇنىڭدىن باشقا، سۇھرەۋەردىيە سۇلۇكىدىن شەيخ بابى ماچىن (ئۇنىڭ قاراخانىيلار رايونىنىڭ ئادىمى بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن) جۇڭگونىڭ جەنۇبىي رايونلىرىدا كەڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغان. كۇبرىيە سۇلۇكىدىن بولغان شەيخ بۇرھانىددىن بۇخارى ئاۋۋال جۇڭگونىڭ شىمالىي رايونلىرىدا دىن تارقاتقان، كېيىن جەنۇبقا بېرىپ يۈننەننىڭ مېڭزى ناھىيىسىدە ۋاپات بولغان.[1] يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى: " دانىشمەن، دەرۋىشلەردىن مەسچىتتە ئولتۇرىدىغان، ئىش - ئوقىتى، مال - مۈلكى يوق، مەخسۇس ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىرىنى ھېسابىغا ئالمىغاندا، ئىش - ئوقىتى، مال - مۈلكى بار ئائىلىلەردىن مۇسۇلمان نوپۇس تۈزۈمى بويىچە باج - سېلىق ئېلىنىدۇ[2]" دەپ بەلگىلىگەن. " دانىشمەن " پارسچە سۆز بولۇپ، " بىلىم ئىگىسى "، " ئۆلىما " دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ؛ " دەرۋىش "مۇ پارسچە سۆز بولۇپ، " قەلەندەر "، " تەركىدۇنيا "چىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلار دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇلار قەلەندەرچىلىك قىلىپ، جاھان كېزىپ دىن تارقىتىدۇ. يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ بەلگىلىمىسىدىن يۈەن دەۋرىدە ئىسلام ئۆلىمالىرى ۋە سۇفىلارنىڭ دىن تارقىتىشتىكى پائالىيەتلىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئىسلام دىنى ئەۋج ئالغانلىقى ئۈچۈن، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۈچ خىل يېزىق تەڭ قوللىنىلىپلا قالماي، لاما دىنى (بۇددا دىنى)، كۇڭزى دىنى (تويىن دىنى)، ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل دىنمۇ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قىلىدىغان ئۈچ چوڭ ئىشى — جەڭ

---

① يۈسۈف فرېشى: «جۇڭگودىكى سۇفىزم»، «ئىسلام دىنىدىكى تەسەۋۋۇپچىلىق، ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى» (فرانسۇزچە نەشرى)، پارىژ، 1986 - يىل نەشرى.

② «يۈەن سۇلالىسىنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرى»، 17 - جىلد. نوپۇس پىرقىسى، 3 - قىسىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىش، ئۇۋ ئوۋلاش، زىياپەتكە قاتنىشىشتىن ئىبارەت بولغان. ئۇلار ئۇيغۇرلار يۇرتىدىن چىقىدىغان ھەربىي قورال ـ ياراق ۋە زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىنى، مەسىلەن، ئۇيغۇر زەمبىرىكى، قاتلىما ساداق، ياقۇت، ئۈنچە ـ مەرۋايىت، يۇك رەخت، كىمخاب، ئالچى ھارىقى، مېۋە شەربىتى قاتارلىق نەرسىلەرنى بەك ياقتۇرغان. بۇ نەرسىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن غەربىي يۇرتتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگۈزۈلگەن. لېكىن ئىلىم ـ پەن ۋە تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا تېخىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ياسىغان رەسەتخانا سايمانلىرى، گلوبۇس قاتارلىقلار جۇڭگونىڭ ئىلىم ـ پەن تەرەققىيات تارىخىدىكى مۆۋەپپەقىيەتلەردۇر. جۇڭگونىڭ جۇغراپىيىلىك خەرىتە سىزىش ئۇسۇلى ئۇيغۇر كارتوگرافىيە ئىلمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. يۈەن سۇلالىسى كىشىلىرىنىڭ شېئىرىي خاتىرىلىرىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ كامال تاپقان تېۋىپلىرى ۋە ئاجايىپ شىپالىق دورىلىرى مەدھىيىلەنگەن سەھىپىلەر تېخىمۇ كۆپ.①

يۈەن سۇلالىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان زور بىر تۈركۈم غەربىي يۇرتلۇق مۇسۇلمانلار يۈەن سۇلالىسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئىشلىرىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەشھۇرلىرى مەركەزدە قارا دىۋان، شەنشى ۋە سىچۈەندە ۋاقىتلىق قارا دىۋان، يۈننەن ئۆلكىسىدە دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۆتىگەن مەشھۇر سىياسەتچى سەييىد شەمسىددىن ئۆمەر (1211 ـ 1279 ـ يىللار)، يۈەن شىزۇ (قۇبلاي) دەۋرىدىكى ۋەزىر، مالىيە مۇتەخەسسىسى ئەھمەد (؟ — 1282 ـ يىللار)، ئاسترونوم جامالىددىن، بىناكارلىق مۇتەخەسسىسى ئەختەرىدىن، داڭدار زەمبىرەك ياساش ئۇستىسى ئالائىددىن ئىسمائىل، يۈەن نەغمىسى كومپوزىتورى ماجيۇگاۋ (1270 — 1350)، رەسسام گاۋكېگۇڭ (؟ — 1310 ـ يىللار) قاتارلىقلاردۇر. يۈەن دەۋرىدە تارىخ سەھىپىسىگە يېزىلغان غەربىي يۇرت

① خەن رۇلىن تەرجىمە قىلغان «يۈەن سۇلالىسى تارىخىدىن تېزىسلار» نىلى خاتىمىسى، «يۈەن تارىخىغا دائىر ماقالىلەر»، 1 ـ توپلام.

مۇسۇلمانلىرى ئىچىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادىن كەلگەنلىرىدىن باشقا، قاراقىتان ۋە چاغاتاي خانلىقى تەۋەسىدىكى رايونلاردىن، بولۇپمۇ قەدىمكى شىنجاڭ رايونىدىن كەلگەن ئەربابلارمۇ بار. مەسىلەن:

ئەلاۋارىسى (1190 ـ 1292 ـ يىللار) ئۇيغۇرلارنىڭ باۋائىر جەمەتىدىن بولۇپ، چىڭگىزخانغا ئەگىشىپ جەڭ قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەن، ئۇنىڭ ئوغلى يۈەن سۇلالىسىدە ئەمەلدار بولغان.

ھەبەش (؟ ـ 1300-يىللار)نىڭ ئاتا - بوۋىسى خوتەنلىك بولۇپ، قارا دىۋانلىق مەنسىپىدە بولغان.

مەجۇددىن خوتەنلىك، بۇخارا جەمەتىدىن بولۇپ، نوپۇس پىرقىسىدە دىۋان بېگى قاتارلىق خىزمەتلەردە بولغان.

كەيلىن (1255 ـ ؟)نىڭ ئاتىسى ھاجى ھەسەن غەربىي يۇرتلۇق، ئارغۇن جەمەتىدىن بولۇپ، چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلغاندىن كېيىن ھەربىي ئىشلاردا خىزمەت كۆرسەتكەن، كەيلىن ۋە ئۇنىڭ ئاكىسى ھەمدۇللا ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىدا ئەمەلدار بولۇپ، ماھىرلىق بىلەن ئىشلىگەن.

سەيدۇللا (1272 ـ ؟) ئۇيغۇر، ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىسى غەربىي يۇرتنىڭ دانىشمەنلىرى ئىدى، بوۋىسى بىلەن ئاتىسى ھەربىي ماھارىتى بىلەن قۇبلايخانغا تونۇلغان، ئەمەلدار بولۇپ ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىدا ئىشلىگەن. سەيدۇللا يۈەن دەۋرىدىكى ئاتاقلىق شائىر، ئۇنىڭ «يەنمېندا يېزىلغان شېئىرلار توپلىمى»[1] بار.

---

[1] خې شۈيى تۈزگەن «خۇيزۇ ئەربابلىرى تەزكىرىسى. يۈەن دەۋرى»، نىڭشيا خەلق نەشرىياتى 1985 - يىل نەشرى.

www.uyghurkitap.com

# تۆتىنچى باب شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى ئىسلام دىنى

## 1 - بۆلۈم شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ھۆكۈمرانىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى

يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا، چاغاتاي نەسەبىدىكى خانلارنىڭ كۈچى ئىچكى توپىلاڭدا قاتتىق زەئىپلەشتى، چىڭگىزخان نەسەبىدىكى موڭغۇل قەبىلىلىرىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كۈچى بارغانسېرى زورايدى. بارلاس قەبىلىسى بىلەن دوغلات قەبىلىسىنىڭ بىرى خانلىقنىڭ غەربىي قىسمىدا، بىرى خانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىدا ھۆكۈم سۈردى. مىلادى 1346 - يىلى پۈتۈن چاغاتاي ئۇلۇسىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە سورىغان غازانخان ئۆلگەندىن كېيىن، چاغاتاي خانلىقى بارا - بارا ئىككى قىسىمغا رەسمىي بۆلۈندى. غەربىي قىسمى ئوتتۇرا ئاسىيانى، شەرقىي قىسمى قەشقەر، تۇرپان رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. مىلادى 1348 - يىلى تۇغلۇق تۆمۈر شەرقىي قىسىمدا خانلىققا ئولتۇردى، بۇ خانلىق 1514 - يىلى يەكەن خانلىقى قۇرۇلغىچە 136 يىل ھۆكۈم سۈردى. بۇ دەۋرنى بۇرۇنقى مۇسۇلمان تارىخچىلار ئادەتتە "موغۇلىستان①" دەپ ئاتىغان ھەم بۇ يەردىكى موڭغۇللارنى "موغۇللار" دېگەن. ھازىر بۇ رايون ئىلىمىزنىڭ تارىخ ساھەسىدە "شەرقىي چاغاتاي خانلىقى" دەپ ئاتالماقتا.

شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدا ئىسلام دىنى تۇغلۇق تۆمۈر ئىسلام دىنىنى

---

① مۇغۇلىستان ــ مىلادى 1347 - يىلى چاغاتاي ئەۋلادى تۇغلۇق تۆمۈرخان تەرىپىدىن ھازىرقى قورغاس ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ئالمىلىقنى پايتەخت قىلىپ قۇرۇلغان دۆلەت نامى.

قوبۇل قىلغان ھەم تەشەببۇس قىلغانلاردىن تارتىپ گۇللەنگەن. تۇغلۇق تۆمۈر (1347 ـ 1363 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) چاغاتاي نەسەبىدىكى خانلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، بالا ۋاقتىدا ئانىسى بىلەن چوڭ ئەمىر دوختۇي شىراۋۇل جەمەتى ئارىسىدا سەرسان بولۇپ يۈرگەن. چاغاتاي خانلىقى بۆلۈنگەندىن كېيىن، شەرقىي قىسمىدىكى خانلىق ئورنى بوش قالغان. ئاقسۇغا ئورۇنلاشقان ھەم كۇچانىڭ غەربىدە تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى كەڭ زېمىننى سوراۋاتقان دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى بۇلاجى تۇغلۇق تۆمۈرنى ئىزدەشكە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنى تاپقۇزۇپ ئاقسۇغا ئەكەلدۈرگەن. تۇغلۇق تۆمۈر بىر قېتىم ئوۋغا چىقىپ، ئايكۆل دېگەن يەردە شەيخ جامالىددىن دېگەن بىر سوپىزم تەرغىباتچىسىغا يولۇققان. بۇ تەرغىباتچى تۇغلۇق تۆمۈرگە ئىسلام دىنىنىڭ بەرھەق يول (يەنى روشد، نىجاتلىق تېپىشنىڭ توغرا يولى) ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، ئېتىقادنىڭ مەزمۇنىنى ۋە مۇسۇلمانچىلىقنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى چۈشەندۈرگەن. تۇغلۇق تۆمۈر قاتتىق تەسىرلىنىپ، خانلىق تەختكە ئولتۇرغان ۋە ئالىي ھاكىمىيەتكە ئىگە بولغاندا، ئىمان ئېيتىشقا ھەم شەيخنى دىن تارقىتىش ئۈچۈن ئوردىغا تەكلىپ قىلىشقا ۋەدە بەرگەن.

جامالىددىن مەشھۇر ئالىم ئەبۇ ھەفز كەبىرنىڭ ئوغلى ئىدى. چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلغاندا، بۇخارانىڭ مۆتىۋەرلىرى خەفرىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، ئىنىسى شۇجاۋىدىن ماخمۇت قاراقورۇمغا سۈرگۈن قىلىنغان، جامالىددىننىڭ ئەجدادىمۇ شۇ قاتاردا سۈرگۈن قىلىنىپ شۇ يەرگە بارغان. كېيىنكى ۋاقىتتا قاراقورۇمدا تەبىئىي ئاپەت يۈز بەرگەچكە، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرى لوپ، چېدىرغا كۆچۈپ كەلگەن، ئۇ يەرنى قۇم بېسىپ كەتكەندىن كېيىن جامالىددىن ئاقسۇ ئايكۆلگە كۆچۈپ كەلگەن. ئۇ بۇ يەردە دىننى تەرغىب قىلىپ يۈرۈپ، تۇغلۇق تۆمۈر بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان، لېكىن شەيخ جامالىددىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا ئوغلى مەۋلانە ئەرشىدىنگە تۇغلۇق تۆمۈرگە ئىمان ئېيتقۇزۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشنى تاپىلىغان. شەيخ جامالىددىننىڭ جەسىتى شۇ يەرگە قويۇلغان،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ مازىرى ھازىرمۇ بار.

توغلۇق تۆمۈر ئالمىلىقتا تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، مەۋلانە ئەرشىدىن خاننىڭ بارگاھىغا بېرىپ، ئىمان ئېيتىش توغرىسىدا ئۆز ۋاقتىدا ئاتىسىغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئۇنىڭ ئېسىگە سالغان. خان ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ھەم خىزمەت ئىسىملىك بىر دامولىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئىمان ئېيتىش رەسمىيىتىنى ئادا قىلىپ، شىنجاڭ تارىخىدا تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان موغۇل خانى بولۇپ قالغان. ئۇ "مۇسۇلمانچە ئىسمىنى ئەبۇبەكرى قويغان، ئالتۇن - كۈمۈش پۇللىرىغىمۇ ئەبۇبەكرى دەپ يازغانىدى. كېيىن ئەبۇبەكرى دېگەن ئىسمىغا مۇھەممەدنى قوشۇپ، مۇھەممەد توغلۇق دەپ ئاتىغان①."

شەيخ جامالىدىن بىلەن ئوغلى ئەرشىدىن توغلۇق تۆمۈرگە ئىمان ئېيتقۇزۇپ، ۋاستىچىلىك رول ئوينىغان. ئەمەلىيەتتە، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدا ئىسلام دىنىنىڭ گۈللىنىشى تارىخىي مۇقەررەرلىككە ئىگە ئىدى. باشتا ئېيتقىنىمىزدەك، توغلۇق تۆمۈر ئىمان ئېيتىشتىن بۇرۇن، چاغاتاي نەسەبىدىكى خانلاردىن بۇراق خان، كېپەك خان، بولۇپمۇ تارماشىرىن قاتارلىقلار ئىمان ئېيتىپ بولغان، ئىسلام دىنى چاغاتاي نەسەبىدىكى خانلار ئارىسىدا يىلتىز تارتىپ بولغانىدى.

ئۇنىڭدىن قالسا، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا مەركىزىي ھاكىمىيەتنىڭ غەربىي يۇرتتىكى شەھەر، كەنت ۋە دېھقانچىلىق رايونلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى تەدرىجىي ھالدا يەرلىك موغۇل خانلىرىنىڭ قولىغا ئۆتكەنىدى. بۇ جايلارنى ۋە تارىمنىڭ غەربىي قىسمى بىلەن جەنۇبىي قىسمىدىكى بوستانلىقلارنى ئاللىقاچان ئىسلام مەدەنىيىتى قاپلىغانىدى. شەرقىي چاغاتاي خانىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى شۇ جايلاردىكى مۇسۇلمان جەمئىيىتىنىڭ مۇھىتىغا ماسلىشىپ، خانلىقنىڭ ھاكىمىيىتىنى قوغداپ قېلىشقا پايدىلىق ئىدى. قۇجۇدىكى ئۇيغۇر رايونىدا بولسا ئىدىقۇت جەمەتى

① مۇھەممەد ھەيدەر كوراگان: «تارىخىي رەشىدى»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىن.

زەئىپلىشىپ، ئۇيغۇر بۇددىزمى زاۋاللىققا يۈزلەنگەنلىكتىن، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بۇ رايوننى ئىسلام دىنىنىڭ ياردىمى بىلەن بويسۇندۇرماقچى بولغانىدى.

بۇنىڭدىن باشقا، غەربىي يۇرتتىكى ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەرمۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىش يولىغا ماڭغانلىقتىن، شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىشى شۇ مىللەتلەرنى ئۆزىگە رام قىلىشقا ۋە تىزگىنلەشكە پايدىلىق ئىدى.

تۇغلۇق تۆمۈر ئىمان ئېيتىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ ئاساسلىق تايىنىدىغان كۈچى، مەسىلەن، دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىر ـ ئاقسۆڭەكلىرى ئىسلام دىنىغا مەخپىي قاتنىشىپ بولغانىدى، بۇ ئۇنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشىغا تېخىمۇ مۇھىم سىياسىي ئاساس بولغان.

سابىق چاغاتاي خانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ماۋەرائۇننەھر رايونىدا ئىسلام دىنى ئىلگىرىلا ناھايىتى روناق تاپقانىدى. موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ دىنغا كەڭچىلىك قىلىش سىياسىتىنى قوللىنىشى ئارقىسىدا، ئىسلام دىنىنىڭ يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى تەدرىجىي ھالدا ئامەت تاپقان، دىنىنىڭ نوپۇزلۇق رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا پەيغەمبەر ئەۋلادىدىن بولغان ئۆلىمالار ۋارىسلىق تۈزۈمى بويىچە قويۇلغان، شەرىئەت مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە تىزگىنلەش كۈچىگە ئىگە بولغان، دىنىي تەشكىلاتلارمۇ يۇكسەك نوپۇزغا ئىگە بولغانىدى. بۇخارا قاتارلىق جايلاردىكى دىنىي ئورگانلار شەرقىي قىسمىدىكى رايونلارغا سىڭىپ كىرىشنى زادى توختاتمىغانىدى. تۇغلۇق تۆمۈرنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا ئەڭ بۇرۇن دەۋەت قىلغان شەيخ جامالىدىنمۇ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا دىن تارقىتىشقا بۇخارادىكى دىنىي تەشكىلاتنىڭ بۇيرۇقى بىلەن كەلگەن، دېگەن گەپ بار. جامالىدىن ئۆلۈش ئالدىدا، مەۋلانە ئەرشىدىنىڭ تۇغلۇق تۆمۈرگە ئىمان ئېيتقۇزۇشىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىش توغرىسىدا بۇخاراغا مەكتۇپ ئەۋەتكەن. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇخارا شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا بەش نەپەر دىن تەرغىباتچىسى ئەۋەتكەن. ئۇلار

www.uyghurkitap.com

نۇرغۇن مەخپىي خىزمەت ئىشلەپ، مەقسەتكە يەتكەن. بۇ ئەھۋاللار بۇنىڭ مۇئەييەن رەھبەرلىك ئاستىدا، چەتنىڭ ياردىمى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان دىن تارقىتىش ھەرىكىتى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.①

چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئاساسچىسى بولغان تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ سىياسىي ئىستىكى ئالدى بىلەن موڭغۇل قەبىلىلىرى ئارىسىدا چاغاتاي نەسەبىدىكى خانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تىكلەش ئىدى. ئۇ ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىپ، قەبىلە ئەمىرلىرى (مۇسۇلمانلارنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرىدىكى قەبىلە كاتتىلىرى)نى تىزگىنلىگەن. تۇغلۇق تۆمۈر مەۋلانە ئەرشىدىن ۋە خىزمەت داموللا بىلەن بىرلىكتە، ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرىنى بىر - بىرلەپ چاقىرىپ، ئۇلارنى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا بۇيرۇشنى، بويۇن تولغىغانلارنى ”كاپىر“ ۋە بۇتپەرەس دەپ ئۆلتۈرۈشنى قارار قىلغان. بۇلاجىنىڭ ئاكىسى، ئۇلۇس بېگى (ئەمىرلەر ئەمىرى) تۇلەك ئاۋۋال تەكشۈرۈلگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۈچ يىل بۇرۇن قەشقەردە ئىمان ئېيتقانلىقىنى، خاندىن قورقۇپ، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى ئاشكارا قىلماي كەلگەنلىكىنى ئېيتقان. تۇغلۇق تۆمۈر ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقۇزۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن. نۆۋەت ئەمىر جالاسقا كەلگەندە، ئۇ ئۆزىنىڭ پالۋانى ساتاخنى بۇقا بىلەن خىزمەت داموللىنى مۇشتلىشىشقا سېلىشنى، ئەگەر مۇسۇلمان موڭغۇلنى يېڭەلمىسە، ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. نەتىجىدە خىزمەت داموللا ساتاخنى يەرگە ئاتقان، كىشىلەر بۇنىڭغا قايىل بولغان، شۇنىڭ بىلەن موڭغۇللاردىن 160 مىڭ كىشى ئۇزۇن چاچلىرىنى كېسىپ، ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغان.

تۇغلۇق تۆمۈر يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ، ئىسلام دىنىنى ھاكىمىيەت كۈچى بىلەن قوغدىغان. تۇغلۇق تۆمۈر مۇسۇلمان بولمىغان كىشىلەرنى ئىمان ئېيتىشقا چاقىرىپ، ئۆز ئاغزى بىلەن بۇيرۇق چۈشۈرگەن ھەم ئەرشىدىنىڭ ئىلتىماسىغا بىنائەن، 60 كىشىلىك مۇھاپىزەت ئەترىتىنىڭ ھەمراھلىقىدا،

---

① يۈسۈپبەگ: «ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدا تارقىلىشى».

ئەرشىدىننى كوچاغا دىن تارقىتىشقا ئۈندىگەن. بۇرۇن كوچادا بەزى سوفىزم تەرغىباتچىلىرى ھەرىكەت قىلغانىدى. رىۋايەتكە قارىغاندا، مىلادى 1269 - يىلى ھىندىستاندىن كەلگەن شەيخ نىزامىدىن دېگەن دەرۋىش كوچانىڭ ئاشقلار بېغى دېگەن يېرىدە بىر خانىقا سالدۇرغان، لېكىن ئىسلام دىنى بۇددىزم كوچىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ كەلگەن. ئەرشىدىن كوچاغا بارغاندىن كېيىن، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قوللىشى بىلەن دىنىي تەرغىباتنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرغان. ئۇ ئۆزىنىڭ باشچىلىقىدا ئىسلام جەمئىيتى شەكلىدىكى ھۆكۈمەت تەرەپ دىنىي تەشكىلاتىنى قۇرۇپ، 50 نەچچە كىشىلىك دىنىي ئاپپارات تەسىس قىلغان، ئۇنىڭ تەركىبىدىكىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن يىغىپ كەلگەن دىنىي زاتلار ئىدى. بۇ ئاپپاراتنىڭ قارىمىقىدا دىن، ئەدلىيە، دىنىي مائارىپ ۋە ۋەخپە مۇلۇكلەرنى باشقۇرىدىغان تارماقلار قۇرۇلغان. بۇ تەشكىلات ھەر يىلى خانلىق خەزىنىدىن تەشۋىقات خىراجىتى ئۈچۈن مەخسۇس پۇل، كالا - قوي ئېلىپ تۇرغان ۋە ئاقسۇ، كوچا، شايار، قاراشەھەر، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا قازىخانا قۇرۇشنى، «قۇرئان»، «سەھىھۇلبۇخارى» (ئىسمائىل بۇخارى يازغان)، «جاسۇە شېرىپ» (جالالىدىن رۇمى يازغان) قاتارلىق دىنىي كىتابلارنى تارقىتىشنى، بۇتخانىلارنى چېقىشنى، كوچا - كوچىلاردا دىنىي تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشنى ئېنىق بەلگىلىگەن. بۇ ئورگان يەنە بۇخارا دىنىي كوچلىرىنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولغان. مىلادى 1353 - يىلى بۇخارا دىنىي مۇئەسسەسلىرى ئىمام پەتتارنى ئاقسۇ، بۇگۇرنىڭ، سۇلايمان پارسىنى شايارنىڭ دىنىي ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىشقا ئەۋەتكەن. ھۆكۈمەت قوللىغان، سىرتقى دىنىي كوچلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بۇنداق دىن تارقىتىش ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى بىلەن كوچا، شايار، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىكى ئاھالىلەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىسلام دىنىغا كىرگەن.

تۇغلۇق تۆمۈرخان تۆھپىكار خان ئىدى. «تارىخىي رەشىدى» دە باھا بېرىلگىنىدەك، " تۇغلۇق تۆمۈردىن كېيىنكى خانلارنى چەۋەندازلىق

www.uyghurkitap.com

جەھەتتە ۋە زېمىنىنىڭ كەڭلىكى جەھەتتە ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ①". ئۇ ماۋەرائۇننەھر رايونىدىكى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى چاك - چېكىدىن سۆكۈلۈپ، مالىمانچىلىق ئەۋج ئالغان پايدىلىق پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، مىلادى 1360 - يىلىدىن باشلاپ ئىككى قېتىم يۈرۈش قىلىپ، سەمەرقەندنى ئىشغال قىلىپ، پۈتۈن ماۋەرائۇننەھر رايونىنى ئۆز ئىلكىگە ئالغان. چاغاتاي ئەۋلادى بولغان بۇ خان " ۋارىسلىق ھوقۇقى بويىچە بۇ رايوننى سوراشقا ھەقلىق بولىسمۇ " ②، لېكىن ئىسلام بايرىقىنى كۆتۈرۈپ لەشكەر تارتىپ چىققاچقا، ماۋەرا ئۇننەھر رايونىدىكى مۇتەئەسسىپ دىنىي كۈچلەر بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ قارشىلىقتىن خالىي بولغان. بۇنى يىراقتا قىلغان يۈرۈشنىڭ غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلىشتىكى مۇھىم شەرتنىڭ بىرى دېمەي بولمايدۇ.

لېكىن تۇغلۇق تۆمۈر لەشكەر تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىياغا كەتكەندە، ئالمىلىقتىكى بۇرۇن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بىر قىسىم كۆچمەن چارۋىچى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلەر توپىلاڭ كۆتۈرگەن. بۇنىڭ تەسىرى بىلەن كۇچا، شايار قاتارلىق جايلاردىكى بۇددىستلارمۇ مۇشت كۆتۈرۈپ چىققان. تۇغلۇق تۆمۈر ئەسكەرلىرىنى باشلاپ تېزدىن قايتىپ كېلىپ، ئالمىلىقتىكى بۇددىستلارنى تازىلاپلا قالماستىن، بەلكى ئىسلام دىنىنى يۆلەپ، ئاقسۇدىن كۇچاغىچە بولغان كەڭ رايوندا ھۆكۈمران ئورۇنغا ئىگە قىلغان. «تارىخىي رەشىدى»دە ئېيتىلىشىچە، تۇغلۇق تۆمۈرخان مەۋلانە راشىدىنىنىڭ قولىدا مۇسۇلمان بولغان. تۇغلۇق تۆمۈرخاندىن ئىلگىرى بۇراقخان، ئۇنىڭدىن كېيىن كېپەكخانلار مۇسۇلمان بولغان بولىسمۇ، ئەمما خەلقنىڭ مۇسۇلمانچىلىقى راۋاج تاپمىغان. ئۇلار يېنىۋېلىپ، ئىسلام دىنىدىن چىقىۋالغان. ئەمما تۇغلۇق تۆمۈرخان مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئىسلام دىنى موڭغۇللار ئارىسىدا يىلتىز تارتىپ ئومۇملاشقان ③. ئۆز زامانىدىكى كۈسەن ئۇيغۇر بۇددىزمى تۈگەشكەن،

---

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كوراگان: «تارىخىي رەشىدى»، 1 - بۆلۈم.
② يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.
③ تيەن ۋېيجياڭ: «شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر پارچە قەدىمكى ئۇيغۇر پۈتۈكى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1988-يىل 7-، 8-سان.

تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تىزگىنلەش ھوقۇقى تۇرپان رايونىغىچە كېڭىيىشكە باشلىغان. تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىر پۈتۈكتە، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئۇيغۇر ئۈزۈمزار ئىگىلىرىدىن ئېغىر ئالۋاڭ ئالغانلىقى پۈتۈلگەن[1].

تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىسلام دىنىنىڭ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدا تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئاساس سالغان. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئالمىلىق قەلئەسىنىڭ شەرقىگە قويۇلغان، ئالمىلىق شەھىرىگە ” دارىلئىسلام “ دەپ نام قويۇلغان. قەبرە بىناسىنىڭ كۆلىمى 150 كۋادرات مېتىر، ئېگىزلىكى 14 مېتىر، قەبرىنىڭ ئىچى ئەگمە گەمە، ئۈستىگە خار ياغاچ ئىشلىتىلمىگەن، قاراڭغۇ ئۆي ئارقىلىق ئۈستىگە چىققىلى بولىدۇ. ئىشىكى شەرققە قارايدۇ، ئىشىك بېشىدا ئەرەبچە يېزىلغان مۇناجات بار. تاملىرىغا سۆسۈن، ئاق، كۆك كاھىش بىلەن خىلمۇخىل گۈل چىقىرىلغان. پۈتۈن بىنا سۈرلۈك، قەدىمىي، كۆركەم، چىرايلىق بولۇپ، شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئىسلام دىنى مازارلىرى ئىچىدىكى مەشھۇر مازارلارنىڭ بىرى.

تۇغلۇق تۆمۈر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، شەرقىي چاغاتاي نەسەبىدىكى كېيىنكى خانلارمۇ مۇسۇلمان بولغان. تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئوغلى ئىلياس خوجا سەمەرقەندتە تۇرۇپ ماۋەرائۇننەھرنى سورايتتى ھەم يەرلىك ئەمىر تۆمۈرنى ئۆزىگە قول - قانات قىلغانىدى. تۇغلۇق تۆمۈر ئۆلگەندىن كېيىن، ئىلياس ئالمىلىققا قايتىپ كېلىپ تەختكە ۋارىسلىق قىلغان. ئەمىر تۆمۈر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ماۋەرائۇننەھر رايونىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تارتىۋالغان ھەم نۇرغۇن يىل ئۇرۇش قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ھۆكۈم سۈرگەن ئىمپېرىيە قۇرغان. شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدا بولسا يېغىلىق ۋە جاڭجال ئەۋج ئېلىپ كەتكەن. ئىلياس خوجا ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويماقچى بولۇپ ماۋەرائۇننەھر رايونىغا لەشكەر تارتىپمۇ باققان، لېكىن دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى جامالىدىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلغان. مىلادىيە 1363 ـ 1364- يىللىرى بىر كۈندە تۇغلۇق

① مۇھەممەد ھەيدەر كوراگان: «تارىخىي رەشىدى»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىن.

www.uyghurkitap.com

تۆمۈرنىڭ 18 ئوغلى تەك ئۆلتۈرۈلگەن، پەقەت كىچىك ئوغلى خىزىر خوجىلا ئەمىر بولاجى جەمەتىنىڭ قوغدىشى بىلەن ئامان قالغان. جامالىدىن تەختنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، ئىچكى قىسمىدىكى توقۇنۇش بېسىقمىغان. ئەمىر تۆمۈر شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا بەش قېتىم ھۇجۇم قوزغىغان،جامالىدىن ئاخىر گۇم بولغان. دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى بولاجىنىڭ ۋارىسى خۇدايداد ئادەم ئەۋەتىپ، چوڭ بولۇپ قالغان خىزىر خوجىنى تاپتۇرۇپ كەلگەن ھەم قوۋمىنى يىغىپ، ئۇنى خان قىلىپ تىكلىگەن.

خىزىر خوجا (مىلادىي 1368ـ1400ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان)مۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئاكتىپ تەشەببۇسچىسى ئىدى. ئۇ ئەمىر تۆمۈر بىلەن قۇدىلىشىپ، ماۋەرائۇننەھر بىلەن بولغان زىددىيەتنى پەسەيتكەن ھەم پايتەختنى بېشبالىققا يۆتكىگەن. ئۇ " غازات قىلىش " نامى بىلەن قارا خوجا، تۇرپاندىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم جاينى بىر مەھەل بېسىۋالغان، لېكىن تۇرپانغا قىلغان " غازات "تا جېنىدىن ئايرىلغان. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن خوتۇنى بىلەن بىللە لوپنۇر (يامشى)گە قويۇلغان. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان «غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەر تەزكىرىسى»دە: " شەھەر ئىچىدە ئىككى يەردە قەبرە بار، ئەتراپى دەرەخ بىلەن ئورالغان، چۆرىسىدە قورۇق تام بار، بۇ قەبرە خىزىر خوجا بىلەن خوتۇنىنىڭ قەبرىسى. ئۇنىڭغا يېقىن يەردە كىچىك قەبرىلەر بار، ئۇلار يېقىن ۋەزىرلىرىنىڭ قەبرىسى ئىمىش " دەپ يېزىلغان.

خىزىر خوجىنىڭ ئوغلى مەھمۇدخان (مىلادىيە 1407ـ1415 ـ يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان)مۇ ئىخلاسمەن مۇسۇلمان ئىدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ دورغاپ بېگى چېن چىڭ غەربىي يۇرتقا ئەلچى بولۇپ چىققاندا، مەھمۇدخان ۋە ئۇنىڭ ئىلكىدىكى بېشبالىق توغرۇلۇق مۇنداق خاتىرە قالدۇرغان: "بېشبالىق قۇملۇق يەر ئىكەن، ئۇنى پادشاھ مەھمۇدخان سورايدىكەن، مەھمۇدخان يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، بۇ يەر ئۇنىڭ ئاتا مىراس سۇيۇرغالى ئىكەن. ئۇ يەردە قەلئەلىك ئوردا يوق ئىكەن، ئادەملىرى ئوت ـ سۇ قوغلىشىپ كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىكەن. ماكانلاشقان يەرگە چېدىر

تىكىپ، ئاستىغا كىگىز سالىدىكەن، قىش ـ ياز يەردە ياتىدىكەن. يادىشاھ تۇماق كىيىپ، قۇشنىڭ پىيىنى قادايدىكەن. كىيىمىنىڭ يېڭى قىسقا بولىدىكەن، چېچىنى چۇشۇرىدىكەن، قولىقىغا ھالقا ئاسىدىكەن. ئاياللىرى بېشىغا ئاق رومال ئارتىدىكەن، كىيىملىرى تار بولىدىكەن. ئۇلار گۆش، قۇرۇت يەيدىكەن، ئارىلاپ ئۇن، گۇرۇچمۇ يەيدىكەن. ھاراق چىقارمايدىكەن، سۇت ئىچىدىكەن. ئاندا ـ ساندا ئارپا تېرىيدىكەن. كىيىمگە يۇڭ رەخت توقۇپ كىيىدىكەن①". بۇنىڭدىن مەھمۇدخان ۋە ئۇنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ مۇسۇلمانچە كىيىنگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. «تارىخىي رەشىدى»دە يېزىلىشىچە، مەھمۇدخان زەيتېر دەرياسى ۋادىسىنىڭ شىمالىي چېتىگە بىر خانىقا سالدۇرغان، ئۇنىڭ دالىنىنىڭ ئېگىزلىكى 20 گەز (بىر گەز 30 سۇڭغا تەڭ) كېلىدىكەن، ئالدى ئىشىكىدىن كىرگەندە، ئۇڭغا بۇرۇلغان 30 گەز ئۇزۇنلۇقتىكى بىر كارىدور بار ئىكەن، ئۇ يەردىن ئۆتۈپ، 20 گەز كەڭلىكتىكى يۇملاق سارايغا كىرگىلى بولىدىكەن. يۇملاق ساراي ئايلانما كارىدور بىلەن ئورالغان، كارىدوردا قاتار كەتكەن چىرايلىق ھۇجرىلار بار ئىكەن. غەرب تەرەپتە ئېگىزلىكى 15 گەز كېلىدىغان مەسچىت بار ئىكەن، مەسچىتنىڭ 20 نەچچە ئىشكى بار ئىكەن. پۇتۇن بىنا تاش بىلەن قوپۇرۇلغان، ئىشىك بېشىغا يوغان تاش قويۇلغان. بۇ شۇ چاغدا ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ خېلى كامالەتكە يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مەھمۇدخان دىنىي جەھەتتىكى تەرسالىقى بىلەن مەشھۇر ئىدى. ئۇ موڭغۇللارنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇرۇشتا رەھىمسىز ۋاستە قوللانغان. مۇسۇلمانلارنىڭ ئادىتى بويىچە سەللە يۆگىمىگەن موڭغۇللارنىڭ بېشىغا تاقا مىخ قاققان. "بۇنداق ئىشلار قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇراتتى"، شۇڭا ئۇنىڭ دەۋرىدە "موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغان. ②"

---

① «مىلادىيە سۇلالىسىنىڭ تەزكىرە دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىسى»، 169 ـ جىلد.
② مىرزا ھەيدەر كوراگان: «تارىخىي رەشىدى»، 1 ـ بۆلۈم، 233 ـ بەت.

## 2 ـ بۆلۈم شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدا ئىسلام دىنىنىڭ كېڭىيىشى

شەرقىي چاغاتاي خانلىقى دەۋرى قەدىمكى شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى، تەرەققىي قىلىشىدىكى مۇھىم بىر دەۋر. بۇ دەۋردە ھۆكۈمران مىللەت دېگەن سالاھىيەتكە ۋە ئورنىغا ئىگە چاغاتاي موڭغۇللىرى ئومۇميۈزلۈك مۇسۇلمان بولغان. بۇ ھال موڭغۇللارنىڭ ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كېتىش جەريانىنى تېزلەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىسلام دىنى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كۇچا، تۇرپان، قومۇللاردا يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتۈپ، قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۇددا دىنىنىڭ ئورنىنى تەدرىجىي ئىگىلىگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقاد جەھەتتىكى بىرلىكى يېقىنقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى مۇھىم شەرت بولۇپ قالغان.

موڭغۇللارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى تارىختا ئۆتكەن خانلارنىڭ زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىشى، زورلىشى ئارقىسىدا ئەمەلگە ئاشقان. باشتا ئېيتقىنىمىزدەك، موڭغۇللار 15ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىكى مەھمۇدخان دەۋرىگىچە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، ماكان تۇتماي، سۇ ـ ئوت قوغلىشىپ ئوتلاق بېقىپ كۈن كەچۈرگەنىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان دەۋرىدىن مەھمۇدخان دەۋرىگىچە بولغان يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، ئىسلام دىنىنى موڭغۇللار ئارىسىدا قاتتىق زورلۇق ۋاستىسىگە تايانماي تۇرۇپ ئومۇملاشتۇرغىلى بولمايتتى. موڭغۇللارنىڭ كۆپچىلىكى دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، لېكىن قەبىلە ئەنئەنىسىنى يەنىلا جاھىللىق بىلەن ساقلاپ كەلگەنىدى. موڭغۇللارنىڭ ئادەت قانۇنى (جاساق) كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ئارىسىدا يەنىلا ئىناۋەتكە ئىگە ئىدى. موڭغۇللار ئىسلام قانۇنى ۋە شەرىئەتنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە زادىلا بويسۇنمايتتى، يەنە كېلىپ ئۆزلىرىنى

ھۆكۈمران دەپ بىلىپ، باشقا مىللەت مۇسۇلمان پۇقرالىرىنى مەنسىتمەيتتى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن بۇلاپ كەلگەن پۇقرالارنى ئېزەتتى، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلاتتى، ھەتتا قۇل ئورنىدا ئىشلىتەتتى. شۇڭا، موڭغۇللارنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان ئېتىقادىنى ۋە مۇسۇلمانلىقىنى ئوتتۇرا ئاسىيا، ھەتتا غەربىي ئاسىيادىكى ئىسلام ئەھلى ئېتىراپ قىلمايتتى. "ئۇلار مۇسۇلمان بولۇپ قۇرۇق ئاتاقىنىلا ئالدى، ئەمەلىيەتتە، ھەتتا ئاتاقىمۇ ئىگە بولالمىدى[①]". ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ھۆكۈمرانلار موڭغۇللارغىمۇ باشقا "كاپىرلار" (غەيرى دىندىكىلەر)غا ئوخشاش مۇئامىلە قىلاتتى، سەرسان بولغان موڭغۇللارنى قۇل ئورنىدا ساتاتتى.

شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى موڭغۇللارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدىن ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا كۆچۈشى ئۇۋەيسخان دەۋرى (مىلادى 1418—1420، 1424—1432- يىللار)دە باشلانغان. ئۇۋەيسخان خىزىر خوجىنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، 15- ئەسىردە خانلىق تەختىنى تالىشىش تۈپەيلىدىن تۆمۈر سۇلالىسى تەۋەسىدىكى تۈركىستانغا چىقىپ كەتكەن. تۈركىستان نايىپى شەيخ نۇردىن ئۇۋەيسخاننى كۈيئوغۇل قىلغان ھەم شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ تەختىنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن لەشكەر ئەۋەتكەن. ئويراتلارنىڭ كۈچى موغۇلىستاننىڭ شەرقىي چېگرىسىغا كىرگەنلىكتىن، ئۇۋەيسخان تەدرىجىي ھالدا ئىلىبالىققا كۆچكەن، لېكىن ھەر يىلى تارىم، تۇرپان، لوپنۇرغا بېرىپ ئوۋ قىلغان ھەم تۇرپاندا يەر تېرىپ دېھقانچىلىق قىلغان، قۇللار بىلەن بىللە قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ يەر سۇغارغان. شۇنىڭدىن باشلانغان ئولتۇراقلاشقان تېرىقچىلىق تۇرمۇشى موڭغۇللارنىڭ ئەنئەنىۋى كۆچمەن چارۋىچىلىق ئادىتىنى ئۆزگەرتىشكە، ئىسلام دىنىنى يەنىمۇ ئومۇملاشتۇرۇش ۋە كۈچەيتىشكە پايدىلىق ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇۋەيسخان بىلەن دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى خۇدايداد ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە كۈرەشمۇ ئىسلام قانۇنىنىڭ موڭغۇللارنىڭ ئادەت قانۇنىنىڭ ئورنىنى ئېلىشىغا

---

① مىرزا ھەيدەر كوراگان: «تارىخىي رەشىدى»، 1 - بۆلۈم، 11 - بەت.

تۈرتكە بولغان. خۇدايداد ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئالتە خاننى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ تەختىگە چىقارغان. ئاخىرقى خان ئۇۋەيسخانمۇ خۇدايدادنىڭ كۈچى بىلەن تەختكە چىققان. چىڭگىزخان دەۋرىدىلا خۇدايدادنىڭ ئەجدادىغا ئەدەب ـ ئەركام جەھەتتە يەتتە خىل پەخرىي ئىمتىياز ئىنئام قىلىنغانىدى، كېيىن تۇغلۇق تۆمۈرخان، خىزىر خوجا خانلار ئەمىر بۇلاجى، خۇدايدادلارغا يەنە بەش خىل ئىمتىياز بەرگەن. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم بولغىنى مىڭبېگىنى تەيىنلەش ۋە قالدۇرۇش هوقۇقى، توققۇز خىل جىنايەتنى كەچۈرۈم قىلىش هوقۇقى، خاننىڭ يارلىقىغا خۇدايدادنىڭ تامغىسىنى بېسىش هوقۇقى ئىدى. شۇڭا، ئەمىر خۇدايداد موڭغۇللارنىڭ جاساق تۈزۈمى بويىچە بېرىلگەن هوقۇققا ئاساسەن ئوردا ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. خۇدايدادنىڭ ئۆمرى ئاخىرلىشىپ قالغاندا، ئۇۋەيسخان ئىشنى پۈتۈنلەي ئۆز قولىغا ئالغان. خۇدايداد مەككىگە ھەج قىلغىلى بېرىش باھانىسى بىلەن قاچماقچى بولغان، ئۇۋەيسخان توسۇپ قويغان. خۇدايداد مەخپىي قاچماقچى بولۇپ، تۆمۈر سۇلالىسىنىڭ موڭغۇللارنىڭ ئۆزىنىڭ شەرقىي چېگرىسىغا پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتقانلىقىدىن قايغۇرۇۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ماۋەرائۇننەھر هۆكۈمرانى ئۇلۇغبەگنى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا هۇجۇم قىلدۇرغان، شۇنىڭ بىلەن خۇدايداد مالىمانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، ئۆزى يالغۇز دۈشمەن تەرەپكە قېچىپ كەتكەن. خۇدايداد سەمەرقەندكە بېرىپ مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئالدىغا تەزىمگە كىرگەندە، ئۇلۇغبەگ ئۇنىڭدىن چىڭگىزخاننىڭ تۆرۈ (جاساق)سى ھەققىدە سورىغان. ئۇ: " چىڭگىزخاننىڭ لەنتى تۆرۈسىنى ئاللىقاچان پۈتۈنلەي تاشلىۋەتتۇق، ئىسلام قانۇنىغا ئەمەل قىلىدىغان بولدۇق①" دېگەن. خۇدايدادنىڭ ئۆز ئىرادىسىگە قارشى بەرگەن بۇ جاۋابى شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئۇۋەيسخان ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىپ، دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئىمتىيازىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەنلىكتىن، موڭغۇل جاساقىنىڭ ئورنىنى ئىسلام قانۇنى ئالغان. ئۇۋەيسخانمۇ ئەسەبىي " غازاتچى " ئىدى.

---

① مىرزا ھەيدەر كوراگان: «تارىخىي رەشىدى»، 1- بۆلۈم، 252- بەت.

ئۇ ئويراتلار (مۇسۇلمانلارنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرىدا " كارىملار " دېيىلىدۇ) غا قارشى ھەدەپ لەشكەر تارتىپ، ئويراتلار بىلەن 61 قېتىم سوقۇشقان، لېكىن ئاران بىر قېتىم غەلىبە قازانغان، قالغان ئۇرۇشلاردا يېڭىلگەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە مىڭلاق، تۇرپان ئۇرۇشلىرىدا ئويراتلارنىڭ ئاتامانى ئىسەندابقا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم ئەسىر چۈشكەن. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇۋەيس دىنىي تۇس ئالغان بۇ خىل ئۇرۇشتىن ۋاز كەچمىگەن. بىر قېتىم ئۇۋەيسخان جەڭدە يېڭىلىپ مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قېلىپ ئۆزىنىڭ سىڭلىسى مەختۇم خېنىمنى بەدەل بېرىپ قۇتۇلغان. ئىسەنداب ئۇنى ئاسانچىداشقا ياتلىق قىلغان، لېكىن ئۇۋەيسخان يەنىلا قۇدىلىق مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ، سىڭلىسىنىڭ ئېرىنى ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلدۇرغان. توي ئىسلام دىنىنىڭ ئادىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن. بۇ خانىم ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى ئويراتلارنى پۈتۈنلەي ئىمان ئېيتقۇزۇپ مۇسۇلمان قىلغان.

ئۇۋەيسخان بىلەن ئويراتلارنىڭ تۇرپاندا قىلغان ئۇرۇشى ئىسلام دىنىنىڭ تۇرپان رايونىدا كېڭىيىشىگە تۈرتكە بولغان. باشتا ئېيتقىنىمىزدەك، تۇغلۇق تۆمۈرخان تۇرپاننى قورال كۈچى بىللەن بويسۇندۇرغان، ئىقتىسادىي جەھەتتە تالان - تاراج قىلغان بولسىمۇ، يەرلىك ئاھالىلەرنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇرۇش مەقسىتىگە يېتەلمىگەنىدى. خىزىر خوجىمۇ تۇرپاننى ئىشغال قىلغان، " شۇ قېتىمقى جەڭدە بۇ رايون مۇقەددەس ئىسلام قانۇنى بويىچە پارچىلىنىپ، بۇ خانغا بىر پارچە دۇردۇن بىلەن بىر قوڭغۇر كالا تەگكەن ئىمىش " ①. لېكىن، ئۇ بۇ رايوننى ئۇزاق تۇتۇپ تۇرالمىغان، خىزىر خوجا " غازات "تا ئۆلگەندىن كېيىن تۇرپان رايونىدا بۇددا دىنى قايتىدىن باش كۆتۈرگەن. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۇرۇشلىرى ھەر ھالدا ئىسلام دىنىنىڭ تۇرپان رايونىدا تارقىلىشىنى ئىلگىرى

---

① مىرزا ھەيدەر كوراگان: «تارىخىي رەشىدى»، 1 - بۆلۈم، 225 - بەت ۋە شۇ بەتتىكى ③ ئىزاھقا قاراڭ. ئىنگلىزچە تەرجىمىسىدە «‹دۇردۇن› بىلەن ‹قوڭغۇر كالا› ھاكىمىيەتنىڭ سىمۋولى ياكى ئىككى جاينىڭ نامى بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئىزاھلانغان. ئەمەلىيەتتە، بىر پارچە دۇردۇن ۋە قوڭغۇر كالىنىڭ بىر پارچە تېرىسىدىن كېسىلگەن ئىنچىكە قىيىقچە بىلەن قوتانلانغان ئىككى پارچە يەر بولۇشى مۇمكىن.

سۈرگەن. شۇڭا، 15- ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى مىڭ سۇلالىسىگە دائىر تارىخ ماتېرىياللىرىدا تۇرپان رايونىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ پائالىيەتلىرى خېلى كۆپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن، يۇڭلېنىڭ 3 - (1405)، 6 - (1408)، 7 - (1409) يىللىرى قاراخوجا قاتارلىق شەھەرلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەلچىلىرى ئوردىغا سوۋغات ئېلىپ بارغان. يۇڭلېنىڭ 17 - يىلى (1419) قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئوردىغا سوۋغات ئېلىپ بارغان ئەلچىلىرى 137 كىشىگە يەتكەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، تۇرپان رايونىدا ئىسلام دىنى خېلى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، لېكىن بۇددا دىنىنىڭ هۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلىمىگەن. يۇڭلېنىڭ 14 - يىلى (1416) مىڭ سۇلالىسىنىڭ دورغاپ بېگى چېن چىڭ غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە چىقىپ تۇرپاندىن ئۆتكەندە، بۇ يەردىكىلەر "بۇددىزىمغا ئېتىقاد قىلىدىكەن، ئىبادەتخانا جىق ئىكەن①، " دەپ خاتىرە قالدۇرغان. مىلادى 1420 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيا هۆكۈمرانى تۆمۈرنىڭ ئوغلى شاھرۇھمۇ مىڭ سۇلالىسىگە ئەلچىلىككە بارغاندا، بۇ يەردىن ئۆتكىچە كۆپچىلىك ئاھالىنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى، كونا ۋە يېڭى قاتۇرۇلغان بۇتلارنى كۆرگەن②. مىڭ سۇلالىسىنىڭ رەسمىي تارىخىدا خاتىرىلىنىشىچە، يۇڭلې دەۋرىدىن شۈەندې دەۋرىگىچە بولغان 30 يىلدا، تۇرپاندىكى بۇددا دىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، ئىچكى رايونلاردىكى بۇددا دىنى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان، ئىچكىرىگە قارايدىغان دىنىي ئەمەل تۈزۈمىنى ئورناتقان، بۇددا دىنىنىڭ ئەل ئۇستازى، مۇتىۋەللى ۋە جارۇپلىرىنى مىڭ سۇلالىسى تەيىنلىگەن. بۇ مەزگىلدە بۇددا دىنى ئۈستۈنلۈكنى ساقلىغان. ئۇۋەيسخان دەۋرىدە، موغغۇل هۆكۈمرانلىرى ئويراتلار بىلەن تۇرپان ئەتراپىدا ئۇرۇشۇپلا قالماستىن، بەلكى تۇرپاننى بېسىۋېلىپ، تۇرپاننىڭ ئاقساقىلى، تۇتۇق مەسلىھەتچىسى بولغان ئىنجىرچانى شۈەندېنىڭ تۇنجى يىلى (1426 - يىلى) قۇمۇلغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر

① چېن چىڭ، لى شيەن: «غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەر تەزكىرىسى».
② «شاھرۇخ ئەلچىلىرىنىڭ جۇڭگوغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»، خەنزۇچە تەرجىمىسى، 106 - بەت.

قىلغان، كېيىن ئۇ بېيجىڭدا كېسەل بولۇپ ئۆلگەن. شۇ يىلى تۇرپان شەھىرىدىن مۇسۇلمان " بالاماداشلى ئوردىغا ئولپان ئۈچۈن ئات ئېلىپ كەلگەن "①. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، سىياسىي ۋە دىنىي كۈرەشلەر ئارقىسىدا ئىسلام دىنى كۈچلىرى تۇرپاندا ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغان.

ئۇۋەيسخان ماۋەرائۇننەھردىكى تۆمۈر سۇلالىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. ئۇ خانلىق تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، تۆمۈر سۇلالىسى بىلەن دۈشمەنلەشمىگەن، ئاتالمىش " كاپىر " (غەيرىي دىندىكى) ئويراتلار بىلەن سوقۇشقان ھەم " مەن كاللامنى گۆھەر قادالغان تاجغا تەڭ قىلمايمەن، دىن يولىغا ئاتايمەن " دېگەن. لېكىن، ئۇ موغۇللارنىڭ تۆمۈر سۇلالىسىگە سالغان پاراكەندىچىلىكىنى توسالمىغان، خۇدايدادنىڭ ئاسىيلىق قىلىپ قېچىشى ئارقىسىدا، ماۋەرائۇننەھر ھۆكۈمرانلىرى بىلەن بولغان زىددىيىتى چوڭقۇرلاشقان. ئۇۋەيسخان ماۋەرائۇننەھردىكى مۇسۇلمان قىسمىلىرىنىڭ ھۇجۇمىنى توسماقچى بولغاندا، ئۆز ئادىمىنىڭ خاتا ئېتىپ قويۇشى بىلەن جېنىدىن ئايرىلغان، بۇ " غازاتچى " مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە قالغان. مىلادى 1432 - يىلى ئۇۋەيسخان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى ئېسەن بۇقا ئاكىسى يۇنۇسخاندىن خانلىق تەختىنى تالىشىپ، غەربىي يۇرتنى پاتپاراق قىلغان. جىڭتۇڭنىڭ 2 - يىلى (1437 - يىلى) 3 - ئايدا تۇرپان شەھىرىدىن گاڭخۇشيەن، شېرىنىنەن خۇلى ئېچكىرىگە كۆچۈپ بېرىپ، مىڭ سۇلالىسىگە: ئاستانىدا ماكانلىشىپ خىزمەتتە بولۇشنى خالايمىز، تۇرپاندا بۇددىزمنىڭ ھۆكۈمرانلىقى شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتى، دەپ مەكتۇپ سۇنغان. شۇ يىلى 7 - ئايدا تۇرپان رايونىنىڭ ئەلئاتىسى بالامارداش ئوردىغا ئولپان بىلەن ئەلچى ئەۋەتكەن②. بۇ " ئەلئاتا " بۇددا راھىبى بولماستىن، باشتا تىلغا ئېلىنغان ھېلىقى " مۇسۇلمان راھىب ". بۇ ئىسلام دىنىنىڭ شۇ چاغدا تۇرپاندا ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. جىڭتۇڭنىڭ 6 -

---

① «مىڭ شۈەنزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 19 - جىلد.
② «مىڭ يىڭزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىسى»، 32.، 84 - جىلد.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يىلى (1441 - يىلى) " تۇرپان رايونىنىڭ باشلىقى بالامارداش " مىڭ سۇلالىسىگە ئولپان ئېلىپ بارغان①. دېمەك، بۇ " مۇسۇلمان راھىب " "ئەلئاتا "، يۇرت باشلىقى، تۇرپان رايونىنىڭ ھۆكۈمدارى بولغان. تۇرپان رايونىمۇ " دارلئىسلام " دەپ ئاتالغان، بۇ مۇسۇلمانلار يۇرت سورىغان رايون دېگەنلىك بولىدۇ. بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان يەرلىك ئاھالىلەر مەجبۇرىيەت ئاستىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. مىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارىخ ماتېرىياللىرىدا خاتىرىلىنىشىچە، تۇرپان مۇسۇلمانلىرىنىڭ شۇ چاغدىكى ئۆرپ - ئادىتى مۇنداق ئىدى:

" بىر قېتىم ئوغرىلىق قىلسا تۆلىتىلىدۇ، ئىككى قېتىم ئوغرىلىق قىلسا بىر قولى كېسىلىدۇ، ئۈچ قېتىم ئوغرىلىق قىلسا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئادەم ئۆلتۈرسە، ئۆلتۈرۈلگۈچى تەرەپ كۈچلۈك بولسا تۇتۇۋېلىپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ جانغا جان ئالىدۇ، كۈچى يەتمىسە، پادىشاھقا ئەرز قىلىدۇ، پادىشاھ تۇتتۇرۇپ كېلىپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرىدۇ. ئۇرۇشقان ۋە زىنا قىلغانلار موللىنىڭ ئەدەپلىشىگە تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ... يەرزەنتلىرىنى 11 - 12 ياشقا كىرگەندە موللىغا ئوقۇشقا بېرىدۇ②. "

بۇ پۈتۈكتە ئېيتىلغان پادىشاھ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ تۇرپان رايونىنى سوراپ ياتقان سۇلتانى. بۇ خاتىرىدىن قارىغاندا، تۇرپان رايونىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ئىسلام ئەربابلىرى ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتقان ۋە رول ئوينىغان. ئۇلار خەت - ساۋات، دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىتىپلا قالماستىن، بەلكى ھۆكۈمدارلارغا ياردەملىشىپ، ھەق تەلەپ ۋە جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل بولغان.

ئۇۋەيسخان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى يۇنۇسخان بىلەن ئېسەن بۇقا ھوقۇق تالاشقان، كۆپچىلىك قەبىلىلەر ئېسەن بۇقىنى ھىمايە قىلغان. يۇنۇسخان شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنى تاشلاپ سەمەرقەندكە بېرىپ تۆمۈر

---

① مىرزا ھەيدەر كوراگان: «تارىخىي رەشىدى»، 1 - بۆلۈم، 225 - بەت، 2 - ئىزاھ.
② «مىڭ سۇلالىسىگە دائىر جىلد خۇتۇڭىن پۈتۈكلىرى»، 181 - جىلد، «گۇۋاھنامە مەكتۇپلىرى 3 - ».

سۇلالىسىنىڭ قوللىشى بىلەن شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا كىرىپ، غەربىي قىسمىدىكى رايونلاردا ئۆزىنى خان دەپ ئاتىغان. ئىسەن بۇقا تەختتىكى مەزگىلدە (مىلادى 1434_1462_ يىللار) ئۆز قوۋمىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن، ئىچكى قىسمى بىر قەدەر مۇقىم بولغان. ئۇ مىڭ سۇلالىسى بىلەن ياراشقان، ئۆزبېك، قازاقلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن. شارائىت ھازىرلانغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا ماۋەرائۇننەھر رايونىدىكى تۆمۈر سۇلالىسىگە ھۇجۇم قوزغىغان. ئۇ ئاۋۋال تۆمۈر سۇلالىسى بېسىۋالغان قەشقەر رايونىنى تارتىۋېلىش قارارىغا كەلگەن. مەزكۇر رايوندا ئەسلىدە خۇدايدادنىڭ ئوغلى ئەمىر سەئىد ئەخمەت نايىپلىق قىلاتتى. لېكىن، يۇقىرى قاتلام دىنىي زات خوجا شېرىپ كوچەيگەندىن كېيىن، ئەمىر سەئىد ئەخمەتنى قوغلاپ چىقىرىپ، قەشقەرنى مىرزا ئۇلۇغبەگكە بەرگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ قەشقەرنى تۆمۈر سۇلالىسى 40 يىل بېسىپ ياتقان. ئىسەن بۇقا ئەمىر سەئىد ئەخمەتنىڭ ئوغلى ئەمىر سەئىد ئەلىنىڭ ئىلتىماسىغا بىنائەن، قەشقەرنى قورال كۈچى بىلەن قايتۇرۇۋالغان. شۇنىڭ بىللە، ئىسەن بۇقىخان چاغاتاي نەسەبىنىڭ ماۋەرائۇننەھر رايونىغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەستە تۇتۇپ، لەشكەر تارتىپ ماۋەرائۇننەھر رايونىنى بىر نەچچە قېتىم تالاشقان، شۇڭا تۆمۈر سۇلالىسى شەرق تەرەپكە تاجاۋۇز قىلىشقا پېتىنالمايدىغان بولۇپ قالغان.

لېكىن، ئىسەن بۇقىخاننىڭ ئوغلى دوست مۇھەممەد (1416_1468 _ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) سۇفىزم، تەسەۋۋۇپچىلىقىغا شەيدا بولغان، مىجەزى غەلىتە، قىلىقلىرى يۇچۇن، كاللىسىنىڭ سۇيى بار ئادەم ئىدى. ئۇ تەختتىكى مەزگىلدە، قەشقەر ۋە يەكەنگە يۈرۈش قىلىپ، بولۇشىغا بۇلاڭ _ تالاڭ قىلىپ، يەرلىك ئەمىرلەرنىڭ غەزىپىنى قوزغىغانىدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى مىرزا ئابابەكرى بۇ خاننىڭ ئېلىشىپ قالغانلىقىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى تاشلاپ،قەشقەرنى ئىگىلەپ، ئۆز ئالدىغا خان بولۇۋالغان. كېيىن دوست مۇھەممەد دادىسىنىڭ بىر توقالىغا ئاشىق بولۇپ قېلىپ، موڭغۇل كۆچمەن قەبىلىلىرىنىڭ ” ئوغۇل ئۆگەي ئانىغا ۋارىسلىق قىلسا بولىدۇ “

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

دېگەن كونا ئادەتنى بويىچە بۇ توقالنى خوتۇنلۇققا ئالماقچـــى بولۇپ، شەرىئەتتىن پەتۋا سورىغان. ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بۇ نىكاھقا قارشى تۇرغان يەتتە قازىنى ئۆلتۈرگەن، ئاخىرىدا خەنجەر تەڭلەپ تۇرۇپ، مەھمۇد ھەيدەر داموللىدىن نىكاھقا " پەتۋا " ئالغان. بۇ دىنىي ساھەنىڭ قاتتىق نەپرىتىنى قوزغىغان. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، تەۋەسى مالىمان بولغان، نەتىجىدە يۇنۇسخان دۆلەتنى تۈزەپ تەختتە ئولتۇرغان.

كىچىك چېغىدا تۆمۈر سۇلالىسىگە بېقىنغان يۇنۇسخاننـــــى تۆمۈر سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىدىن " شاھرۇھ پەزىلەتلىك ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىقسۇن، دەپ مەۋلانە شەرىپىدىن ئەلى يەزدى[①]گە شاگىرتلىققا بەرگەن. يۇنۇسخان ئىراننىڭ شىراز شەھرىدە 12 يىل مەۋلانە شەرىپىدىن ئەلى يەزدىنىڭ قولىدا ئىلىم تەھسىل قىلغان. " مەۋلانە شەرىپىدىن ئەلى يەزدى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئىران، ئەرەبىستان، خوراسان ۋە ئىراق قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ئۇ جايدىكى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، ئالىم، ئۆلىمالارنى ئۇستاز تۇتۇپ، دۇنياۋى بىلىملەرنى ۋە ھەر خىل كەسپىي بىلىملەرنى ئۆگىنىپ 21 يىل تۇرغان، " يۇنۇس ئۇستا " دېگەن نامى بىلەن ھەممىگە تونۇلغان. ئۇ ئىراقتىكى مەزگىلدە نۇرغۇن ئالىملارنىڭ مۇنازىرىسـىـگە قاتناشقان، چەت رايونلاردا نۇرغۇن ۋەقەلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. 20 يىل چەتتە تۇرۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ماھارەت بىلەن كۆزەتكەن ۋە ئۆگەنگەن، بۇ جەرياندا كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىم ۋە سىياسىي ئەرباب بولۇپ يېتىلگەن. تۆمۈر سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانى مىرزا سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىن كېلىدىغان خەۋپنى تۈگىتىش ئۈچۈن، يۇنۇسخاننى ئىشقا سېلىش قارارىغا كەلگەن. يۇنۇسخان ئۆزىنى مەڭگۈ تۆمۈر سۇلالىسىنىڭ پۇقراسى دەپ بىلىش توغرىسىدا قەسەم بەرگەندىن كېيىن، ئەسكەر چىقىرىپ شەرقىـي چاغاتاي خانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىنى بېسىۋېلىپ، خانلىقنى ئىـككـــىگە بۆلۈۋەتكەن. كېيىن يۇنۇسخان ئېسان بۇقا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى دوست مۇھەممەد

---

① مۇھەممەد ھەيدەر كوراگان: «تارىخىي رەشىدى»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى.

ئارقا - ئارقىدىن كېسەل بولۇپ ئۆلگەن، نەۋرىسى كېپەك ئوغلان سۇيىقەستكە ئۇچرىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شەرقىي قىسمىنى بېسىۋالغان. يۇنۇسخان ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، كۆچمەن چارۋىچى موڭغۇللارنى دېھقانچىلىق رايونلىرىغا ئاپىرىپ ئولتۇراقلاشتۇرۇپ، ئىسلاملاشتۇرۇشقا تىرىشقان. يۇنۇسخان: "ئۇلار يېزا ياكى شەھەر - بازارلاردا ئولتۇراقلاشمىسا، مەڭگۈ ھەقىقىي مۇسۇلمان بولالمايدۇ①" دەپ قارىغان. ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرى موڭغۇل قەبىلىلىرىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز قارشىلىقىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تۆمۈر ئىمپېرىيىسىنىڭ موڭغۇللارغا "كاپىر" (غەيرىي دىندىكىلەر) قاتارىدا مۇئامىلە قىلىش سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ، موڭغۇللارنى ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە قانۇنىي ئورۇنغا ئىگە قىلغان.

بۇنىڭدىن باشقا، يۇنۇسخان مىڭ سۇلالىسى تەسىس قىلغان قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىغا ۋە ئۇنىڭ شەرقىدىكى جايلارغا قارشى "غازات" قوزغىغان. قۇمۇل يىپەك يولىدىكى مۇھىم جاي، غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ قاتناش تۈگۈنى بولغاچقا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئۆتكەن سۇلالىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۇنىڭغا ئېتىبار بىلەن قاراپ كەلگەنىدى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇ يەرنى چەۋەنداز ۋاڭ ناقۇل ساقلىغان، ناقۇل ئۆلگەندىن كېيىن، ئىنىسى ئەنق تۆمۈر ساقلىغانىدى. قۇمۇلنىڭ ھۆكۈمرانلىرىمۇ چاغاتاي خاننىڭ ئەۋلادى ئىدى، تۇرپان ھۆكۈمدارلىرى بىلەن ئۇرۇغى بىر، مۇناسىۋىتى ئىنتايىن يېقىن ئىدى. 15- ئەسىرنىڭ بېشىدا خىزىر خوجا تۇرپانغا ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن، ئەنق تۆمۈر يۇڭلېنىڭ 2 - يىلى (1404 - يىلى) ئىچكىرىگە بەيئەت قىلىپ، مىڭ سۇلالىسىدىن سادىق - ئىتائەتمەن ۋاڭ دېگەن نامنى ئالغان. يۇڭلېنىڭ 4 - يىلى (1406 - يىلى) مىڭ سۇلالىسى قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىنى تەسىس قىلىپ، قۇمۇلنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى بىۋاسىتە باشقۇرۇپ، بۇ ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم جاينىڭ

① مىرزا ھەيدەر كوراگان: «تارىخىي رەشىدى»، 2 - بۆلۈم 11 - ، 12 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇداپىئەسىنى كۈچەيتكەن. شۇ چاغدا قۇمۇل ئاھالىسى ئاساسەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. يۇڭلېنىڭ 7 - يىلى (1409 - يىلى) مىڭ سۇلالىسى ئۇ يەردە بۇددا دىنىي ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان " راھىبلار مەھكىمىسى " قۇرغان. ئۇ يەردە تېيەنشۇن يىللىرى (15- ئەسىرنىڭ باشلىرى)غىچە " ئەل ئۇستازى " دەپ ئاتىلىدىغان بۇددا كاتتىلىرى بار ئىدى، بىراق ئىسلام دىنى قۇمۇل رايونىغا ئاللىقاچان سىڭىپ كىرىشكە باشلىغان. مىڭ سۇلالىسى خۇڭۋۇنىڭ 25 - يىلى (1392 - يىلى) قۇمۇل پادىشاھى ۋىناشىلى قازى ئەلى باشلىق مۇسۇلمان ئەلچىلىرىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئات تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتكەن. يۇڭلېنىڭ تونجى يىلى (1403 - يىلى) مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى چېن چىڭ، لى شيەنلەر قۇمۇلدا بۇددىست ئۇيغۇرلار بىلەن قۇمۇلدا تۇرۇپ قالغان موڭغۇللار ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ " ئۆزگىچە ئۆرپ - ئادەتلىرى "نى كۆرگەن. مىلادى 1420 - يىلى تۆمۈر سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانى شاھرۇھ مىڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ئۆمكى قۇمۇلدىن ئۆتكەندە، بىر مەسچىتنىڭ يېنىدا بىر بۇددا ئىبادەتخانىسى بارلىقىنى، كىشىلەرنىڭ ئۆز دىنىي پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. بۇ ئىسلام دىنى بىلەن بۇددا دىنىنىڭ قۇمۇلدا تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. تۇرپان رايونىدا ئىسلام دىنى بۇددا دىنىنىڭ ئورنىنى ئالغاندىن كېيىن، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى قۇمۇلغا قاراپ كېڭەيمىچىلىك قىلغان، ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىكى مەقسىتى ئەلۋەتتە ئولپان ۋە بازارنى مونوپول قىلىپ، بۇ جاينى ئىقتىسادىي جەھەتتە تالان - تاراج قىلىش ۋە يۇتۇۋېلىش ئىدى. 15- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، تۇرپاننىڭ سۇلتانى يۇنۇسخان تونجى قېتىم لەشكەر تارتىپ قۇمۇلنى بېسىۋالغان. شۇنىڭدىن كېيىن، شەرقىي چاغاتاي خانلىقى بىلەن ئويراتلار ۋە مىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا قۇمۇلنى تالىشىش كۈرىشى توختىماي يېرىم ئەسىرگىچە داۋاملاشقان، قۇمۇل ئۈچ قېتىم قولدىن كەتكەن. ئۇرۇش ۋە مالىمانچىلىق قۇمۇل رايونىنىڭ مالىيە كۈچى ۋە ئادەم

كۆچىنى كۆپ خورىتىۋەتكەن. بىراق، ئىسلام دىنى ئاخىر بۇددا دىنىنى سىقىپ چىقىرىپ، ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكەن.

## 3 ـ بۆلۈم ئەرشىدىن جەمەتى ۋە نەقشىبەندىچىلەر

شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدا كۇچادىكى مەۋلانە ئەرشىدىن ئائىلىسى دىنىي جەھەتتە ئەڭ مەرتىۋىلىك ئائىلە بولۇپ قالغان. مەزكۇر ئائىلە شەيخ جامالىدىن بىلەن ئوغلى مەۋلانە ئەرشىدىنىنىڭ تۇغلۇق تۆمۈرخانغا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى بىلەن ئەل ـ جامائەتنىڭ ئىخلاسىغا سازاۋەر بولغان. تۇغلۇق تۆمۈرخان مەۋلانە ئەرشىدىن ئائىلىسىگە جەنۇبىي تىيانشاننىڭ ئىماملىق ئىمتىيازىنى بەرگەن ھەم كۇچادا دىن ئېتىقادچىلىرىنىڭ دىنىي پائالىيىتى ئۈچۈن چوڭ خانىقا سالدۇرۇپ بەرگەن. ” تۇغلۇق تۆمۈرخان ھەر يىلى ئىككى نەپەر بەگدىن رامىزاننىڭ پىتىرسىنى ۋە مۈلكىنىڭ زاكىتىنى، ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىنىڭ زاكىتىنى ئەۋەتىپ تۇرغان ①“. مەۋلانە ئەرشىدىن تۇغلۇق تۆمۈرخان يەتكۈزۈپ بەرگەن پۇل ـ پۈچەك بىلەن كۇچادا دىنىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇپ، نۇرغۇن باللارنى ئوقۇتقان ۋە ئۇلاردىن بىر تۈركۈم داموللا، موللا يېتىشتۈرگەن. بۇ ئۆزى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ دىنىي داھىيسى (پىرى) بولۇپ قالغان. رىۋايەتكە قارىغاندا، تۇغلۇق تۆمۈر ئۆلۈش ئالدىدا ئوغۇللىرى ۋە بەگلىرىگە ھەممە ئىشتا مەۋلانە ئەرشىدىنگە ئىخلاس قىلىشنى ۋەسىيەت قىلغان، ھەتتا كېيىنكى چاغلاردا خىزىرخوجىنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىشمۇ مەۋلانە ئەرشىدىن ئائىلىسىنىڭ ” رۇخسىتىدىن“ ئۆتكۈزۈلگەن. بۇ ئىسلام دىنى تارىخچىلىرىنىڭ ئاشۇرۇۋەتكەن گەپلىرى بولسىمۇ، لېكىن ئەرشىدىن ئائىلىسىنىڭ خانلىقتا يۈكسەك نوپۇزغا ئىگە

---

① «جالالىدىن بۇخارى ۋە تۇغلۇق تۆمۈرخانغا دائىر تارىخىي ۋەقەلەر»، «شىنجاڭ دىن تەتقىقات ماتېرىياللىرى»، 16 ـ توپلام (1988 ـ يىل).

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەرشىدىن كۇچاغا كەلگەندىن كېيىن، شۇ يەردە دىن تارقىتىۋاتقان شەيخ نىزامىدىن ئائىلىسىگە كۈيئوغۇل بولۇپ، ئىككى ئوغۇل تاپقان، چوڭىنىڭ ئېتى ئەبۇ پاتىخ، كىچىكىنىڭ ئېتى ئەبۇ ناسىر ئىدى. ئەرشىدىن ئۆلۈش ئالدىدا، ئاقسۇ، كۇچانىڭ دىنىي ئىشلىرىنى بىۋاستە باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئەبۇ پاتىخقا، چالىشتىن تۇرپانغىچە بولغان جايلارنىڭ دىنىي ھوقۇقىنى ئەبۇ ناسىرغا بەرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇگۇر، يېڭىسارلارنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى شاگىرتى شەيخ سەئىد ئاۋغانغا تاپشۇرغان. ئەرشىدىن ئۆلگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى خانىقاسى — كۇچا ناھىيىسىنىڭ شەھەر ئىچىدىكى خانىقاسىدىكى مازارغا دەپنە قىلىنغان. ئەرشىدىنىنىڭ چوڭ ئوغلى ئەبۇ پاتىخ ئاقسۇغا كۆچۈپ بېرىپ، نەچچە يۈز ھاشارچىنى ئىشقا سېلىپ قەلئە سوقتۇرغان، ئىلىدىكى 400 ئۆيلۈك ئاقسۇلۇقنى كۆچۈرۈپ كېلىپ ئايكۆلگە ماكانلاشتۇرغان ۋە ئۇلارنى تۇرلۇك ئالۋاڭ - ياساقتىن خالاس قىلىپ، شەيخ جالالىدىنىنىڭ مازارىغا قارايدىغان، فېئودال دىنىي كاتىپباشلار ئۈچۈن ئىشلەيدىغان يانچىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان.

ئەرشىدىن ئائىلىسى كىشلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى كونترول قىلىپلا قالماستىن، خانلىقنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلىرىغىمۇ ئارىلاشقان. مەسلەن، خىزىر خوجا تۇرپان رايونىغا قارشى ئاتالمىش ” غازات “ قوزغىغاندا، ئەرشىدىنىنىڭ كىچىك ئوغلى ئەبۇ ناسىر ئاساسلىق رەھبەرلىك قىلغۇچىلاردىن بىرى بولغان، شۇ يەردە خىزىر خوجا بىلەن بىللە ” دىن يولىدا شېھىت بولغان “. كېيىن ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن ئەھمەد، فەخرىدىن، سەدرىدىنلەرمۇ شۇ زاماندىكى خانلىقلارنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى تىزگىنلەپ، تەسىرىنى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغا كېڭەيتكەن، ئوردا ئىشلىرىغا چاڭگال سالغان. لېكىن، ئوتتۇرا ئاسىيادا نەقشىبەندىچىلەر باش كۆتۈرگەندىن كېيىن، ئەرشىدىن ئائىلىسىنىڭ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى مۇقەددەس ئورنى يېڭى رەقىبكە دۇچ كەلگەن.

نەقشىبەندىچىلەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۆمۈر سۇلالىسىدە پەيدا بولغان.

ئوتتۇرا ئاسىيا ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاساسچىسى ئەمىر تۆمۈر چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادى ئەمەس ئىدى، ئۇ تۈركلىشىپ كەتكەن موڭغۇل قەبىلىسى — بارلاس قەبىلىسىدىن چىققانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەنپەئىتىنى كۆزلەپ ئىسلام دىنىدىن پايدىلانغان، ئەنئەنىۋى موڭغۇل جاساق تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلغان. چىڭگىزخاننىڭ جاساق تۈزۈمى بويىچە، پادىشاھ دۆلەت قانۇنىنىڭ رىجىمىدا بولاتتى، لېكىن تۆمۈر تۈزگەن يېڭى قانۇن پادىشاھ دىنىي جەھەتتە ئاللا ئالدىدىلا جاۋابكار بولىدۇ، باشقا قانۇنلارغا بويسۇنمايدۇ، دەپ بەلگىلەپ، ئىستىبدات ئىسلام پادىشاھىنىڭ ئورنىنى تىكلىگەن. تۆمۈر دىنىي ساھەنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن " پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى "نىڭ ئورنىنى جىنىنىڭ بارىچە كۆتۈرگەن. ئۇ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى 12 دەرىجىگە ئايرىغان، بەلگىلىمە بويىچە " پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى " ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرغان، ئىسلام دىنىي مۆتىۋەرلىرى، دىنىي ئۆلىمالار ۋە دىنىي كەسىپتىكىلەرنىڭ ئورنىمۇ ئۆستۈرۈلگەن. بۇرۇنقى موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ خان جەمەت ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ سالاھىيىتى بىكار قىلىنغان. ئۇلارنىڭ سۇيۇرغاللىق يەرلىرى كىشىگە بېرىشكە بولمايدىغان مال - مۈلۈك سۈپىتىدە مەسچىتكە ۋەخپە قىلىنىپ، دىنىي ئورگانلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. دۆلەت " پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى "غا ۋە يۇقىرى قاتلام دىنىي زاتلارغا يىللىق نەپىقە بېرىپ تۇرغان، ئىسلامىيەتنىڭ قانۇن - تۈزۈمىنى يولغا قويغان. بۇ تەدبىرلەر ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولغان، بۇ جەھەتتە تەسەۋۋۇپ (سۇفىزم)نىڭ تارقىلىشى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولغان. ئوتتۇرا ئاسىيادا، XII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسى ۋە ئاخىرىدا پەيدا بولغان ئەھمەد يەسەۋى ئېقىمى تەسەۋۋۇپ (سۇفىزم) ئىلمىغا ئاساس سالغۇچى ئەھمەد يەسەۋى نامى بىلەن باغلىق. ئەھمەد يەسەۋى ئېقىمىنىڭ غەربىي ئاسىيادا قادىرىيە، لىفايى، سوھرەۋەردىيە، مەۋلەۋىيە ۋە كالاندالىيە مەزھەپلىرى كەينى - كەينىدىن شەكىللەنگەن ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا سىڭىپ كىرگەن. يەسەۋى ئېقىمىنىڭ ئەنئەنىۋى تەسىرى ۋە غەربىي ئاسىيادىكى تەسەۋۋۇپچىلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېقىمىنىڭ سىڭىپ كىرىشى ئارقىسىدا، ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ تەسەۋۋۇپ (سوفىزىم) ئېقىمى تەشكىللىنىش تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلغان. XIII ئەسىردە خارەزمدە قوبرۇلىيە مەزھىپى باش كۆتۈرگەن. XIV ئەسىردە بۇخارادا ئۆتكەن تاجىك نەقشىبەندى (1314ـ1389ـ يىللار) نەقشىبەندىيە ئېقىمىنىڭ ئاساس سالغۇچىسىدۇر. ئۇنىڭ تولۇق نامى مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد پەزلى بۇخارى، ئۇ بۇخارادىكى قەسرى ئارىغاق دېگەن جايدا دۇنياغا كەلگەن. نەقشىبەندى ئۆزىنى دىنىي جەھەتتە ئەنئەنىۋى ئۇدۇمغا ئىگە قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئۆزىنى ئىلاھىيەتچىلىك جەھەتتە پىرسىپلىق دىن تارقاتقۇچى، XII ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا مەشھۇر بولغان تەسەۋۋۇپچى مۇتەپەككۇر يۇسۇپ ھەمەدانىغا باغلىغان. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، نەقشىبەندى ئىبادەتتىكى ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرۇپ، سۇننىي مەزھىپىنىڭ قاتتىق ئەنئەنىچىلىكىنى كۆز - كۆز قىلغان، بۇ دۇنيادىكى ھۇزۇر - ھالاۋەتكە شۈكۈر قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. " ئەل ئىچىدە قىل ئىبادەت، ئايلىنىپ دۇنيانى كەز، ئاۋايلاپ باسقىن قەدەم، راھەت - پاراغەتنى تەرك ئەتمىگەي ھەردەم " دېگەن ئىبادەت پرىنسىپىنى تەرغىب قىلغان. شۇڭا، ئۇلار " تەركىدۇنيالىققا قارشى تۇرغۇچىلار " دەپمۇ قارالغان.[1]شۇنداق قىلىپ، ئۇلار سوفىزمنىڭ تەرەققىياتىدا يېڭى بىر باسقۇچنى باشلىغان. نەقشىبەندى بەرپا قىلغان بۇ مەزھەپ زىكرنى ئاۋاز چىقارماي ئوقۇپ، روھىي دۇنياسىنى تىنچلاندۇرۇش بىلەن داك چىقارغان، شۇڭا ئۇلار " خۇپپىيانە ئوقۇغۇچىلار) دەپمۇ ئاتالغان، نەقشىبەندى (رەسسام) دېگەن ئاتاقنىمۇ ئالغان. نەقشىبەندى بەرپا قىلغان يېڭى مەزھەپنىڭ پائالىيىتى بىر مەھەل ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كونىلىقنى ياقلىغۇچى يۇقىرى قاتلام دىنىي مۆتىۋەرلەرنىڭ دەككىسىگە ئۇچرىغان، نەقشىبەندى ئۆزىمۇ سۈرگۈن قىلىنغان ۋە قارىلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ رېئال تۇرمۇش ۋە تەبىئەت بىلەن بىرلەشكەن ئىدىيىسى، دەھرىي ھاكىمىيەتنى قوغدايدىغان سىياسىي

---

[1] «سوفىزىم توغرىسىدا قىسقىچە بايان»، شىدوۋنىڭ خاۋگو-نجوڭ تەرجىمە قىلغان «ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى» ناملىق ئەسىرى (تاشكەنت، 1971 - يىل)، «شىنجاڭ دىن تەتقىقات ماتېرىياللىرى»، 16- توپلام (1988 - يىل).

تەشەببۇسى ئاخىر تۆمۈر سۇلالىسى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان، ئۇنىڭ مەزھىپى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي مىللەتلەر ۋە تۈركلەشكەن موغۇللار ئارىسىدا ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇرۇشتا چوڭ خىزمەت كۆرسىتىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سۇفىزم ئېقىمىدا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان ئېقىم بولۇپ قالغان. بۇنىڭدىن كۆرۈش مۇمكىنكى، نەقشبەندىيىنىڭ تېز تارقىلىپ، چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن ھەرىكەتكە ئايلىنىپ كېتىشى، ئۇنىڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىدا، ئۇلغار كىشىلەر ئارىسىدا ئۇزاق ئۆمۈر سۈرۈشى تاسادىپىي ھادىسە ئەمەس.

نەقشبەندىچىلەر تۆمۈر سۇلالىسىنىڭ "پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى"غا چوقۇنۇش خاھىشىغا ماسلىشىپ، بىر يۈرۈش سىرلىق "دىنىي نەسەب" تۈزۈپ چىقىپ، ھەر قايسى دەۋرلەردە ئۆتكەن دىنىي پىر - ئۇستازلارغا "خوجا ①" دېگەن ئاتاقنى بەرگەن، شۇڭا بۇ مەزھەپ "خوجىگان" دەپمۇ ئاتالغان. "خوجا" ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ قوللىنىلغان سۆز بولۇپ، تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، ئەسلىدە سامانىيلار خانلىقىدا مۇھىم بىر ئەمەل نامى ئىدى، كېيىن ئاقسۆڭەكلەرگە بېرىلىدىغان بىر خىل ئۇنۋان ۋە ئاتاققا ئايلىنىپ قالغان. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئىسلام ئەھلى خوجىلارنى "سەئىد" نامى بىلەن ئاتاپ، ئۇلارنى "پەيغەمبەر ئەۋلادى"غا مەنسۇپ دەپ نىقابلاپ، شۇ نام بىلەن ئاتايدىغان بولغان. ئەمەلىيەتتە، ئاسىيادىكى خوجىلارنىڭ مىللىي تەركىب ۋە نەسەب جەھەتتە مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋە ئەرەبلەر بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. ئوتتۇرا ئاسىيانى قاپلاپ كەتكەن خوجىلارنىڭ نەسەب ۋە سالاھىيىتى ئىشەنچلىك بولمىسىمۇ، لېكىن ئەل - جامائەت ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ كەلگەن، بولۇپمۇ تۆمۈر سۇلالىسىدىن بۇيان، خوجىلىق سالاھىيىتى بار ئىشانلار ئالاھىدە ئىمتىيازغا، شۆھرەتكە ئىگە بىر تەبىقە ياكى گۇرۇھقا ئايلانغان.

نەقشبەندىيە ئېقىمىدىكىلەر دىنىي مائارىپ يولىدا جان كۆيدۈرۈپ، خوجا مۇھەممەد پارس، خوجا ئالاھىدىن، ھەيدەر قاتارلىق بىر تۈركۈم داڭدار

① "خوجا" پارسچە سۆز بولۇپ، ئىگە دېگەن مەنىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شاگىرتنى يېتىشتۈرگەن. كېيىنكى چاغدا دىنىي ھوقۇقتا نەقشبەندىنىڭ تالانتلىق شاگىرتى، داموللا ياقۇپ پىرخەدى ۋارىسلىق قىلغان ھەم ھوقۇقنى 3 ـ دىنىي ئۇستاز خوجا ئەخرار (؟ــ1490) غا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. بۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا تۆمۈرنىڭ چوڭ ئىمپېرىيىسى پارچىلىنىپ، دەھرىي فېئوداللارنىڭ كۈچى ئىچكى جاڭجالدا ئاجىزلاپ، دىنىي فېئوداللارنىڭ باش كۆتۈرۈشكە پايدىلىق شارائىت تۇغۇلغان چاغ ئىدى. خوجا ئەخرار تاغلىق تاجىك ئىدى، ئۇ مەزھەپ باشلىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن دىنىي جەھەتتە شاھرۇھنىڭ ئوغلى ئۇلۇغبەگكە ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈمگە قارشى تۇرۇپ، مىرانشاھنىڭ ئەۋلادى ھۇسەيىننىڭ ماختىنىشىغا ئېرىشكەن. 1451 ـ يىلى ھۇسەيىن ئۇرۇشتا شاھرۇھ نەسەبىدىكى ھۆكۈمرانلارنى يېڭىپ، ماۋرا ئۇننەھر رايونىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، ئەخرارنىڭ ئىززەت ـ ئابرويى تېخىمۇ ئۆسكەن. ھۇسەيىن ئۇنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كىرگەن ھەم ئۇنىڭ دىنىي تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، شاھرۇھ زامانىدىن تارتىپ پارچىلىنىپ كەتكەن ئىمپېرىيىنى يەنە بىرلىككە كەلتۈرگەن. ئەخرار دىنىي داھىيلىق سالاھىيىتى بىلەن ئوردىنىڭ سىياسىي پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، يۇقىرى ئورۇنغا ۋە ھوقۇققا ئىگە بولغان. يۇقىرى قاتلام ئېشانلار ھۆكۈمران سىنىپىنىڭ قولىغا كەلتۈرگەن مەنپەئەتتىكە شېرىك بولغان، " تانقا " (يەر ھەدىيە قىلىش تۈزۈمى) غا، دەھرىي فېئوداللار ھەدىيە قىلغان ۋە ۋەخپە قىلغان يەر ـ مۈلۈكلەرگە تايىنىپ ، نۇرغۇن يەر ۋە مال ـ مۈلۈككە ئىگە بولغان. خۇسۇسەن خوجا ئەخرار سودىگەرچىلىك بىلەن بېيىپ، ماۋرائۇننەھر ۋە قازاقىستاندا نۇرغۇن قوروۋق قىلغان، يەر ـ زېمىنى 1300 نەچچە پارچىغا، ئومۇمىي كۆلىمى 3000 قوشقا يەتكەن، قۇللارنى قوشقا قېتىپ داڭ چىقارغان. ھۇسەيىن ۋە ئۇنىڭ ئوغلى تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە، ئەمەلىيەتتە، بەك كۆپ سىياسىي، ئىقتىسادىي كۈچكە ئىگە بولغان بۇ قاتتىق قول دىنىي زات ھۆكۈمرانلىق قىلغان دېسەك بولىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا خوجا ئەخرار " خاسلائېشان " (چوڭ ئېشان)

دەپ ئاتالغان تۈنجى دىنىي داھىي. " ئىشان " پارسچە ئۈچىنچى شەخس كىشىلىك ئالماش (يەنى " ئۇلار " دېگەن سۆز) ئىدى. كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي مىللەتلەر ئۇنى ھوقۇقدارلارنىڭ ھۆرمەت نامىغا ئايلاندۇرۇۋالغان، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ سۆز ئىسلام دىنىي ساھەسىگە ئۆزلىشىپ، دىنىي يولباشچى ياكى دىنىي كەسپىيكىلەرنىڭ مەرتىۋىسىگە ئايلىنىپ قالغان. دىنىي يولباشچىلاردىن ئېيتقاندا، " ئىشان " دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى پىر، شەيخ قاتارلىق سۆزلەرنىڭ مەنىسى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، باش ئىشانلارنىڭ ھۆرمەت نامى. ئوتتۇرا ئاسىيادا (جۇملىدىن شىنجاڭدا) بۇ ئاتاق نەسەۋۋۇپچىلار ئېقىمىدا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلغانلىقتىن، كىشىلەر سۇفىزمچىلارنى ئىشانلار دەپ ئاتايدىغان بولۇپ قالغان.

ئوتتۇرا ئاسىيادا نەقشىبەندىيە مەزھىپىنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا تۇسۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ مەزھەپنىڭ سىڭىپ كىرىش ھەرىكىتى ھەم تۆمۈر ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى موغۇللارنىڭ پاراكەندىچىلىكىنى تۈگىتىش، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتىگە ئارىلىشىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش مەقسىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان ھەم شەرقىي چاغاتاي نەسەبىدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشقان. «تارىخىي رەشىدى»دە يېزىلىشىچە، ئۇۋەيسخان نەقشىبەندىيە مەزھىپىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد مۇرىتى، بۇخارالىق ئەھمەد كاسانىنىڭ شاگىرتى ئىكەن. " ئۇۋەيسخان ئۆزى خان بولسىمۇ، لېكىن «ئىلاھىيەتچىلىك»كە ئوخشاش ئىلىملارغا سۇسلۇق قىلمىغان ①" . بۇ ئۇنىڭ نەقشىبەندىيىگە بولغان ئىخلاسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇۋەيسخان نەقشىبەندىيىگە ئېتىقاد قىلىشتا بۇ مەزھەپتىن پايدىلىنىپ، مەۋلانە ئەرشىدىن جەمەتىنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ خانلىق ئورنى ۋە ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشنى مەقسەت قىلغان. شۇڭا، مەۋلانە ئەرشىدىن ئائىلىسى ئۇۋەيسخاندىن قاتتىق نارازى بولغان.② ئۇۋەيسخان بىلەن بىر ۋاقىتتا دېگۈدەك،

---

① مۇھەممەد مىرزا ھەيدەر كوراگان: «تارىخىي رەشىدى»، 1 ـ بۆلۈم، 249 ـ بەت.

② ئەرشىدىن ئائىلىسىنىڭ دىنىي تارىخى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەردە ئۇۋەيسخانغا ھۇجۇم قىلىدىغان گەپلەر جىق. «جالالىدىن بۇخارى بىلەن تۇغلۇق تۆمۈر قاتارلىق كىشىلەر توغرىسىدىكى سۆھبەتلەر»گە قاراڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

" مەۋلانە سەئىد بىننى قەشقەرى (1376_1455 _يىللار) مەۋلانە نىزامىدىن خامۇشنىڭ مۇرىتى، بۇ زات خوجا ئالاھىددىن ئەتتارنىڭ مۇرىتى، بۇ زات خوجا باھادالھەق نۇرىددىننىڭ مۇرىتى بولۇپ، خوجا نەقشبەندى دىگەن مەشھۇر نام بىلەن ئاتالغان". ①كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادىن چىققان تاجىكلارنىڭ ئاتاقلىق شائىرى ۋە ئالىمى، نىشاپورلۇق ئابدۇراخمان جامى ئەنە شۇ مەۋلانە سەئىددىن قەشقەرىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭ قولىدا ئوقۇغان.

خوجا ئەخرار نەخشبەندىيە مەزھىپىگە باشچىلىق قىلغاندىن كېيىن، بىر مەزگىل مەۋلانە ئەرشىدىن ئائىلىسىنىڭ چەكلىشى ۋە قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. ئۆز ۋاقتىدا دوست مۇھەممەد بىلەن بىر يولدا ماڭمىغان مىرزا ئابابەكرى (1480 _ 1514 - يىللار)مۇ نەقشبەندىيىگە ئېتىقاد قىلغان. ئۇ قەشقەردە ئۆز ئالدىغا خان بولۇۋالغاندىن كېيىن، خوجا ئەخرارنىڭ ئابروييىدىن پايدىلىنىپ يەكەن رايونىغا كېگەيمەكچى بولۇپ، خوجا ئەخرارنىڭ ئەمرىگە ئۆتۈشنى ۋە خوجا ئەخرارنىڭ شاگىرتى بولۇشنى دەستەك قىلىپ، يەكەنلىكلەرنىڭ ئەل بولۇشنى تەلەپ قىلغان. يەكەنلىكلەر ئۇنىڭغا: " بۇ دۆلەت ئىلال ۋەلى (خوجا ئەخرار)غا قارىمايدۇ، خوجا مۇھەممەد پەخرىدىن (مەۋلانە ئەرشىدىننىڭ ئەۋلادى)گە قارايدۇ، يەكەن نەزەر مىرزا خوجا مۇھەممەد پەخرىدىننىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن قۇرغان ۋە گۈللەندۈرگەن شەھەر ② " دەپ جاۋاب بېرىپ، مىرزا ئابابەكرىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغان. بىراق، مەۋلانە ئەرشىدىن ئائىلىسىنىڭ قارشىلىقى قۇرۇق داۋراڭ بولۇپ قالغان. مىرزا ئابابەكرى ئاخىر يەكەننى بېسىۋالغان ھەم بۇ رايوندا ئەمەلىيەتتە مۇستەقىل ھاكىمىيەت قۇرغان.

مىرزا ئابابەكرى ئاچ كۆز، زالىم، يامان ئاتىقى پۇر كەتكەن ھۆكۈمران ئىدى. ئۇ گۇناھكارلارنى ھاشاغا سېلىپ، قەدىمكى شەھەر ئۇدۇن (خوتەن)، قەشقەر، يەكەن قاتارلىق شەھەرلەرنى ئالتۇن تاپىمەن دەپ قازدۇرغان، شۇڭا ئۇ " قازىق " دەپ ئاتالغان. ئۇ قەشقەر كونىشەھەر خارابىسىنى كولاتقۇزۇپ، نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش يىغىۋېلىپ، بۇ قەدىمكى گۈزەل شەھەرنى ۋەيران

---

① مۇھەممەد مىرزا ھەيدەر كوراگان: «تارىخى رەشىدى»، 2 - بۆلۈم.
② «جالالىدىن بۇخارى بىلەن تۇغلۇق تۆمۈر قاتارلىق كىشىلەر توغرىسىدىكى مۇھەببەتلەر».

قىلىپ تاشلىغان. ئۇ يۇقىرىلارغا رەھىمسىز سىياسەت قوللانغان. لېكىن كۆرۈنۈشتە دىنغا بەكمۇ " ئىخلاس " قىلغان. " ئۇ ھەممە ئىشتا شەرىئەتنىڭ رۇخسىتىنى ئالاتتى، ھەتتا ئەڭ ۋەھشىيانە ئىشتىمۇ شۇنداق قىلاتتى ".① ئۇ ئالىملارنى " چەتكە قېچىشقا ئۇرۇنغان " دېگەن بەتنام بىلەن مەجبۇرلاپ، " ئۇلاردىن پەتىۋا ئېلىپ، قانۇنسىز كۆچكەن دېگەن نام بىلەن مادۇ ۋە چىگراك ئايماقلىرى ھەم ئۆزگەندە ئادەملىرىدىن 3000 كىشىنى ئۆلتۈرگەن ". ئۇلار قاچماقچى، ئەگەر قېچىپ باشقا ۋىلايەتلەرگە بارسا، پىتنىگە سەۋەبچى بولىدۇ، ئۇلارنى قاچالمايدىغان قىلىپ قويۇش لازىم، دەپ نەچچە مىڭ كىشىگە پۇتىنى كېسىش جازاسى بەرگەن. ئۇ تېخى مۇشۇنداق زالىملىقىنىڭ " قانۇنغا مۇۋاپىق " ئىكەنلىكىگە شەرىئەتنى شىپى كەلتۈرۈپ، مۇپتى (شەرىئەتنى شەرھلىگۈچى) نى مەجبۇرىي ئېتىراپ قىلدۇرغان.

يۇنۇسخان ۋە ئوغلى مەخمۇتخان (1487 — 1509 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) دەۋرى خوجا نەسرىددىن ئابدۇللار كاسانى② تازا ئامەت تاپقان دەۋر بولغان. يۇنۇسخان ئاتا - بالا ئىككەيلەن بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى خوجا نەسرىددىن ئابدۇللا كاسانىغا قول بەرگەن. خوجا ئەخرار يۇنۇسخان بىلەن بىرىنچى قېتىم كۆرۈشكەندە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى شاھلار تۇتقۇن قىلغان كىشىلەرنى قول قىلىشقا ئەسلا بولمايدۇ، ئۇلارنى ساتماڭلار، ئالماڭلار، بۇ ئادەملەر ئەھلى مۇسۇلمان، بۇنىڭدىن كېيىن ماۋەرائۇننەھر ۋە خۇراسان قاتارلىق جايلاردا ھېچ كىشى موگغۇلنى قول قىلىپ ساتمىسۇن، ئالمىسۇن دەپ پەتىۋا يېزىپ، مۆھرىنى بېسىپ تارقىتىشقا سۇنغان، خوجا نەسرىددىن ئابدۇللا ئەخرار نامى يېزىلغان خەت تارقىتىلغاندىن كېيىن، ئىسلام فېئوداللىرىنىڭ موگغۇللارنى ۋە باشقا غەيرىي دىندىكىلەرنى ئوخشاش قول ئورنىدا سېتىشنى مەنئى قىلىشنى قانۇن قىلىپ بەلگىلىگەن. ئۇنىڭدىن

① «تارىخىي رەشىدى»، 2 - بۆلۈم، 151 - بەت.
② خوجا نەسرىددىن ئابدۇللا كاسانى شۇ زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىرشات دائىرىسىدە، ئىرشات ئەھلىنىڭ قىبلىسى، ئاللاننىڭ مەقبۇلى نامى بىلەن تونۇلغان. سۇلتان - شاھلار ئىرشات ئەھلىنىڭ پېشىۋالىرىغا شاگىرت بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئىلغىسى
www.uyghurkitap.com

كېيىن، خوجا ئەخرار يۇنۇسخان بىلەن ئەمىر تۆمۈر ئەۋلادى ئوتتۇرىسىدىكى قۇدا - باجىلىق، ئۇرۇش - توقۇنۇشنى بىرنەچچە قېتىم ياراشتۇرۇپ، ئوتتۇرىدىكى دۈشمەنلىكنى دوستلۇققا ئايلاندۇرغان. ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىن شاگىرتى، مەخمۇتخانىنىڭ روھىي ئۇستازى مەۋلانە قازىغا: " ...بىر شاگىرت (خانىنى دېمەكچى)نىڭ مۇشۇنداق بىر ئۇستازى (شەيخ ياكى ئىشان) بولغانىكەن، ئۇ ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلماي، ئۇستازىنىڭ تەلىمى بويىچە ئىش قىلىشى، بۈركۈتكە ئوخشاش، نېمىگە قوشلىسا كۈچىنىڭ يېتىش - يەتمەسلىكىگە قارىماي بېرىپ شۇنى تۇتۇشى لازىم①" دېگەن. نەقشبەندىيە مەزھىپىنىڭ كاتتىۋاشلىرى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنى مۇشۇنداق يوللار بىلەن تىزگىنلىگەن. يۇنۇسخان " ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا، ئۆتكەن ئىشلارغا تۆۋا - ئىستىغپار ئېيتىپ، ئىگىسىگە سېغىنىپ، نەسرىدىن خوجا ئەبەيدۇللا ئەخرارنىڭ شاگىرتىغا ئايلانغان. يۇنۇسخان بۇ خوجىغا تولىمۇ ئىخلاس قىلاتتى، يەنە باشقا نۇرغۇن شەيخلەر بىلەن سىرداش ئىدى، ئۇلار بىلەن دائىم ئۇلپەتلىشىپ تۇراتتى.②".

يۇنۇسخانىنىڭ ئوغلى مەھمۇدخانمۇ خوجا نەسرىدىن ئابدۇللا ئەخرارغا بەك ئىخلاس قىلغان. " ئۇ زامانىدىكى پادىشاھلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئەۋلىيانىڭ شاگىرتىدىن بىرنى تەكلىپ قىلىپ، ئۆزى بىلەن بۇ ئەۋلىيا ئوتتۇرىسىدا ئارىچى قىلاتتى. سۇلتان مەھمۇدخان داموللا قازىنى شۇنداق ئارىچى قىلغان. "

مەھمۇدخان بىلەن خوجا نەسرىدىن ئابدۇللا ئەخرارنىڭ ئوتتۇرىسىدا " ئارىچى " (ئالاچى) بولغان مەھمۇد قازىنىڭ ئەسلى ئىسمى مەھمۇد بىننى بۇرھانىدىن ئىدى، ئۇ ياش ۋاقتىدا سەمەرقەندتە خوجا نەسرىدىن ئابدۇللا ئەخرارنىڭ چاپىنىنى كۆتۈرگەن، خوجا ئەخرارنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە شاگىرتلىرى ھەسەتخورلۇق قىلغانلىقتىن خوراسانغا بېرىپ، ئابدۇراخمان جامى بىلەن يېقىن ئۆتكەن ھەم تاشكەنتتىكى " ئەۋلىيا " خاسلا ئىشانغا قول بېرىپ،

---

① «تارىخىي رەشىدى»، 2- بۆلۈم 89 - بەت.
② مۇھەممەد مىرزا ھەيدەر كوراگان: «تارىخىي رەشىدى» 2 - بۆلۈم 9 - بەت.

” ئىشان “ دېگەن مەرتىۋىنى ئالغان. خاسلا ئىشان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، مەھمۇد قازى تاشكەنتكە بېرىپ ئۇنىڭ ئىشنى داۋاملاشتۇرغان. كېيىن بۇخارا، ئەنجان، ئاقسۇ قاتارلىق يەرلەرگە كۆچۈپ بېرىپ، ئۆز مەزھىپىنىڭ دىنىي ئەقىدىسىنى تەشۋىق قىلىپ، كەڭ كۆلەمدە مۇرىت توپلىغان. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا سۆيۈنچخاننىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن تاشكەنتكە بېرىپ، 1516 - يىل 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى شۇ يەردە ئۆلگەن. مەھمۇد قازى ” ھەممە ئىلىمدە يېتىلگەن كىشى “ بولۇپ، 3 بۆلۈم، 50 بابنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئاللاغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار تەرجىمھالى» ۋە باشقا ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ ئۇستازى خوجا نەسىردىن ئابدۇللا ئەخرار ئۇنىڭغا مەزھەپنىڭ ئېتىقاد قائىدىسىنى يېزىپ بەرگەن. بۇ قائىدە ” كىشىلەرنى پەيغەمبەر مۇھەممەدنىڭ تەلىمىنى ئاڭلاش، مۇقەددەس ھەقىقەتنى تەتقىق قىلىش، زىكىر - ساما قىلدىغان (ۋارقىراپ ئوقۇيدىغان) دەرۋىشلەر بىلەن بىر يولدا ماڭماسلىق، بىدئەتكە ئىشەنمەسلىك توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇش قاتارلىق[1]“لارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەھمۇد قازى ئەمەلىيەتتە نەقشىبەندىيە مەزھىپىنىڭ ئەڭ لايىق ۋارىسى ۋە 4 - ئەۋلاد دىنىي داھىيسى ئىدى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن خوجا ئەخرار ئوتتۇرىسىدا ” ئارىچى “ بولۇپ، ئاخىرىدا مەھمۇدخاننىڭ روھىي ئۇستازى بولۇپ قالغان. مەھمۇتخان موگۇل خانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىنى ئۇزاق ۋاقىت سورىغان ھەم زېمىنىنى تاشكەنتكىچە كېڭەيتكەن، شەرقىي قىسمىدىكى جايلاردا يۇنۇسخاننىڭ كىچىك ئوغلى ئەھمەد (1485 — 1504 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) خانلىق قىلغان. ئەھمەد ئويراتلارغا كۆپ قېتىم لەشكەر تارتىپ، ئارقا - ئارقىدىن غەلىبە قىلىپ جىق قان تۆككەن، شۇڭا ”ئالاچى خان“ (جان ئالغۇچى قانخور خان) دەپ نام ئالغان. ئەھمەدخاننىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ” ئوردا ئىشلىرىنىڭ كۆپى شەرىئەت بويىچە بېجىرىلگەن[2]“، موگۇللارنىڭ ئەنئەنىۋى جاساق تۈزۈمىنىڭ تەسىرى تېخىمۇ

① «تارىخىي رەشىدى»، 1 - بۆلۈم 327 - بەت، 2 - بۆلۈم 87 - بەت.
② «تارىخى رەشىدى» 1-بۆلۈم 340 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئازايغان. مىلادى 1502- يىلى مەھمۇدخان جەنۇبقا يۈرگەن ئۆزبېكلەر بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغان، ئەھمەدخان شەرقىي قىسىمنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى چوڭ ئوغلى مەنسۇرغا ھاۋالە قىلىپ، سەئىد دېگەن ئوغلىنى ئېلىپ، ئاكىسى سولتان مەھمۇدخانغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن تاشكەنتكە بارغان. شۇ يىلى سولتان مەھمۇدخان، سۇلتان ئەھمەدخانلار شايبانىخان بىلەن ئوخسىدا بولغان جەڭدە شايبانىخانغا ئەسىر چۈشكەن. كېيىن ھەر ئىككىسى بوشاپ قايتىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تاشكەنتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەربىي قىسىمدىكى كەڭ زېمىندىن ئايرىلغان. 1503 - يىلى سۇلتان ئەھمەدخان ئاقسۇدا كېسەل بولۇپ ئۆلگەن. مەنسۇرخان ھەقلىق ۋارىس بولغان (1503—1544-يىللار). سۇلتان مەھمۇدخان دۆلىتىنى تارتتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، سەئىدخان، باباچاق دېگەن ئىككى جىيەنىنى ئېلىپ يايلاققا قېچىپ كەتكەن. 1509-يىلى سۇلتان مەھمۇدخان ئۆزبېك خانى شايبانىخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

چاغاتاي خانلىقى شەرقىي ۋە غەربىي قىسىمغا بۆلۈنگەندە، مەۋلانە ئەرشىدىن ئائىلىسى شەرقىي قىسىم ھاكىمىيەتكە بېقىنغان. بۇ چاغدا مەۋلانە ئەرشىدىن ئائىلىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان خوجا تاجىدىن مەھمۇد نەقشىبەندىيە مەزھىپىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، بىئەپ ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئۈچۈن نەقشىبەندىيە مەزھىپىگە بەيئەت قىلغان. «تارىخىي رەشىدى» دە يېزىلىشىچە، خوجا تاجىدىن تۇستىكى مەۋلانە ئەلى غەردانىنىڭ قولىدا ئىلىم تەھسىل قىلغان، يەنە ئۇزاق ۋاقىت خوجىگانلاردىن تەلىم ئالغان، شۇڭا خوجا تاجىدىننىڭ داڭقى چىقىپ كەتكەن. ئۇ خوجىگانلارنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن تۇرپانغا دىن تەشۋىق قىلغىلى بېرىپ، سۇلتان ئەھمەد تەرىپىدىن قىزغىن كۈتۈۋېلىنغان. خوجا تاجىدىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئەھمەدخان بىلەن مەنسۇرخانغا 50 يىل روھىي ئۇستاز بولغان ھەم دېھقانچىلىق، سودىگەرچىلىك بىلەن بېيىپ كەتكەن. ئۇنىڭ قولى ئۇزاتقان پەرگە يېتەتتى، ”پۈتۈن خانلىقنىڭ ئىشلىرىدىن ئۇنىڭ سەمىدىن ئۆتمەيدىغىنى يوق ئىدى“.①خوجا

---

① «تارىخىي رەشىدى»، 1 - بۆلۈم 346 - بەت.

تاجىدىن شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى فېئودال ئىسلام ھاكىمىيىتىنىڭ شەرققە كېڭىيىشىنى ئاساسىي پىلانلىغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ئەھمەدخاننىڭ قومۇلنى ئىككى قېتىم بېسىۋېلىشىغا يول كۆرسەتكەن. مەنسۇرخان دەۋرىدە، خوجا تاجىدىن قومۇل ياساۋۇلخانىسىدىكى مۇسۇلمان تۇتۇق شەيخۇشەن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئالتۇپىلاڭ كۆتۈرۈپ، قومۇل ياساۋۇلخانىسىنىڭ سادىق - ئىتائەتمەن ۋاكى سۇلتان بەياجىنى ئۇندەپ ئەل قىلغان. سۇلتان بەياج قومۇل ياساۋۇلخانىسىنىڭ قەلئەسىنى باشقۇرۇشنى ۋە ئالتۇن تامغىنى خوجا تاجىدىنغا ھاۋالە قىلغان. خوجا تاجىدىن بۇنى دەستەك قىلىپ، مىڭ سۇلالىسىدىن نۇرغۇن تاۋار - دۇردۇن ئېلىپ، قومۇل قەلئەسىنى ۋە ئالتۇن تامغىنى ئاندىن قايتۇرۇپ بەرگەن. كېيىن خوجا تاجىدىن مەنسۇرخاننى قومۇلنى قايتا بېسىۋېلىشقا قۇتراتقان. قومۇل رايونىدىكى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلار بىلەن موڭغۇل ئاھالىلىرى پاناھ ئىزدەپ كەينى - كەينىدىن گەنجۇغا قېچىپ كەتكەن. XVI ئەسىرنىڭ بېشىغا كەلگەندە، قومۇل رايونى پۈتۈنلەي ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەن.

ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭنىڭ شەرقىدىكى رايونلارغا كېڭىيىشى قوجۇ ئۇيغۇرلىرى ئېتىقاد قىلىدىغان بۇددا دىنىغا قارشى قانلىق ئۇرۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشقان. شەرقىي چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە، كۇسەن (كۇچا)دىن تۇرپان، قومۇلغىچە بولغان جايلاردىكى بۇددا مەدەنىيىتىگە دائىر نۇرغۇن ئاسارئەتىقىلەر، جۈملىدىن كۆپلىگەن بۇددا ئىبادەتخانىلىرى، مۇنارلىرى، بۇددا غارلىرى ۋەيران قىلىنغان، كۆپلىگەن بۇددا كىتابلىرى، يازما يادىكارلىقلىرى كۆيدۈرۈپ كۇل قىلىنغان، بۇددا راھىبلىرى پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەن ۋە رەھىمسىزلەرچە سۈرگۈن قىلىنغان. كۇسەننى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل قوجۇ رايونىدا بۇددا دىنى مۇشۇ تارىخىي بالايىئاپەتتە تۈگەشكەن. غەربىي يۇرتتىكى بۇددا دىنىنىڭ يوقىلىشى بىزگە ئىنتايىن چوڭقۇر ۋە ئېچىنىشلىق تارىخىي ساۋاق قالدۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# بەشىنچى باب يەكەن خانلىقىنىڭ ئالدىنقى دەۋرىدىكى ئىسلام دىنى

## 1 - بۆلۈم سەئىدىيە خانلىقى ۋە ئىسلام دىنى

يەكەن خانلىقى شەرقىي چاغاتاي نەسەبىدىكى سەئىدخان①(1514 — 1533- يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا يەكەننى مەركەز قىلىپ قۇرغان يەرلىك ھاكىمىيەت بولۇپ، ئىلگىرى - كېيىن 11 خان تەختتە ئولتۇرغان، 166 يىل ھۆكۈم سۈرگەن.

14 — 15- ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۆمۈر سۇلالىسى زاۋالغا يۈز تۇتقانلىقتىن، قىپچاق يايلىقىدىكى ئۆزبېكلەر جەنۇبقا سۈرۈلۈپ، ئاخىر ماۋەرائۇننەھر رايونىنى بېسىۋېلىپ، شايبان سۇلالىسىنىڭ بۇخارا خانلىقىنى قۇرغان. ماۋەرائۇننەھر رايونىدىن سىقىپ چىقىرىلغان تۆمۈر ئەۋلادى زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر (1483—1530-يىللار) كابۇل، ئافغانىستاننى ئىشغال قىلغان، كېيىن يەنە ھىندىستانغا كىرىپ، ” ھىندىستان موغۇل ئىمپېرىيىسى “نى قۇرغان. شۇ مەزگىلدە قازاقلارنىڭ قەبىلە ئىتتىپاقى بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئۆزبېكلەردىن ئايرىلىپ چىققان. بىر قىسىم قازاقلار بۇيرۇتلار (قىرغىزلار) بىلەن بىرلىشىپ، تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى غەربىي رايوننى ئىگىلىگەن. ئويراتلار بولسا تىيانشاننىڭ شىمالى ۋە شەرقىدىكى جايلارنى ئىگىلىگەن. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، شەرقىي چاغاتاي ئەۋلادى ۋە ئۇلارغا قاراشلىق موغۇللار جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بوستانلىقتا كۆچۈپ، يەكەن خانلىقىنى قۇرغان.

سۇلتان سەئىدخان يەكەن خانلىقىنىڭ تۇنجى خانى. 1487 - يىلى

---

① بۇ خانلىقنى سەئىد (ئەرەبچە مەنىسى سائادەتمەن) دېگەن نام بىلەن قۇرغانلىقى ئۈچۈن، ھاكىمىيەت سەئىدىيە خانلىقى دەپ ئاتالغان.

توغۇلغان سۇلتان سەئىدخان ئەھمەدخاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى، مەنسۇرخاننىڭ ئىككىنچى ئىنىسى ئىدى. ئۇ 12 ييشىدا ئاتىسى بىلەن ھەربىيدە بولغان، مەھمۇدخانغا ياردەملىشىپ ئۆزبېكلەرنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۇرۇش جېڭىدە يارىلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا سەرسان بولۇپ يۈرگەن، كۆرمىگەن كۈنلەرنى كۆرۈپ، مىڭ تەسلىكتە كابۇلغا بارغان. بىر نەۋرە ئاكىسى زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر شاھ ئۇنى يېنىغا ئېلىپ، ئەنجانغا باش ۋالى قىلغان. 1514- يىلىنىڭ بېشىدا ئۆزبېكلەر لەشكەر تارتىپ ئەنجانغا ھۇجۇم قىلغاندا، سەئىدخان لەشكەرلىرىنى باشلاپ قەشقەرگە يېنىپ كېلىپ، مىرزا ئابابەكرى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلىپ، يېڭىسار، قەشقەر شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلغان، مىرزا ئابابەكرىنى تىرىك تۇتۇپ، خوتەن، ئاقسۇلارنى قايتۇرۇۋالغان. شۇ يىلى 5- ئاينىڭ 3- كۈنى سەئىدخان دوغلات قەبىلىسى ئەمىرىنىڭ ھىمايىسىدە خانلىققا ئولتۇرۇپ، يەكەننى پايتەخت قىلغان. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاكىسى مەنسۇرخان شەرقىي قىسمىدىكى تۇرپاندا ئۆزى خان بولۇۋالغانىدى. سەئىدخان غەربىي رايوننىڭ تىنچلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئومۇمىيلىقنى ئەلا بىلىپ، 1516 - يىلى يازدا مەنسۇرخان بىلەن يارىشىپ ئىتتىپاق تۈزگەن. سەئىدخان مەنسۇرخاننى بەك ئىززەتلىگەن ۋە خۇتبىنى ئۇنىڭ نامىغا ئوقۇيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ نامىدا پۇل قۇيدۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەننىڭ يارىشىشى ئارقىسىدا، يەكەن بىلەن تۇرپان 20 يىل تىنچ ئۆتكەن، شەكلەن بىرلىك ئەمەلگە ئاشقان.

سەئىدخان خانلىقىنىڭ زېمىنىنى قوغداش ھەم تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن " غازات " بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، سىرتقا قارىتا ئۈزلۈكسىز بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشى ئېلىپ بارغان. كۆلىمى چوڭراق ئۇرۇش ئۈچ قېتىم بولغان، لەشكەرلىرىنىڭ ئالدى غەربىي شىمالدا پەرغانە، ئەنجانلارغىچە، غەربتە بەدەخشان ۋە بولور (پاكىستاننىڭ شەرق قىسمى)غىچە، جەنۇب ۋە شەرقىي جەنۇبتا كەشمىر ھەم تىبەتكىچە يېتىپ بارغان. ئۇ تىيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكى ۋە شەرقىي شىمال ئېتىكىگىمۇ لەشكەر تارتقان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ ئۇرۇشلارنىڭ كۆپى كىچىك كۆلەملىك خاراكتېردە بولغاچقا، بېسىۋېلىنغان جايلارنى ئۇزاق تۇتۇپ تۇرالمىغان، مۇستەھكەم ھۆكۈمرانلىق ئورنىتالمىغان. 1533 - يىل 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئۇ تىبەت (لاداق)قا يۈرۈش قىلىپ قايتىشىدا، ئېگىز تاغدا ئوكسىگېن يېتىشمەي، دېمى سىقىلىپ ئالەمدىن ئۆتكەن، ئۇنىڭ جەڭ بىلەن ئۆتكەن ھاياتى شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشقان.

يەكەن خانلىقى سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنى قوللانغانىدى. ھەر بىر خاننىڭ تەختكە چىققاندىن كېيىنكى ھەممىدىن مۇھىم ئىشى يېقىن تۇغقانلىرىغا، خىزمەت كۆرسەتكەن ئەمەلدارلارغا سۇيۇرغاللىق بۆلۈپ بېرىش ئىدى. سۇيۇرغال ئىگىلىرى ئەمەلىيەتتە ئۆز زېمىنىنى نازارەتسىز مۇستەقىل سورايتتى. خان ئالىي ھۆكۈمران سۈپىتىدە، ئۆزىگە تېگىشلىك زېمىنغا ئىگە ئىدى ھەم خانلىق تەۋەسىدىكى دەريا ۋە كانلاردىن چىقىدىغان يۇمشاق قاشتېشىدىن قىلىنغان زور مىقداردىكى كىرىمدىن بەھرىمەن بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خان جەمەتىنى بىر سۇيۇرغاللىقتىن يەنە بىر سۇيۇرغاللىققا كۆچۈرۈش ھوقۇقىغىمۇ ئىگە ئىدى. يەكەن خانلىقى ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەللەرنى تەسىس قىلغان. ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەل سىستېمىسىدا ئەڭ مۇھىم يەرلىك ھەربىي - مەمۇرىي ۋەزىپە يەكەن ۋە قەشقەرنىڭ باش ۋالىيلىقى بولۇپ، بۇ ۋەزىپىنى خان ياكى خان جەمەتىدىن بولغان ۋەزىر (ئاتىلىق)لەرلا ئۆتەتتى. شاھ مەھمۇد جۇراسنىڭ «تاۋارىخ»① دېگەن ئەسىرىدە يەكەندە تەسىس قىلىنغان خەلق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئورگانلىرى يېزىلغان. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، شەھەرلەردە ۋە ئارمىيەدە ئىسلام دىنى سوتچىسى — قازى دېگەن ۋەزىپە تەسىس قىلىنغان. بۇ ئىسلام دىنى قانۇنىنىڭ دۆلەتنىڭ مەمۇرىي تۈزۈمىدە بارغانسېرى چوڭ رول ئوينىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئىسلام دىنى خانلىقنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنىڭ شەكىللىنىشىگىمۇ كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسەتكەن. يەكەن خانلىقىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى فېئودال خوجىلارنىڭ

---

① شاھ مەھمۇت جۇراسنىڭ «تاۋارىخ» ناملىق ئەسىرى ھىجرىيە 1087 (مىلادىيە1676ـ1677)- يىللىرى يېزىلغان. بۇ نەقىل ئاكىمۇشكىننىڭ 1976 - يىلى مۇسكۋادا چىققان رۇسچە تەرجىمىسىدىكى ئىزاھاتتىن ئېلىندى.

يەرگە بولغان خوسۇسي ئىگىدارچىلىقنى ئاساس قىلغان. مۇشۇ ئاساستا، خانلىقنىڭ يۇقرالىرى تۇمەن (دېھقان)، خۇچىن(ئەسكەر)، ئەما(كۆچمەن چارۋىچى)، ئەمەلدار ۋە مەسچىت مۇتىۋەللىسى دەپ ئايرىلغان. "تۇمەن" دەپ ئاتالغان دېھقانلار ھەر يىلى خانغا ئىجارە - باج تاپشۇراتتى، يەر ئىجارىسىدىن باشقا، يەنە شەرىئەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئوندىن بىر نىسبەتتە ئۆشرە تاپشۇراتتى. خانلىقتىكى ئىشان، خوجا دەپ ئاتىلىدىغان دىنىي فېئوداللار دەھرىي فېئوداللارغا ئوخشاش، يۇقىرى قاتلام ھۆكۈمرانلار قاتارىدا تۇراتتى. ئۇلار دىنىي ئىمتىيازغا تايىنىپ ۋەخپە يەر ھەم مۈلۈكنى ئىگىلەپ، كەڭ جاپاكەش مۇسۇلمانلارغا ئىقتىسادتىن ھالقىغان فېئوداللىق زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە يۈرگۈزۈپ، زور ئىقتىسادىي كۈچ توپلىغان، مۇشۇنداق شەكىللەنگەن دىنىي فېئودال يانچىدارلارنىڭ قورۇق ئىگىلىكى خانلىقنىڭ فېئوداللىق ئىگىلىكىنىڭ ئالاھىدە تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالغان.

شەرقىي چاغاتاي نەسەبىدىكى خانلار ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ ئىسلام دىنى سۈننىي مەزھىپىنىڭ ھەنەفىيە ئېقىمىغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەنىدى. تارىختا ئۆتكەن خان - پادىشاھلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەي، راھەت - پاراغەتكە بېرىلىپ، ئەل - يۇرتنىڭ ئىشىنى بىر چەتكە قايرىپ قويغانىدى. سۇلتان سەئىدىخانمۇ دەسلەپكى مەزگىلدە بۇنداق ئىللەتتىن خالىي بولالمىغان. سەئىدخان "ياش ۋاقتىدا ئويۇن - تاماشا، كەيپ - ساپانى ياخشى كۆرىدىغان، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى بىلمەيدىغان، ئەخلاق جەھەتتىن تەربىيىلىنىشكە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان[1]" بولۇپ قالغانىدى. ئۇ بولۇپمۇ قەشقەرنى بويسۇندۇرۇپ، يەكەننى پايتەخت قىلىپ، خانلىق تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، بىر مەزگىلگىچە مۇۋەپپەقىيەت قازاندىم دەپ خۇدىنى يوقىتىپ، كەيپ - ساپاغا بېرىلىپ كەتكەن. بۇ ئەمدىلا ئەسلىگە كەلگەن ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا زىيان يەتكۈزگەن، دۆلەتنىڭ كۈچى ئاجىزلاشقا باشلىغان. سۇلتان سەئىدخاننىڭ كەيپ - ساپاغا بېرىلىشى ۋە سەئىدىيە

---

[1] «تارىخىي رەشىدى»، 2 - بۆلۈم، 432-بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

خانلىقىدىكى ئەرباپلار ئىچىدە بۇ كېسەلنىڭ يامراپ كېتىشى سەئىدىيە خانلىقى ئەتراپىغا توپلانغان ساپ نىيەتلىك كىشىلەر ۋە ئىلىم ئەھلىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغان. سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئۇستازى مەخدۇمى نوسانى دىگەن كىشى ئۇنى " ھەممە مەست قىلىدىغان نەرسىلەردىن قول ئۈزۈپ تووۋا قىلىش①"قا دەۋەت قىلغان، ئۇ ئاندىن تووۋا - ئىستىغپار ئېيتىپ،ھاراق - شاراپنى تاشلاپ، ئەيش - ئىشرەتتىن قول ئۈزۈپ، دۆلەتنى روناق تاپقۇزۇشقا بەل باغلىغان. ئۇ ئۇستازلارنىڭ تەلىماتىنى قوبۇل قىلىپ، يامان ئىللەتلەرنى تۈزىتىپ، خەلققە ياخشىلىق قىلىش تەرەپكە بۇرالغان. سەئىدخاننىڭ پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋىتى ۋە ئىقتىدارىنى خەلققە ياخشىلىق قىلىشقا سەرپ قىلغانلىقى، ئىلىم - مەرىپەتكە قاراتقانلىقى دۆلەت ئەرباپلىرىنى ۋە ئىلىم ئەھلىنى قاتتىق تەسىرلەندۈرگەن، ئالىم - ئۆلىمالارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان، خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. خەزىنىنى ئىلىم - پەننى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان بولغان. ئۇ ئالتە - يەتتە يىل ئۆمرىنى ئەيش - ئىشرەت، كەيپ - ساپا بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكىگە پۇشايمان قىلىپ، " ئۆمۈرنى ئەجەب زايە ئەتتىم " دەپ قاتتىق ئېچىنغان.

سۇلتان سەئىدخان ئوردا نامىدىن ئىچىملىك نەرسىلەرنى قاتتىق مەنئى قىلىش ھەققىدە يارلىق چۈشۈرۈپ، ئىچىملىك ئىستېمال قىلىشنى قاتتىق چەكلىگەن، ئۇنىڭ يارلىقىدا مۇنداق دېيىلگەن: " ئادەمنىڭ پەزىلىتى پەقەت ئەخلاقى بىلەن بەرپا بولىدۇ. بىر خىل تۈزۈم بىرمۇنچە قانۇن - ئەخلاقلار بىلەن قۇرۇلغان بىر ئىمارەتكە ئوخشايدۇ، ئەخلاق جەھەتتىن چۈشكۈنلىشىش يوقىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. تۈزۈم بارلىق ھوقۇقتا، ھوقۇق بولسا ئاۋامنىڭ ئەخلاقىغا تايىنىپ يولغا قويۇلىدۇ.②"" شۇنىڭ بىلەن سەئىدىيە خانلىقىدا قانۇن – تۈزۈم، ئەخلاق – ئەردەمنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن بىر يۈرۈش قانۇن – نىزاملار تۈزۈپ چىقىپ يولغا قويۇلغان ".③ ئىلگىرى شاھانە بەزمە، نەغمىلەر

---

① مىرزا ھەيدەر كوراگان: «تارىخىي رەشىدى» نىڭ تەرجىمىسى.
② «يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، 155 - بەت.
③ يۇقىرىقى كىتاب.

ئۇچۇن سەرپ قىلىنغان خانلىق خەزىنىسى ۋە سەئىدىيە خانلىقىغا قاراشلىق يەرلەرنىڭ كىرىمى ئىلىم ـ پەننى راۋاجلاندۇرۇش ئۇچۇن ئالىي مەدرىس، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئۇچۇن سەرپ قىلىنىدىغان بولغان.

«تارىخىي رەشىدى» دە كۆرسىتىلىشىچە، سۇلتان سەئىدخان ئەخلاق جەھەتتە بۇزۇلۇش ياسىغاندىن كېيىن، ئالىملارنىڭ مۇھاكىمە ـ موتالىئەلىرىنى ئويۇشتۇرۇپ، ئالىملارنى ھۆرمەتلەيدىغان بولغان. ئۇ مۇنداق دەپ ھېسابلىغان: "ئالىملارنى ھۆرمەتلەش لازىم، ئالىملارغا يىراقتىن تەزىم قىلىش لازىمكى، ئالىملارغا تەزىم قىلىشتىن ماڭا ئاھانەت كەلمەيدۇ". "مەنمەنلىك، تەكەببۇرلۇق ئۆز جېنىمىزنى قىيىنغانلىق بولىدۇ، ئىلىمغا تەكەببۇرلۇق قىلىش ئەقىلسىزلىق بولىدۇ". ئۇ يامان ئىللەتلەرنى چەكلەش، كىشىلەرنى ناچار مىجەز ـ خۇلقتىن توسۇش ئۇچۇن ھەمىشە ئۇلۇغ شائىر ۋە ئالىم ئابدۇراخمان جامىنىڭ «ئەخلاق توغرىسىدىكى رىسالە» سىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ: "ئۇلۇغ پىرىمىز مەنسەپنى بۇزۇقچىلىق قىلىش ئۇچۇن ئەمەس، ياخشى ئىش قىلىش ئۇچۇن تۇتۇش لازىم، دېگەن، بۇ ئىسلام تەقۋادارلىرىنىڭ بۇرچى[1]» دېگەن. ئۇ يەنە: " مەنسەپ ھەم ياخشى، ھەم يامان ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بىزنىڭ ئارزۇيىمىز مەنسەپنى ياخشى ئاقىۋەت ئۇچۇن خىزمەت قىلدۇرۇشتۇر" دېگەن.

سۇلتان سەئىدخان ئابدۇرىشىتخاننى ئاقسۇغا ۋالىي قىلىپ ئەۋەتكەندە، ئۇنىڭغا مۇنداق بېيىتنى ئېيتقان:

" تەلەپ قىلمىغىل ياخشى نامدىن بۆلەك،
كونىرىمايدۇ بۇ نام بىلمەك كېرەك.
پۇقرانىڭ ئىسلاھىنى سەن كۆزەت،
بولسۇن مەندىن ئول ساڭا يادىكار. "

ئۇ، شۇنى ئەستە ساقلاش لازىمكى ، ئۆمۈر ئېتىزىغا ياخشى ئۇرۇقنى تېرىش كېرەك، سەن ياخشى ئىش قىلىش بىلەن نام چىقارغايسەن، دېگەن.

سۇلتان سەئىدخان ئۆزىمۇ كۆپرەك ۋاقتىنى ئىلىم ئىشىغا قاراتقان. بۇ

---

[1] مىرزا ھەيدەر كوراگان: «تارىخىي رەشىدى».

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋاقىتتا جەمئىيەتتە ئىلىم ـ مەرىپەت ئىگىلىرىگە بولغان ھۆرمەت كۆچەيگەن، ئالىملار ئىززەتلەنگەن①. خوجا مەخدۇمى نۇرى شىرازدا تىبابەتچىلىكنى ئۆگىنىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، شىمالىي ئافرىقا، جەنۇبىي ئاسىيانى 23 يىل ئايلانغان، كېيىن سەمەرقەندتىن قەشقەرگە كېلىپ، تىبابەتچىلىك قىلغاچ دىن تارقاتقان. ئۇ چوشۇمدە خوجا ئەخرارنىڭ تاپشۇرۇقىنى قوبۇل قىلىپ قەشقەرگە كەلدىم دېسىمۇ، لېكىن قەشقەردە ئاران ئىككى يىل تۇرۇپ، مەنسۇرخاننىڭ تەكلىپى بىلەن تۇرپانغا بېرىپ، تۇرپاندا ئۈچ يىل تۇرغان. سەئىدخان بەدەخشانغا يۈرۈش قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خوجا مەخدۇمى نۇرى تۇرپاندىن قەشقەرگە قايتىپ كەتكەن. ئۇ شاھزادە ئابدۇراخمان سۇلتاننىڭ كېسىلىنى، ۋەزىر سەئىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ ماخاۋ كېسىلى ۋە قۇسقاق كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتقان ھەم سەئىدخاننىڭ ئىخلاسىغا نائىل بولغان. خوجا مەخدۇمى نۇرى يەكەنگە كەلگەندىن كېيىن، خوجا تاجىدىنمۇ تۇرپاندىن يەكەنگە بارغان، روشەنكى، ئۇنىڭ مەقسىتىمۇ روھىي داھىيلىق ئورنىنى تالىشىش ئىدى. خوجا تاجىدىنمۇ سەئىدخاننىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە بولغان بولسىمۇ، ئۇزۇن ۋاقىت تۇرپاندا تۇرغانلىقتىن، ئاخىر بىر يىل تۇرۇپلا تۇرپانغا قايتىپ كەتكەن. خوجا تاجىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەنسۇرخاننى مىڭ سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلىشقا داۋاملىق قوترىتىپ، " غازات "نىڭ ئوتىنى گەنسۇغىچە تۇتاشتۇرغان. جياجىڭنىڭ 3- يىلى (1524-يىلى) تاجىدىن گەنجۇنى مۇھاسىرە قىلىشقا قوماندانلىق قىلغاندا، سېپىل تۈۋىدە ئوق تېگىپ ئۆلگەن. " قىرىق نەچچە يىلنى بېشى باش، پاقالچىقى تاش بولۇپ ئۆتكۈزگەن②" بۇ " غازات "چى سەركەردە ئاخىر تارىخ دەرياسىدا غەرق بولغان قېيىققا ئايلانغان.

خوجا مەخدۇمى نۇرى سەئىدخان ئوردىسىدا بىر مەزگىل تۇرۇپ بەدەخشانغا كەتكەن. سەئىدخان يەنە ئادەم ئەۋەتىپ، خوجا مەخدۇمى نۇرىنى قايتۇرۇپ كېلىپ ئۆزىگە ئۇستاز قىلغان، لېكىن خوجا مەخدۇمى نۇرى يەكەندە

---

① مىرزا ھەيدەر كوراگان: «تارىخى رەشىدى».
② «مىڭ سۇلالىسى ۋۇزۇڭ خاننىڭ ئوردا خاتىرىلىرى»، 112-جىلد

ئۇزۇن تۇرماي، ئاخىر سەئىدخان بىلەن خوشلىشىپ ھىندىستانغا كەتكەن. بۇ موغۇل سۇلالىسىنىڭ ئاساسچىسى بابۇر 1530 ـ يىلى 48 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتۈپ، ھۇمايۇن تەختكە ۋارىسلىق قىلغان چاغ ئىدى. ھۇمايۇن پىرىخۇنلۇققا مەپتۇن بولۇپ كەتكەن، ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ئېتىقاد قىلغىنى ھىندىستانلىق " دانىشمەن " ۋە سېھرىگەر شەيخ پۇل ئىدى. شۇڭا، بۇ ھۆكۈمران ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر خوجا مەخدۇمى نۇرىغا بەك سوغۇق مۇئامىلە قىلغان، خوجا مەخدۇمى نۇرى ئۇ يەردىن كېتىشكە مەجبۇر بولغان. مىلادى 1539 ـ يىلى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ بېرىپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى ماۋەرائۇننەھردە ئۆتكۈزگەن. خوجا مەخدۇمى نۇرى ئۆمرى غورىگىللىچىلىك، ئوڭۇشسىزلىقتا ئۆتكەچكە چوڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان.

## 2 ـ بۆلۈم مۇھەممەد شېرىپ ۋە ئۇنىڭ ئۇۋەيسىيە مەزھىپى

سەئىدخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، 25 ياشلىق ئابدۇرىشىتخان ئاتىسىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى (1533 ــ 1560ـيىللىــرى). ئۇ ئۇرۇشلاردا پىشقان، چېۋەر، قابىل ياش خان ئىدى. ئۇ تەختكە ئولتۇرۇپلا خانلىقنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن قاتتىق قول سىياسەت قوللىنىپ، ئاسىيلارنى تازىلاش نامى بىلەن سەئىد مۇھەممەد مىرزا قاتارلىق خانلىقتىكى مۇھىم ئەربابلارنى يوقاتقان. بۇنىڭدىن باشقا، مەۋلانە ئەرشىدىن ئائىلىسىنىڭ دىنىي كۈچىنى ئاجىزلىتىش ئۈچۈن، ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن نەقشىبەندىيە تەرىقەتچىلىرىنىڭ مەشھۇر ئۆلىمالىرىدىن بىرى بولغان خوجا مۇھەممەد شېرىپ ۋە ئۇنىڭ ئۇۋەيس مەزھىپىنى يۆلەپ، ئۆزىگە پايدىلىنىدىغان قورال قىلغان.

خوجا مۇھەممەد شېرىپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سايرام دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان، يەتتە يېشىدا ئاتىسىدىن يېتىم قېلىپ، ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ

بولغان. ياشلىق دەۋرىدە سەمەرقەندتىكى ئۇلۇغبەگ مەدرىسىدە 30 يىلچە بىلىم تەھسىل قىلغان، ئۇنىڭدىن كېيىن قەشقەرگە كېلىپ، پەرداز بويۇملىرى سودىسى بىلەن تىرىكچىلىك قىلغان. ئۇ كېيىن مەككە ـ مەدىنىنى تاۋاپ قىلىپ، دىنىي جەھەتتىكى بىلىمى ۋە پازىللىقى بىلەن ئابروي قازانغان. ئۇ ھەج قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەكەن خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئابدۇرىشتخان بىلەن تونۇشقان. " سۇلتان ئابدۇرىشتخان بۇ خوجىنىڭ شەرىپىگە ئۇن كۆن زىياپەت بېرىپ، خوجا مۇھەممەد شېرىپىنى ئۆزىگە ئۇستاز قىلغان. ①" خوجا مۇھەممەد شېرىپنىڭ بىردىنلا ئاتنقى چىقىپ، قەشقەر شەھىرىدە كىشلەر يۇقىرىدا بەگ ـ بىگاتتىن تۆۋەندە ئاددىي پۇقراغىچە بەس ـ بەس بىلەن ئۇنىڭغا بەيئەت قىلغان. سۇلتان ئابدۇرىشتخان ئۇنىڭغا قاغىلىق شەھىرىدە مەدرىس ياستىپ بەرگەن. خوجا مۇھەممەد شېرىپ ئۇستاز، "پىر"لىك سوپىتى بىلەن ساتۇق بۇغراخان مازىرىغا شەيخ بولغان. خوجا مۇھەممەد شېرىپ بۇ مازارغا تايىنىپ كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن. كىشلەر ئۇنى «تەزكىرەئى بۇغراخان» دېگەن كىتابنىڭ پارسچە قولىيازمىسىنىڭ ئاپتورلىرىدىن بىرى، دەپ قارايدۇ②. خوجا مۇھەممەد شېرىپ ساتۇق بۇغراخان مازىرىدا يەتتە يىل ئىستىقامەت قىلغان.

كېيىن قىرغىزلار زاكات تاپشۇرۇشنى رەت قىلغان، ئابدۇرىشتخاننىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇلېتىپخان قىرغىزلارغا لەشكەر تارتقاندا ئۆلگەن. ئابدۇرىشتخان قىساس ئېلىش ئۈچۈن لەشكەر تارتىپ قەشقەرگە بارغاندا، سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنى تاۋاپ قىلغىلى بارغان. مۇھەممەد شېرىپ قارا تاپقان شاھزادىنىڭ ھەققىگە دۇئا قىلغان ھەم خاننىڭ شۇ قېتىمقى يۈرۈشكە ماشايىقلاردىن مەدەت تىلىگەن. شۇ قېتىمقى يۈرۈشتە ئابدۇرىشتخان ئۆزبېك خانى شايبانىخاننى، قازاق ۋە قىرغىز ئەسكەرلىرىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغانلىقتىن، خوجا مۇھەممەد شېرىپنىڭ شۆھرىتى تېخىمۇ ئۆسۈپ كەتكەن.

---

① يۇقىرىقى كىتاب.
② شاھ مەھمۇد جوراس: «تاۋارىخ»، 265 ـ بەتتىكى 55 ـ ئىزاھ.

ئۇ قەشقەردىن يەكەنگە بېرىپ ئون يىل دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، 1565 ـ يىلى 95 يېشىدا ۋاپات بولغان (يەنە بىر رىۋايەتتە، 1555 ـ يىلى ئۆلگەن دېيىلىدۇ)، ئۇنىڭ جەسىتى يەكەن شەھىرى ئىچىدىكى ئۆزىنىڭ مەدرىسىگە قويۇلغان. مۇھەممەد شېرىپ ئالەمدىن ئۆتۈش ئالدىدا، ئۆزىنىڭ شاگىرتى مۇھەممەد ۋەلى سوپىنى دىنىي ۋارىسلىققا يەنى ئىشانلىق ۋەزىپىسىگە كۆرسەتكەن. ۋەلى سوپى كېيىنكى ۋاقىتتا ئابدۇرىشىتخاننىڭ خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان ئابدۇكېرىمنىڭ روھىي ئۇستازى بولغان.

مۇھەممەد شېرىپ قەشقەر، يېڭىسار ۋە يەكەن رايونلىرىدىكى دىنىي پائالىيەتلىرىدە «ئۇۋەيسىيە» دەپ ئاتىلىدىغان تەرىقەت مەزھىپىنى قۇرغان. «ئۇۋەيس» — «قۇدرەت» دېگەنلىك بولىدۇ، سوپىزم مەزھىپىنىڭ نامى سۈپىتىدە قوللىنىلغاندا، «ھېكمەتلىك»، «كارامەتلىك» مەزھەپ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. خوجا مۇھەممەد شېرىپقا دائىر تەزكىرىلەردىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئېتىقاد قىلغىنى قەدىمكى يەسەۋى مەزھىپىنىڭ ئەقىدىسى، لېكىن ئۇۋەيس مەزھىپى يەكەن خانلىقىدىكى مەھەللىۋى خاراكتېرلىك بىر مەزھەپ بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسى خانلىقنىڭ غەربىي قىسمى بىلەنلا چەكلەنگەن، ئۆز ۋاقتىدا مەنسۇرخان كونترول قىلىپ تۇرغان شەرقىي قىسىم رايونلار دىنىي جەھەتتە يەنىلا نەقشىبەندىيىگە ئېتىقاد قىلىدىغان مەۋلانە ئەرشىدىن ئائىلىسىنىڭ قولىدا ئىدى.

ئابدۇرىشىتخان خوجا مۇھەممەد شېرىپ ۋە ئۇنىڭ ئۇۋەيسىيە مەزھىپىنى يۆلەش بىلەن بىللە، دىنىي جەھەتتىكى تەكەببۇرلۇقىنى ساقلىغان، بۇنىڭ ئۈچۈن خوجىگانلارنىڭ ئەۋلادىنىمۇ ناھايىتى قەدىرلىگەن. ئۇ ئۇدۇن (خوتەن)نىڭ قاشتېشىنى قېزىش ھوقۇقىنى خوجىگانلارنىڭ پەي نەۋرىسى مۇيىنغا ئىنئام قىلغان، مۇيىن قاشتېشى قېزىش ھوقۇقىنى سېتىپ نۇرغۇن كىرىم قىلغان. ئابدۇرىشىتخان سوپىزمنىڭ ئىخلاسمەن ئېتىقادچىسى ئىدى. ئابدۇرىشىتخان ئۇدۇننى ئىككى قېتىم كۆزدىن كەچۈرگەن، 1559 ـ يىلى ئىككىنچى قېتىم ئۇدۇنغا كېتىۋېتىپ يول ئۈستىدە ۋاپات بولغان.

ئابدۇرىشتخان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇزۇندىن بۇيان خانلىق تەختىنى تەمە قىلىپ كېلىۋاتقان ئىككى شاھزادە — ئابدۇكېرىم بىلەن سوپى سۇلتان ھاكىمىيەتنى تالاشقان. ئابدۇكېرىم ئابدۇرىشتخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى بولۇپ، ئابدۇرىشتخان ئۇنى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن چوڭ ئوغلى ئابدۇلىتىپخاننىڭ ئورنىغا ئاقسۇنىڭ يەرلىك ھاكىمى قىلىپ تەيىنلىگەن بولسىمۇ، ئابدۇكېرىم ئاتىسىنىڭ يېنىدا ھەمراھ بولۇپ تۇرۇشنى باھانە قىلىپ بارغىلى ئۇنىماي، ئابدۇرىشتخاننىڭ گۇمانى ۋە نارازىلىقىنى قوزغىغانىدى. ئابدۇكېرىم قايتا - قايتا ئۆزىنى ئاقلىغاندىن كېيىن ئاتىسى ئاران كەچۈرۈپ، يېكەنسارنى سوراشقا ئەۋەتكەنىدى. ئابدۇرىشتخاننىڭ تۆتىنچى ئوغلى سوپى سۇلتان كېلىشكەن، تىلى پاساھەتلىك، ھوقۇققا ھېرىس ئىدى، ئۇ ئاتىسىنىڭ ئەركە بالىسى بولۇپ، ئاتىسى ئۇنى قەشقەرگە ھاكىم قىلىپ ئەۋەتكەنىدى. ئىككى شاھزادە خانلىق ئورۇننى تالاشقاندا، دىنىي ساھەدىكىلەر خېلى چوڭ رول ئوينىغان. ئابدۇرىشتخان ئۆلۈشتىن بۇرۇن، ئابدۇكېرىم قەشقەردە تەسەۋۋۇپچىلىق بابىدا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان مەشھۇر سوپى مىرزا چىراقنى مەخسۇس بېرىپ زىيارەت قىلغان. بۇ ئىستىقامەتچى: " دىن مۆتىۋەرلىرى ئۆزلىرىنى كەلگۈسىدە خان بولىدۇ، دەپ بەكمۇ ماختىشىدۇ ①" دېگەن، لېكىن ئۇنىڭغا ئاتىسىغا ئوخشاش سامانىنىڭ ئاستىدىن سۇ يۈگۈرتۈشكە دىققەت قىلىشنى، ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى ئالدىراپ ئاشكارا قىلماسلىقنى تەۋسىيە قىلغان. ئابدۇكېرىم يېكەنسارغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، 3 - كۈنى ئۇۋەيس مەزھىپىنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتىگە ئىگە ئادىمى مۇھەممەد ئۇۋەيس سوپى ئابدۇرىشتخاننىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئۇقۇپ، ئابدۇكېرىمگە شۇ ھامان خۇپىيانە ئۇقتۇرغان ھەم ئادەم توپلاپ يەكەنگە بېرىپ، خانلىق تەختىنى تالىشىشقا دەۋەت قىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار بارلاس قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى مۇھەممەدنىڭ سوپى سۇلتانغا ئەھۋالنى خەۋەر قىلىپ بىراۋدىن ئەۋەتكەن خېتىنى تۇتۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇكېرىم يەكەنگە ئاۋۋال بېرىپ، ئانىسى چۈچۈك خانىمنىڭ رازىلىقىنى

---

① شاھ مەھمۇد چوراس: «تاۋارىخ»، 158-بەت.

ئېلىنۇۋالغان. يەكەننىڭ ئەمىر ۋە ۋەزىرلىرى موگغۇللارنىڭ ئادىتى بويىچە، ئابدۇكېرىمگە خان دېگەن نامنى بەرگەن، ئىككى كۈن كېيىن كەلگەن سوپى سۇلتان تەن بېرىشكە مەجبۇر بولغان.

ئابدۇكېرىم تەختكە ۋارىسلىق قىلىشتا ۋەلى سوپىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇۋەيس مەزھىپىنىڭ سىياسەتكە ئارىلىشىش ھەرىكىتىگە پەخەس بولماي تۇرالمايتتى. شۇڭا، ئابدۇكېرىم بىر مەھەل باشقا ئىشانلارنى پايدىلىنىپ ئۇۋەيس سوپىنىڭ كۈچىنى خوراتماقچى بولغان. شۇ چاغدا ئابدال مەۋلانە ئىسملىك بىر تەسەۋۋۇپچى يەكەنگە كەلگەن. ئابدۇكېرىم بۇ سوپىغا بەك قىزىققان ۋە ۋەزىر خوجا ئابدۇللا بىلەن بىللە ئابدال مەۋلانىنى ئۇستاز تۇتقان. رىۋايەتكە قارىغاندا، ئابدۇكېرىم بىر قېتىم تىبەتكە يۈرۈش قىلغاندا، ئاشۇ " ئەۋلىيا "نىڭ دۇئاسى بىلەن " سەپىرى ئاقيوللۇق " بولغانمىش.①
شۇڭا مۇھەممەد ۋەلى سوپى ئابدال مەۋلانە بىلەن جېنىنىڭ بارىچە پۈت تېپىشىشكە، ئۇۋەيس مەزھىپىنىڭ تەسىرىنى يىگىباشتىن كۈچەيتىشكە مەجبۇر بولغان. شۇ مەزگىلدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەھمەد كاسانى (مەخدۇم ئەزەم) نىڭ ئوغلى خوجا ئىسھاق سەمەرقەندتىــن قەشقەرگە كەلگەن. مۇھەممەد ئۇۋەيس سوپى بۇ چاغدىمۇ چېقىمچىلىق قىلىپ، ئابدۇكېرىمخان بىلەن خوجا ئىسھاقنىڭ ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سالغان.

ئابدۇكېرىمخان تەختتە 37 يىل (1592ـ1559ـ يىللىرى) ئولتۇرغان، ئۇ تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە، يەكەن خانلىقىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى سىياسىي ۋەزىيىتىدە قاتتىق داۋالغۇش يۈز بەرمىگەن. شاھ مەھمۇد جوراسنىــڭ «تاۋارىخ» دېگەن كىتابىدا ئۇنىڭغا " دىنغا ئىخلاس قىلىدىغان، ئۆزىنى ئوتتۇشنى بىلىدىغان، ناھايىتى تەقۋادار ۋە ئادىل كىشى ئىدى ②" دەپ باھا بېرىلگەن. ئۇ ئاكا ـ ئۇكىلار ئارا جايلارنى سۇيۇرغال قىلىپ بۆلۈشتە شەرىئەتنى ئاساس قىلغان، ئاتىسىدىن قالغان مال ـ بىسات ۋە قورال ـ

① شاھ مەھمۇد جوراس: «تاۋارىخ»، 273 ـ بەتتىكى 76 ـ ئىزاھ.
② شاھ مەھمۇد جوراس: «تاۋارىخ»، 160ـبەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ياراغلارغا شەرئەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئاكا - ئۇكىلىرى بىلەن ئورتاق ۋارىسلىق قىلغان. ئۇ بەش ۋاخ نامازنى ۋە جۈمە نامىزىنى زادى تاشلىمىغان، ھەتتا ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان چاغدىمۇ دىنىي پەرزلەرگە خىلاپلىق قىلمىغان. ئۇ ھەر سەيشەنبە كۈنى ئەرز سورىغان، ئۇنىڭغا ئىسلام دىنى سوراقچىسى قازى ۋە مۇپتىنى، باشقا ئەمىرلەرنىمۇ قاتناشتۇرغان. " شەرئەتنىڭ پەتۋاسى بويىچە ھۆكۈم قىلىشقا تېگىشلىك دەۋالارنى بىر تەرەپ قىلىشتا قازى بىلەن مۇپتىدىن مەسلىھەت سورىغان، قائىدە - يوسۇنغا ياتىدىغان دەۋالارنى ئەمىرلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرغان①". بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بۇ مەزگىلدە يەكەن خانلىقىدا ئىسلام قانۇنى بىلەن موغۇللارنىڭ ئادەت قانۇنى تەڭ يولغا قويۇلغان.

يەكەن خانلىقىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلدىكى ئەمەلىي ئەھۋالى 17- ئەسىرنىڭ بېشىدىكى غەربلىك خرىستىئان پوپى، پورتۇگالىيىلىك بېنو دېكويىسنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە بايان قىلىنغان. بېنو دېكويىس ھىندىستاندىن بەدەخشان ئارقىلىق جۇڭگوغا كېلىدىغان يولنى تېپىش ئۈچۈن، 1603 - يىلى 11 - ئايدا كارۋانغا قوشۇلۇپ لاھوردىن يەكەنگە قاراپ يولغا چىققان. 1605 - يىلى ئاقسۇ، كۇچا، چالىش (قاراشەھەر) ئارقىلىق شەرققە يۈرۈپ، ئېلىمىزنىڭ ئىچكى رايونىغا بارغان. بېنو دېكويىس ئۆزىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنى " قەشقەرىيە " دەپ ئاتىغان. ئۇ چاغدا ئابدۇكېرىم ئۆلۈپ، ئىنىسى مەھمۇدخان يۇرت سوراۋاتقاندى. بېنو دېكويىس ئۇنى "قەشقەر پادىشاھى" دەپ ئاتىغان. پادىشاھنىڭ سىڭلىسى ھاجى خېنىم ئۇدۇن پادىشاھىنىڭ ئانىسى بولۇپ، مەككىگە ھەج قىلغىلى بېرىپ، قايتىشىدا كابۇلغا كەلگەندە يول خىراجىتى تۈگەپ قېلىپ بېنو دېكويىستىن 600 تىللا قەرز ئالغان. بېنو دېكويىس شۇ سەۋەبتىن بۇ مەلىكە بىلەن تونۇشۇپ قالغان. شۇڭا، ئۇ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا كەلگەندە، خانلىق ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن قىزغىن كۈتۈۋېلىنغان. بېنو دېكويىس خانلىقنىڭ ئاستانىسى يەكەن

① يۇقىرىقى كىتاب.

شەھرىنى " سودىگەرلەر مىغىلداپ يۈرىدىغان، تۈرلۈك ماللار بىلەن تولغان ئاجايىپ مەشھۇر سودا بازىرى ئىكەن " دەپ يازغان. شۇ چاغدا يەكەن شەھرىدە 160 مەسچىت بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئۈستىدە باش مەسچىت بار ئىدى. ھەر جۈمە كۈنى مۇتەئەسسىپ بەگ دەپ ئاتىلىدىغان بەگ بازاردا ئايلىنىپ يۈرۈپ جۈمە نامىزىغا نازارەتچىلىك قىلاتتى. باش مەسچىت 12 نەپەر رەئىسنى چىقىرىپ ناماز ئوقۇمىغانلارنى جازالاپ، دىنىي ساقچىلىق رولىنى ئوينايتتى. 1604 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى بېنو دېكويىسنىڭ يەكەندىن ئەۋەتكەن خېتىدە ئېيتىلىشىچە، يەرلىك ئاھالە بۇ ياۋروپالىقنىڭ ئىسلام دىنى قائىدىسىگە ئەمەل قىلمايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئەجەبلەنگەن ۋە غۇلغۇلا قىلىشقان. بېنو دېكويىس ۋەقە تۇغۇلۇپ قالمىسۇن دەپ قورقۇپ، خاننىڭ مۇھاپىزەت قىلىشىنى ئىلتىماس قىلغان. قەشقەر، خوتەننىڭ پادىشاھ ۋە ۋەزىرلىرى بۇ خرىستىئان پوپىغا ئەدەب ـ ئىكرام بىلەن مۇئامىلە قىلغان، بېنو دېكويىس تەقدىم قىلغان «ئىنجىل» ۋە كرېست بەلگىسىنى قوبۇل قىلىپلا قالماستىن، ئۇنىڭدىن خرىستىئاننىڭ " مۇناجات "، " قەسىدە "لىرىنى ئوقۇپ بېرىشنى، خرىستىئان ئەقىدىلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان، ئوقۇپ چۈشەندۈرۈپ بەرگەندە " كۆكۈل قويۇپ ئاڭلىغان "، " ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختىغان "، ئۇلىشىۋېلىپ، بېنو دېكويىسنىڭ ۋەزىنى ئاڭلىغان. ساقلى مەيدىسىگە چۈشۈپ تۇرغان مويسىپىت ئىسلام ئۆلىمالىرى " ئۇنىڭ سۆزىگە ھەيران بولۇپ ئېغىزلىرى ئېچىلىپ قالغان "، قىزىققان ۋە شادلانغان. بىر كۈنى خان بېنو دېكويىسنى ئوردىغا چاقىرتىپ، ئېتىقاد ئىگىسى ۋە ناماز ئوقۇشتا قايسى تەرەپكە قاراش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىسلام ئۆلىمالىرى بىلەن مۇنازىرىگە سالغان. ئۇلار ئاخىر خرىستىئان دىنىنىڭمۇ قوبۇل قىلىشقا ئەرزىيدىغان يېرى بار ئوخشايدۇ، دەپ قارىغان. بېنو دېكويىس چالىش شەھرىگە بارغاندا، بۇ شەھەرنىڭ بېگى باشتا ئۇنىڭغا " كاپىر " قاتارىدا قاراپ، زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغان، بېنو دېكويىس قەشقەر پادىشاھىنىڭ يارلىقىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئۇنى كەچۈرۈم قىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

چالىشنىڭ بېگىمۇ بېنو دېكويىسنى دىن ئەقىدىلىرى ھەققىدە ئىسلام ئۆلىمالىرى بىلەن مۇنازىرىگە سالغان، ئاخىر بۇ خرىستىئاننىڭ ھەققىي ئېتىقادچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىززەت - ئىكرام بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، خانلىقنىڭ شۇ چاغدىكى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئاقىللىقى، ئۇقۇمۇشلۇقلۇقىنى ئىپادىلىگەن. بىراق، يول ئۈستىدە بېنو دېكويىس بەزى ئەسەبىي ئېتىقادچىلارغىمۇ يولۇقۇپ قالغان، ئۇلار بېنو دېكويىسنى قورقۇتۇپ، «لائىلاھە ئىللاللا، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا»نى بىر نەچچە قېتىم زورلۇق بىلەن ئوقۇتقان، بېنو دېكويىس يەكەندە تۇرغان مەزگىلدە، ئۇدۇن پادىشاھىنىڭ ئانىسىدىن قەرز پۇلنى ئالغىلى بېرىپ، بىر ئايغىچە قايتىپ كەلمىگەن، بۇ چاغدا يەكەندە بېنو دېكويىس ئىمان ئېيتقىلى ئۇنىماپتىكەن، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، شەرىئەتنىڭ ئۆلگەن يولۇچىلاردىن ئۇرۇق - ئەۋلادى بولمىغان ياكى ۋەسىيەت قالدۇرمىغان كىشىلەرنىڭ مال - مۈلكى مەسچىتكە ۋەخپە قىلىنىدۇ، دېگەن بەلگىلىمىسى بويىچە بېنو دېكويىسنىڭ مال - بىساتى تەقسىم قىلىنىدىكەن، دېگەن گەپ تارقالغان. بېنو دېكويىس كوچادا تۇرغان ۋاقىت رامىزان ئېيىغا توغرا كەلگەن، مەسچىتنىڭ ئىمام - مەزىنلىرى روزا تۇتمىدى، دەپ ئۇنى سوئال - سوراق قىلغان ۋە ئۇنىڭغا جەرىمانە قويغان. ئىككى تەرەپ پىكىردە بىر يەرگە كېلەلمىگەن، مەسچىت جامائىتى بېنو دېكويىسنى مەسچىتكە كىرىپ ناماز ئوقۇشقا زورلاپ، تاياق - توقماق كۆتۈرۈشكە تاس قالغان. بۇ ئىسلام دىنى قائىدە - قانۇنلىرىنىڭ يۇقىرى قاتلام ھۆكۈمرانلارغا قارىغاندا خەلق ئىچىدە قاتتىق ئىجرا قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ[1].

---

① «بېنو دېكويىسنىڭ كىدانىنى زىيارەت قىلىش خاتىرىسى». خەنزۇچە قىسقارتىلغان تەرجىمىسى. جاڭ شىڭلاڭ تۈزگەن «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ قاتناش تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، 1 - قىسىم، جۇڭخۇا نەشرىياتىنىڭ 1977 - يىل نەشرى.

## 3 ـ بۆلۈم ئىسلام دىنى ۋە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەدەنىيىتى

يەكەن خانلىقىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە، فېئوداللىق ئىگىلىك ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىدېئولوگىيىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدىمۇ يۈكسىلىش مەيدانىغا كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يېڭىدىن تەرەققىي قىلىش ۋە گۈللىنىش دەۋرى باشلانغان. بۇ دەۋردە مەدەنىيەت شۇ رايوننىڭ قەدىمكى مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرىنى پائال قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان. سەئىدىيە خانلىقى مىللەتلەر ئارا چۈشىنىش ۋە قوشۇلۇشنى تېزلىتىش، تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىللە، موغۇللارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش، ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقىنى يارىتىشتىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئىجابىي رول ئوينىغان.

شىنجاڭدىكى قەشقەر، يەكەن قاتارلىق قەدىمكى شەھەرلەر خانلىقنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى. يەكەن خانلىقىنىڭ ئوردىسى مۇھىم ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ۋە سىياسىي، مەدەنىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرىدىغان ئورۇن ئىدى. مەشھۇر ھەرەمباغدىكى ئوردا بىناسى ئاجايىپ كۆركەم، گۈزەل، ھاۋاسى ساپ گۈلباغقا جايلاشقانىدى. بىنانى خىلمۇ خىل مېۋىلىك دەرەخلەر ئوراپ تۇراتتى. سەئىدىيە خانلىقى دۆلەت خەزىنىسىدىن پۇل ئاجرىتىپ، نۇرغۇن مەكتەپ ۋە ئالىي مەدرىسلەرنى سالدۇرۇپ، مەدەنىيەت ئىشلىرى ئۈچۈن كەڭ زېمىن ھازىرلاپ بەرگەن. شۇ چاغدا يەكەندە ياسالغان سەئىدىيە مەدرىسى ئىككى قەۋەت بولۇپ، 360 ھۇجرىسى بار ئىدى. شەھەر ئىچىدە يەنە راشىدىن مەدرىسى، يېشىل مەدرىس،

جاھان مەدرىسى، مەدرىسى ئىقتىماسى، خانلىق مەدرىس، مەدرىسى مەھمۇدىيە، ساقىيە مەدرىسى، ۋەلىيە مەدرىسى قاتارلىق دىنىي بىلىم يۇرتلىرى بار ئىدى. بەزى مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، شۇ چاغدا سېلىنغان خانىقا 948گە، مەسچىت 585كە، مەكتەپ 2263كە يەتكەنىدى①. سەئىدىيە خانلىقى ھۆكۈمىتى نۇرغۇن پۇل ئاجرىتىپ، قەشقەر شەھىرىدىكى ساقىيە مەدرىسى، چاسا مەدرىسى، كونا ئوردا ئالدى مەدرىسى، ئوردا ئالدى مەدرىسى قاتارلىق داڭدار مەسچىتلەرنى رېمونت قىلىپ، تولىمۇ گۈزەل تۈسكە كىرگۈزگەن. بۇ مەكتەپلەرنىڭ بولۇشى سەئىدىيە خانلىقىدا مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ خېلىلا گۈللىنىپ تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بولۇپمۇ يەكەندىكى يېشىل مەدرىس بىلەن ئالتۇنلۇقۇم جامەسى تولىمۇ كۆركەم ياسالغانىدى. جامە چىرايلىق، رەڭدار كاھىش بىلەن بېزەلگەن، چوڭ ئىشىكىنىڭ بېشىغا «قۇرئان» ئايەتلىرى ئويۇلغانىدى، جامە ئىچىدە مۇنچا (غۇسۇلخانا) ۋە كەڭ - ئازادە ياتاق ئۆيلەر بار ئىدى. سەئىدخان دەۋرىدە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەدەنىيەت چولپانى، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، شائىر، پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىسى تۈمەن دەرياسى بىلەن قىزىل دەرياسىنىڭ قوشۇلىدىغان يېرىدىن ئورۇن ئالغان، كېيىن كەلكۈن سۇ چىقىپ كەتمىسۇن دەپ، قەبرە قەدىمكى شەھەرنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى پايناپقا كۆچۈرۈلگەن. قەبرە چوڭ دەرۋازا، ئېگىز گۈمبەز ۋە ھەيۋەتلىك مەسچىتتىن تەركىب تاپقان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاتۇشتىكى ساتۇق بۇغراخان قەبرىسىمۇ باشقىدىن ياسىلىپ، بۇ ئىنتايىن قىممەتلىك تارىخىي يادىكارلىق ساقلاپ قېلىنغان.

سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى ئالىي مەدرىس ۋە مەكتەپلەردە ئەرەب تىلى، پارس تىلى، ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى، ئىسلام قانۇنشۇناسلىقى ۋە ئاساسىي پەلسەپە، ھەدىس، ئىقتىسادشۇناسلىق، دىنىي ئەقىدەشۇناسلىق، ئىسلام دىنىي تارىخى، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە،

① «جۇڭگو تىبابىتى قامۇسى تارماق تومى — ئۇيغۇر تىبابەت قامۇسى»، 1 - توم، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى، ئۈرۈمچى، 1985 - يىل نەشرى.

ئېنكا، ئەدەبىيات - سەنئەت، قانۇنشۇناسلىق، خەتتاتلىق قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلگەن، خۇسۇسەن مۇتەپەككۇر، ئەدىب لۇتپى (1366-1465-يىللار)، سەككاكى (1399-1449-يىللار)، ئابدۇراخمان جامى (1492-يىلى ۋاپات بولغان)، نەۋائى (1441-1501-يىللار) قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئەسەرلىرى ئېنبار بىلەن ئۆتۈلگەن. بۇ بىلىم يۇرتلىرى جەمئىيەت ئۈچۈن نۇرغۇن ئەدىب، شائىر، رەسسام، مۇزىكانت، تارىخشۇناس، ھۆكۈما، تەرجىمشۇناسلارنى يېتىشتۈرگەن، بولۇپمۇ شائىر ئابدۇراخمان جامىنىڭ ئۇستازى سەئىدى قەشقەرى (1326-1417-يىللار)، خوجا زاھىد قەشقەرى (1363-1446-يىللار)، خوجا ئەھمەد قەشقەرى ۋە زىيائىددىن قەشقەرى قاتارلىق ئالىملار زور تۆھپىلەرنى يارىتىپ، كېيىنكىلەر ئۈچۈن نۇرغۇن قىممەتلىك مەنىۋى بايلىق قالدۇرغان.

يەكەن خانلىقىنىڭ سەئىدىيە دەۋرىدە، مەدەنىيەت ۋە مائارىپ ئىشلىرىدا شۇ جاينىڭ ئۆزىگە باب كېلىدىغان ئۇنۇملۇك ئىسلاھات تەدبىرلىرى قوللىنىلغاندىن باشقا، ھەقىقىي بىلىمگە ئىگە، ئىستىبداتلىق ئالىملار خېلى قەدىرلەنگەن. سەئىدخان دەۋرىدە، قەدىمكى ئەنئەنىۋى "نورۇز" پائالىيىتى ۋە شائىر، ئەدىبلەرنىڭ شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش يىغىنى قاتارلىق پائالىيەتلەر ئارقىلىق شائىرلارنىڭ ئىجادىيەت ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشكە ماددىي، مەنىۋى جەھەتتىن ئىلھام بېرىلگەن، ئىجادىيەت پائالىيىتىگە خېلى ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىلگەن. مەسىلەن، ئابدۇرشىتخان شائىر ئايازبېكنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىگە قولاي شارائىت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا 60 ئۆيلۈك ئادەم، يەر، سۇ ۋە باشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئىنئام قىلغان. شۇڭا، بۇ دەۋردە ھەرقايسى يەن ئالىملىرى سەئىدىيە خانلىقىغا توپلانغان، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىسلامىيەت رايونلىرىدىكى، مەسىلەن، خوراسان، بۇخارا، سەمەرقەند قاتارلىق جايلاردىكى كۆپلىگەن ئالىملارمۇ كەينى - كەينىدىن بۇ يەرگە كېلىپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى يەكەن ۋە قەشقەرگە جەم بولغان.

بۇ يەردە سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى ئاتاقلىق تارىخشۇناس ۋە شائىرلاردىن مىرزا ھەيدەر قەشقەرى (1500-1551-يىللار) نى ئاتاپ كۆرسىتىش مۇمكىن. ئۇنىڭ تەخەللۇسى «ئاياز شىكەستە» («جاھاننامە» دېگەن داستانىغا «ئاياز شىكەستە» دەپ ئىمزا قويغان. تەتقىقات ۋە تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، «جاھاننامە»نىڭ ئاپتورى مىرزا ھەيدەر كوراگان ئىكەن، «ئاياز شىكەستە» ئۇنىڭ تەخەللۇسى ئىكەن، شۇڭا بۇ يەردىمۇ تەخەللۇسنى يازغان). ئۇنىڭ «جاھاننامە»، «تارىخىي رەشىدى» دېگەن ئەسەرلىرى بار. «جاھاننامە» مىرزا ھەيدەر قەشقەرىنىڭ 1533 - يىلى، يەنى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى، ئەدەبىيات - سەنئىتى تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشكە باشلىغان ئابدۇرىشىتخان دەۋرىدە يېزىلغان ئەسەرلىرى. بۇ ئەسەرلەر 16-ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. «جاھاننامە» شائىر مىرزا ھەيدەرنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك داستانچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ئۈستىدىكى تەتقىقات نەتىجىسى ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا ئۇ ئۇيغۇر داستانچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم ئورۇنغا ۋە مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. بۇ داستان تېماتىك قۇرۇلما جەھەتتە خەلق چۆچەكلىرىنى ئاساس قىلغان، ئاپتور خەلق ئىچىدىكى رىۋايەتلەر بىلەن چۆچەكلەرنى يۈكسەك تەسەۋۋۇر ئاساسىدا بىرلەشتۈرگەن. ئۇنىڭ جانلىق، تېتىك، شوخ ئۇسلۇبى، داستانىنىڭ ئۆزىگە خاس ئاممىۋىلىقى، ئەدەبىي تەكەببۇرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە بەدىئىي ماھارىتىنىڭ يۈكسەكلىكى، بولۇپمۇ ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىنىڭ رەڭدارلىقىغا ئوخشاش ئالاھىدىلىكلەر خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئاپتورنىڭ بەدىئىي ماھارىتىنىڭ يېتىشىشىغا ئاساس بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

مىرزا ھەيدەر كوراگان داڭلىق ئەسىرى «تارىخىي رەشىدى»نى 1541 — 1545 - يىللىرى كەشمىردە ھۆكۈمران بولۇپ تۇرغان يىللاردا يازغان. «تارىخىي رەشىدى» ئىككى توملۇق ئەسەر بولۇپ، 1 - تومى ھىجرىيە 948 - يىلى (1541 — 1542 - يىلى)، 2 - تومى ھىجرىيە 952 - يىلى (1545 — 1546 - يىلى) يېزىلغان.

«تارىخي رەشىدى» نىڭ 1 ـ تومىدا تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغانغىچە بولغان ئىككى ئەسىر داۋامىدىكى تارىخىي پاكىتلار تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

«تارىخي رەشىدى» نىڭ 2 ـ تومىدا مىرزا ھەيدەر كوراگانىنىڭ ھىجرىيە 906 ـ يىلى (1500 ـــ 1501 ـ يىلى) تاشكەنتتە دۇنياغا كەلگەنلىكى، ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ تارىخىغا دائىر ۋەقەلەر، تارىخىي پاكىتلار، ئۆزبېك ھۆكۈمرانى شەيخ بەگخان يەنى شايبانىخان (مىلادى 1453 ـــ 1501 ـ يىللار) ۋە موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاساسچىسى زەھرىددىن مۇھەممەد بابۇر (مىلادى 1483 ـــ 1530 ـ يىللار) ھەم ئۇلارغا زاماندااش كىشىلەرگە دائىر تەپسىلىي مەلۇماتلار، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خانلار ۋە ئۇلارغا قاراشلىق ۋىلايەت، شەھەرلەر، مەدەنىيەت مەركىزى بولغان شەھەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئاھالىسىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشى، مەنىۋى بايلىقىغا دائىر تارىخىي پاكىتلار، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەر ـ جاي نامى، مىللەتلەرنىڭ ئېتنوگرافىيىسى، قەدىمكى شىنجاڭ ۋە ئۇنىڭ جەنۇبىي، شەرقىي قىسمىدىكى جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى، قەدىمكى قەلئە خارابىلىرىنىڭ تارىخىي ئىزلىرى، موگغۇللار تېررىتورىيىسىنىڭ دائىرىسى، شۇنىڭدەك موگغۇل قەبىلىلىرى ۋە خانلىرىنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئوخشاش مەسىلىلەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

«تارىخي رەشىدى» دە يەنە جانىبەگ، قاسىمخان، مىماشخان، تاھىرخان قاتارلىق قازاق خانلىرىنىڭ تارىخى، بولۇپمۇ قاسىمخانىنىڭ سۇلتان سەئىدخان بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋىتى، خېلىلخان (سەئىدخانىنىڭ ئىنىسى) نىڭ قىرغىزلار ئارىسىدا قىلغان ئىشلىرى يېزىلغان. بۇ كىتابنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا تىبەت، بەدەخشان، كەشمىر قاتارلىق جايلارنىڭ ئاھالىسى، تارىخى، جۇغراپىيىسىگە دائىر ماتېرىياللار، شۇنىڭدەك ئافغانىستان، شىمالىي ھىندىستانلارنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنغان، شۇڭا بۇ كىتاب كېيىنكىلەرگە قىممەتلىك ماتېرىيال قالدۇرغان.

«تارىخي رەشىدى» دە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن

بولغان بۇخارا، خوراسان، ھىرات شەھەرلىرىنىڭ مەدەنىيىتى گۈللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان مەزگىلدىكى كاتتا ئۇيغۇر شائىر، مۇتەپەككۇر ئەلشىر نەۋائىنىڭ سەرگۈزەشتلىرى، ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىدا تۇتقان ئورنى بايان قىلىنىغان.

ئاپتور ئۆز ئەسىرىگە «تارىخي رەشىدى» دەپ نام قويغانلىقىنى مۇنداق چۈشەندۈرگەن: "موغۇل خانلارىنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى تۇغلۇق تۆمۈرخاندىن باشلانغان. تارىخنىڭ نامىنى ‹تارىخي رەشىدى› دەپ ئاتىشىمدىكى بىرىنچى سەۋەب، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ مۇسۇلمان بولۇشى مەۋلانە راشىدىنىنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن بولغان؛ ئىككىنچى سەۋەب، تۇغلۇق تۆمۈرخاندىن ئىلگىرى بۇراقخان، ئۇنىڭدىن كېيىن كېپەكخانلار مۇسۇلمان بولغان بولسىمۇ، ئەمما خەلقنىڭ مۇسۇلمانچىلىقى راۋاج تاپمىغانىدى. ئۇلار پۇرسەت بولسىلا ئارقىغا قايتىپ، ئىسلام دىنىدىن چەتلەشكە ئۇرۇناتتى. ئەمما، تۇغلۇق تۆمۈرخان مۇسۇلمان بولۇشى بىلەنلا، ئىسلام دىنى موغۇللار ئارىسىدا يىلتىز تارتىپ ئومۇملاشتى. بۇ تارىخ ئۇنىڭ نامىنى بايان قىلىش بىلەن باشلانغانلىقتىن، ‹رەشىدى› دەپ ئاتاشنى لايىق كۆردۈم؛ ئۈچىنچى سەۋەب، بۇ خانلارىنىڭ ئاخىرى ئابدۇرىشىتخان بولۇپ، بۇ تارىخ ئۇنىڭ ئۈچۈن يېزىلىۋاتىدۇ. مۇشۇ ئۈچ سەۋەب بىلەن بۇ تارىخ ‹تارىخي رەشىدى› دەپ ئاتالدى.①"

«تارىخي رەشىدى» پارس تىلىدا يېزىلغان. كەشمىر كىتابخانىسىدا مىرزا ھەيدەر كوراگاننىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان نۇسخىسى ساقلىنىپ قالغان. كېيىنكى دەۋردە، بۇ ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرى ۋە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىلىرى، "ئالتۇن ھەل بېرىپ ئىشلەنگەن" بىر قانچە خىل نۇسخىلىرى قەشقەر، يەكەن، ئاقسۇ، كۇچا، ئوتتۇرا ئاسىيادا تارقالغان. كېيىنكى چاغلاردا فرانسىيە، گېرمانىيە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى شەرقشۇناسلار ئارقىلىق

① مىرزا ھەيدەر كوراگان:«تارىخي رەشىدى»، قولىيازما.

ھەرخىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ دۇنياغا تارقالغان.

ئاتاقلىق مۇقامشۇناس ۋە شائىر ئامانىساخان (1534 ــ 1567 ـ يىللار) ئەدەبىي تەخەللۇسى نەفسە، ئۇ سۇلتان ئابدۇرىشىتخاننىڭ خانىشى ئىدى. ئۇ كىچىكىدىنلا ئاتىسىنىڭ قولىدا تەربىيىلىنىپ، مۇقامشۇناس ئەدىب بولۇپ يېتىشىپ چىققان. ئۇ «دىۋان نەفسە»، «ئەخلاق جەمىلە» ناملىق دىداكتىك ئەسەر ۋە «شۇرۇھۇلقۇلۇپ» (قەلبلەر كېڭىشى) دېگەنگە ئوخشاش ئىستېتىكىلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامان كلاسسىك مۇزىكىسىنىڭ ئۇستىسى ۋە مەشھۇر مۇزىكا ئۇستازى بولۇپ قالغان.

سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى شائىر، مۇزىكانت يۈسۈپ قىدىرخان (مىلادى 1571 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا ئۆمۈر بويى زور ئەھمىيەتلىك ئىلمىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان. «دىۋان قىدىرى»نى يېزىپ دۇنياغا تونۇلغان. ئۇ راۋابنى ئۆزگەرتكەن. «خۇشتار» دەپ ئاتىلىدىغان سەككىز تارلىق چالغۇنى ئىجاد قىلغان، يېڭى مۇقام «ۋىسال مۇقامى»نى ئىجاد قىلغان، خۇراسان، خارەزم، ئىران، ئىراق قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن ناخشىچى ۋە مۇزىكانت تالىپلارغا دەرس ئۆتكەن.

«تارىخنامە ــ ئابدۇرىشىتخان» ناملىق ئەسەر ھىجرىيە 951 ـ يىلى (مىلادى 1544 ــ 1545 ـ يىلى) نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان، ھىجرىيە 1035 ـ يىلى (1626 ــ 1627 ـ يىلى) مۇھەممەد نىياز ئاخۇن تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن.

مىرزا پازىل جوراس ئوغلى مەھمۇد جوراس يەنى شاھ مەھمۇد جوراس (1626 ــ 1696 ـ يىللار) سەئىدىيە خانلىقىدا مىرزا ھەيدەر كوراگانىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن يەنە بىر ئاتاقلىق تارىخچى. ئۇ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەركىزى يەكەندىكى بىر مەدرىستە ئىلىم تەھسىل قىلغان. شاھ مەھمۇد جوراس «تاۋارىخ» ناملىق ئەسەرنى مىلادى 1672 ـ يىلدىن 1676 ـ يىلغىچە يەكەندە يازغان (ھازىر ئۇيغۇر قولىيازمىلار كاتالوگىدا «تارىخى رەشىدى

زەيلى» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان تارىخ شۇ كىتابنى كۆرسىتىدۇ).

شاھ مەھمۇد جوراس يازغان «تاۋارىخ» مىرزا ھەيدەر كوراگانىنىڭ «تارىخى رەشىدى» دېگەن ئەسىرى يېزىلغاندىن كېيىنكى دەۋر، يەنى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى پۈتۈن تارىخنى يورۇتۇپ بەرگەن قىممەتلىك قوليازما بولۇپ، ئۇنىڭدا سۇلتان ئابدۇرىشىتخاننىڭ پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئابدۇكېرىمخان، مۇھەممەدخان، ئابدۇللاخان ۋە ئاقباشخان دەۋرىدىكى ئىشلار، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشىگە سەۋەب بولغان خوجىلارنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە كەلتۈرگەن ئېچىنىشلىق كۈلپەتلىرى، خوجىلارنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە كەلتۈرگەن ئېچىنىشلىق كۈلپەتلىرى، خوجىلارنىڭ ئاممىنى خۇراپاتلىق پاتقىقىغا تىققانلىقى، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن بىرلىشىپ سەئىدىيە خانلىقىنى مۇنقەرز قىلغانلىقى بايان قىلىنغان.

يەكەن خانلىقىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە يەن ـ مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، بىر تۈركۈم ئالىم، ئەدىب، شائىرلار يېتىشىپ چىققان، خۇلقى (ئەدەبىي تەخەللۇسى)، شائىر ھەنىفى (ئەدەبىي تەخەللۇسى)، ئاخۇن موللا شەيخ خوجا، ئابدۇراززاق، مەۋلانە مۇرات، مىرزا زىرىق، ئاخۇن خوجا، باباخوجائاخۇن خوتەنى، مۇھەممەد ئىمىن زىھنى، موللا ھەبىب، موللا ئاتىپ، موللا قازى ئاخۇن، موللا جۇنۇنى خوجا، موللا پازىل مىرزا شاھ خوجا قاتارلىق ئالىم، ئەدىب، شائىرلار شۇلارنىڭ ۋەكىلى.

سەئىدخان دەۋرىدە، مۇھەممەد سىدىق زەلىلى يەكەندە ئىلىم تەھسىل قىلغان ھەم دەرس ئۆتكەن. ئابدۇرىشىتخان دەۋرىدە قۇرۇلغان خانلىق مەدرىس زەلىلىنىڭ بىلىمىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئالىي بىلىم يۇرتى ئىدى. ئۇ كېيىنكىلەرگە «تەزكىرەئى مۇھەممەد شېرىپ بۇزرۇكۋار» ۋە «سەپەرنامە» ناملىق داستان قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەرنى قالدۇرغان. زەلىلى شائىر بولۇپلا قالماستىن، ئاجايىپ تالانتلىق مۇزىكانت ئىدى.

ئۇيغۇر شائىر خاراباتى (ئەسلى ئىسمى مۇھەممەد ئىبنى خاراباتى) مىلادى 1628 ـ يىلى ئاقسۇنىڭ چوغتال كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن، قەشقەر،

يەكەن قاتارلىق جايلاردا ئوقۇپ بىلىم ئالغان، ئۇنىڭ «كولليىات مەسنەۋى خاراباتى» دېگەن 1300 مىسرادىن تەركىب تاپقان يىرىك ئەسىرى زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن.

خىرقىتى مىلادى 1634 ـ يىلى قەشقەردىكى تازغۇننىڭ باغچا يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن، قەشقەردىكى خانلىق مەدرىستە 16 يىل ئوقۇپ بىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ناملىق داستانىنى ۋە «غەزەللەر دىۋانى» قاتارلىق قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان.

يەكەن خانلىقىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە، ئىگىلىكنى ياخشىلاش يولىدىكى بىر قاتار مۇھىم تەدبىرلەر ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ماددىي ئاساس سېلىنغان. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇزاق تارىخقا ۋە ئېسىل ئەنئەنىگە ئىگە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئېتىبارلىنىشقا ئەرزىيدىغان شانلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن. بۇ دەۋردە ئۆتكەن ئەدىبلەر، ئالىملار مەۋلانە سەككاكى، مەۋلانە لۇتفى، ئەلشىر نەۋائى قاتارلىق كاتتا ئالىم، شائىرلارنىڭ يۈكسەك سەۋىيىلىك ئەسەرلىرىنى ئۈرنەك قىلىپ، ئۇلاردىن ئوزۇق ئېلىپ، سەئىدخان دەۋرىنىڭ ئەدەبىي تىلىنى تەرەققىي قىلدۇرغان.

بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر خەتتاتچىلىقى گۈللىنىپ، شانلىق نەتىجىگە ئېرىشكەن. ئۇيغۇر خەتتاتچىلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى مىللىي گۈزەل سەنئىتى، مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. سەئىدخان دەۋرىدە، ئۇيغۇر خەتتاتچىلىقىدىكى يېزىش شەكلى تېخىمۇ كۆپ خىللاشقان، گۈزەللەشكەن، شوخلاشقان. ئۇيغۇر خەتتاتچىلىقىدىكى «نەسخى ـ تەئلىق» ، «خەتتى سۇلۇس» ، «رۇقئىي» ، «مۇھەتىق» ، «كۇفى» ، «سىياقەت» قاتارلىق ھۆسنخەت شەكىللىرى شۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ۋە مۇكەممەللەشكەن. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن بۇيانقى خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا، ئۇيغۇر خەتتاتلىقىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

رەسمانە يېزىش، يۆگەپ يېزىش قاتارلىق شەكىللەر تەرەققىي قىلغان. كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، سۇلتان سەئىدخان ئۆزى ئۇيغۇر خەتتاتلىقىدا ئەڭ گۈزەل دەپ ئاتالغان «نەسخى ـ تەئلىق» بويىچە يېتىلگەن خەتتات ئىدى. ئابدۇرېشىتخانمۇ ئۇيغۇر خەتتاتلىقىنىڭ ھەممە شەكلىنىڭ ماھىرى ئىدى. «تارىخىي رەشىدى»نىڭ ئاپتورى مىرزا ھەيدەر كوراگانمۇ خەتتاتلىق سەنئىتىدە ئۇستىلارنىڭ ئۇستىسى ئىدى. سەئىدىيە خانلىقى ئوردىسىنىڭ باش پۈتۈكچىسى شاھ سەئىد ئالىم ھەم شائىر، ھەم خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ ئاساسچىسى ئىدى. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئوردىسىدا كاتىپتىن مەمۇرىي ئەمەلدارلارغىچە بولغانلارنىڭ كۆپى بۇ ئىلىمنىڭ تەشەببۇسچىسى ۋە شۇ زامانىنىڭ داڭلىق خەتتاتلىرى ئىدى. ئۇ چاغدا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئوردا مۆھۈرلىرى، تامغىلىرى، مەكتۇپلىرى، ھۆججەتلىرى، مەدرىس، گۈمبەز پەشتاقلىرى، قورۇق تاملىرى، قەبرە تاشلىرىنىڭ خەتلىرى، مەدرىسىنىڭ دەرسلىك، ئوقۇشلۇقلىرى، شۇنىڭدەك شائىر، ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرى كۆڭۈل قويۇپ يېزىلغان ۋە ئويۇلغان. يېزىش ـ سىزىش ئۇستىلىرىنىڭ كۆپى خانلىق مەدرىس ۋە ئادەتتىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەيىنلەنگەن. ئۇ دەۋردە ئۆتكەن نۇرغۇن ئالىم، شائىر ۋە ئەدىبلەرنىڭ دىۋان، ئەسەرلىرى خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ساقلىنىپ قالغان. ئۇ چاغدا مەكتەپ، مەدرىسلەردە خەتتاتلىق دەرس قىلىپ كىرگۈزۈلگەنلىكتىن، ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن زور بىر تۈركۈم خەتتات يېتىشىپ چىققان. مىرزا تىنبەگ، مىرزا راززاق، شەيخ خوجا، ئابدۇراززاق، موللا خوجا، موللا ھەبىب، موللا زۇنۇن، مىرزامۇرات قاتارلىق خەتتاتلار ئۆزلىرىنىڭ ھەرخىل ئۇسلۇبتا يېزىشتا ماھىرلىقى بىلەن تونۇلغان. غەلتە ئۇستا، خەتتات مىرزا تىنبەگ سىزمىچىلىقتىمۇ ئۇستا ئىدى. ئۇنىڭ قولىدىن چىققان كىتابلارنىڭ كۆپى ئالتۇن ھەل بېرىپ، قاتتىق مۇقاۋىلىق قىلىپ ئىشلىنەتتى. ئۇ ئەل ئېتىراپ قىلغان بېزەش ئۇستىسى ئىدى. مىر ئەنۋەر، موللا مۇھەممەد قاتارلىق كىشىلەر ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئىدى.

سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى بىناكارلىق سەنئىتىمۇ بىزگە مول،

قىممەتلىك مىراس قالدۇرغان. ئۇ ئويۇش، رەڭلىك سىزىش، لاي بىلەن
قاتۇرۇش، بوياش قاتارلىق شەكىللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىناكارلىقى قۇرۇلما ۋە جايلىشىش جەھەتتە
تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئۆرپ - ئادەت ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكنى ئاساس قىلىدۇ.
بىنالار كۆپ ھاللاردا نەقىش، رەڭدار سىزمىلار بىلەن بېزىلىدۇ. ئۆينىڭ ئىچى
نەپىس پەردازلىنىدۇ. بىنانىڭ ئەتراپىدا گۈل - گىياھلار بولىدۇ. مۇھىت خىلمۇ
خىل مەنزىرىلەر بىلەن گۈزەللەشتۈرۈلىدۇ. ھەرخىل مېۋىلىك دەرەخ تىكىپ
ۋە گۈل تېرىپ، ساپ ھاۋا، گۈزەل مەنزىرە پەيدا قىلىش ئۇلارنىڭ ئەنئەنىسىگە
ئايلانغان. شۇڭا، ئۆي - ئىمارەتلەر ناھايىتى كۆركەم، يېقىملىق كۆرۈنىدۇ.

سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە، ئىسلام دىنىنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى يەرلىك
ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىك بىلەن بىرلىشىپ تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان.
مەدەنىيەت مەركىزى بولغان قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردا ئوردا، مەھكىمە،
مەدرىس، مەسچىت، جامە، خانىقا قاتارلىق ئىمارەتلەر شەھەر ئىمارەتلىرىنىڭ
شەكلىنى زور دەرىجىدە بېيىتقان، شەھەرگە گۈزەللىك ۋە ھۆسن بېغىشلىغان.
بولۇپمۇ قەشقەر، يەكەن قاتارلىق مەركىزىي شەھەرلەر ۋە باشقا جايلارغا
سېلىنغان 573 مەدرىس ۋە 585 مەسچىتنىڭ كۆپىگە نەقىش ۋە گۈل
ئىشلەنگەن، گۈللۈك، رەڭدار خىش ۋە كاھىش ئىشلىتىلگەن، قۇرئان ئايەتلىرى
ۋە ئىمارەتنىڭ ياسالغان ۋاقتى يېزىلغان. مەسچىت، مەدرىس ۋە ئۆي -
ئىمارەتلەرنىڭ پېشايۋان، تۈۋرۈكلىرىگە رەڭدار سىر بىلەن گۈل چىقىرىش،
تام تورۇسلىرىنى گەج بىلەن گۈزەللەشتۈرۈش ۋە نەقىشلەش ناھايىتى
ئومۇملاشقان. بولۇپمۇ قەشقەرلىق كاتتا ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ۋە مۇتەپەككۇر
يۈسۈپ خاس ھاجىپلارنىڭ قەبرىسى، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان (مۇسۇلمانچە
ئىسمى ئابدۇكېرىم) نىڭ ئاتۇشتىكى قەبرىسىنى باشقىدىن ياساشتا شۇ
زاماندىكى ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ نەققاشلىق، رەڭدار سىزمىچىلىق
ھۈنىرى كەڭ ئىشلىتىلگەن. دېمەك، ئۇ چاغدا سېلىنغان مەدرىس، مەسچىت،
سارايلار كۆركەم، ھەيۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، بىناكارلىق سەنئىتى

جەھەتتىمۇ خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن.

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ بىرى. ئۇ ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ئەجدادلارنىڭ مول تەجرىبىلىرىنى ئۇزلۇكسىز توپلاش، رەتلەش، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇش ئاساسىدا شەكىللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان. يەكەن خانلىقىدا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىللە، نۇرغۇن داڭلىق ئۇيغۇر تېۋىپلىرى يېتىشتۇرۇلگەن، ئۇلار سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەدەنىيەت بايلىقىنى يارىتىشقا زور تۆھپە قوشقان. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردا شىپاخانا، دورا - دەرمەك دۇكانلىرى ئېچىلغان، تومۇر تۇتۇش، داۋالاش ئىشلىرى خېلى ئومۇملاشقان. ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىن چىققان دورا - دەرمەكلەر ئىشلىتىلىپلا قالماستىن، يەنە ئىچكى ئۆلكىلەردىن، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستان، پاكىستان، تىبەت، كەشمىر قاتارلىق جايلاردىنمۇ دورا كەلتۇرۇلۇپ كېسەل داۋالاشقا ئىشلىتىلگەن. ئۇ چاغدا شىنجاڭدىن چىقىدىغان خولۇنجان، زىنجىۋىل، موزا، بادام، خوتەن ئىگىرى قاتارلىق دورا - دەرمەكلەر شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى سۈپىتىدە ئىسلام دۆلەتلىرىگە ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرگە چىقىرىلغان. قەشقەردىكى خانلىق مەدرىس، يەكەندىكى خانلىق مەدرىس، رەشىدىيە مەدرىسى، يېشىل مەدرىس قاتارلىق چوڭ مەدرىسلەردە مەخسۇس مېدىتسىنا پەنلىرى ئۆگىتىلگەن ۋە دەرس ئۆتۈشكە مەشھۇر ئالىملار تەكلىپ قىلىنغان. مەسىلەن، نۇردۇن ئابدۇۋاھىت زوھۇرى، شەمشىدىن ئەلى، مەۋلانە مۇھەممەد رازى قاتارلىق بىر تۈركۈم داڭلىق تېۋىپ توپلانغان. مەشھۇر پەيلاسوپ ئېنىسكوفىست، داڭلىق ھۆكۈما ئەبۇئەلى ئىبنى سىنا(مىلادى 980 — 1037 - يىللار) نىڭ «ئەلقانۇن فىت تىب»، «تىبابەتچىلىك بايانى» قاتارلىق داڭلىق ئەسەرلىرى، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ داڭلىق ھۆكۈماسى ئىمادىدىن قەشقەرىنىڭ «شەرھى ئەلقانۇن» دېگەن ئەسىرى، «كېسەللىكلەر شەرھى»، «شەرھى شىپا»، «دورىلار قامۇسى» ۋە شۇ چاغدىكى داڭلىق

تېۋىپ مۇھەممەد ئەلى مۇھەممەد بىننى يەركەندىنىڭ «زىيائۇلقۇلۇب» (قەلب نۇرى) دېگەن ئەسىرىگە ئوخشاش ئەسەرلەر مەدرىسلەردە ئاساسىي دەرسلىك قىلىنغان. «دەستۇرۇلئىلاج» ناملىق چوڭ تىببىي ئەسەر سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە يەكەندە پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ ئەسەر 24 باب، 256 پەسىلگە بۆلۈنگەن بولۇپ، جەمئىي 840 بەت ئىدى[1]. بۇ مەدرىسلەردە موللاخۇن مۇرات، ئاخۇن خوجا، قازى نەجمىدىن، موللا نىياز خوتەنى، ئەلى بەگ قەشقەرىگە ئوخشاش نۇرغۇن مۇنەۋۋەر تېۋىپلار يېتىشىپ چىققان. ئۇلار ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ساھەسىدە نۇرغۇن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن، بەزىلىرى پارسچە، ئەرەبچە تىببىي ئەسەرلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

قىسقىسى، سەئىدىيە خانلىقى دەۋرى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى يۈكسەلگەن دەۋردۇر، ئۇنىڭ ئىككى ئەسىرگە يېقىن تارىخىدا ئىلىم ـ پەن ساھەسىدە ئاجايىپ مول بايلىقلار يارىتىلغان، نۇرغۇن كەشپىياتچى، ئالىم، تارىخشۇناس، ئەدىب، شائىر، تەرجىمشۇناسلار ۋە زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە نۇرغۇن بىباھا ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن. بۇ مەنىۋى بايلىقلار ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى پارلاق نامايەندە، مەملىكىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشۇلغان زور تۆھپە، شۇنداقلا پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق مەنىۋى بايلىقى.

---

① «جۇڭگو تىببىي قامۇسى تارماق تومى ـــ ئۇيغۇر تىبابەت قامۇسى»، 1 ـ توم، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى، ئۈرۈمچى، 1985 ـ يىل نەشرى.

# ئالتىنچى باب يەكەن خانلىقىنىڭ كېيىنكى دەۋرىدىكى ئىسلام دىنى

## 1 - بۆلۈم مەخدۇم ئەزەم ئەۋلادلىرىنىڭ باش كۆتۈرۈشى

يەكەن خانلىقىنىڭ كېيىنكى دەۋرىدە، ئىسلام دىنى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىگەندىن كېيىن توختىماي تەرەققىي قىلغان. بۇ دەۋردە ئەخمەد كاسانى (مەخدۇم ئەزەم) دىن ئىبارەت خوجا ئائىلىسىنىڭ باش كۆتۈرۈشى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. مەخدۇم ئەزەم 1461 - يىلى سەمەرقەندنىڭ يېنىدىكى دىبهېد كەنتىدە تۇغۇلغان، كىچىك ۋاقتىدا كاسان دېگەن قىشلاقتا تۇرغان، كېيىن كاساندىن فەرغانىگە بېرىپ، تاشكەنت مەدرىسىدە ئوقۇغان، ئوقۇشنى پۈتتۈرمەي تۇرۇپلا نەقشبەندىيە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نەقشبەندىيە مەزھىپىنىڭ پېشۋاسى بولغان، خوجا ئەھرارنىڭ شاگىرتى، خاسلا داموللا مۇھەممەد قازىنىڭ مۇرىتى بولغان. كېيىن مۇھەممەد قازىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ھىجرىيە 941 (مىلادىيە 1542—1543) - يىلى ئالەمدىن ئۆتكىچە شۇ مەزھەپنىڭ 5 - ئەۋلاد داھىيسى بولغان. ئۇ شۇ مەزھەپنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ۋەكىلى ۋە ئىلاھىيەتچىلىك نەزەرىيىسىنىڭ نوپۇزلۇقى بولۇپ، ئۆمرىدە نۇرغۇن ئەسەر يازغان. ئۇنىڭ ئۈچ دىۋانى زاماندىن - زامانغا تارقالغان. ئۇنىڭ بىر دىۋانى نەقشبەندىيە مەزھىپىنىڭ نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىگە دائىر 31 پارچە خەت - چەكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ كۆز قارىشى مۆتىدىل ۋە ئاددىي پانتىزمغا يېقىن تۇرىدۇ، ئۇ سوپىلار دائىم خانىقادىلا تۇرۇشى، تالا - تۈزگە چىققاندىمۇ ئىسلام دىنى ۋە ئۆز مەزھىپىنىڭ قائىدىلىرىنى تارقىتىشنى نىيەت قىلىشى لازىم، دەپ

قارىغان. ئۇ پىنھان جايغا كىرىۋېلىپ ئىستىقامەت قىلىشقىمۇ قارشى تۇرغان. دىنىي ئەقىدە جەھەتتە، پىچىرلاپ ئوقۇيدىغان ئەنئەنىۋى شەكىلنى قوۋۋەتلىگەن، ئۈنلۈك زىكىر قىلىشقا ۋە نەغمە - ساماغىمۇ يول قويغان. ئېتىقادتا چېك تۇرىدىغان لېكىن مۆتىدىل ۋە ئاددىي ئېتىقادقىمۇ يول قويىدىغان بۇنداق قاراش، پوزىتسىيە ئۆلىمالىكى ئىشانلارغا قارىغاندا ئاقىلانىلىق بولغاچقا، نەقشبەندىيىنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەرگەن. ئۇ ئۇزاق ۋاقىتقىچە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركمەن، قازاق، تاجىك، ئۆزبېك رايونلىرىدا ئۆز مەزھىپىنى تارقاتقان، سىياسىي جەھەتتىمۇ پائالىيەتچان بولۇپ، دەھرىي خانلىقنىڭ ئوردا ماجىرالىرىغا ئارىلىشىپ تۇرغان، ئۆتكەنكى مەزھەپ داھىيلىرىنىڭ بۇ خىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرغان. سۇلتان ئابدۇرەشىتخان تەختتىكى مەزگىلدە، مەخدۇم ئەزەم ”ئەۋلىيا“لىق سۈپىتى بىلەن قەشقەرگە كەلگەن. ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭ بوستانلىقىدىكى بەزى شەھەرلەرنى زىيارەت قىلغان، دىنىي تەرغىباتلىرىدا ئىشانلارنىڭ دىنىي قائىدىلەرنى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە قاراپ ئىجرا قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، قەشقەر ۋە يەكەن قاتارلىق جايلاردىكى فېئوداللارنىڭ ئىخلاسىغا ئېرىشكەن، نۇرغۇن مۇرىت توپلىغان. سۇلتان ئابدۇرەشىتخان ئۇنىڭ ئابرويىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۇنى ئوردىغا مەسلىھەتچىلىككە تەكلىپ قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەدىيە قىلىنغان نۇرغۇن يەر - سۇغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قەشقەردە ئۆيلەنگەن. كېيىن ئوتتۇرا ئاسىياغا قايتىپ كېتىپ، 1542 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. قەدىم جايى سەمەرقەندتىكى دىبھېدقا قويۇلغان، ئۇنىڭغا ئاتاپ مەشھۇر مازار ياسالغان. ئۇنىڭ يەكەن خانلىقىغا كېلىشى كېيىنكى ئەۋلاد خوجىلارنىڭ يەكەن خانلىقىغا كىرىشى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەرگەن.

مەخدۇم ئەزەمنىڭ تۆت خوتۇنى، 13 ئوغلى بار ئىدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغۇللىرى ئىشانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى تالىشىپ بۆلۈنۈپ كەتكەن. 12- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا سوفىزمنىڭ تەرەققىياتى

www.uyghurkitap.com

تەشكىللىنىش دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىنلا، مەزھەپ كاتتىۋاشلىرى (شەيخ، ئىشان ياكى پىرلار) سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە دىن مۇناسىۋىتى بىلەن خېلى چوڭ ھوقۇقفا ئىگە بولغان، ئىشانلىق ئاتىدىن بالىغا مىراس قالىدىغان تۈزۈمۇ تەدرىجىي شەكىللەنگەن. بۇنداق ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىدا مۇرەككەپ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش بار ئىدى. بۇ ئىشانلارنىڭ ئىستىبداتلىق ئورنىنىڭ تىكلىنىشى، مەسچىت ئىگىلىكى ۋە مەدرىس بايلىقىنىڭ جوغلىنىشى، ئىلگىرى غۇربەتچىلىكتە ئىستىقامەت بىلەن ئۆتكەن سوفىلارنىڭ ھوقۇق تەمەسى ئېشىپ، دىنىي مەرتىۋىنى كۆچەپ تالىشىشى ۋە شۇ سەۋەبتىن مەزھەپ تەشكىلى ئىچىدىكى گۇرۇھۋازلىقنىڭ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە ئەۋج ئېلىپ بېرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى، مەخدۇم ئەزەم ئائىلىسىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. مەخدۇم ئەزەم ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى شەيخلىق ئورنىنى تالىشىپ جاڭجال قىلىغان. ئۇلار دىنىي تەسىر كۆچ دائىرىسىنى بۆلۈشۈش جەريانىدا ئوتتۇرا ئاسىيا،ھىندىستانغا ۋە ئېلىمىزدىكى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە تارقىلىپ كەتكەن. ئۇلاردىن ئىسھاق (مەخدۇم ئەزەمنىڭ 7 - ئوغلى)، مۇھەممەد يۈسۈپ (مەخدۇم ئەزەمنىڭ چوڭ ئوغلى مۇھەممەد ئىمىنىنىڭ ئەۋلادى)، دوست (مەخدۇم ئەزەمنىڭ 2 - ئوغلى)نىڭ ئەۋلادى قاتارلىق ئۈچ تارماق نەسەپ خوجىلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يەكەن خانلىقىغا كەلگەن.

ئىسھاقنىڭ تولۇق ئىسمى ھەزرىتى خوجا مۇھەممەد ئىسھاق ۋەلى ئىدى. "ھەزرەت" ماشايىق ياكى ئەۋلىيا دېگەنلىك بولىدۇ. "ۋەلى" تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ مەرتىۋىسى، ئەسلى مەنىسى "(ئاللاغا) يېقىن زات" دېمەكتۇر. ئۇنىڭ ئانىسى قەشقەر توققۇزاقنىڭ سەئىد كەنتىدىن ئىدى، ئۇ سەئىد ئائىلىسىدىن چىققان سېپى ئۆزىدىن ئاقسۆڭەك ئىدى. لېكىن، مەخدۇم ئەزەم ئۆلۈشتىن بىر يىل بۇرۇن (1541 - يىلى) ئۆز ئورنىنى ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلىغا، يەنى "چوڭ خوجا" دەپ ئاتىلىدىغان مۇھەممەد ئىمىن ئىشان كالان (كالاننىڭ ئەسلى مەنىسى "ئەركەك شىر" دېگەنلىك بولىدۇ، بۇ يەردە

ئىشانلارنىڭ كاتتىسى دېگەن مەنىنى بېرىدۇ)غا بەخشەندە قىلغان ھەم شۇ مۇناسىۋەت بىلەن رەسمىي دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزگەن. ئۇنىڭ 2 - ئوغلى خوجا دوست مەزھەپكە باش خەلىپە (ئىشان كالانىڭ جايلاردىكى ۋەكىلى) بولغان. ئىسھاق خوجا ئۇ چاغدا بۇخارادا ئوقۇۋاتقاچقا، دىنىي جەھەتتىكى ۋارىسلىق ھوقۇقىدىن قۇرۇق قالغان. بىراق، ئۇ ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەخدۇم ئەزەمنىڭ شاگىرتى، ئىسھاقنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى مەۋلانە لۇتپۇللا (1571—1572 - يىلى ئۆلگەن) ئۆزىنىڭ مەخدۇم ئەزەمدىن ئۇنىڭ دىنىي سىستېمىنىڭ داھىيلىقىغا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى توغرىسىدا رۇخسەت ۋە تاپشۇرۇق ئالغانلىقىنى ئېيتقان ھەم بۇ ھوقۇقنى ئىسھاق خوجىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. مەۋلانە لۇتپۇللا ئەتراپىدىكى دوستلىرىغا: "ئۇستازىم مەخدۇم ئەزەمنىڭ ماڭا بەرگەنلىرىنى خوجا ئىسھاق ۋەلىگە بەردىم، ئەمدى سىلەر ئۇنىڭدىن تەلىم ئېلىڭلار[①]" دېگەن. بۇ رىۋايەتتىن مەلۇم بولىدىكى، دىنىي ھوقۇقنى قايتىدىن تەقسىم قىلىش كويىغا چۈشكەن خوجا ئىسھاق شىرەم تۇغقىنىنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى بىلەن ئۆز ئالدىغا ئىش تۇتۇشقا باشلىغان ھەم "بەخشەندە قىلىنغان دىنىي ھوقۇق" بىلەن ئۆزىنى نىقابلاشقا ئۇرۇنغان. پىرلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىش ئۈستىدىكى تالاش ئىسھاق بىلەن ئىشان كالاندىن ئىبارەت ئىككى نەسەب خوجىلار ئوتتۇرىسىدا كەسكىن قارىمۇ قارشىلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان.

ئىسھاق ئۆز ئالدىغا مەزھەپ قۇرۇش ئۈچۈن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئافغانىستان، ئىران قاتارلىق جايلارغا بېرىپ تەرغىبات ئېلىپ بارغان، تاجىكلار ئىچىدىمۇ ھەرىكەت قىلغان. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماۋەرائۇننەھر رايونىدا ئۆز نامى بىلەن ئاتالغان سۇفىزم تەشكىلاتى — "ئىسھاقىيە"نى قۇرغان. ئىسھاق ئەنئەنىۋى خۇپىيە ئەقىدىسىگە يېڭىلىق كىرگۈزگەن، خوجا پەرەس ئىشانلارنىڭ كېچىدە خۇپىيانە ئىستىقامەت قىلىدىغان مۇرەككەپ قائىدىلىرىنى

① «تەزكىرەئى خوجىگان»، خەنزۇچە ئۆزۈندە تەرجىمىسى، 4 - ئىزاھ. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «مىللەتلەر تارىخىغا دائىر تەرجىمىلەر»، 1980 - يىل 8 - سان، 122 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاددىيلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ پائالىيەت ئۇسۇلىنى مەلۇم يېڭى تۈسكە ئىگە قىلغان. ئىسھاق سوپىلارنىڭ دىنىي جەھەتتە پاكلىقىنى ساقلىشى لازىملىقىنى تەكىتلىگەن، ئۇلارنىڭ ئېتىقاد جەھەتتىكى تەلۋىلىكلىرىدىن كېلىپ چىققان ناچار تەسىرنى توسقان. ئەلۋەتتە، ئىسھاقنىڭ دىنىي تەرغىباتى ئوڭۇشلۇق بولمىغان، ئۇ سەمەرقەندكە قايتىپ بارغاندا، بىدئەتلىكنى تارقاتقۇچى، دەپ قارالغان. نوپۇزلۇق تەسەۋۋۇپچى شەيخ قاسىم ئەزىزانى بۇخارا ھۆكۈمدارى ئەبەيدۇللا خانغا شىكايەت قىلغان. ئەبەيدۇللا خان ئىسھاق خوجىنى بۇخارادىن قوغلاپ چىقارغان، مەۋلانە لۇتپۇللامۇ قارشى مەزھەپنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان. ئىسھاق خوجا 1580 - يىلى يەكەن خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى ئابدۇكېرىمخان (ئابدۇرىشىتخاننىڭ ئوغلى، 1559—1592 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) نىڭ تەكلىپى بىلەن ئانىسىنىڭ يۇرتى يەكەن خانلىقىغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ مەزھىپى كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي تاپقان.

ئىسھاق خوجا يەكەن خانلىقىغا كەلگەندىن كېيىن، ئاۋۋال مەھمۇدخانغا يېقىن قالغان. مەھمۇدخان ئابدۇرىشىتخاننىڭ 5 - ئوغلى بولۇپ، ياش ۋاقتىدا كەيىپ - ساپاغا بېرىلىپ كەتكەن، ئاقسۇغا ھۆكۈمران بولغاندا شاھ خان (شەرقىي موغۇلىستاننىڭ خانى مەنسۇرخاننىڭ ئوغلى 1542—1543 - يىللىرى تۇرپان سۇيۇرغاللىقىنى سورىغان) نىڭ قىزىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنغانلىقى ئۈچۈن، شاھ خان تەرىپىدىن چالىش (قاراشەھەر) كۆلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئارالغا قامالغان، شۇنىڭ بىلەن ھاۋايى - ھەۋەسنى تاشلاپ، تائەت - ئىبادەتكە بېرىلگەن. ئابدۇكېرىمخان ئارىغا چۈشۈپ قايتۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن، قەشقەرگە سوپى سۇلتان (ئابدۇرىشىتخاننىڭ 4 - ئوغلى) نىڭ قول ئاستىدا ئىشلەشكە ئەۋەتىلگەن. ئىسھاق خوجا قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندە، سوپى سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ مازىرىنى تاۋاپ قىلىشقا كەتكەچكە، ئۇنىڭ ئالدىغا چىقالماي، ئىسھاقنى قاتتىق خاپا قىلىپ قويغان، لېكىن مەھمۇدخان ئۇنىڭغا ئىززەت - ئىكرام بىلدۈرگەن. ئۇ ئىسھاقنى ئۆزىگە روھىي ئۇستاز قىلغان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىسياسىي ، دىنىي

ئىتتىپاق تۈزۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قەشقەردىكى موللا قاسىم بىلەن خوتەندىن كېلىپ ئىسھاقنى كۈتۈپ تۇرغان موللا ئىبنى يۈسۈپمۇ ئۇنىڭ پىشنى تۇتقان، ئۇلارنىڭ باشلامچىلىقىدا قەشقەر ئاھالىسى ھەدەپ ئىسھاققا بەيئەت قىلغان. بۇ ئىككى موللا كېيىن ئىسھاق تەرىپىدىن خەلپىلىككە تەيىنلەنگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىسھاق يەكەنگە بارغان. شۇ چاغدا يەكەننىڭ دىنىي زېمىنى خوجا مۇھەممەد شېرىپ بەرپا قىلغان "ئۇۋەيسىيە" مەزھىپىنىڭ قولىدا بولۇپ، بۇ مەزھەپنىڭ دىنىي ھوقۇقىغا مۇھەممەد ۋەلى سوپى ۋارىسلىق قىلغانىدى. ئىسھاق خوجا يەكەنگە بارغاندا، قاراياغاچ كەنتىگە چۈشكەن. ئابدۇكېرىمخان ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى بارغان، لېكىن ئىسھاقنىڭ شاگىرتلىرى "ئابدۇكېرىمخان يايلاقتىكى ئات، موڭغۇل، ئۇنىڭ بىلەن كېيىنرەك كۆرۈشكىنى تۈزۈك[1]" دەپ، ئىسھاقنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ، ۋاقىتىدا كۆرۈشتۈرمىگەن. ئىسھاق خوجىغا مۇرىت بولغانلار تەرىقەت تونىنى يەڭگۈشلەپ، ئۆزىگە مۇرىت بولغانلارنىڭ ئورۇنلاشقان جايلىرىنى دائىرە قىلىپ بۆلۈۋېلىپ، ۋەخپە يەرلەرگە ئىگە بولىۋالغان، ئىقتىسادىي ئىمتىيازغا ئىگە بولۇپ، ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەتلەرگە قول سالغان، بۇنىڭ بىلەن خوجىلار ئوتتۇرىسىدا كۈرەش كېلىپ چىققان. ۋەلى سوپىنىڭ ئادەملىرى ئىسھاق خوجىنىڭ خاننىڭ بۇنداق سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، خاننى دەرھال ئوردىغا قايتىپ كېتىشكە دەۋەت قىلغان، نەتىجىدە ئىسلام دىنىنىڭ ئەھلى سۈننەت يولىدىكىلەر بىلەن خوجا تەرىقەتچىلەر ئوتتۇرىسىدا، خوجىلار بىلەن سەئىدىيە خانلىقى ئوتتۇرىسىدا تۇنجى قېتىم كەسكىن كۈرەش پارتلىغان. خوجىلار ئىسلام دىنىدىكى ئەھلى سۈننەت يولى (مۇھەممەد پەيغەمبەر يولى) دىكى زور كۆپچىلىك مۇسۇلمانلارنى ھاقارەتلەپ، ئۆز مەزھىپىگە كىرمىگەنلەرنى مۇسۇلمان ئەمەس، كاپىر دېگەن، ئۇلارنى بۇ مەزھەپكە كىرىشكە مەجبۇرلىغان، شۇنىڭ بىلەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاپ، ئاممىنى خۇراپاتلىق پاتقىقىغا تىققان. شۇنىڭدىن باشلاپ،

---

[1] «فەرھىي يۇرتىنىكى دەريا ـ ئېقىنلار خاتىرىسى»، 2 ـ جىلد.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئابدۇكېرىمخان بىلەن ئىسھاق خوجا ئوتتۇرىسىدا جىددىي كۈرەش تۇغۇلغان. بۇ ئىسھاق خوجا بىلەن يەكەن رايونىدىكى ئۇۋەيسىيە مەزھىپى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە كۈرەشتە ئىپادىلەنگەن. ئابدۇكېرىمخان "ئادىللىق" دېگەن بايراقنى كۆتۈرۈپ، يىراقنى كۆرىدىغان ئەقىل - پاراستى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، سەئىدىيە خانلىقىغا كەلگەن ئاپەتنىڭ يىلتىزى ئۆزىنىڭ "ئۇستاز"، "پىر"لىرى ئىكەنلىكىنى تونۇغان. ئابدۇكېرىمخان ئىسھاققا قېرىلار مىنىدىغان، ياماق ئۇستىگە ياماق چۈشكەن ئەسكى ئىگەر توقۇلغان بىر تۇتا ئاتنى ئەۋەتكەن. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن "ئىسھاق بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە خانلىقتىن چىقىپ، باشقا جايغا كەتسۇن، دەپ پەرمان چۈشۈرگەن①" ئىسھاق شۇ كۈنىلا يەكەندىن چىقىپ كەتكەن. يولدا ئۇنى توققۇز كەنت ئاھالىسى قىزغىن كۈتۈۋالغان، ئۇنىڭغا جىق سوۋغا تۇتقان، ئىسھاق مەزھىپىگە قول بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن. ئىسھاق خوتەنگە بارغاندا، شۇ يەرنىڭ ھۆكۈمرانى قۇرەيش سۇلتان (ئابدۇرىشىتخاننىڭ 7 - ئوغلى) بالا - چاقىسى بىلەن ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى ئېلىپ ئالدىغا چىققان، "ھەزرەت"نىڭ ئۆز پاناھىدا ساقلىشىنى ئۆتۈنگەن. قۇرەيش ئوغلى خۇدابەردىنى خوجىنىڭ خىزمىتىگە تەقدىم قىلغان. ئىسھاق قاراخانىيلار خانلىقى بىلەن خوتەن بۇددا دۆلىتى ئوتتۇرىسىدىكى جەڭدە "قازا تاپقان ئىمام "نىڭ مازىرىنى تاۋاپ قىلغان ۋە چىرىدا خانىغا سالدۇرۇپ، ئۈچ يىل دىن تارقاتقاندىن كېيىن، يۈك چەكمەن تونىنى ۋە بىر جەندىسىنى تەۋرۈك قىلىپ قالدۇرغان. ئاخىرىدا ئۇنىڭ قۇرەيش سۇلتان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى شۇنداق قىزىق كومېدىيە تۈسىنى ئالغانكى، رىۋايەتكە قارىغاندا، "قۇرەيش سۇلتاننىڭ خوتۇنى ئۆلگەندە، خوجىغا...ئادەم ئەۋەتكەن، خوجا ئىسھاق كەلگەندە، قۇرەيش سۇلتان يىغا - زارە بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا چىققان، خوجا ئىسھاق ئۇنىڭدىن ئامانلىق سورىغاندا، ئۇ ئىبادەتخانىغا كىرگەن ۋە ئۇلۇغ خوجا

① مىرزافازىل چوراس ئوغلى مۇھەممەد شاھ يازغان «تاۋارىخ» ۋە مۇھەممەد ئەۋەزنىڭ «خوجىلار تەزكىرىسى».

ھەزرىتىم خوتۇنۇمنى ئىرىلدۇرۇپ بەرگەي، دېگەن.“ خوجا ئىسھاق ئېرىكىپ: ”ئۆلگەن ئادەم ئىرىلىدۇ، دېگەن بۇرۇنقى زاماندىكى ئەپسانە، ھازىر ئۇنىڭ پايدىسى يوق①“ دەپ سۇلتانغا قاتتىق خاپا بولغان. شۇ چاغدا قۇرەيش سۇلتاندىن قاتتىق رەنجىگەن خوجا ئىسھاق ئاقسۇغا كەتكەن.

ئىسھاق خوجا ئاقسۇغا بارغاندا، قەشقەرنىڭ سۇلتانى سوپى سۇلتان بىلەن ئاقسۇ، ئۇچتۇرپاننىڭ سۇلتانى مۇھەممەد باقى سۇلتان (ئابدۇرشىتخاننىڭ 8 ـ ئوغلى) كەينى ـ كەينىدىن ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ سۇيۇرغاللىق يەرلىرى مەھمۇدخاننىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق مەھمۇدخان خوجىنىڭ كېلىش خەۋرىنى ئاڭلاپ، ئۈچ كۈن بۇرۇن ئالدىغا چىققان، ئۇستازىنى قالتىس كۈتكەن. ئىسھاق خوجا مەھمۇدخان كەلگۈسىدە خاقان بولىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلغان. مەھمۇدخان خوجىنىڭ ئاقسۇدا دىن تارقىتىشىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىغان. رىۋايەتكە قارىغاندا، بىرسى ئىسھاق خوجىدىن گۇمانلىنىپ، ”ۋىلائىيەت (ماۋەرائۇننەھر)دىن كەلگەنلا كىشى ئۆزىنى خوجا، يەنە كېلىپ ئۇلۇغ خوجا دەيدۇ“ دېگەن. بۇ گەپ ئىسھاققا قىلىنغان گۇمان ۋە بىھۆرمەتلىكنى بىلدۈرەتتى. شۇڭا، خوجىنىڭ شاگىرتلىرى ئۇ كىشىنى قاتتىق ئۇرغان. بۇنى كۆرگەن خالايىق بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولغان.

ئىسھاقنىڭ مەھمۇدخان بىلەن تۈزگەن ئىتتىپاقى خانلىقنىڭ سىياسىي تەقدىرىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇ مەھمۇدخان ئىخلاس قىلغان يېڭى دىنىي داھىي بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇھەممەد شېرىپ خوجىنىڭ بۇرۇنقى دىنىي ئورنىغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، ئەرشىدىن جەمەتى ۋە مۇرىتلىرىنىمۇ ئۆزىگە رام قىلىۋالغان. مەۋلانە ئەرشىدىن جەمەتىنىڭ ئاقسۇ رايونىدىكى ۋەكىلى ئابدۇرېھىم ئىسھاق ۋەلىگە مۇرىت بولغان ھەم ئەل ـ جامائەتنى ئۇنىڭغا مۇرىت بولۇشقا دالالەت قىلغان. ئۇ: ”ئىشانلىق يولى بىلەن قازى بەگنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ قويۇپ، بۇرچىمىزنى ئادا قىلماپتۇق... ئەمدى خوجىنى

---

① شاھ مەھمۇد جوراس: «تاۋارىخ»، رۇسچە تەرجىمىسى، 164 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پىر، ئۇستاز تۇتۇش بىز ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىكتۇر[1]» دېگەن.

ئىسھاق قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ ۋە كۇچا قاتارلىق رايونلاردا 12 يىل يۈرگەن. رىۋايەتكە قارىغاندا، ئۇ ئابدۇكېرىمخان تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغان مەزگىلدىمۇ قىرغىز، قازاق يۇرتلىرىغا بېرىپ، مەزھەپ تەرغىباتى ئېلىپ بارغان ۋە مۇرىت قوبۇل قىلغان. ئۇنىڭ مەزھىپى تەسەۋۋۇپچىلىقنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، بەزى كونا قائىدىلەرنى ئىسلاھ قىلىپ، بىر قەدەر كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولغانلىقى، شۇنىڭدەك چاغاتاي ئەۋلادىنىڭ يەكەن خانلىقىنى گۈللەندۈرۈشكە ھە - ھۇ دېيىشىپ بېرىپ، بارغانسېرى ئامەت تېپىۋاتقان دەھرىي ھۆكۈمرانلارنىڭ ھىمايىسى ۋە قوللىشىغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، كونا دىنىي كۈچ بىلەن تەڭ تۇرۇشالىغان ۋە تەرەققىي قىلالىغان. ئىسھاق يەكەن خانلىقىدا تۇرغان مەزگىلدە ئەڭ نوپۇزلۇق دىنىي زات بولۇپ قالغان. ئۇ خانلىقنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا 40 مىڭ مۇرىت قوبۇل قىلغان، 64 خەلىپە تەيىنلىگەن. مەھمۇدخان چىرىدا خانىقا بىنىدىكى كۆك گۈلباغ كەنتىنى ئىسھاق خانىقىرىغا ھەدىيە قىلغاندىن باشقا، خوتەن دەرياسىدىكى ۋە كاندىكى قاشتېشىنى قېزىش ھوقۇقىنىمۇ خانىقاغا بەرگەن. دۆلەتنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش ۋاقىتلىق ئىنئام خاراكتېرىدە بولسىمۇ، لېكىن، خانىقا قاشتېشى بايلىقىنى سېتىپ نۇرغۇن پايدا ئالغان. بۇنىڭدىن باشقا، مەھمۇدخان يەكەننىڭ جەنۇبىي ۋە شەرقىي قىسىملىرىدىكى نەمخۇش بولۇق يەرگە جايلاشقان ئالما، گۇمۇ، زاڭگۇي، چودار، سانجۇ، بورئا، داۋا، لىشتاغ، ۋىتوغراق قاتارلىق توققۇز كەنتىنىمۇ ئىسھاقىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈپ، قارا تاغلىق فېئودال خوجىنىڭ قورۇقى قىلىپ بەرگەن. ئىسھاق يەكەن رايونىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. ئۇ قەشقەرلىق بىلەن قانداش بولغانلىقتىن، "خوجاي قەشقىرى" دېگەن ئاتاقتا ھەم موڭغۇللار بەرگەن "ھەزرىتى ئەزەم كالان" (ئەۋلىيا سەردارى) دېگەن مەرتىۋىگە ئىگە بولغان.

ئىسھاق خوجا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئوتتۇرا ئاسىياغا قايتىپ كەتكەن،

---

[1] «جالالىددىن بۇخارى بىلەن تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ تارىخىغا دائىر سۆھبەتلەر».

يەكەن خانى ئابدۇكېرىمخان 1592 - يىلى ۋاپات بولغان. مۇھەممەدخان تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، ئىسھاق مۇھەممەدخان بىلەن بولغان ئالاقىسىنى داۋاملىق ساقلاپ، ئۇنىڭغا يولىيورۇق بېرىپ تۇرغان. خوجا ئىسھاق 1599 - يىل 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى سەمەرقەندتە ۋاپات بولغان.

ئىسھاق خوجىنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. چوڭ ئوغلى خوجا قۇتبىددىن سەمەرقەندتە قېلىپ، ئاتىسىنىڭ مازىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلغان، 2 - ئوغلى خوجا شاھابىددىن يەتتە يېشىدا ئۆلۈپ كەتكەن، 3 - ئوغلى شادى كېيىن يەكەن خانلىقىدىكى قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ سەردارى بولغان. ئىسھاق كۆز يۇمغاندا خوجا شادى كىچىك بولغانلىقتىن، ھاكىمىيەتنى مۇھەممەدخان بىلەن ئىسھاقنىڭ ۋەكىلى خەلپە شۇكۇر باشقۇرغان. مۇھەممەدخان سىياسىي، دىنىي ھوقۇقنى ئۇچۇچە تۇتۇپ، ”تۆت پادىشاھ ۋە دەرۋىشنى ئەتراپىغا توپلاپ①“، 17- ئەسىرنىڭ بېشىدا يەكەن خانلىقىدا سىياسىي بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمنى يولغا قويۇپ، خانلىقنى بىرلىككە كەلتۈرگەن ۋە گۈللەندۈرگەن.

## 2 - بۆلۈم قارا تاغلىقلار بىلەن ئاق تاغلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش

يەكەن خانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە، مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان خوجىلار ئائىلىسىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ئارقىسىدا، قارا تاغلىق، ئاق تاغلىق دېگەن بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى ئىككى چوڭ دىنىي گۇرۇھ كېلىپ چىققان. قارا تاغلىقلار بىلەن ئاق تاغلىقلار ئىسھاق نەسەبىدىكى خوجىلار بىلەن ئىشان كالان نەسەبىدىكى خوجىلارنى يادرو قىلىپ شەكىللەنگەن. ئالدىنقى بۆلۈمدە ئېيتىپ ئۆتكەندەك، مەخدۇم ئەزەم ئۆلگەندىن كېيىن، ئىسھاق خوجا

---

① ئاپتورى نامەلۇم ئەسەر «قەشقەرىيە» دىن ئېلىندى، ۋىلىيام بارتولدمۇ «تۈركىستانغا ئەلچى بولۇپ بېرىشتىن دوكلات» تا ئۇ ئەسەردىن نەقىل ئالغان، «بارتولد ئەسەرلىرى»، 8 - توم، رۇسچە نەشرى.

بىلەن ئاكىسى مۇھەممەد ئىمىن (ئىشان كالان) پىرلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى تالىشىپ، ئۆزئارا پۇت تېپىشىپ، ئۆز ئالدىغا مەزھەپ تەشكىللىگەن، ئىككى نەسەبتىكى خوجىلارنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، ماۋەرائۇننەھردىكى بۆلۈنۈشى قارا تاغلىقلار بىلەن ئاق تاغلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغانىدى. مىلادى 1580 - يىلى ئىسھاق چەتكە تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن يەكەن خانلىقىغا كېلىپ تەرغىبات ئېلىپ بارغان، كۆپ ھەپىلىشىپ ئىشىنى يۈرۈشتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن 1620 - يىلدىن كېيىن، ئىشان كالاننىڭ ئەۋلادى دىنىي زېمىن تالىشىپ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ئېتەكىگە كىرگەنلىكتىن، ئىككى نەسەبتىكى خوجىلارنىڭ زىددىيىتى يەكەن خانلىقىغىچە كېڭەيگەن. ئىسھاق خوجا نەسەبىدىكى خوجىلار يەكەننى، ئىشان كالان نەسەبىدىكى خوجىلار قەشقەرنى دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان بازا قىلغان. ئۇلارنىڭ مۇرىتلىرى دىنىي پائالىيەتكە قاتنىشىپلا قالماي، سىياسىي كۈرەشنىڭ قايناملىرىغىمۇ كىرگەن. كېيىن ئىككى گۇرۇھنىڭ ئۇزاق ۋاقىت تىركىشىشى ئارقىسىدا زىددىيەت ئۈزلۈكسىز كەسكىنلەشكەن. بۇنداق قارىمۇ قارشىلىق تۇغدىن باش كىيىمىنىڭ رەڭگىگىچە بولغان تاشقى ئالامەتلەردە بىۋاستە ئىپادىلىنىپ، "قارا تۇغلۇقلار"، "ئاق تۇغلۇقلار"، "قارا تاللىقلار"، "ئاق تاللىقلار"، "قارا تەقىيىلىكلەر"، "ئاق تەقىيىكلەر" دېگەن ناملار كېلىپ چىققان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ رەسمىي تارىخ ماتېرىياللىرىدىمۇ "قارا تەقىيىلىك مۇسۇلمانلار"، "ئاق تەقىيىلىك مۇسۇلمانلار" دېگەن خاتىرىلەر ئۇچرايدۇ①. ئىجتىمائىي تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ رىۋايەتلىرىدە ئۆز ۋاقتىدا ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ مۇرىتلىرى قارا تەقىيە كىيەتتى، دېگەن گەپ بار. دېمەك، ئىككى گۇرۇھ ئاق تەقىيە، قارا تەقىيە بىلەن ئايرىلغان. لېكىن، تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە ئادەتتە "ئاق تاغلىق"، "قارا تاغلىق"، دەپ ئاتىلىدۇ. ئىشەنچلىكرەك مەنبەگە ئاساسلانغاندا،

① «چىڭ سۇلالىسى سۇەنزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» دا داۋگۇاڭنىڭ 6 - يىلى (1826 - يىلى) دىكى جاھانگىر خوجا توپىلىڭى توغرىسىدىكى خاتىرىدىن باشلاپ شۇنداق ئاتالغان.

بۇنداق ئاتاشنىڭ مەنبەسى مۇنداق: ”قەشقەرنىڭ شىمالىدىكى، تىيانشان تاغلىرىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى قىرغىزلار ئاق تاغلىقلار دېگەن نام بىلەن تونۇلغان. پامىر تەرەپتىكى قىرغىزلار قارا تاغلىقلار دېگەن نام بىلەن تونۇلغان. شۇنىڭدىن تارتىپ خوجىلار ئۆزلىرىنىڭ قىرغىز ئىتتىپاقدىشىنىڭ نامىنى ئۆزىگە نام قىلغان①.“

قارىمۇ قارشى ئىككى گۇرۇھنىڭ ئوخشمايدىغان ئىككى جايدىكى چەبدەس، جەڭگە ماھىر قىرغىزلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشى دىنىي گۇرەشنىڭ سىياسىي گۇرەشكە قاراپ تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ، ھەتتا كەسكىنلىشىپ قانلىق توقۇنۇشقا ئايلانغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ 1 ـ ئەۋلاد سەركەردىسى ئىسھاقنىڭ كىچىك ئوغلى خوجا يەھيا ئىدى. خوجا يەھيا خوجا شادى ياكى ئەزىز خوجام دېگەن نام بىلەن تونۇلغان. ئۇ ھىجرىيە 996 (1588ـ1589) ـ يىلى تۇغۇلغان. باللىق ۋاقتى سەمەرقەندتە ئۆتكەن. يەتتە يېرىم يېشىدا خەلپە شۇكۇر ھەمراھ بولۇپ ئۇنى قەشقەرگە قايتۇرۇپ كەلگەن. مۇھەممەدخان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، قۇشقامبالا (يەكەن بىلەن يېڭىسارنىڭ ئارىلىقىدىكى يولدا) دېگەن يەرگىچە ئالدىغا بېرىپ، قاراقۇم كەنتىگە ئېلىپ كەلگەن، كېيىن شەخسەن ئۆزى ئۇنى ئاتقا مىندۈرۈپ، يەكەن شەھىرىدىكى خان ئوردىسىغا ئېلىپ كىرىپ، ئۈچ كۆن مەرىكە ئۆتكۈزگەن ھەم پەيزىۋات ۋە سانقاش دېگەن ئىككى يەرنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلغان. خوجا يەھيا مۇھەممەدخاننىڭ تەربىيىسىدە بارا ـ بارا چوڭ بولۇپ قاتارغا قوشۇلغان ھەم مەۋلانە لۇتپۇللانىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن. بىراق، ئۇ چاغدا ياش خوجا يەھيا دىنىي جەھەتتە تېخى ئەمەلىي ھوقۇقنى ئىگىلىمىگەنىدى. 1609 ـ يىلى مۇھەممەدخان ئۆلۈپ، ئەھمەدخان تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىنمۇ ئىسھاق گۇرۇھىنىڭ دىنىي ھوقۇقىنى مەشھۇر خەلپە شۇكۇر كونترول قىلىپ تۇرۇۋەرگەن.

شۇكۇر ئۆزبېك بولۇپ، سابۇرغان دېگەن يەردە تۇغۇلغان. دادىسى شۇ

① «مىللەتلەر تارىخىغا دائىر تەرجىمىلەر»، 8 ـ سان، 124 ـ بەت.

يەردىكى مەشھۇر شائىر ئىدى، ئۇ شۇكۇر تۇغۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆلۈپ كەتكەن. شۇكۇر ئانىسىنىڭ قولىدىكى كىچىككىنە يەرگە تايىنىپ كۈن كەچۈرگەن. خوجا ئىسھاق سابۇرغاننى زىيارەت قىلغاندا، شۇكۇر ئانىسىنىڭ ۋە ئۇرۇق - جەمەتىنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي ئىسھاققا قول بەرگەن. ئانىسى ۋە ئۇرۇق - جەمەتى خوجىدىن شۇكۇرنى قايتۇرۇۋېتىشنى ئىلتىجا قىلغان بولسىمۇ، ئەمەلگە ئاشمىغان. شۇكۇر خوجىغا ئەگىشىپ، تۈكى چۈشۈپ كەتكەن بىر جۇۋىنى كىيىپ، يەتتە يىل خوجىنىڭ ئېشىنى ئېتىپ، خىزمىتىنى قىلغان. شۇكۇرنىڭ خوتۇنىنىڭ ئېتى بىجى ئاپپا بىبى ئىدى. ئىسھاق ئۇزاق ۋاقىت شۇكۇرنىڭ ئۆيىدە تۇرغان. ئاپپا بىبى قىش، ئەتىياز كۈنلىرى سۇ ساقلاپ، ئىسھاقنىڭ تەرىتىگە سۇ يەتكۈزۈپ بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن شۇكۇر ئائىلىسى ئىسھاق خوجىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولغان. ئىسھاق خوجا يەكەن خانلىقىدىن سەمەرقەندكە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، شۇكۇر قەشقەردە تۇرۇپ، ئىسھاق خوجىنىڭ دىنىي جەھەتتىكى يوليورۇقلىرىنى مۇھەممەدخانغا يەتكۈزىدىغان ۋەكىلى بولغان. ئابدۇكېرىمخان ۋاپات بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇۋەيسىيەنىڭ سىياسىي رەقىبلىرىنى تازىلاش كۈرىشى باشلانغان، شۇكۇر مۇھەممەدخاننىڭ بۇيرۇقىنى دەستەك قىلىپ، ۋەلى سوپىنىڭ شاگىرتى، ئۆز ۋاقتىدا ئابدۇكېرىمخانغا گەپ ئۆگىتىپ ئىسھاق خوجىنى چەتكە قاققان ۋەزىر ئەبەيدۇللانى بالا - چاقىسى، چاكارلىرى بىلەن قوشۇپ خوتەنگە ھەيدىۋەتكەن. ئەبەيدۇللانىڭ ئۆيىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىپ، كېيىن ئاختىخانا قىلغان. شاجائىدىن ئەھمەد تەختتىكى مەزگىلدە شۇكۇر ”خەلپەت ئار خوراق “ دېگەن مەرتىۋىنى ئېلىپ، چوڭ خەلىپىلىك سۇپىتى بىلەن ئوردىدا يۇقىرى ئورۇن ۋە نوپۇزغا ئىگە بولۇپ، ئىسھاق گۇرۇھىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ھوقۇقدارى بولۇپ قالغان. ئۇ ھەر قېتىم چارلاشقا چىققاندا، مۇرىتلىرىدىن 4000 - 5000 كىشى بىللە ماڭغان، ئۇنىڭ قولىدا ئۇزۇن ھاسىسى بولۇپ، گەدىنى قاتتىق مۇرىتلارنىڭ تاناۋىنى تارتقان، ئۇلارغا قوپال تەن جازاسى بەرگەن، مەزھەپتە ئۇنىڭ دېگىنى دېگەن بولغان.

بۇنىڭدىن باشقا، خانلىقتا خوجىكانلار جەمەتىمۇ تېخى ئۆز تەسىرىنى يوقاتمىغانىدى. خوجىكانلارنىڭ ئەۋلادى خوجا ئابدۇلراززاق "پەيغەمبەر ئەۋلادى"، "سەئىدلەر سەردارى" دەپ قارىلىپ، شاجائىدىن ئەھمەد تەرىپىدىن "نائىپ" دېگەن ۋەزىپىگە قويۇلغان. بۇ ۋەزىپىنى ئۆتىگەن كىشى دىنىي ھوقۇق جەھەتتە ئارمىيىدىكى قازىدىن ئۈستۈن ئىدى، ھەربىي، مەمۇرىي جەھەتتىكى چوڭ ئىشلارغا ئارىلىشالايتتى. ئويۇن - تاماشاغا بېرىلىپ كەتكەن ئەھمەدخان 1618 - يىلى ئوۋ ئوۋلاپ بارچۇقتا بارغاندا توپىلاڭچى ئەمىرلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. توپىلاڭچىلار قۇنەس (ئابدۇرىشىتخاننىڭ نەۋرىسى يۇنۇس سۇلتاننىڭ ئوغلى)نى خان قىلىپ تىكلىگەن ۋە يەكەننى بېسىۋالغان. قەشقەرنىڭ ئەمىرلىرى ئەھمەدخاننىڭ كىچىك ئوغلى ئابدۇلېتىپنى خان قىلىپ تىكلىگەن. يەكەنگە خوجا يەھيا بىلەن يۈرۈش قىلىپ، قاتتىق جەڭ قىلىپ تىكلىگەن. يەكەنگە خوجا يەھيا بىلەن يۈرۈش قىلىپ، قاتتىق جەڭ قىلىپش ئارقىلىق تېپىلاڭچى قىسىملارنى يوقاتقان.

ئابدۇلېتىپخان تەختتە ئولتۇرغاندا 14 ياشتا ئىدى، ئوردا ئىشلىرىغا ئاتىلىق (باش ۋەزىر) ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان مىرزا مۇھەممەد يۈسۈپ مۇئەككەل بولۇپ تۇرغانىدى. تۇرپاننىڭ ھۆكۈمدارى ئابدۇللاخان بىلەن قۇدىسى قازاق ئىشىم سۇلتان كۇچا ۋە ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇ ئابدۇلېتىپ خانغا ھەمراھ بولۇپ شەرققە يۈرۈش قىلىپ، ئابدۇللاخاننىڭ ھەربىي كېڭەيمىچىلىكىنى توسقان ھەم ئابدۇلېتىپخان بىلەن ئابدۇللاخان ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق سۆھبىتىدە ئاساسلىق سالاچى بولغان. لېكىن، خوجا يەھيا خوجا مۇھەممەد يۈسۈپنىڭ ھوقۇقىنى ئىگىلىۋالغانلىقى، 80 نەچچە ياشلىق چوڭ خەلىپە شۈكۈرنىڭ پۈتۈن مەزھەپنىڭ ئىشلىرىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغانلىقىدىن خاپا بولۇپ، ئابدۇلېتىپخان بىلەن خوشلىشىپ سەمەرقەندكە قايتىپ كەتكەن. ئۇ سەمەرقەندتە ئاتىسى ئىسھاق خوجىنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىپ، مىرزا مۇھەممەد يۈسۈپ بىلەن خەلىپە شۈكۈر ئۆلگەندىن كېيىن يەكەنگە قايتىپ كېلىپ، ھەققىي يوسۇندا قارا تاغلىقلارنىڭ داھىيسى بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

خوجا يەھيا يەكەن خانلىقىدا دىنىي ھوقۇقنى قولىغا ئېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، مۇھەممەد ئىمىن (ئىشان كالان) نەسەبىدىكى خوجىلار تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە كىرىشكە باشلىغان. باشتا ئېيتقىنىمىزدەك، ئىشان كالان مەخدۇم ئەزەمنىڭ چوڭ ئوغلى، نەقشبەندىچى خوجىلارنىڭ دىنىي باشلىقلىق ۋەزىپىسىنىڭ قانۇنلۇق ۋارىسى ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى ئۇنى "ئېسىلزادە" دەپ بىلگەن. "چوڭ خوجا"، "ھەقىقىي خوجا" دەپ كۆككە كۆتۈرگەن. ئىشان كالان 1597 - يىلى سەمەرقەندتە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى دىنىي تەرغىبات ئېلىپ بارىدىغان زېمىنلارنى بۆلۈشكەندىن كېيىن، ئۆزىگە تېگىشلىك جايغا كەتكەن. «غەربىي يۇرتتىكى دەريا - ئېقىنلار خاتىرىسى» دە: "مۇھەممەد ئىمىننىڭ تۆت ئوغلى بولۇپ، چوڭ ئوغلى قاسىم بۇخاراغا كەتكەن؛ 2 - ئوغلى مۇسا بەلخقا كەتكەن؛ 3 - ئوغلى مۆمىن ئۆز يۇرتىدا قالغان، 4 - ئوغلى مۇھەممەد يۈسۈپ قەشقەرگە كەتكەن" دەپ يېزىلغان.

مۇھەممەد ئىمىننىڭ تۆت ئوغلى بولۇپ، 17- ئەسىرنىڭ بېشىدا ئۇلار دىنىي تەرغىبات ئېلىپ بارىدىغان جايلار مۇنداق بۆلۈنگەن: چوڭ ئوغلى قاسىم ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخاراغا كۆچۈپ كەتكەن؛ 2 - ئوغلى مۇسا ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدا مازار شېرىپنىڭ غەربىدىكى بەلخقا كۆچۈپ كەتكەن؛ 3 - ئوغلى مۆمىن ئاتا - بوۋىسىنىڭ قەدىم جايى بولغان سەمەرقەندنى ماكان تۇتقان؛ 4 - ئوغلى مۇھەممەد يۈسۈپ قەشقەرگە كۆچۈپ بېرىپ، يەكەن خانلىقىدا مەزھەپ تارقاتقان. بۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ مەزھەپ ئوتتۇرا ئاسىيادا خېلى كەڭ تارقالغان.

مۇھەممەد يۈسۈپ ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ 1 - ئەۋلاد سەردارى، ئۇ قەشقەرگە كەلگەن ئېنىق ۋاقىت 1620 - يىلى. قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، ئاتۇشقا بېرىپ، ساتۇق بۇغراخاننىڭ مازىرىنى تاۋاپ قىلغان ۋە شۇ يەرلىك سوپى خوجا دېگەن ئىناۋەتلىك بىر كىشىنىڭ خەيرىخاھلىقىغا ئېرىشكەن. سوپى خوجا ئاتۇش تېجەنلىك كىشىل بولۇپ، مۇھەممەد يۈسۈپنىڭ ئەڭ

بۇرۇنقى يېقىن شاگىرتلىرىدىن بىرى ئىدى. رىۋايەتكە قارىغاندا، ئۇ مەن ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئەۋلادى دەپ ئۆزىنى كۆرسەتكەن، شۇڭا نەسەب ۋە ئىجتىمائىي ئورۇن جەھەتتە ئاتۇشتا تۆتىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. بۇنداق مەرتىۋىلىك، ئابرويلۇق كىشىنىڭ شاگىرتى بولۇش مۇھەممەد يۈسۈپكە تولىمۇ پايدىلىق ئىدى. مۇھەممەد يۈسۈپ شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاتۇشتا مۇرىت توپلىغان، ئاتۇشتىكى جەمئىيەت مۆتىۋەرلىرى بىلەن ئالاقە باغلىغان، لېكىن مۇھەممەد يۈسۈپنىڭ دىنىي تەرغىباتى ئىسھاق گۇرۇھى بىلەن بولغان زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتكەن. 1622 - يىلى مۇھەممەد يۈسۈپ ۋەكىللىكىدىكى ئىشان كالان گۇرۇھى بىلەن ئىسھاق گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدا قاتتىق توقۇنۇش يۈز بېرىپ، مۇھەممەد يۈسۈپ ئوتتۇرا ئاسىيا قوقەندتىكى خوجىلاردىن ياردەم تىلەشكە مەجبۇر بولغان ھەم ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خوجا ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ قوراللىق قوللىشى بىلەن بىر مەھەل غەلىبە قىلغان. لېكىن ئىسھاق گۇرۇھىغا خانلىقنىڭ ھۆكۈمدارلىرى ھىمات بولۇپ تۇرغاچقا، دىنىي زېمىننى تالىشىدىغان بۇ كۈرەشتە مۇھەممەد يۈسۈپ ئاخىرى مەغلۇپ بولۇپ سۈرگۈن قىلىنغان. ئۇ سەرسان بولۇپ قۇمۇلغا بارغان، ئۇ يەردە مەزھەپ تارقاتقان ھەم سوپىزمچى زاھىت مىرزا سەئىد جەلىلى بىلەن تونۇشۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ قىزى زىلەيخانىنى ئەمرىگە ئالغان. 1625 - يىلى مۇھەممەد يۈسۈپ بىلەن زىلەيخاندىن ھىدايىتۇللا، يەنى كېيىنكى چاغدىكى مەشھۇر شەخس ئاپپاق خوجا تۇغۇلغان. مۇھەممەد يۈسۈپنىڭ قۇمۇلدىكى دىنىي پائالىيىتى نەتىجە قازانغان، يەرلىك ئېتىقادچىلار ئۇنىڭغا كاتتا مەدرىس سېلىپ بەرگەن.

مۇھەممەد يۈسۈپنىڭ قۇمۇلدىكى سەرگەردانلىق تۇرمۇشى 1638 - يىلى ئابدۇللاخان تەختكە چىقىپ ھۆكۈمران بولغاندىن كېيىن ئاياغلاشقان. شۇڭا، 1622 - يىلدىن 1638 - يىلغىچە بولغان 16 يىلدا تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا دىنىي ھوقۇق يەنىلا ئىسھاق گۇرۇھىنىڭ قولىدا بولغان. ئابدۇلېتىپخان 12 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەھمەد (پولاتخان) ۋە مۇھەممەد (قىلىچخان) دېگەن ئىككى جىيەنى كۈرەش ئىچىدە نۆۋەت بىلەن

بەش يېرىم يىل ھۆكۈم سۈرگەن. خوجا يەھيا ئارىغا چۈشۈپ ئۇلارنى ياراشتۇرغان، لېكىن ئەھمەدخانغا يان باسقان، خوجا يەھيانىــڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ئەھمەدخان رەقىبى مۇھەممەدخاننى يوقاتقان. ئەھمەدخان ئىككىنچى قېتىم ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، خوجا يەھياغا كۆما كەنتىنى قورۇق قىلىپ بېرىپ ئىلتىپات كۆرسەتكەن. لېكىن، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، خوجا يەھيا بىلەن سوغۇقلىشىپ قالغان، شۇڭا خوجا يەھيا ئاقسۇدا لەشكەر باشلاپ توپىلاڭ كۆتۈرگەن ئابدۇللا خاننى قوللاش قارارىغا كېلىپ، كۇيئوغلى پادىشاھ خوجىنى ئابدۇللانىڭ پاناھىغا ئەۋەتكەن. ئابدۇللاخان چالىش، تۇرپان لەشكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ يەكەننى ئالغان، خوجا يەھيا ئابدۇللاخاننىڭ شەھەرگە كىرىپ خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇشىنى قارشى ئالغان. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، مۇھەممەد يۈسۈپ ئوغلى بىلەن بالا - چاقىسىنى ئېلىپ قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن. ئابدۇللاخان ئىشان كالان جەمەتىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ئەمدىلا قۇرۇلغان ھاكىمىيەتنــى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، مۇھەممەد يۈسۈپ بىلەن ئوغلىنى قىزغىن قارشى ئالدىغانلىقى ۋە قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن، ئوردىغا قاراشلىق ئېكىنزارنىڭ ئاۋات كەنتىدىكى يېرىنى ئۇلارغا تەقدىم قىلغان. خاننىڭ قەشقەردە ھۆكۈمدار بولۇپ تۇرغان ئوغلى يولۋاس ئۇنى ئۇستاز تۇتقان. خوجىلارنىــڭ سەردارى قۇمۇلدا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەندە، ئۇلارنىڭ قەشقەردىكى مۇرىتلىرىغا ئىشان كالاننىڭ شاگىرتى ئابدۇراززاق باشچىلىق قىلغانىدى. ئەمدى ئۇ "قەشقەر ئاھالىسىنى يىغىپ: «ھەي قەشقەرلىق! بۇنىڭدىن ئىلگىرى سىلەر ماڭا ئەگىشىپ كەلدىڭلار، مەن سىلەر ئۈچۈن پەقەتلا تەيەممۇم، تەيەممۇم دېگەن سۇ يوق چاغدىلا دۇرۇس بولىدۇ. ئەمدى دەريا بويىغا كەلدىڭلار، تەيەممۇمنىڭ ھاجىتى قالمىدى. ھازىر بىزنى توغرا يولغا باشلايدىغان خوجا كەلدى. ئىقبالىمىزنى ئۆزگەرتىپ، بۇ خوجامغا ئەگىشىش بىزنىڭ بۇرچىمىز» دېدى①". ئاق تاغلىق ئېتىقادچىلار مۇھەممەد يۈسۈپ بىلەن ئۇنىڭ ئوغلىغا يەر، مىڭلىك باغ، مال

① «چوڭ خوجا تەزكىرىسى»، ئاپتورى نامەلۇم، ئەسلى ئەسەر پارچە، يادىكار خاتىرىلىق مولا ئابدۇللاھىننى مولا نىياز ھىجرىيە 1280 - يىلى 11 - ئاي (چىڭ سۇلالىسى تۇڭجىنىڭ 3 - يىلى 4 - ئاي، مىلادى 1864 - يىلى 5 - ئاي) دا كۆچۈرۈلگەن.

ـ مۈلۈك ھەديە قىلغان، مەدرىس، مەسچىت، كۆل ۋە قەبرە ياسىتىپ بەرگەن، ئۇلارنىڭ تەسىرى تېز كېڭەيگەن.
ئابدۇللاخان سىياسىي جەھەتتە نەزەر دائىرىسى كەڭ خان ئىدى. ئۇ ھۆكۈم سۈرگەن 32 يىلدا تۇرپاندىن بەدەخشانغىچە بولغان پۈتكۈل يەكەن خانلىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپلا قالماستىن، يىراقتىكىلەر بىلەن ئەپ ئۆتۈپ، يېقىندىكىلەرنى باپلاش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى رايونلار بىلەن بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ۋە مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن، ئەلچى ۋە ئۇلپان ئەۋەتىپ تۇرغان. ھىندىستان، پېرسىيە بىلەن دوستانە باردى ـ كەلدى قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا قىرغىزلارغا لەشكەر تارتقان، ئەنجاننى بويسۇندۇرغان. جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ XVII ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىن تارتىپ باشلانغان ھۇجۇمى ۋە پاراكەندىچىلىكىدىن مۇداپىئە كۆرۈپ، چەت چېگرىنى تىنچلاندۇرغان. "شۇنىڭدىن باشلاپ ئابدۇللاخاننىڭ نامى ئەتراپتىكى ئەللەرگە پۇر كەتكەن."
ئابدۇللاخاننى خانلىققا ئولتۇرغۇزغان خوجا يەھيا مىڭلىغان ـ تۈمەنلىگەن مۇرىتى، زور مىقداردا مال ـ مۈلكى بار، ئەڭ كۈچلۈك دىنىي فېئودال ئىدى. ئۇ ئابدۇللاخانغا ھەمراھ بولۇپ قىرغىزلار ئۈستىگە لەشكەر تارتقاندا، ئەسكەرلەرنى روھلاندۇرۇپ، جەڭنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەنىدى. لېكىن، خوجا يەھيادا ئاتىسى ئىسھاقتىكىدەك شىجائەت يوق ئىدى. ئابدۇللاخان دەۋرىدە، مەيلى ئۇردا ئىشلىرىغا ئارىلىشىشتا بولسۇن ياكى ئاق تاغلىق خوجىلارغا قارشى كۈرەش قىلىشتا بولسۇن، خوجا يەھيانىڭ دەرمانى يېتىشمەي قالغان. 1645 ـ يىلى خوجا يەھيا ئالەمدىن ئۆتۈپ، يەكەننىڭ يېنىدىكى ئالتۇنلۇقۇمغا قويۇلغان. ئۇنىڭدىن ئىككى ئوغۇل قالغان. چوڭ ئوغلى خوجا مۇھەممەد ئابدۇللا؛ ئىككىنچىسى خوجا ئەبەيدۇللا. ئۇلار كىچىك بولغانلىقتىن، ئۇشتۇر خەلىپىنىڭ چوڭ ئوغلى خوجا سەئىد مۇھەممەد خوجا ئىسھاق مەزھىپىنىڭ باشلىقى، خوجا مۇھەممەد ئابدۇللانىڭ دىنىي ئۇستازى بولغان. ئۇ خوجا يەھيا مازىرىدىن 40 چاقىرىم يىراقلىقتىكى يەرگە خانىقا سالدۇرغان.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئالتۇنلۇقۇم مازىرى قارا تاغلىقلارنىڭ تاۋاپگاھى بولۇپ قالغان. قارا تاغلىقلار بىلەن قارىمۇ قارشى بولغان مۇھەممەد يۈسۈپ ئاتا - بالا ئىككىسىمۇ ئۆز زېمىنىنى جېنىنىڭ بارىچە كۈچەپ باشقۇرغان، ئۇلار يولۋاسنىڭ قوللىشى بىلەن قەشقەردە بەشكېرەم كەنتىنى مەركەز قىلىپ دىنىي بازا قۇرغان، چوڭ بولۇپ قاتارغا قوشۇلغان ھىدايىتۇللا خوجا ئۇنىڭغا مەسئۇل بولغان. خوجا يەھيا ئۆلۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي، مۇھەممەد يۈسۈپ بىر تۈركۈم يارامىلىق ئادىمىنى باشلاپ يەكەنگە كېلىپ، ”بىر نەسەبتىكى ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى كونا زىددىيەتنى ياراشتۇرۇپ“، ”ئاتا - بوۋىلاردىن قالغان ئىشنى بىرلىكتە راۋاج تاپقۇزىمىز“ دېگەن بايراقنى كۆتۈرۈۋېلىپ[1] خوجا يەھيانىڭ قەبرىسىگە دۇئا تەكبىر ئوقۇغان، ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ مەقستى خوجا يەھيا ئۆلگەندىن كېيىن ئىسھاق مەزھىپىنىڭ كۈچى ئېغىر چىقىمغا ئۇچرىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ تەسىر كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، يەكەننىڭ دىنىي رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش ئىدى. لېكىن، خوجا سەئىد خوجا بىلەن ئىسھاق گۇرۇھىدىكى ئېتىقادچىلار بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرگەن، ئۇلار خوجا يەھيانىڭ ئوغلىنى بوينىغا مىندۈرۈپ، خانىنىڭ ئالدىغا نامايىش قىلىپ بېرىپ، ئىسھاقنىڭ ئەۋلادىغا ساداقەتمەنلىك بىلدۈرگەن. مۇھەممەد يۈسۈپنىڭ شېرىن خىياللىرى بىكار بولۇپ، قەشقەرگە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. ئۇ يېڭىسار تەۋەسىدىكى پۇلۇق دېگەن يەرگە كەلگەندە ئۆلگەن (ئاق تاغلىقلارنىڭ تەزكىرىسىدە قارا تاغلىقلار زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرگەن دېيىلىدۇ). ھىدايىتۇللا خوجا خەۋەرنى ئاڭلاپ دەرھال بېرىپ، ئاتىسىنىڭ جەسىتىنى قەشقەرگە قايتۇرۇپ كېلىپ، قەشقەرنىڭ ياغدۇ دېگەن يېرىگە دەپنە قىلغان، بۇ ئورۇنغا گۈمبەز ياساتقان، ”ھەزرىتى مازار“ دەپ ئاتالغان بۇ مازار ئاق تاغلىق ئېتىقادچىلارنىڭ تاۋاپگاھى بولۇپ قالغان.

---

[1] «تەزكىرەئى ھىدايەت»، موللا ياقۇپ بىننى روزى قەشقەرى يازغان. قەشقەرلىق موللا رەھىم خەتىپ ھىجرىيە 1300 (مىلادىيە 1883) - يىلى كەچۈرگەن (ئۇيغۇرچە).

## 3 ـ بۆلۈم يەكەن خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى

1640 ـ يىلى جۇڭغارلارنىڭ كاتتىسى باتۇر قۇنتەيجى ئويرات، خالخا قەبىلىلىرىنىڭ كاتتىلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئىچكى جەھەتتىكى ئالاقىنى كۈچەيتىپ، چاررۇسىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرۇپ، جۇڭغار خانلىقىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. 17ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، يەكەن خانلىقىمۇ جۇڭغار ھەربىي كۈچمەن چارۋىچى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلىش، بۇلاش ـ تالاش ۋە قوراللىق ئىستىلا قىلىشتەك ئېغىر تەھدىتىگە ئۇچرىغان. يەكەن خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئابدۇللاخاننىڭ قارا تاغلىقلارنىڭ تەرىپىنى ئېلىش پوزىتسىيىسى ۋە قىرغىزلارغا لەشكەر تارتىش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشى قەشقەرگە يېقىن جايدا ئىتتىپاق تۈزگەن، ئاق تاغلىقلارنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولغان خانزادە يولۋاس سۇلتاننىڭ بايقۇتىغا ئۇچرىغان. ئابدۇللاخان نارىن رايونىدىكى قىرغىزلارغا جازا يۈرۈشى قىلغاندا، يولۋاسنىڭ ئاتىلىقى (باش ۋەزىرى)، قەشقەرنىڭ ھاكىمى سۇبۇخان كۇر قوشۇلمىغاچقا، خان تەرىپىدىن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغان. شۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئابدۇللاخان يەنە ئۆزىنىڭ ئىنىسى ئىبراھىم سۇلتان، ئىسمائىل سۇلتاننى ساداقەتسىزلىك قىلدى، دەپ گۇمانلىنىپ چالىشقا سۈرگۈن قىلغان. ئابدۇللاخان ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلى نۇرىددىننى قويغان، نۇرىددىنى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ خوتەن، ئاقسۇغا ھۆكۈمدار قىلىپ تەيىنلىگەن. سۈرگۈن قىلىنغان ئىبراھىم سۇلتان بىلەن ئىسمائىل سۇلتان ئۆزىنى جۇڭغار خانلىقىدىكى ئېلدان تايشى①نىڭ قوينىغا ئاتقان. بۇ جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرىنىڭ يەكەن خانلىقىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشى ئۈچۈن ۋاستە بولۇپ قالغان.

---

① شاھ مەھمۇد جوراس: «تاۋارىخ»، 226 ـ بەت، ئېلدان تايشى خوشۇت قەبىلىسىدىكى ئېچىدتو (كۈچىنخان) نىڭ ئوغلى ئېردىنى قۇنتەيجى بولسا كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئابدۇللاخان ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، كونا ئەمىرلەرنى تازىلىماقچى بولغان. بۇ كونا ئەمىرلەر ئابدۇللاخاننىڭ سىرتقا چىقىپ كەتكەن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، شاھزادە يولۋاسنى خان قىلىپ تىكلەشكە ئۇرۇنغان. 1651 - يىلى يولۋاس سۇلتان قەشقەردىن يەكەنگە بارغان، ئەمىرلەر سابىق سەئىدخان ئوردىسىدا يولۋاسنى خان دەپ جاكارلىغان. لېكىن ئابدۇللاخان قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يولۋاس بۇ ئەمىرلەرگە ئاسىيلىق قىلغان. ئابدۇللاخان ئۇلارنى ھىندىستانغا سۈرگۈن قىلغان. بۇ قېتىمقى سىياسىي ئۆزگىرىش ۋۇجۇدقا چىقمايلا قالماستىن، بەلكى يولۋاسنىڭ تەختنى تارتىۋالماقچى بولغان قارا نىيىتىنى ئاشكارىلاپ قويغان.

قارا تاغلىق خوجا مۇھەممەد ئابدۇللا چوڭ بولغاندىن كېيىن، مەزھەپنىڭ داھىيلىق ئورنىغا رەسمىي ئولتۇرغان. ئۇ باشتا ئابدۇللاخاننى قوللىغانىدى. قىرغىزلارنىڭ كاتتىسى، يېڭىسارنىڭ ھاكىمى ساچىمبىي قېچىپ كەتكەنلىكتىن، ئابدۇللاخان يەنە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ قىرغىزلاردىن 10 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى ئۆلتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە چالىش ۋە يولتۇزغا لەشكەر تارتىپ، ئىبراھىم سۇلتاننى ۋە ئۇنى قوللىغان ئېلدان تايشىنى جازالىغان. ئۇرۇشتا نۇرىددىن ئولجا ۋە ئەسىرنى كۆپرەك ئالغانلىقتىن، ئابدۇللاخان بىلەن نۇرىددىن بىر مەزگىل يىرىكلىشىپ قالغان. خان ئولجىلارنى باشقىدىن تەقسىم قىلىش ۋە بىر قىسىم كىشىنى جايلىۋېتىش، ھەتتا ئۆزىگە ئەگىشىپ جەڭ قىلغان خوجا مۇھەممەد ئابدۇللانىڭ بالا - چاقىسى ۋە چاپانچىلىرىنىڭ مال - مۈلكىنىمۇ باشقىدىن تىزىملاش قارارىغا كەلگەن، خوجا مۇھەممەد ئابدۇللا بۇنىڭدىن قاتتىق خاپا بولغان. نۇرىددىن سۇلتان ئۇرۇشتا ئېلدان تايشىنىڭ مۇھاسىرىسىدە قالغان، تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن ئاندىن قويۇپ بېرىلگەن.

ئىچكى - تاشقى سىياسىي تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلغانلىقى ئۈچۈن، ئابدۇللاخان يولۋاس بىلەن ئوغلى ئەبەيدۇللانى يەنە يېنىغا تارتىشقا مەجبۇر بولۇپ يولۋاسنى دۆلەتنى باشقۇرۇش ۋەزىپىسىگە قويغان، ئەبەيدۇللانى خوتەنگە بەگ

قىلىپ تەيىنلىگەن. ئابدۇللاخان قوشنا ئەللەر بىلەن ئىناق ئۆتۈپ، جۇڭغارلارنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، قارا تاغلىق چوڭ خەلپە سەئىد مۇھەممەد خوجىنىڭ ئوغلى سوپى خوجىنى قازاق خانلىقىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن، 1661 - يىلى يەنە يولۋاس سۇلتاننى مىرزا غەنى بەگنى بۇخاراغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىشكە بۇيرۇغان، لېكىن بۇ تەدبىرلەر كۆتكەندەك نەتىجە بەرمىگەن.

جۇڭغارلار تەرەپتىن قارىغاندا، 1653 - يىلى باتۇر قۇنتەيجى ئۆلگەندىن كېيىن، ئويراتلارنىڭ چورغان "ئاتا بېگى"لىك ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان زېڭگى ئۆزى بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرغان ئاغىلىرى (چېچەن تەيجى، جوتبا باتۇرلار) بىلەن ئىككى لاگىرغا بۆلۈنۈپ كەتكەن. بۇ ئىككى لاگىرنىڭ قارىمۇ قارشىلىقىمۇ يەكەن خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىياسىي كۈرەشكە تەسىر كۆرسەتكەن. زېڭگىنىڭ رەقىبى ئېلدان تايشى ئىسمائىل سۇلتاننى قوللىغاچقا، زېڭگى كىرىيىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدىن كېيىن ئابدۇللاخان، يولۋاس سۇلتانلار بىلەن ياراشقان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، زېڭگى يولۋاستىن پايدىلانغان ۋە ئۇنى كونترول قىلغان. كىرىيە ئۇرۇشىدىن كېيىن، يولۋاس سۇلتان بىلەن ئاتىسى ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر قېتىم زىددىيەت تۇغۇلغان. يولۋاس سۇلتان ئۆزىنىڭ يېقىنى مىرزا غەنى بەگنى يەكەنگە ھاكىم قىلىشنى، ناجى بەگنى ئىسھاق (ئوردىنىڭ ئەمىر ياساۋۇلى) قىلىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغان، ئابدۇللاخان بۇ تەلەپلەردىن قاتتىق خاپا بولغان، شۇنىڭ بىلەن ئاتا - بالا تەتۈر قارىشىپ قالغان.

قەشقەردە يولۋاس ئاق تاغلىق خوجىلار بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ كەتكەن. مۇھەممەد يۇسۇپ ئۆلگەندىن كېيىن، يولۋاس مۇھەممەد يۇسۇپنىڭ ئوغلى ھىدايىتۇللانى ئۆز يېنىغا تارتىپ، خانىشنىڭ سىڭلىسى، ئۆزىنىڭ ھاممىسى ماھىم خېنىمنى ھىدايىتۇللانىڭ نىكاھىغا بەرگەن، سىياسىي جەھەتتە قارا تاغلىق خوجىلارغا زەربە بەرگەن ۋە ئۇلارنى چەتكە قاققان. قەشقەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى پەيزىۋات ئەسلىدە مۇھەممەدخان خوجا يەھياغا ھەدىيە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قىلغان چوڭ بىر يېزا ئىدى. يولۋاس ئۇ يەرگە ئۆزىنىڭ يېقىنىنى زورمۇ زور هاكىم قىلغان، نۇرىددىن سۇلتان ئۇنىڭ بۇ قىلمىشلىرىدىن پايدىلانغان. نۇرىددىن قارا تاغلىق مۇھەممەد ئابدۇللا خوجىنى ئاقسۇغا چىللاپ كېلىش ئۈچۈن نۇر ئامانىنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن، لېكىن نۇر ئامانىنى يېرىم يولدا يولۋاسنىڭ ئادەملىرى تۇتۇۋېلىپ، قەشقەرگە ئېلىپ بېرىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن، بۇ قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ غەزىپىنى تېخىمۇ قوزغىغان.

يولۋاس سەككىز يېشىدىلا قەشقەرگە خوجا بولۇپ، بۇ يەرنى 30 يىل سورىغان. ئۇ كىچىكىدىنلا زوراۋان ۋە جېدەلخور ئىدى. مىجەزى ئۆزگىرىپ تۇراتتى، قول ئاستىدىكىلەرنى ھەدېسىلا جازالايتتى، شۇڭا قەشقەر ئاھالىسى دەككە - دۈككە ئىچىدە، نامراتلىقتا ئېچىنىشلىق تۇرمۇش كەچۈرەتتى. يولۋاس بىلەن ئاتىسى ۋە ئاغىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بارغانسېرى چوڭقۇرلاشقان پەيتتە، قەشقەردىكى بىر قىسىم بەگلەر يۈز ئۆرۈپ، جۇڭغارلار تەرىپىگە ئۆتۈش قەستىگە چۈشكەن. ئابدۇللاخان ئاسىيلىق قىلماقچى بولغان بەگلەرنى باستۇرۇش توغرىسىدا يولۋاسقا يوليورۇق بەرگەن بولسىمۇ، يولۋاس تېخىمۇ ھاكاۋۇرلىشىپ ۋە ھەددىدىن ئېشىپ، ئاتىسىنى كۆزگە ئىلمىغان. ئۇ چاغدا خوتەندىن كىرىيىگىچە بولغان جايلار ئەبەيدۇللانىڭ قولىدا ئىدى، مارالبېشى بىلەن سېرىقبۇيىنى يولۋاس سورايتتى، ئابدۇللاخاننىڭ قولىدا يالغۇز يەكەن شەھىرىلا قالغانىدى. يولۋاس ئاتىسىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغانىدى. يولۋاس ئاتىسىنى قورقۇتۇپ، تەختتىن چۈشۈرۈشكە يەنە بىر قېتىم ئۇرۇنغان. يولۋاس يەكەندىكى ئەمىرلەرگە كەينى - كەينىدىن خەت ئەۋەتىپ، سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىش سۇيىقەستىدە بولغان. ئابدۇللاخان ئەمىرلەرنىڭ مەلۇماتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قايتۇرما زەربە بېرىش نىيىتىگە كېلىپ، 1666 - يىل 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئادەم يۆتكەپ، ئەتىسى يەكەن شەھىرى ئوتتۇرىسىدىكى سەينادا يولۋاسنىڭ يېقىنلىرىدىن مىرزا غەنى بەگ بىلەن تاجى بەگنى قەتل قىلغان، ئارقىدىن پەيكىباغ دېگەن يەردە يولۋاسنىڭ قىزى خانزادە خېنىمنى ئۆلتۈرگەن. ئابدۇللاخان خوتەن ئەمىرىگە يوليورۇق بېرىپ،

ئەبەيدۇللا سۇلتاننى ئۆلتۈرگۈزگەن ھەم چوڭ ئوغلى نۇرىددىننى يەكەنگە چاقىرتقان. نۇرىددىن بىلەن خوجا مۇھەممەد ئابدۇللا يەكەنگە كېلىپ ئابدۇللاخان بىلەن قوشۇلغاندىن كېيىن، قەشقەرگە لەشكەر تارتقان، يولۋاس نائىلاج قېچىپ كەتكەن.

ئەبەيدۇللاخان قەشقەر سۇيۇرغاللىقىنى نۇرىددىن سۇلتانغا بەرگەن. نۇرىددىن مۇللا مۇھەممەد لېتىپ بۇخارىنىڭ دىنىي نوپۇزىدىن ۋە ئۆز جەمەتى، يېقىنلىرىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، قەشقەردە يولۋاسنىڭ ئەمرلىرىنى ۋە قەشقەر، ئاقسۇدىكى 2000 دىن ئارتۇق كىشىنى قىرغان. يولۋاسنىڭ زالىملىقى ۋە قانخورلۇقىدىن ئەمدىلا قۇتۇلغان قەشقەر ئاھالىسى يەنە ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە قالغان، نۇرىددىن بولسا كۈن بويى ھاراق - شاراب بىلەن ئۆتكەن. 1667 - يىلى 6 - ،7 - ئايلاردا نۇرىددىن ئابدۇللاخان بىلەن ئەنجانغا لەشكەر تارتىپ كېتىۋېتىپ، يول ئۈستىدە ئاغرىپ ئۆلگەن. نۇرىددىن سۇلتان ئۆلگەندىن كېيىن، يولۋاس ئاتۇش ۋە ئاغۇ رايونلىرىدا كۈچ توپلاپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغان. ئابدۇللاخاننىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن بىر قىسىم كىشى غەلىيان كۆتۈرۈپ، يولۋاس تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللاخان ئۆز ئادەملىرىنىڭ ئىشەنچىدىن مەھرۇم بولۇپ، باش قېتىمچىلىق ۋە دەككە - دۈككە ئىچىدە خانلىق تەختىدىن نائىلاج ۋاز كېچىپ، ئەرەبىستانغا ھەج قىلغىلى كەتكەن.

ئابدۇللاخان كېتىشى بىلەنلا، 1669 - يىلى يولۋاس يەكەندە ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىغان. ئويراتلارنىڭ ھۆكۈمدارى ئالتۇن تەيجىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن ئىسمائىل سۇلتان ئاقسۇدا ئاتاقتىكى دۆلەت سەردارى قىلىپ تىكلەنگەن. يولۋاس خانلىققا ئولتۇرغاندىن كېيىن، يەكەندە پاجىئەلىك قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغان. ئۇ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئىسمائىل بەگ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن بەگ - بېگاتلارنىڭ بالا - چاقىسىنى، مۇھەممەد ئابدۇللا بىلەن ئاقسۇغا كەتكەن قارا تاغلىق سوپىلارنىڭ بالا - چاقىلىرىنى، ھەتتا ئاياللار ۋە بالىلارنىمۇ قالدۇرماي ئۆلتۈرگەن. يولۋاس زېڭگى تەيجىنىڭ قوللىشى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ ئاقسۇغا لەشكەر تارتقان. ئۇ ئىسمائىل بىلەن قىلغان ئۇرۇشتا ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن زېڭگى تەيجىنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالغان، ئاخىرى ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، يەكەنگە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. زېڭگى تەيجى يولۋاسنىڭ كىچىك ئوغلى ئەبۇسەئىدنى ھۆكۈمران قىلغان، ئەرك بەگ دېگەن يەنە بىر سەركەردىنى 1000 ئەسكەر بىلەن يەكەندە تۇرۇپ يولۋاسنىڭ ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىشقا ئەۋەتكەن. يولۋاس يەكەندە داۋاملىق زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ، ھەربىي ئاقسۆڭەك ئەلى شاھنىڭ ئىنىسى داۋۇت خوجىنى ئۆلتۈرگەنلىكتىن، 1669 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئەلى شاھ ئەرك بەگ بىلەن بىرلىشىپ، ئوردىغا بېسىپ كىرىپ، يولۋاسنى ئۆلتۈرگەن.

ئەرك بەگ مۇسۇلمان ئىدى. ئۇ بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئەلى شاھنى ئۆلتۈرۈپ، يەكەندىن قەشقەرگە بارغان ۋە كىشىگە تۇيدۇرماي ئىسمائىلخانغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن يەكەنگە ھۇجۇم قىلىشنى تەلەپ قىلغان. ئالتۇن تەيجىمۇ چوڭ ئوغلى چۇچىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئىسمائىلخان بىلەن بىللە يەكەنگە ھۇجۇم قىلغان. ئاق تاغلىق ھىدايىتۇللا خوجا يەكەن شەھىرىنى قوغداش ئۇرۇشىغا قاتناشقان، يەكەن قولدىن كەتكەندىن كېيىن، يولۋاسنىڭ ئوغلى ئەبۇ سەئىد، ئابدۇلتىپ سۇلتان ۋە ئۇلارنىڭ ئانىسى قەشقەرگە چېكىنگەن. ئىسمائىلخان قەشقەرگە ئەسكەر ئەۋەتىپ، يولۋاسنىڭ ئىككى ئوغلىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇغان. ھىدايىتۇللا خوجا قەشقەر شەھىرىدىن قېچىپ چىقىپ، ئون يىللىق سەرگەردانلىق ھاياتىنى باشلىغان.

مىلادى 1670 - يىل 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئىسمائىلخان تەختكە چىقىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنى خانلىقنىڭ شاھى دەپ جاكارلىغان. ئىسمائىلخان دەۋرىدە، ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ قوللىشى بىلەن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ باباچاق بەگ، ھەيدەر بەگلەر ئەمىرلەرنىڭ كاتتىسى، ئاخۇن كالان دىنىي ئۆلىمالارنىڭ كاتتىسى قىلىپ تەيىنلەنگەن، قازى ئابدۇللا شەرىئەتكە مۇئەككەل قىلىنغان. ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا سەرسان بولغان

چۇشكەن. ئاق تاغلىق خوجا ھىدايىتوللا 1670 - يىلى تىبەتنىڭ جەنۇبىغا سۈرگۈن قىلىنغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئېلىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرىنى ئايلىنىپ، دىنىي تەرغىبات ئېلىپ بېرىپ، سىرتتىن ياردەم ئېلىش ئۈچۈن ئاساس سالغان، تىبەتكە بېرىپ، تىبەتتىكى بۇددا دىنىي گېگەننىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئەسكەرلىرىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا باشلاپ كېلىپ، يەكەن خانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىشقا كۆۋرۈك سالغان. ئۇ لاسادا دالاي لامادىن ياردەم تىلىگەن، دالاي V (لوساڭجاسو) ئۇنى غالدانغا تونۇشتۇرۇپ خەت يېزىپ بەرگەن. «زايا بەندىدا تەزكىرىسى» دە يېزىلىشىچە، ئات يىلى (1678 - يىلى) قىشتا دالاي لامانىڭ ئەلچىسى جاربۇنى[1] كەلگەن، بۇ قېتىم كەلگەن ئەلچى ھىدايىتۇللا خوجا غالدان بىلەن كۆرۈشكەندە، قەشقەر ۋە يەكەنگە قايتىپ بېرىش ئارزۇسى ۋە مەقسىتىنى ئىزھار قىلىپ، غالداننىڭ يەكەن خانلىقىغا ئەسكەر چىقىرىشىنى ئىلتىجا قىلغان. ھىدايىتۇللا خوجىنىڭ ئىلتىجاسى غالداننىڭ كۆڭلىگە تازا ياققان. ئۇ 1679 - يىلى 30 مىڭ ئەسكەرنى باشلاپ بېرىپ، قۇمۇل ۋە تۇرپاننى بېسىۋالغان. بۇ رايوننى بۇرۇن يەكەن خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ ھۆكۈمرانى، ئىسمائىلخاننىڭ ئىنىسى سەئىد باباخان سورايتتى. ئۇنىڭدىن ئۈچ ئوغۇل قالغان. چوڭ ئوغلى ئابدۇرېشىت قۇمۇلنى بېقىپ ياتقان، ئوتتۇرانچى ئوغلى مۇھەممەد ئىمىن چالىشنى بېقىپ ياتقان، كىچىك ئوغلىنىڭ ئېتى مۇھەممەد مۆمىن ئىدى. ئابدۇرېشىت چوڭ ئوغۇل بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇمۇلدىن تۇرپانغا ھەممىدىن بۇرۇن كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئاتىسىنىڭ خانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىغان. شۇ چاغدا چالىشتىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئاش - ئوزۇقى تۇرپاندىن يەتكۈزۈپ بېرىلەتتى، لېكىن ئابدۇرېشىت ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشنى توختىتىپ قويغانلىقتىن، ئاكا - ئۇكا ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش كېلىپ چىققان. مۇھەممەد ئىمىن لەشكەر تارتىپ

---

[1] «ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ تارىخىدىن تەپسىلات»، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى»، 4 - توپلام، 35 - بەت. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى تۈزگەن، 1985 - يىل 1 - ئاي.

لۈكچۈنگە كېلىپ، ئابدۇرېشىت بىلەن بىر نەچچە قېتىم ئۇرۇشقان. غالدان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئارىلىشىپ، ئابدۇرېشىتقا پايدىلىق كېسىم چىقارغان. مۇھەممەد ئىمىن تاغقا چېكىنگەن. شۇڭا، غالدان قومۇل ۋە تۇرپاننى بېسىۋېلىپ ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئابدۇرېشىت ۋە ئۇنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى جەمەتى جۇڭغار خانلىقىنىڭ خوجىلىق ھوقۇقىنى ئېتراپ قىلىپ، غالدانغا ئىنائەت قىلغان.

1680 ـ يىلى ياز چىقىپ كېتەي دەپ قالغاندا،غالدان ھىدايىتۇللا خوجىنىڭ يول باشلىشى بىلەن 120 مىڭ جۇڭغار ئاتلىق ئەسكىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئابدۇرېشىتخانىنىڭ ئوكسىنى ئېلىپ، ئاقسۇ، ئاتۇش قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ، قەشقەرنى ئالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن يەكەنگە بېسىپ بارغان. يەكەننى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان سەركەردە ئىۋەز بەگ جەڭدە ئۆلگەن، ئىسمائىلخان سۈلھ قىلىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇ چاغدا قارا تاغلىق خوجىلاردىن مۇھەممەد ئابدۇللا ھىندىستانغا قېچىپ كەتكەن (كېيىن ھىجرىيە 1096 ـ يىلى، مىلادىيە 1684_1685 ـ يىللىرى ھىندىستاندا ئۆلگەن)، ئىنىسى ئەبەيدۇللا خوجا ئۆلۈپ، ئۇنىڭدىن خوجا شۇئەيپ ۋە خوجا دانىيال دېگەن ئىككى ئوغۇل قالغان. ئىسمائىلخان يەكەنلىكلەرنىڭ بۇ ئىككى خوجىغا بولغان ئېتىقادىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىش شەرتى بىلەن دەرۋازىنى ئېچىپ تەسلىم بولغان. جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرى يەكەننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئىسمائىلخاننى ئۇرۇق ـ جەمەتى بىلەن قوشۇپ ئىلىغا ئېلىپ بېرىپ، قارابۇق دېگەن يەردە يەكەن خانلىقى مۇنقەرز بولغۇچە نەزەربەند قىلغان.

# يەتتىنچى باب جوڭغارلار ئىستىلا قىلغان مەزگىلدىكى ئىسلام دىنى

## 1 - بۆلۈم جوڭغارلار خوجايىنلىقىدىكى ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى

1680 - يىلى جوڭغارلار تىيانشاننىڭ جەنۇبىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، يەكەن خانلىقىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي قىسىملىرىدىكى فېئودال ھۆكۈمرانلار ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇندىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ خوجايىنلىق ھوقۇقىنى تىكلەش ۋە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، باشتا شۇ جاينىڭ سىياسىي ئەنئەنىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، تۇرپاندىن قوشۇن بىللە غەربكە يۈرۈش قىلغان ئابدۇرىشىتنى يەكەنگە خان قىلىپ تىكلەپ، ئىسمائىلخاننىڭ قالدۇق كۈچلىرىنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرغان. لېكىن، غالداننىڭ ئۆزى ئىشغال قىلغان رايوندا يەكەن خانلىقىنى قايتا قۇرۇش خىيالى يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، خان تىكلەش باشقىدىن دۆلەت قۇرۇپ، جوڭغارلارنىڭ چاڭگىلىدىن چىقىپ كېتىش خەۋپىدىن دېرەك بېرەتتى، شۇڭا غالداننىڭ ئابدۇرىشىتنى يەكەنگە خان قىلىپ تەيىنلىشى ۋاقىتلىق تاكتىكا ئىدى. ئۇنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتىكى ئاساسىي چارىسى — كونا خان جەمەتىنىڭ ۋەكىللىرىگە ئەمەس، چوڭ خوجىنىڭ ۋەكىللىرىگە تايىنىش ئىدى. غالدان ئاق تاغلىق خوجا ھىدايىتۇللانى مۇشۇنداق ۋەكىللىككە تاللىغان ھەم ئۇنىڭغا " ئاپپاق " دېگەن نامنى بەرگەن. غالداننىڭ بۇنداق قىلىشىدا مۇنۇ سەۋەبلەر بار: بىرىنچىدىن، ئاپپاق خوجىنى بۇرۇن دالاي لاما تونۇشتۇرغان؛ ئىككىنچىدىن، غالدان يەكەنگە ئاپپاق خوجىنىڭ تەلىپى بىلەن يۈرۈش قىلغان ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان؛ ئۈچىنچىدىن، ئاپپاق خوجا ئاق تاغلىقلارنىڭ باشلىقى دېگەن ئورۇنغا ۋە ئىمتىيازغا ئىگە ئىدى؛ تۆتىنچىدىن، ئاپپاق خوجا ھەر يىلى 100 مىڭ سەر تەڭگە (بىر تەڭگە بىر سەر كۈمۈشكە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەڭ) ئولپان تاپشۇرۇشقا ۋەدە بەرگەن①. لېكىن ئابدۇرىشىت خان بولغان مەزگىلدە ئاپپاق خوجا بىلەن بولغان ئىختىلاپ بارغانسېرى كۈچەيگەن. ئابدۇرىشىت بۇ خوجىنى مەنسىتمىگەن، قول ئاستىدىكى ئادەملەر ئۇنى ھەمىشە مەسخىرە قىلغان، ھەتتا ئەيىبلىگەن. باشتا ئابدۇرىشىت خانلىق ھوقۇقىغا تايىنىپ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن، ئاپپاق خوجا يەكەننى تاشلاپ، تاغ ئىچىگە كىرىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. لېكىن، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، يەكەندە مالىمانچىلىق يۈز بېرىپ، ئابدۇرىشىت تاغ ئىچىگە چېكىنىپ مۇداپىئەلەنگەن. يەكەندىكى مالىمانچىلىق غالداننىڭ ئىككى يولۋاسنى بىر تاغقا سولاشتەك " ئىككى باشلىق سىياسىتى②"نى قوللىنىشى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا پايدىسىز ئىكەنلىكىنى، ھەتتا ئولپان تاپشۇرۇشقىمۇ تەسىر يەتكۈزۈپ، جۇڭغارلارنىڭ ئۆز مەنپەئىتىگە بىۋاستە زىيان سالىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان. ئابدۇرىشىتخاننىڭ قولىدا مەلۇم ھەربىي كۈچ بولغانلىقتىن، يەكەندە ھاكىمىيەتكە ئىگە بولغاندىن كېيىن، جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرىنىڭ نەزەرىدە بىر ئاپەت بولۇپ قالغان. شۇڭا، غالدان ئۇنى ئېلىۋېتىش قارارىغا كېلىپ، 1682 - يىلى " خىزمەت ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىمىز، دەپ يالغان ئېيتىپ③" چاقىرتىپ، ئابدۇرىشىتنى ئىلىغا ئالداپ ئېلىپ كېتىپ، ئۇزۇن مۇددەت تۇتۇپ تۇرغان. ئاپپاق خوجا جۇڭغارلارنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە تيانشاننىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ قالغان. «تەزكىرەئى خوجىگان» دىكى ئاپپاق خوجا تۇنجى قېتىم " خانلىق تەختىگە ئولتۇردى④" دېگەن سۆز ئاساسەن مۇشۇ مەزگىلگە قارىتىلغان. بۇ ئېرىشكەن " ئاپپاق خوجا " دېگەن نامىنىڭ ئۆزىمۇ " پادىشاھىئالەم " ياكى " خوجا جاھان " دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى.

---

① «تەزكىرەئى خوجىگان» (ئىنگلىزچە ئۇزۇندە تەرجىمىسى) غا ئاساسلاندىم، خەنزۇچە تەرجىمىسى «مىللەتلەر تارىخىدىن تەرجىمىلەر توپلىمى» 85 - توپلامغا بېسىلغان، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى تۈزگەن، 1980 - يىل.

② داۋتيەن راڭپىلاڭ: «ئالتە شەھەردىكى خوجا ۋە خانلار» (ياپونىيە)، «دۇڭياڭ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1952 - يىل، 34 - جىلد.

③ «چىڭ شېڭزۇغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 174 - جىلد، 12 - ، 13 - بەت.

④ «مىللەتلەر تارىخىغا دائىر تەرجىمىلەر توپلىمى»، 8 - جىلد، 100 - بەت.

ئاپپاق خوجا غالدان بەرگەن باش ۋالىيلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ يەكەندە تۇرغان، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى يەھيا قەشقەرنى سورىغان، باشقا شەھەرلەرنىڭ ھاكىم - بەگلىرىنى ئاپپاق خوجا تەيىنلەيدىغان بولغان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، فېئودال خوجىلارنىڭ 77 يىل داۋام قىلغان، سىياسىي بىلەن دىنى بىرلەشتۈرۈلگەن ھۆكۈمرانلىقى باشلانغان.

ئاپپاق خوجا ئابدۇرىشىت بىلەن قارىمۇ قارشى بولغانلىقتىن، بۇ خان بىلەن يىرىكلىشىپ قالغان ئىنىسى مۇھەممەد ئىمىن بىلەن ئالاقە باغلىغان. ئۇ خوجا - پىرلىق سوپىتى بىلەن چاغاتاي ئەۋلادى بولغان خان جەمەتىگە كۈيئوغۇل بولۇپ، مۇھەممەد ئىمىنىنىڭ سىڭلىسى خانىم پاشانى نىكاھىغا ئالغان، بۇنىڭ بىلەن خوجا جەمەتىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى تېخىمۇ قانۇنلاشقان ۋە مۇستەھكەملەنگەن.

ئەلۋەتتە، ئاپپاق خوجا ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تىكلىنىشى ئالدى بىلەن "مۇسۇلمانلارنى جۇڭغارلارنىڭ ئىدارە قىلىشىغا بېرىش "①نى شەرت قىلغان، ئۇ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ۋەكىلى بولۇپ، جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرىنى خوجايىن قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قۇل قىلغان ۋە تالان - تاراج قىلغان. غالدان ئەسكەرلىرىنى قايتۇرۇپ كەتكەندە، ئۇ نۇرغۇن كىيىم - كېچەك ۋە قىممەتلىك سوۋغىلارنى تەقدىم قىلغان. غالداننىڭ ئۆزىگە 4000 سەر تەڭگە ھەدىيە قىلغان، ھەر ئايدا شۇ مىقداردا تەڭگە ئەۋەتىپ تۇرۇشقا ۋەدە قىلغان، بۇ بىر خىل ئولپان تاپشۇرۇش ئادىتىگە ئايلىنىپ قالغان. بۇنىڭدىن باشقا، جۇڭغارلارغا ھەر يىلى 100 مىڭ سەر تەڭگە، 15 مىڭ چارەك بۇغداي ۋە باشقا ماددىي نەرسىلەرنى تاپشۇرۇشقا ۋەدە بەرگەن. بۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى " پۇقرالارنىڭ مەڭگۈلۈك بۇرچى②" دېگەن. جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرىمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنى ئۆزلىرىنىڭ "ئاراباتۇ" (يانچى)سى دەپ قارىغان. ئاپپاق خوجا يەنە تىبەت

---

① چۇن يۈەن: «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم»، 6 - جىلد.
② مۇھەممەد ئاتىپ: «قەشقەر تارىخى» (تۈركچە)، 181 - بەت.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يۇقىرى قاتلام گۇرۇھىدىن ئېخىمۇ كۆپ مەدەت ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلپانىڭ بىر قىسمىنى لاساغا ئەۋەتكەن. ئاپپاق خوجا ئەلچى شامەشرەپ رەھىم بابا نەمەنگانىنى ئىلىدا دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەن. غالدان ئۇنى ئۆزىگە تارتىش ۋە يۆگەنلەش ئۈچۈن، قىزىنى ئۇنىڭ نىكاھىغا بەرگەن. ئاپپاق خوجا شۇ يول بىلەن "بۆرىنى قوتانغا باشلاپ كىرىپ، قوزىنى يەم قىلىپ بەرگەن[1]"، يەكەن رايونىنى جۇڭغارلارغا بېقىندى قىلىپ قويغان. غالدان ئاپپاق خوجىنى جېنىنىڭ بارىچە قوغدىغان ۋە قوللىغان، ئاپپاق خوجىغا ھەر قايسى شەھەرلەرنىڭ ھاكىملىرىنى تەيىنلەش ھوقۇقىنى بېرىپلا قالماستىن، يەنە "(خوتۇنلار) كەنتىنىڭ دەۋاسىنى خوتۇنلار ئۆزى كېسىدۇ، ئاممۇۋى (خەلقنىڭ ئەرزىنى بۇ يەردىكى ئالىي سوت بىر تەرەپ قىلىدۇ[2]" دەپ يارلىق ئېلان قىلغان. جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قانىتى ئاستىغا كىرىۋالغان ئاپپاق خوجا فېئودال خوجىلارنىڭ سىياسىي بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن ھاكىمىيىتىنى قۇرغان، يەكەن خانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، جايلاردا دىن ئاساسىدا قانۇن چىقارغان، ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن، قازى قۇززات (باش دىنىي سوتچى)، مىر ئەدلىيە (سوراقچى)، مۇستاپ (نازارەتچى) قويۇپ، شەرىئەت (ئىسلام قانۇنى) ۋە تەرىقەت (تەسەۋۋۇپچىلىق) ئاساسىدىكى فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقىنى يولغا قويغان.

ئاپپاق خوجا باشچىلىقىدىكى ئىسھاقىيە ھۆكۈمرانلىرى قولىدىكى ھاكىمىيەتكە تايىنىپ، تەسەۋۋۇپچىلىقنى جېنىنىڭ بارىچە تەشەببۇس قىلىپ ۋە يولغا قويۇپ، سوفىزمنى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا مىسلىسىز ئۇلغايتقان، سۇلۇك ئاساسىدىكى دىنىي مۇراسىملارنى ئەۋج ئالدۇرغان. سۇلۇك ئەرەبچە «Suluk» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، يول دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇ سوفىزم ئىستىقامەتچىلىرىنىڭ ئۆزىنى تونۇش، ئاللاغا يېقىنلىشىش يولى.

---

① تارابى: «قەشقەر تارىخىدىن ئومۇمىي بايان»، چاغاتايچە قوليازما.
② گولتۇنسكىي: «موڭغۇللارنىڭ ئويرات قانۇنلىرى»، 60 - بەت، 1880 - يىل، پېتېربۇرگ نەشرى.

ئۇلارنىڭ قارىشىچە، " سۇلۇك "كە قاتناشقاندىلا، ھەقىقەتكە يەتكىلى بولىدۇ، لېكىن سۇلۇك ئۆچۈن چوقۇم بىر ئۇستاز، سۇلۇك باشلىقى بولۇشى كېرەك، ئېتىقادچىلار ئۇ ئۆگەتكەن " پىكىر " (ئويلاش)، " زىكىر " (زىكىر ئوقۇش) ۋە " ساما " (ساما سېلىش)غا ئوخشاش بىر قاتار ئىستىقامەت ئۇسۇلى ۋە قائىدىلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدىلا شەرىئەت، تەرىقەت، ھەقىقەت ئارقىلىق ئاللانىڭ دەرگاھىغا بارالايدۇ①.

17- ئەسىردە شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى تەسەۋۋۇپچىلىقىدا تۆت سۇلۇك بولغان. ئۇلارنىڭ نامى ۋە دىنىي پائالىيەت جەھەتتىكى گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكىچە:

1. ئىنەكىيە. ئۇلار كېچىدە ئىبادەت قىلىدۇ، ئاۋازىنى چىقارماي ئىچىدە ئوقۇيدۇ؛

2. ئىسھاقىيە. ئۇلار كۈندۈزى ئىبادەت قىلىدۇ، ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ئوقۇيدۇ؛

3. داۋانىيە. ئۇلار جۈمە كۈنى ئىبادەت قىلىدۇ، ئاخشىمى باشلاپ، ئەتىسى سۈبھىگىچە داۋاملاشتۇرىدۇ؛

4. ئىسكىيە. ئېتىقادچىلار نەشە چېكىپ ئىبادەت قىلىدۇ.

يۇقىرىقى تۆت سۇلۇك ئىچىدە ئىسھاقىيە بىلەن ئىسكىيەنىڭ تەسىرى ئەڭ چوڭ. ئىسھاقىيە 17- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تارقىلىپ كىرگەن، ئىسھاق خوجىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بىر گۇرۇھ. خاتىرىلىنىشىچە، " خوجىلار ئەقىدىسىنى مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئوغلى ئىسھاق ئاددىيلاشتۇرغان، شۇڭا ئىسھاق ئەقىدىسى ئىسھاقىيە دەپ ئاتالغان. بۇ مەزھەپ يەكەننى پائالىيەت مەركىزى قىلغان. ئۇلارنىڭ ئىبادەت ئۇسۇلى شۇكى، سوپىلار كۈندۈزى ھەلقە تۈزۈپ ئولتۇرۇپ (قۇرئان) ئوقۇيدۇ، ئاندىن مۇناجات ئوقۇيدۇ، شۇنىڭغا ئۇلاپ ساماغا چۈشىدۇ، ئاي - ھاي... دەپ يىغلاپ، ئۆتكەن مازايىي - ماشايىقلارغا

---

① ھاجى نۇرھاجى: «ئىسلام دىنىدىكى تەسەۋۋۇپچىلىق (سوپىزىم) نىڭ شەكىللىنىشى، تارقىلىشى ۋە ماھىيىتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1987 - يىل 3 - سان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاتاپ دۇئا قىلىدۇ[①]".

ھەلقە تۈزۈپ سالىدىغان بۇنداق زىكىر - ساما، روشەنكى، " چۆرگىلەيدىغان دەرۋىشلەر " ياكى " ساما سالىدىغان دەرۋىشلەر " دەپ ئاتالغان مەۋلاۋىيىنىڭ ئىبادەت ئۇسۇلى ۋە تەسىرىدىن كەلگەن. بۇ خاتىرە ئىسھاقىيىنىڭ خوجىزمنى " ئاددىيلاشتۇرۇش " ئاساسىدا شەكىللەنگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. " ئاددىيلاشتۇرۇش "، " چەكلەش " دەپمۇ چۈشەندۈرۈلىدۇ. " خوجىزم " نەقشىبەندىيىنىڭ ئىستىقامەت قائىدىسى. بۇ مەزھەپ خوجىنى ئۇستاز قىلىۋالغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئەقىدىسى " خوجىزم " دەپ ئاتالغان. "ئاددىيلاشتۇرۇلغان خوجىزم " مۇرەككەپلىكتىن ئاددىيلاشتۇرۇلغان خۇپىيە ئىستىقامەت ئەقىدىسى ۋە قائىدىسى دېگەن سۆز. بۇ سۆز ئىسھاقىيە ئىسلاھاتىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ كۈندۈزى ھەرىكەت قىلىدىغان ۋە ئۈنلۈك ئوقۇيدىغان ئالاھىدىلىكى خۇپىيەنىڭ ئەكسى بولۇپ، جەھرىيە (جەھرىيە ئەرەبچە ئاشكارا، ئاۋازلىق دېگەنلىك بولىدۇ)نىڭ ئاشكارا، ئاۋازلىق ئوقۇش ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىسكىيە مىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەنلى 48 - يىلى (1620 - يىلى) شىنجاڭغا تارقالغان ئىشانىيە مەزھىپىنى كۆرسىتىدۇ. ئىشانىيە ئىشاننىڭ تەسىر دائىرىسى دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇ ئىشان كالاننى پىركامىل قىلغان ۋە ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان مەزھەپ تەشكىلى. ئىشانىيىنىڭ پائالىيەت ئالاھىدىلىكى مۇنداق:

" مەزكۇر مەزھەپ سوپىزمنىڭ يادرولۇق ماھىيىتىنى بايان قىلىشتا نامازنىلا ئاساس قىلىدۇ. تەركىدۇنيالىقنى، يەنى پانىي دۇنيادىن كېچىشنى، ئۆي تۇتماسلىق، خوتۇن ئالماسلىق، بالا تېپىپ نەسىل قالدۇرماسلىق، بىر يەرنى ماكان تۇتماسلىق، بېشى قايغان يەردە يۈرۈش، دۇنيانى كېزىشنى تەرغىپ قىلىدۇ، كۈندە تاپقاننى يەپ تۈگىتىشنى، ئەتىگە قالدۇرماسلىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇلار توپلىشىپ ياكى ئايرىم ياشىغاندا چىلىم - سەيخانە تەييارلاپ، نەشە چېكىشنى ئىبادەت، دەپ قارايدۇ، شۇنداق قىلغاندا، ئاللا ئىگەمگە بولغان

---

① يۈسۈپبەگ: «ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى».

سىغىنىشنى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىك مۇرىتلىرى ئۆزۈن چاچ قويۇش، جەندە كىيىپ ساراڭلار سىياقىدا تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئاللا ئىگەمگە بولغان ئاشىقلىق، شۇنداق قىلغاندا، ئاللاغا يېقىنلاشقىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلار مۇرىت قوبۇل قىلغاندا، قول بەرگۈچىلەرگە ئاۋۋال تۆۋىنامە يازدۇرىدۇ، ئۆزلىرىگە شەرتسىز بويسۇنۇشنى، ھەممە ۋاقىت پىر - ئۇستازنى ئويلاش تەرىقەت يولى دېگەن قائىدىنى ئۆگىتىدۇ. تەرىقەت ئەقىدىلىرىگە ئەمەل قىلىپ، ياخشىراق ئىبادەت قىلغانلارنى ئۆزلىرىگە ئىز باسار قىلىپ ئۆستۈرۈپ، جايلاردا مۇرىت توپلاپ، تەسىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن قايتۇرىدۇ①.»

ئىشقىيە سۇفى، دەرۋىش، دىۋانە قاتارلىق ئاشىق ۋە دەرۋىشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مەزھەپ تەشكىلىي جەھەتتە سۇفىزمنىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئىبادەت ئۇسۇلىدىمۇ " نەشە چېكىپ ئىبادەت قىلىش "تەك بىدئەت قىلىقلارنى يولغا قويغان.

ئىسھاقىيە بىلەن ئىشقىيەگە مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان ھەر قايسى نەسەبتىكى خوجىلار رەھبەرلىك قىلغان، ئىسھاقىيە ئىشقىيەنى پىر - ئۇستاز قىلغان، تەرىقەت جەھەتتە ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى مەۋلانە لۇتپۇللا ۋاسىتىچىلىك قىلغان، ئىسھاقتىن كېيىن ئۇنىڭ شاگىرتى مۇھەممەدخان بىلەن ئۇشتۇر خەلىپە خوجا يەھيانىڭ ئوغلى ئەبەيدۇللاغا ئۇدۇم قىلىپ بەرگەن، ئەبەيدۇللادىن كېيىن مەزكۇر جەمەت ئىچىدە ئاتىدىن بالىغا مىراس بولۇپ قالغان.

ئىشقىيە ئىشان كالاننى پىر - ئۇستاز قىلغان، ئىلمىي تەرىقەت جەھەتتە ئىشان كالاننىڭ چوڭ ئوغلى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇخارا خانلىقىدىكى ئىشانلارنىڭ باشلىقى قاسىم مۇھەممەد يۇسۇپكە ئۇدۇم قالدۇرغان. شۇڭا، قاسىم بىلەن مۇھەممەد يۇسۇپ ئوتتۇرىسىدا ئاغا - ئىنىلىق ۋە ئۇستاز - شاگىرتلىق

---

① ھاجى نۇرھاجى: «ئىسلام دىنىدىكى تەسەۋۋۇپچىلىق (سۇفىزم) نىڭ شەكىللىنىشى، تارقىلىشى ۋە ماھىيىتى توغرىسىدا».

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇناسىۋەت بار ئىدى. ئۇنىڭ شىنجاڭدا ئۇدۇم قالدۇرۇش سىستېمىسى مۇنداق: ھاجى مۇھەممەد يۇسۇپ — ھىدايىتۇللا (ئاپپاق خوجا) — خوجا يەھيا ـ خوجا ئەھمەد. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ تەشكىلگە ئاپپاق خوجىنىڭ ئىنىسى كارامەتنىڭ نەسەبىدىكى خوجىلار ۋە كەن خوجىمۇ كىرىدۇ. كارامەت نەسەبى مەزھەپ باشلىقىدىن ۋارىسلىق ھوقۇقىنى ئالالماي، بېقىندى ئورۇندا قالغان. كەن خوجىنىڭ ئەۋلادى بولمىغاچقا نەسلى قۇرۇغان.

مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان خوجىلارنىڭ رەھبەرلىكى ۋە كونتروللۇقىدا، سۇلۇك تەشكىلى تەسەۋۋۇپچىلىقنى تارقىتىدىغان، ھەرقايسى گۇرۇھلارنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىدىغان، فېئودال خوجىلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان مۇھىم قورال بولۇپ قالغان.

ئاپپاق خوجا چوڭ ئوغلى يەھيانى ئېلىپ قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، سۇفىزم ئەقىدىسىنى تارقاتقان. دىنىي تەرغىبات ـ تەشۋىقات ئاساسىدا قەشقەر، يەكەن، تۇرپانلاردا خانىقا سالدۇرغان. رىۋايەتكە قارىغاندا، "ئاپپاق خوجا ئاز كەم 100 مىڭ كىشىنى ئۆز مەزھىپىنىڭ ئېتىقادىغا بەيئەت قىلدۇرغان"، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇنىڭ چەت ئەللەردىمۇ نۇرغۇن مۇرتلىرى بار ئىدى، ئۇلار شۇ يەرلەردىن ئۆشرە ئالاتتى. بۇ چاغدا تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا ئاپپاق خوجىنىڭ مۇرتى 300 مىڭدىن ئاشقان، ئۇلارنىڭ بۇ "ئەۋلىيا"غا بولغان چوقۇنۇشىمۇ چېكىگە يەتكەن.①

ئىشانلارغا ئەسەبىيلەرچە چوقۇنۇشتا، مازار تاۋاپ قىلىشمۇ تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ خەقنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە رام قىلىشتىكى مۇھىم ۋاستىسى بولۇپ قالغان. ئاپپاق خوجا مازار تاۋاپ قىلىشنىڭ ئەڭ چوڭ تەشەببۇسچىسى.

---

① رىۋايەتكە قارىغاندا، ئاپپاق خوجا "ھەددى ـ ھېسابسىز كارامەت كۆرسەتكەنمىش". چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرى ئىسلام دىنىدىكى سۇفىزم تەسەۋۋۇپچىلىرىنىڭ "كارامەتلىرى"، يەنى ئاللا "ئالاھىدە ئەزىزلەپ ئاتا قىلغان مۆجىزە كۆرسىتىش كۈچى"نى يەكۈنلىگەن. زوكۇتو: «XVIII – XIX ئەسىرلەردىكى شىنجاڭ جەمئىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات»، 2 ـ قىسىم، 663 ـ بەت. شىنجاڭدىكى خوجىلار توغرىسىدىكى تەزكىرە، ئەسەر، تارىخىي ماتېرىياللاردا قەشقەردىكى خوجىلار توغرىسىدا يۇقىرىقى "مۆجىزە"گە ئوخشايدىغان خاتىرىلەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلار ئوتنى يۇتالايدىغان، جاھانغا تۇۋرۇك بولىدىغان "خىزىر" دەپ كۆككە كۆتۈرۈلگەن. بۇ ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك.

ئۇ دادىسى مۇھەممەد يۈسۈپنىڭ قەبرىسىگە مۇتىۋەللى بولغان، بۇ ۋەزىپە ئۇنىڭ خانلىق ئورنىنىڭ ئالدىغا قويۇپ ئىپتىلاتتى ھەم ئاتىدىن بالىغا مىراس بولۇپ قالاتتى. مۇھەممەد يۈسۈپ مازىرى قەشقەرنىڭ ياغدۇ دېگەن يېرىدە، بۇ يەر ئەسلىدە پادىشاھ دېگەن كىشىنىڭ يېرى ئىدى. مۇھەممەد يۈسۈپ قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن، پادىشاھ بۇ يەرنى ئۇنىڭغا دىن تارقىتىش سورۇنى قىلىش ئۈچۈن ھەدىيە قىلغان. بۇ يەردە مەدرىس، قەبرە، مېۋىلىك باغ، دەل - دەرەخ بولۇپ بەش پاتمان (بەش پاتمان ئۇرۇغ چېچىلىدىغان يەر دېمەكچى، بىر پاتمان تۆت دادەن بەش كورە) كېلەتتى. كېيىن يەنە ئەتراپتىكى ئون پەرسەخ (ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى، بىر پەرسەخ 6.24 كىلومېتىر كېلىدۇ) يەر ھەدىيە قىلىنغان.

ئاپپاق خوجا دادىسىنىڭ جەسىتىنى شۇ يەرگە دەپنە قىلىپ، " ھەزرەت مازىرى " دەپ نام بەرگەن، كاتتا قۇرۇلۇش قىلغان، گۈمبەزنى ئىككى قېتىم ياسىتىپ، ئىشانىيەنىڭ تاۋاپگاھىغا ۋە قەشقەر ئەتراپىدىكى ئەڭ مۇھىم بىناغا ئايلاندۇرغان. ئاپپاق خوجا ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇمۇ شۇ يەرگە قويۇلغان. " ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسىگە يېزىلغان 17- ئەسىردىكى ئەڭ مەشھۇر مازار — ئاپپاق خوجا مازىرى①" ئەنە شۇ. رىۋايەتكە قارىغاندا، ئاپپاق خوجا ھايات ۋاقتىدا ياساتقان ئىشىك بېشىدا بىر كۇپلېت پارسچە نەزمە بارمىش. ئۇنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق: غەيرىي ئەرەب كەبىسى — مازارنى تاۋاپ قىلسا، كەبىنىڭ ئۆزىنى تاۋاپ قىلغانغا ئوخشاش بولىدۇ، مازارنىڭ تۇپىسىنى كۆزگە سۈرتكەن كىشى ئۆمرىدە قىلغان جىمى گۇناھىدىن خالاس بولىدۇ، بۇ تۇپا كۆزدىكى چاڭ - توزاننى تازىلايدۇ، نىيەت - ئىقبالنى پاكلايدۇ. بۇ نەزمىدە ئاپپاق خوجىنىڭ مازىرى كەبە بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويۇلۇپ، " غەربىي ئەرەب كەبىسى " دېيىلگەن، بۇ مازارنى تاۋاپ قىلىش ئىسلام دىنىدىكى بەش پەرزنىڭ بىرى بولغان ھەج قىلىشنىڭ ئورنىغا

---

① «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 4 - توم، (ئىنگلىزچە نەشرى) دىكى ۋىلىيام بارتولد يازغان «قەشقەر».

قويۇلغان. تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ بۇ خىل تەشۋىقاتى شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن.

لېكىن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنى بەدىلىگە تىكلەنگەن ئاپپاق خوجا ھاكىمىيىتى تار سىياسىي، دىنىي گۇرۇھ مەيدانىدا تۇرۇپ، قارشى گۇرۇھ بىلەن ئۆچەكىشىش، قارشى گۇرۇھتىن ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدە ئىش قىلغان. ئاق تاغلىقلار قارا تاغلىقلارنى دەھشەتلىك باستۇرۇش ھېسابىغا تەرەققىي قىلغان. يەكەن خانلىقى مۇنقەرز بولغان ۋە ئاپپاق خوجا ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىلنىڭ بېشىدا، قارىمۇ قارشى ئىككى گۇرۇھنىڭ زىددىيىتى ۋە توقۇنۇشى جەمئىيەتنىڭ ھەممە قاتلاملىرىغا كېڭەيگەن. قەشقەر، يەكەن، ئاقسۇ، خوتەن قاتارلىق جايلاردا ئىسھاق گۇرۇھىدىكىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش ۋە ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ۋەقەلىرى داۋاملىق يۈز بەرگەن. يېزىلار ۋە چەت - ياقا جايلاردا بۇنداق دىنىي زىيانكەشلىك ئۇزاققىچە داۋام قىلغان. قارشى تەرەپتىكى سوفىلار بۇ بالايىئاپەتتىن قېچىپ، كېيىنى - كەينىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا، بەدەخشان، كەشمىر، كانجۇت قاتارلىق جايلارغا سەرسان بولۇپ چىقىپ كەتكەن. كەسكىن گۇرۇھۋازلىق كۈرىشىدە ھەتتا سۈننى مەزھىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەيرىي ئىشانىيە سوفىلىرىمۇ زەربە بېرىش ئوبيېكتى بولۇپ قالغان. دىنىي، سىياسىي زىيانكەشلىكتىن باشقا، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئاپپاق خوجا ئەسلىدە ئۆز ئائىلىسىگە تەۋە بولغان يەر - زېمىننى، ئاساسەن قەشقەر بەشكېرەم، قارا ساقال، ياغدۇدىكى يەرلەرنى قايتۇرۇۋالغاندىن سىرت، ئىسھاق نەسەبىدىكى خوجىلارنىڭ يەر - زېمىننى، يەنى قەشقەردىكى پەيزىۋات، يەكەندىكى توققۇز كەنت (يەكەننىڭ شەرقىي - جەنۇبىدىكى توققۇز كەنت)، خوتەندىكى ئاق ساراي، ئاقسۇدىكى ئاقيا (ھازىرقى ئۈچتۇرپان)نى ئىگىلىۋالغان. ئاق تاغلىق خوجىلار كۆپلىگەن ئېكىنزارلىقلا ۋە يانچىغا ئىگە بولۇپلا قالماي، يەلكى دىنىي ئورۇنلارغا تەۋە ۋەخپە يەر، ۋەخپە مۈلۈكلەرنىمۇ مونوپول قىلىۋالغان. بەزى چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا،

يالغۇز ” قەشقەردىكى ئاپپاق خوجا مەسچىتلىرىنىڭ ۋەخپە يەرلىرى 43 مىڭ 470 موغا، تۆگمەنلىرى 48گە، قوروقى 15كە يەتكەن[1].“ دىنىي فېئودال خوجىلارنىڭ زور قوروق ئىگىلىكى شەكىللەنگەن. ئۇلار جۇڭغارلارغا تۆلەيدىغان ئولپاننى ئۈستىلىق بىلەن باج قىلىپ چېچىپ، خەلقنىڭ گەردىنىگە ئارتقان. يەر بېجى، تۆياق بېجى، باغ بېجى، دەل ـ دەرەخ بېجى، سۇ بېجى ۋە باشقا باج ـ سېلىقلار 20 نەچچە خىلغا يېتىپ، ھەر مىللەت خەلقىگە ئېغىر يۈك بولۇپ قالغان. ” جۇڭغارلارنىڭ ئاگچىلىرى (جۇڭغارلارنىڭ ئەمەل نامى) ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ بېجىنى يىغىشقا قويۇلغان، ئۇلارنىڭ بۇيرۇقى پۈتۈن ئەلنى تىترەتكەن[2].“ ” جۇڭغارلار زوراۋانلىق قىلغان مەزگىلدە، مۇسۇلمانلار كۆزلۈك يىغىمدىن كېيىن باج يىغقىلى كېلىدىكەن، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغان، ھەر بىر ئەر كىشىنى بىر ئۆيلۈك ھېسابلاپ، ھەر بىر ئۆيلۈكتىن بازار كۈنى بىر قېتىمدا بىر ماتا ياكى بىر نەچچە پارچە قوي تېرىسى ئالىدىكەن، بىر پارچە تېيىن تېرىسىنى بىر يىلغا ھېسابلايدىكەن، تېرىق، قوناق، پۇرچاق، بۇغداي...لارنى ئاۋۋال تەڭ ئورتاق تەقسىم قىلىدىكەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوندىن بىر ئۆشرە دەپ ئېغىر باج ئالىدىكەن. توپ بېشلىرىنى ئەۋەتىپ، كالا، مەي، ئاياللارنى ئېلىپ كېتىدىكەن، ئالمايدىغان نەرسىسى يوق ئىكەن، ئازراق دىتىغا ياقماي قالسا، چاپارمەنلىرىنى ئەۋەتىپ زورلۇق بىلەن بۇلاپ كېتىدىكەن[3].“

بۇنىڭغا سېلىشتۇرما بولىدىغىنى شۇكى، ھۆكۈمران خوجىلار ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئاپپاق خوجا خانىم پاشا بىلەن توي قىلغاندا، ” پەيغەمبەرنىڭ ھىممىتىگە تەشەككۈر ئېيتىش ئۈچۈن “، ” نەزىر قىلغان[4]“ ، ” 40 مىڭ قوي، 30 مىڭ كالا ئۆلتۈرگەن، 30 مىڭ ئات سوۋغا قىلغان[5]. “

---

① مەھمۇد جوراس: «تاۋارىخ» (رۇسچە تەرجىمىسى)، 32 ـ بەتتىكى 27 ـ ئىزاھ.
② زىلف ۋېنۋز: «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى»، 270 ـ بەت.
③ چۈن يۈەن: «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم»، 7 ـ جىلد.
④ «چولاق خوجا تەزكىرىسى».
⑤ «تەزكىرە ئۆل ھىدايەت».

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاپپاق خوجىنىڭ فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقى ۋە تەسەۋۋۇپچىلىق ئىدىيىسىنىڭ چىرمىشى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى ئۈچۈن چوڭ ئاپەت بولغان. يەكەن خانلىقىنىڭ ئابدۇرىشىتخان دەۋرىدە (1570 ـ 1593 ـ يىللار) ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى گۈللەنگەن ۋە روناق تاپقانىدى، ئۇ چاغدا يەكەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى مەدرىس مائارىپى ئاساسىدا، مەدەنىيەت، ئىلىم ـ پەن تەرەققىي قىلغان، بۇ جايلاردىكى "رەشىدىيە مەدرىسى"، "خانلىق مەدرىس"لەر دىن، ئەدەبىيات، تارىخ، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا قاتارلىق پەنلەر بويىچە ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات مەركىزىگە ئايلانغان، ئىستانبۇل، ئىران، ئىراق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىن كۆپلىگەن كىشىلەر بۇ يەرگە ئوقۇشقا كەلگەنىدى، قەشقەردىكى تۆشۈك تاغ رەسەتخانىسىمۇ خېلى داڭلىق ئىدى. لېكىن، ئاپپاق خوجا ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، بۇ رەساتخانا بۇزۇپ تاشلانغان، باشقا ئىلىم مەركەزلىرىمۇ سوفىلارنىڭ ئىستىقامەت قىلىدىغان سورۇنىغا ئايلاندۇرۇلغان. قەشقەردىكى خانلىق مەدرىستە ساقلانغان نۇرغۇن كىتاب ۋە ئەسەرلەر كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. ئۆز ۋاقتىدا كەڭ تارقالغان «دىۋان رەشىد»، «رەشىد غەزەللىرى»، «چالىش نەزملىرى»، «دىۋان قىدىرى» ۋە ئاتاغلىق ئايال شائىر ئامانىسا نەفىسى يازغان «دىۋان نەفىسى» قاتارلىق داڭلىق ئەسەرلەرمۇ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ نۇرغۇن ئالىم، تەرجىمان، تېۋىپ، سەنئەتكارلىرى يا چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىنغان، يا نورمىگە تاشلانغان ۋە ياكى مەيدان، پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، سوفىزمچە ئەسەر يېزىشقا مەجبۇر قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن "شىنجاڭدا ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى بىر ئەسىرگە يېقىن توختاپ قېلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان①."

---

① گەنۋېر بايتۇر: «ئاپپاق خوجا توغرىسىدا قىسقىچە بايان»، «مىللەتلەر تەتقىقاتى»، 1982 ـ يىل 5 ـ سان.

## 2- بۆلۈم سىياسىي ۋەزىيەت مالىمان بولغان يىللار

ئاپپاق خوجا ھۆكۈم سۈرگەن 10 يىلدا، يەكەن رايونىدا مىللىي زىددىيەت، سىنىپىي زىددىيەت ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشقان. جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ياۋۇزلارچە بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان، فېئودال خوجىلار خەلقنى قاتتىق ئېزىپ ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ، زار - زار قاقشاتقان. بۇ مەزگىلدە ھەر قايسى سىياسىي كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش بۇژغۇنلىرى ئاپپاق خوجا ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش رولىنى ئوينىغان. كاڭشىنىڭ 29 - يىلى (1690 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئۇلانبۇتۇڭدا غالداننىڭ ئەسكەرلىرىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغان، ياندۇرقى يىلى غالداننىڭ كۈچلۈك رەقىبى سېۋەن ئاروبدان تۇرپاندىن كۇچاغىچە بولغان رايونلارنى ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋالغان. جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئىچىدىكى زىددىيەتنى پايدىلىنىپ كاڭشىنىڭ 31 - يىلى (1692 - يىلى) قارا تاغلىقلارنىڭ باشلىقى ھەببۇللا خوجا باشلامچى بولۇپ قاغىلىق، پوسكام، يېڭىسار قاتارلىق جايلاردا قوزغىلاڭ جايلاردىكى خەلقلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاق تاغلىقلارنىڭ مەركىزى قەشقەرگە تەسىر كۆرسەتكەن، يەرلىك پۇقرالار تېزلىكتە قوزغالغان، ئاپپاق خوجىنىڭ قولىدا ئاستانە يەكەنلا قالغان، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلار ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلغان، يەكەن يالغۇز - يېتىم شەھەرگە ئايلىنىپ قالغان. بۇ چاغدا ئاپپاق خوجىنىڭ خوتۇنىنىڭ تاغىسى، تۇرپاندا تاغ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن مۇھەممەد ئىمىن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تاغدىن چىقىپ كۇچا، ئاقسۇدىن ئۆتۈپ يەكەنگە بارغان. ئۇ غالدانغا ئىتائەت قىلمىغاچقا، ئاما ئىچىدە مەلۇم ئابرويغا ئىگە ئىدى، يەرلىك قۇرۇلتاي ئۇنى خان قىلىپ تىكلىگەن، ئاپپاق خوجا ئورنىنى بوشىتىپ چۈشۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. جۇڭغارلارنى قاتتىق ئۆچ كۆرىدىغان يەكەندىكى خان جەمەتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مۆتىۋەرلىرى تاشقى دۈشمەنگە سېتىلغان خائىنلاردىن ھېساب ئېلىشقا باشلىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەكەن شەھىرىنىڭ ھاكىمى مۇھەممەد شاھباي جوڭغارلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى قەتل قىلماقچى بولغاندا، جوڭغارلارغا يېقىنلارنىڭ كاتتىسى پولات ئۆلۈمگە تەن بەرمەي، ئاستىرتتىن ئاپپاق خوجا بىلەن بىرلىشىپ توپىلاڭ قوزغاپ، مۇھەممەد شاھباينى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان. ئاپپاق خوجا پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئاقسۇغا قېچىپ بېرىپ، خۇدابەردى سۇلتاندىن پاناھ تىلىگەن، لېكىن ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، خۇدابەردى باستۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاپپاق خوجا چوڭ ئوغلى يەھيانى ئېلىپ، جوڭغارلارنىڭ كونتروللۇقىدىكى قۇمۇل ۋە تۇرپانغا قاچقان. كىشىلەر خوجىلار ھاكىمىيىتىنىڭ گۇم بولغانلىقىنى ئالقىشلىغان، قارا تاغلىق سوپىلار ئاپپاق خوجىنىڭ دادىسىنىڭ قەبرىسى — ھەزرەت مازىرىنى چېقىپ تاشلىغان.

مۇھەممەد ئىمىن تەختكە چىققاندىن كېيىن، جوڭغار خانلىقى ئەۋەتكەن ئەمەلدارلارنى قوغلىۋەتكەن، جوڭغار خوجايىنلىرىغا بولغان بېقىندىلىق مۇناسىۋەتنى ئۈزگەن، ئىلىغا شەخسەن ئۆزى لەشكەر تارتقان. لېكىن، قەشقەردىكى ئاق تاغلىقلار يەنە توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، مۇھەممەد ئىمىننىڭ ھەربىي ھەرىكىتىگە كاشىلا سالغاچقا، ئۇ ئەسكەرلىرىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا قايتۇرۇپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. ئۇ چېكىنگەندە غالدان ئەسكەر ئەۋەتىپ قوغلىغان، ئۇ قېچىپ قەشقەرنىڭ جەنۇبىدىكى بىر جىلغىغا بارغاندا، ئۆز ئادىمى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئاپپاق خوجا يېڭىباشتىن تەختكە چىقىپ، جوڭغار خانلىقىغا بولغان بېقىندىلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. ئۇ يەكەندە قارا تاغلىقلاردىن رەھىمسىزلىك بىلەن ئۆچ ئالغان. خوجا شۇئەيب بىلەن دانىيال خوجا كەشمىرگە قېچىپ كەتكەن. ئاپپاق خوجا قارا تاغلىقلارنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىش ئۈچۈن، قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ پەيزىۋات، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىكى يەرلىرىنىڭ ئىجارىسىدىن بىر قىسمىنى ئالتۇنلۇقۇمدىكى خوجا يەھيانىڭ مازىرىنى تاۋاپ قىلىشقا ئىشلەتكەن، قالغان قىسمىنى يەم قىلىپ، كەشمىرگە قېچىپ كەتكەن پىرىڭلارغا ئەۋەتىپ بېرىڭلار، دەپ قارا تاغلىق سوپىلارغا بەرگەن ھەم ئۇلارغا قايتىپ كەلسۇن،

"مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىنى بىرلىكتە باشقۇرايلى" دەپ خەت ئەۋەتكەن. شۇئەپ بىلەن دانىيال خوجا ئالدىنىپ قايتىپ كەلگەن. تىزناپ دەرياسىنىڭ بويىغا كەلگەندە، شۇئەپ سۇيىقەستكە ئۇچراپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، دانىيالنى قايتۇرۇۋېتىپ، ئۆزى ماڭغان، نەتىجىدە ئاق تاغلىق سوفى - دەرۋىشلەردىن 400 كىشى يېتىپ كېلىپ، شۇئەپنى چاناپ ئۆلتۈرۈپ، جەسىتىنى تاغارغا سېلىپ تىزناپ دەرياسىغا تاشلىۋەتكەن، دانىيال خوجا بولسا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خوجەندكە قېچىپ كەتكەن.

ئاپپاق خوجا كۆيدۈرۈۋېتىلگەن ھەزرەت مازىرىنى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ قايتا ياساتقان، چوڭ ئوغلى يەھيانى قۇرۇلۇشنى نازارەت قىلىشقا قويغان، نۇرغۇن ھاشارچى ۋە ئۇستا - ھۈنەرۋەنلەرنى توپلىغان، يېرىم يىل ۋاقىتتا 10 مىڭ سەر تەڭگە سەرپ قىلغان: رىۋايەتكە قارىغاندا، قەبرىنىڭ گۈمبىزى ئۈچ قېتىم بۇزۇپ ياسالغانمىش. بۇ قۇرۇلۇشنى ياساشتا، يوقسۇل پۇقرالارغا ئېغىر ئالۋاڭ - ياساق سېلىنغان. ھىجرىيە 1105 - يىلى 7 - ئاينىڭ بېشىدا، يەنى مىلادى 1694 - يىلى 2 — 3 - ئايلاردا ئاپپاق خوجا ئۆلگەن. ئۇنىڭ جەسىتىنى ئاق تاغلىق سوفىلار يېڭى قەبرىسگە قويغان. بۇ چاغدا ئاپپاق خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى يەھيا قەشقەردە، ئۆگەي ئانىسى خانىم پاشا ئۆزىنىڭ ئوغلى مەھدى خوجا بىلەن يەكەندە تۇراتتى. خانىم پاشا قارا نىيەت خوتۇن بولۇپ، مەن چاغاتاي ئەۋلادىدىن بولغان خان جەمەتى، خان بىلەن قانداش، ھۆكۈمدار بولۇشقا لاياقەتلىك، دەپ قارايتتى. يەھيانىڭ گۇپپاڭچىلىرى خانىم پاشانىڭ يەكەندە تۇرۇشىغا قارشى ئىدى، ئۇلار يەھيانى ئاپپاق خوجىنىڭ قانۇنىي ۋارىسى سۈپىتىدە يەكەنگە بېرىپ تەختكە ئولتۇرۇشقا قۇترىتاتتى. خانىم پاشا يەھيا ئاپپاق خوجا مازىرىنى يوقلاشقا بارغاندا ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ، قىلىچۋازلارنى بۆكتۈرمە قىلىپ قويغان، يەھيا تۇيۇپ قېلىپ قېچىپ كەتكەن. بۇ ئوردا سىياسىي ئۆزگىرىشىدە خانىم پاشا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن ۋە يەكەنگە بېرىپ مەھدى خوجىنى تەختكە ئولتۇرغۇزغان، مەرتىۋىسىنى "پادىشاھ خوجا" قىلىپ بەلگىلەپ، ئۆزى ۋەلىئەھد بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ چاغدا جۇڭغارلاردىن قەشقەردە تۇرۇشلۇق چاغانتاش يەھيا بىلەن كېلىشەلمەي، قەشقەردە ھەربىي ئۆزگىرىش قوزغىغان. خانىم پاشا چاغانتاش بىلەن يەھيانىڭ توقۇنۇشىدىن پايدىلىنىپ، يەھيانى ئۆلتۈرگۈزگەن، يەھيانىڭ ئۈچ ئوغلىدىن ئىككىسى ئۆلتۈرۈلگەن، 3 - ئوغلى خوجا ئەھمەد تۆشۈك تاغدىكى بىر غارغا مۆكۈنۈۋېلىپ قۇتۇلۇپ قالغان. بۇ قېتىمقى ۋەقەگە چېتىلىپ يۈزلىگەن ئادەم ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەكەننىڭ ھاكىمى شاھ سەئىد، قەشقەرنىڭ ھاكىمى مۇھەممەد ئىمىنلەرمۇ بار ئىدى، ھەتتا خانىم پاشانىڭ بىر تۇغقان سىڭلىسى بەخلەندۇمۇ يەھيانىڭ خوتۇنى بولغىنى ئۈچۈن قايناۋاتقان ياغقا تاشلاپ ئۆلتۈرۈلگەن، شۇنىڭ بىلەن خانىم پاشا " جاللات خانىم " دەپ نام ئالغان.

بۇ ۋاقىتتا ئابدۇرىشىتخاننىڭ 2 - ئوغلى مۇھەممەد مۆمىن يەنى ئاقباشخان ئاق تاغلىق ھۆكۈمرانلار ئىچىدىكى يېغىلىقتىن پايدىلىنىپ توپىلاڭ قوزغاپ، يەكەنگە بېسىپ كىرگەن، " خانىم پاشا بەگلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، ئۇنىڭ ئوغلى پادىشاھ خوجىمۇ سوفىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن[1]. " ئاقباشخان يەكەن شەھرىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىغان. ئۇ ئاپپاق خوجا ئائىلىسىنىڭ يەكەندىكى ئەزالىرىنى ھىندىستانغا سۈرگۈن قىلغان، ئاق تاغلىقلارنىڭ ئەسەبىي ئېتىقادچىلىرىنى قانلىق باستۇرغان. 1000 دىن ئارتۇق دەرۋىش ۋە سوفىنى قولغا ئېلىپ، شەھەر دەرۋازىسىدىكى تۈگمەن بېشىغا ئېلىپ چىقىپ، نەيزە سانجىپ ئۆلتۈرگەن ھەم ئۇلارنى بىر - بىرلەپ بوغۇزلاپ، ئۇلارنىڭ قېنى بىلەن بويالغان تۈگمەن سۈيىدە ئۇن تارتقۇزۇپ يېگەن.

ئاقباشخان يەكەنلىكلەرنىڭ دىنىي تەسىرىدىن پايدىلىنىپ ئاق تاغلىقلار بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇش ئۈچۈن خوجەندكە قېچىپ كەتكەن دانىيال خوجىغا مۇنداق تەكلىپ خېتى يازغان:

---

① نامەلۇم ئاپتورنىڭ ئەسىرى «قەشقەر تارىخى» . «بارتولد ئەسەرلىرى»، رۇسچە نەشرى، 8 - توم، 189 - بەت، موسكۋا، 1973 - يىل نەشرى.

" خوجا دانىيال جانابلىرىغا:

يۇرۇن بىزنىڭ ئەجدادىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ مۇرىتى ئىدى. شۇلارنىڭ دۇئاسى ۋە پاناھى بىلەن يەنە مۇشۇنداق دۇئانىڭ بەركاتى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ دۆلىتىنى قوغداۋېتىپتىمىز. ئەمدى زامان بىزنىڭ بولدى، سىلىنىڭ ئورۇنلىرى بار، ئەلۋەتتە. جانابلىرىنى باشلىق بولۇپ بىرىشكە تەكلىپ قىلىمىز①. "

دانىيال خوجا خوجەندتە خوتۇن ئېلىپ، باللىق بولغاندى، بالىسىنىڭ ئىيتى ياقۇپ ئىدى. ئۇ ئاقباشخاننىڭ خىيتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بالا - چاقىسىنى ئېلىپ يەكەنگە كۆچۈپ كەلگەن، دىنىي داھىي سۈپىتىدە داغدۇغىلىق قارشى ئېلىنغان ۋە كۆتۈۋېلىنغان. لېكىن ئاق تاغلىقلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن قىرغىزلارنىڭ باشلىقى ئارزۇ مۇھەممەد بەگ لەشكەر تارتىپ قەشقەرنى بېسىۋالغان. قەشقەردىكى ئاق تاغلىق سوفىلار خوجا ئەھمەدنى ئۆزىگە دىنىي داھىي قىلىپ تىكلىگەن. ئاقباشخان لەشكەر تارتىپ قەشقەرگە يۈرۈش قىلغان، لېكىن ئۇ يېڭىلىپ ئارزۇ مۇھەممەدكە ئەسىر چۈشۈپ، يېڭىساردا قەتل قىلىنغان. ئارزۇ مۇھەممەد ئاقباشخاننىڭ ئوغلى ئەھمەد سۇلتاننى يەكەنگە ئېلىپ بېرىپ قورچاق قىلغان، ئۆزى يەكەنگە ھاكىم بولغان. يەكەندىكى بەگلەر ياردەم سوراپ قۇنتەيجىگە خەت يازغان.

جۇڭغارلارغا كەلسەك، چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن تەلتۆكۈس مەغلۇپ قىلىنغان غالدان كاڭشىنىڭ 36 - يىلى (1697 - يىلى) ئۆلگەن، سېچى ئاروبدان ۋارىسلىق قىلىپ خان بولغان (1697 — 1727 - يىللار). تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ مالىمان بولۇشى ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئولپاننىڭ ئازىيىپ كېتىشى ھەم ئۈزۈلۈپ قېلىشى جۇڭغارلارنىڭ خوجايىنلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولغانلىقىنى كۆرسىتەتتى. شۇڭا، سېچى ئاروبدان تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، جەنۇبىي شىنجاڭغا لەشكەر تارتىشقا بەل باغلىغاندى. ئۇ ياردەم سورىغان خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن،

① «ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ تارىخىدىن تەرجىمىلەر»، 4 - توم، 121 - بەت.

www.uyghurkitap.com

ئۇيراتلارنىڭ ئاقسۇ، كۇچادىكى قوشۇنلىرىنى باشلاپ يەكەنگە بېرىپ، ئاززۇ مۇھەممەدنىڭ قوشۇنلىرىنى قوغلىۋەتكەن. " يەكەن خاننى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى نۇرغۇن ئەمىرلىرىنى ئىلى ۋادىسىغا ئېلىپ كەلگەن[1]. " قىرغىز قوشۇنلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىك سېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سېچى ئاۋۇبدان يەرلىك ھەربىي ئاقسۆڭەكلەرنى يەكەن، قەشقەر، خوتەننىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىگەن، لېكىن يەنىلا ئاق تاغلىق خوجا ئەھەتنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىپ، " مۇسۇلمانلار رايونىدىكى شەھەرلەرنىڭ ئىشلىرىغا باش مۇئەككەل قىلغان[2]".

بىراق، جۇڭغارلار ئەسكەرلىرىنى قايتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، قىرغىزلارنىڭ باشلىقى ئاززۇ مەھەممەد بەگ يەنە ئەسكەر باشلاپ كېلىپ قەشقەر، يېڭىسارلارنى ئىشغال قىلغان ھەم يەكەنگە يۈرۈش قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قىرغىزلارغا ئەگىشىپ قېچىپ چىقىپ كەتكەن بىر تۈركۈم كۇچلۇك ئاتامانلار (بەگ، بېيلار) يەكەن شەھىرىگە قايتىپ كىرگەن، ئۇلار شەھەر ئىچىنى پاراكەندە قىلغان، بىر مەھەل قارا تاغلىق خوجا دانىيالنى تۇتۇۋېلىپ، " دۆلەتنى كونترول قىلماقچى بولغان[3]. " يەكەندىكى ئىشىك ئاغا ئەلەم شاھبەگ پاراكەندىچىلىكنى تىنچىتقان ۋە خوجا دانىيال بىلەن بىللە ئاززۇ مەھەممەد قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرغان.

يەكەن تەرەپ شەھەرنى قوغداش ئۈچۈن قازاقلارنىڭ يولباشچىسى ھاشىم سۇلتاننى چىللاپ كېلىپ خان قىلغان. ھاشىم سۇلتان قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇپ، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان، ئىككى تەرەپنىڭ قوراللىق توقۇنۇشى توختىغان. لېكىن، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، يەكەن شەھىرىدە يەنە پىغا قوزغالغان. دانىيال خوجىنىڭ قوللىغۇچىلىرى سۇيىقەست ئىشلىتىپ ھاشىم سۇلتاننى چەتكە قاققان، بۇ قازاق يولباشچىسىنى ئورۇن بوشىتىپ ئۆز نەۋسىگە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلغان. دانىيال خوجا يەكەننىڭ

---

① خوۋۋس: «موڭغۇل تارىخى»، ئىنگلىزچە نەشرى، 654 - بەت.
② جۇن يۈەن: «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم»، 6 - جىلد.
③ نامەلۇم ئاپتور يازغان «قىرغىز تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، 1 - توپلام.

ھۆكۇمرانى بولۇپ قالغان. شۇنداق قىلىپ، يەكەندىكى دانىيال خوجا باشچىلىقىدىكى قارا تاغلىقلار بىلەن قەشقەردىكى ئەھمەد خوجا باشچىلىقىدىكى ئاق تاغلىقلار ئوتتۇرىسىدا تىركىشىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن.

ئاق تاغلىق خوجىلار ئىچىدە ئەھمەد خوجىدىن باشقا، ئەسلىدە يەكەندە ئولتۇراقلاشقان ئاپپاق خوجا ئەۋلادى ھەسەن خوجىمۇ بار ئىدى. ئۇ ھىندىستانغا ھەيدەلگەندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى تەسەۋۋۇپچىلىقىنى ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيادا تارقاتقان. بۇ سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ مالىمان بولۇشى بىلەن كېلىپ چىققان يەنە بىر ئاقىۋەت.

ھەسەن خوجا ھىجرىيە 1100- يىل 1- ئاينىڭ 27- كۈنى (مىلادى 1688- يىلى) تۇغۇلغان، ئۇ ئاپپاق خوجا بىلە خانىم پاشانىڭ 2 - ئوغلى ئىدى. 1696- يىلى سەككىز يېشىدا قوۋمى بىلەن يەكەندىن يولغا چىقىپ قەشقەردىن ئۆتۈپ، تاشمىلىق سىڭگىمول كەنتى (تاشقورغان تەۋەسىدە)گە بارغان، شابىق خوجىنىڭكىدە ئىككى ئاي تۇرۇپ، يول خىراجىتىنى جەملەپ، ھىندىستانغا قاراپ راۋان بولغان. ئۇلار يول ئۈستىدە بەدەخشاننىڭ بارخان دېگەن يېرىدە ئۈچ يىل تۇرۇپ قالغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەسەن خوجىنى شۇ يەردە قالدۇرۇپ، قالغانلار ھىندىستانغا بېرىپ ماكانلاشقان. ھەسەن خوجا بەرەق شەھىرىدە سەئىد ئابدۇللا دېگەن كىشىدىن سۇفىزم ئەقىدىلىرىنى ئۆگىنىپ، ئىستىقامەت قىلغان، چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن. ھەسەن خوجا بىلىمىنىڭ كەڭلىكى ۋە كارامەت كۆرستەلەيدىغانلىقى بىلەن ئالقىش ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان. ئۇ ھىندىستاندا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، ھەج قىلىش ئۈچۈن مەككىگە يولغا چىقىپ ئوتتۇرا ئاسىياغا بارغان، غەربىي ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى ئايلىنىپ دىن تارقاتقان. رىۋايەتكە قارىغاندا، ئۇ قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، ئالاي، بوستانتېرەك قاتارلىق جايلاردا قىرغىزلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، جوڭغارلارغا قارشى جەڭ قىلغان. ھەسەن خوجا ئاپپاق خوجىنىڭ جوڭغارلارغا سېتىلغان گۇناھىنى يۇيغانلىقىنى ئۆز ھەركىتى بىلەن ئىسپاتلىماقچى بولغان.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن قاتارلىق جايلاردا ئاق تاغلىقلارنىڭ بايرىقىنى قايتا تىكلەپ، ئاق تاغلىقلارنىڭ ئىسلام «ھەققىتى»نى قوغداشتىكى ئابرويىنى ئۆستۈرگەن. شۇڭا، ئاق تاغلىقلارنىڭ تەزكىرىسىدە، ھەسەن خوجا ئاپپاق خوجىدىن كېيىنكى يەنە بىر «ئەۋلىيا» بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ شۆھرىتى ئەجدادىدىن ئېشىپ كەتكەن، دەپ قارىلىدۇ.

ئاق تاغلىقلار ھەسەن خوجىنىڭ تاشمىلىق، بەرەق، ھىندىستان، سەمەرقەند، ھىسار قاتارلىق جايلاردا ماشايىقلارنىڭ قەبرىلىرىنى تاۋاپ قىلغاندا «كارامەت» كۆرسەتكەنلىكى، ئىشانلىق قىلىپ، مۇرىت ۋە شاگىرت قوبۇل قىلىپ، سوفىزم تەشكىلاتلىرىنى قۇرغانلىقى توغرىسىدا نۇرغۇن رىۋايەت قالدۇرغان. ھەسەن خوجا يىراقتا قەدىمكى قۇرۇقلۇق يىپەك يولىنىڭ ئاخىرى، تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھرىگىچە بېرىپ دىن تارقاتقان. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ شاگىرتلىرى تۈركىيىدە «ئامما ئىچىدە كەڭ كۆلەمدە مۇرىت قوبۇل قىلغان①». شاگىرتلىرى ئۇنىڭ جەسىتىنى ئات ئېرىسىگە يۆگەپ يۇرتىغا ئېلىپ كەلگەن. بۇ چاغدا تارىخ قارا تاغلىقلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرگە قەدەم قويغانىدى.

## 3 - بۆلۈم قارا تاغلىقلار ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە زاۋال تېپىشى

يەكەندىكى قارا تاغلىقلار بىلەن قەشقەردىكى ئاق تاغلىقلارنىڭ تىركىشىشى ئون نەچچە يىل داۋام قىلغان، بۇ مەزگىلدە زىددىيەت ۋە توقۇنۇش ئۈزۈلمىگەن. ئىككى گۇرۇھتىكى خوجىلارنىڭ كۈرىشى، روشەنكى، ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىشىشىغا پايدىسىز ئىدى. بولۇپمۇ ئاق تاغلىق «خوجا ئەھمەد ھىيلىسى جىق، ئادەم بەزلەشكە ئۇستا، چوڭ شەھەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭلىنى

① «تەزكىرەئى خوجىگان»، پارسچە قولىيازما.

ئۇتۇۋالغان، ئۆز ئالدىغا خانلىق قۇرۇش كويىدا يۈرگەن[1]" بولۇپ، جۇڭغارلارغا ئىغىر تەھدىت بولۇپ قالغانىدى. سىچى ئارۇبدان ئالىلىبۇرۇنلا تىبەتنى كونترول قىلىپ، دالاي لامانى مەجبۇرلاپ موڭغۇللارغا بۇيرۇق چۈشۈرگۈزۈپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي ـ جەنۇبىدىكى بوستانلىقنى تايانچ قىلىپ، ئالدى بىلەن لاسانى ئىلىش كويىدا يۈرگەنىدى. شۇڭا، ئۇ مۇسۇلمانلارنى ۋە خوجىلار ئائىلىسىدىن چىققان يات كۈچلەرنى ئۇجۇقتۇرۇشى، باشقا يوشۇرۇن ئاپەتلەرنىمۇ تۈگىتىشى لازىم ئىدى، شۇنداق قىلغاندىلا، بۇ ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايتتى. كاڭشىنىڭ 52 ـ يىلى (1713 ـ يىلى) سىچى ئارۇبدان يەكەنگە 2 ـ قېتىم لەشكەر تارتقان، خوجا دانىيال قول كۆتۈرۈپ تەسلىم بولغان ھەم جۇڭغارلارنىڭ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىشىغا شەخسەن ئۆزى يول باشلاپ بەرگەن. ئاق تاغلىق خوجا ئەھمەد تۇتۇلۇپ قېلىپ، بويىنىغا شال چۈشكەن. كارامەت نەسەبىدىكى ئىسەي (ئەرك) خوجا ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى قاتارلىق كىشىلەرمۇ سولاققا چۈشكەن. كېيىن جۇڭغارلار ئۇلارنى ئىلىغا ئىلىپ بارغان، ئەھمەد ئىران كابۇغا دېگەن چېكرا جايىغا ئاپىرىپ قامالغان. دانىيال خوجا راست تەسلىم بولغان بولسىمۇ، لېكىن جۇڭغارلار ئۇنىڭ يەكەنگە ھۆكۈمدار بولۇشىغا رۇخسەت قىلماي، بالا ـ چاقىسى بىلەن قوشۇپ ئىلىغا ئاپىرىپ، تۇرغاق قىلىپ تۇرغان. «تەزكىرەئى خوجىگان»دا يېزىلىشىچە، جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرى " ئۆزلىرىنىڭ دىتىغا ياققان بىرسىنى قەشقەر ۋە يەكەننىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىگەن[2]." چىڭ سۇلالىسىنىڭ «تۆرە ـ بەگلەر تەزكىرىسى» دېگەن تارىخ كىتابىتىمۇ خوجا ئەھمەد ۋەزىپىدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، " يەكەن، قەشقەر خەلقى ئىككى خوجىنى ھاكىم قىلىپ تىكلىدى[3]" دەپ يېزىلغان. بۇ ئىككى خىل گەپ ۋەلىخانوۋنىڭ دوكلاتىدا بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ۋە ئىسپاتلانغان. ئۇ مۇنداق دېگەن:

---

① چوقان ۋەلىخانوۋ: «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم»، 6 ـ جىلد.
② «تەزكىرەئى ئەزىزان» (ئۇيغۇرچە)، 70 ـ بەت، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ 1988 ـ يىل نەشرى.
③ «خان تەرىپىدىن بېكىتىلگەن ۋاسال موڭغۇل، مۇسۇلمان تۆرە ـ بەگلەر تەزكىرىسى»، 117 ـ بەت، «ئابدۇراخمان تەزكىرىسى».

”قالماقلار ئامما سايلىغان ھاكىم بەگنى تەيىنلىگەندىن كېيىن، قەشقەردىكى خوجا ئەھمەدنى ئىتتىپاقدىشى ۋە بالا - چاقىسى بىلەن قوشۇپ ئىلىغا ئېلىپ كەتكەن ①“ . بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئىككى خوجا ئامما ” سايلىغان “، جۇڭغار خوجايىنلارنىڭ ” دىتىغا ياققان “ كىشى ئىدى.

ئىككى خوجا ئۈچ خوجىمۇ دېيىلىدۇ. ئۇلار قەشقەردىكى خوجىلار جەمەتى ئىچىدە ئىسھاق نەسەبىگىمۇ، ئىشان كالان نەسەبىگىمۇ كىرمەيتتى، مەخدۇم ئەزەمنىڭ كەنجى ئوغلى دوست خوجىنىڭ ئەۋلادى، قارا تاغلىقلار بىلەن ئاق تاغلىقلارنىڭ سىرتىدا يۈرگەن ” ئوتتۇرا يولچى “ شەخس ئىدى، شۇڭا ئۇنى يەكەندىكى قارا تاغلىق ئاممىمۇ، قەشقەردىكى ئاق تاغلىق ئاممىمۇ سايلىغان، جۇڭغار خوجايىنلىرى قوشۇلغان، ئامما تەيىنلىگەن. بۇ ئوتتۇرا يولچى خوجىنىڭ يەتتە يىل سەلتەنەت سۈرۈشى نەتىجىسىدە، 1720 - يىلى قارا تاغلىقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى باشلانغان.

1716 - يىلى سېچى ئارۇبداق چوڭ سەركار لىدوندوبۇنى ئالى تېغىنىڭ قىسلىچىقىدىن تىبەتكە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىپ، لاسانى ئالغان، لازاڭخانىنى ئۆلتۈرگەن. 1720 - يىلى كاڭشى تىبەتنى خەۋپتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن تىبەتكە ياردەمگە ئادەم ئەۋەتكەن، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەسكەر ئەۋەتىپ، باركۆلدىن ھۇجۇم قىلىپ، جۇڭغارلارنى تۇتۇپ تۇرغان. سېچى ئارۇبدان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئارقا سەپ بازىسىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، قارا تاغلىقلارنىڭ سىياسىي جەھەتتە بىر قەدەر مۆتىدىل پوزىتسىيە ۋە مەيداندا تۇرۇۋاتقانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، دانىيال خوجىنى قويۇپ بېرىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبىنى تېخىمۇ مۇقىملاشتۇرۇش قارارىغا كەلگەن. جۇڭغارلار قۇنتەيجىسى دانىيال خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى خوجا جاھاننى ئىلىدا تۇرغاق قىلىپ ئېلىپ قېلىپ، دانىيال خوجىغا غەربتىكى تۆت شەھەر (ئاقسۇ، يەكەن، قەشقەر، خوتەن)نىڭ ” خوجا ۋە پادىشاھلىق ئورنى “نى بەرگەن②. دانىيال خوجا

① چوقان ۋەلىخانوۋ: «ئالتە شەھەرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات»، «توپلام»، رۇسچە نەشرى، 2 - توم، 302 - بەت، ئالمۇتا، 1962 - يىل نەشرى.
② «تەزكىرەئى ئەزىزان»، (ئۇيغۇرچە)، 76- بەت.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆز تەۋەسىدىكى ھەر قايسى شەھەرلەرنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنى ئۆزى
بەلگىلەيدىغان، يۇرتنى ئۆزى سورايدىغان بولغان. دانىيال خوجا بۇرۇن ئاپپاق
خوجا جۇڭغارلارغا ھەر يىلى تۆلەپ كەلگەن 1100 مىڭ سەر تەڭگىنى
داۋاملىق تۆلەيدىغان بولغان. ئۇ " ئۆز ئېھتىياجىنى ئاتا مىراس يەرلەردىن
كىرگەن كىرىم بىلەن قامداپ، دۆلەتنىڭ باشقا كىرىملىرىنى قالماقلارغا
تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولغان①. " يۇڭجېڭنىڭ 5 - يىلى (1727 - يىلى) سېچى
ئارۇبدان ئۆلگەن، ئوغلى سىپلىك (1727—1745 - يىللار) دانىيال خوجىنىڭ
تۆت شەھەردىكى ۋاكالىتەن ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى ئېنىق ئېتىراپ
قىلغان، لېكىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى تالان - تاراج
قىلىشنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن. يۇڭجېڭنىڭ 13 - يىلى (1735 - يىلى) دىن
بۇرۇن، دانىيال خوجا ئاغرىپ ئۆلگەن، دىنىي ئىشلارنى چوڭ ئوغلى خوجا
جاھاننىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرغان. " خوجا جاھان " ياقۇپنىڭ ھۆرمەت نامى
بولۇپ، " جاھانگىر "، " دۇنيانى تۇتقۇچى "، " ئىستېلاچى " دېگەنلىك
بولىدۇ، ئۇنىڭدا قارا تاغلىقلارنى قايتا باش كۆتۈرگۈزۈش، دېگەن مەنە بار.
لېكىن، تارىخنىڭ تەرەققىياتى ئۇنىڭ ئۈمىدىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا يول
قويمىدى. غالدان سېرىن جەنۇبىي شىنجاڭنى كونترول قىلىشقا ئاسان بولسۇن
دەپ، مەمۇرىي جەھەتتە پارچىلاش چارىسىنى قوللانغان. دانىيال خوجىنىڭ
5 ئوغلى بار ئىدى، چوڭ ئوغلى خوجا جاھاننى يەكەننى سوراشقا، 2 -
ئوغلى يۈسۈپنى قەشقەرنى سوراشقا، 4 - ئوغلى نىزامىدىننى (ماقاش خوجا
دېگەن ئېتىمۇ بار) ئاقسۇنى سوراشقا، 5 - ئوغلى خوجا ئابدۇللانى خوتەننى
سوراشقا قويغان ۋە ئۇلارغا گۇۋاھنامە، دەستەك بەرگەن. ئۇلار بىردىن ئوغلىنى
تۇرغاق قىلىپ ئىلىدا قالدۇرىدىغان، ھەر يىلى جۇڭغار خانىغا بىر - ئىككى
قېتىم ئولپان تاپشۇرىدىغان، سالام بېرىدىغان بولغان. كېيىن غالدان سېرىن
خوجىلارنىڭ ھوقۇقىنى چەكلەش، ھەرىكىتىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، تۆت
شەھەرگە بىر قىسىم يەرلىك ھەربىي ئاقسۆڭەكلەرنى ھاكىملىققا تەيىنلەپ

---

① «مىللەتلەر تارىخىدىن تەرجىمىلەر»، 8 - سان، 105 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەۋەتكەن.

جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرىنىڭ زۇلۇمى ئاستىدا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ فېئوداللىق ئىگىلىكى زاۋاللىققا يۈزلەنگەن، خەلق ئازاب ـ ئوقۇبەتتە جېنىدىن جاق تويغان. قارا تاغلىق خوجىلارمۇ جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل بولۇش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتكەن. ئۇلارنىڭ غوللۇق ئادىمى يۈسۈپ خوجا ئىدى، ئۇ دانىيال خوجىنىڭ جۇڭغارلاردىن ئالغان خوتۇنىدىن تۇغۇلغان بالا بولۇپ، باللىق تۇرمۇشى ئىلىدا ئۆتكەنىدى، كېيىن ئۇ مۇشۇ ئالاھىدە سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ ئىلىغا بېرىپ، جۇڭغارلارنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى كۆزىتىپ يۈرگەنىدى. چيەنلۇڭنىڭ 18 ـ يىلى (1753 ـ يىلى) بولسا كېرەك، يۈسۈپ ئىلىغا بارغاندا، غالدان سېرىن ئۆلگەندىن كېيىن جۇڭغارلار ئىچىدە خان جەمەتلىرىنىڭ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ھوقۇق تالىشىپ ئۆز ئارا قىرغىنچىلىق قىلغانلىقى، چوڭ مالىمانچىلىق يۈز بەرگەنلىكىنى بايقىغان، ئۇ ئىلى رايونىدىكى قىرغىزلارنىڭ قىپچاق قەبىلىسى بىلەن بىرلىشىپ، تۇرغاق بولۇپ ئىلىدا قالغان چوڭ ئوغلى خوجا ئابدۇللانى ئامال قىلىپ جۇڭغارلارنىڭ نازارىتىدىن قاچۇرۇپ قەشقەرگە ئېلىپ كەلگەن. قارا تاغلىق خوجىلار گۇرۇھى جۇڭغارلارغا بېقىنماسلىق، ئولپان تاپشۇرۇشنى توختىتىش قارارىغا كېلىپ، قەشقەردە ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلغان. جۇڭغار ئوردىسى ئاجىزلىغان، ئەسكەر ئەۋەتىپ باستۇرغۇدەك ھالى قالمىغانىدى. شۇڭا، مۇرجىنى ئەلچى قىلىپ، يەكەن قاتارلىق تۆت شەھەرگە 300 ئەسكەر بىلەن "ھال سوراش"قا ئەۋەتكەن ھەم يەكەننىڭ ھاكىم بېگى نىياز بەگ بىلەن بىرلىشىپ خوجا جاھاننى تۇتتۇۋالغان. يۈسۈپ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، جىددىي باش قوشۇپ، قارا تاغلىقلارنىڭ كۈرىشىنى داۋاملاشتۇرۇشنى قارار قىلغان ھەم قەشقەر، خوتەن، يەكەنگە جۇڭغارلارنى ئەيىبلەپ مەكتۇپ ئەۋەتكەن، جۇڭغارلارنىڭ شۇ يەردە تۇرۇشلۇق "قاراخان" دەپ ئاتىلىدىغان ئەمەلدارىنى قوغلاپ چىقارغان، جۇڭغارلارنىڭ شىلاش قەبىلىسىدىن قەشقەر قاتارلىق جايلاردا سودىگەرلىك قىلىۋاتقان 300 دىن ئارتۇق سودىگەرگە

مەجبۇرىي ئىمان ئېيتقۇزغان ھەم يەكەنگە قاراپ يۈرۈش قىلغان. يەكەندىكى غازى بەگ قاتارلىق كىشىلەر ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى بايقاپ، توۋا قىلغانلىقى توغرىسىدا خوجا جاھانغا قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچكەن ۋە خوجا جاھاننى قويۇپ بەرگەن. قارا تاغلىقلار ئىلىغا داۋاملىق ھۇجۇم قىلماقچى بولغان، ئۇلار مەيچى بەگ دارياشنى ئەنجانغا ئەۋەتىپ، شۇنىڭ بىلەن بىللە قىرغىزلارنىڭ كاتتىسى بانمىرزاغا خەت ئەۋەتىپ، ئىككى تەرەپتىن ياردەم سورىغان. كېيىن يۈسۈپ ئاغرىپ يېتىپ قالغانلىقتىن، ئىلىغا ھۇجۇم قىلىش خىيالى ئەمەلگە ئاشمىغان.

بۇ چاغدا جۇڭغارلارنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىدىمۇ زور ئۆزگىرىش بولغان. ئامۇرسانا بىلەن داۋاچى خانلىقنى تالاشقان. ئامۇرسانا چىڭ ئوردىسىدىن ياردەم سورىغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئىلىغا ئەسكەر ئەۋەتكەن. داۋاچى ئۇچتۇرپانغا قېچىپ بارغاندا، ئۇچتۇرپاننىڭ بېگى خوجىس ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن. چيەنلۇڭنىڭ 20 - يىلى (1755 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى جۇڭغارلارنى تىنچىتىپ، ئىلىدىكى ئەھمەد خوجىنىڭ ئوغۇللىرى بۇرھانىدىن ۋە خوجا جاھاننى، يەنى ئاتالمىش چوڭ - كىچىك خوجىلارنى قويۇپ بەرگەن. بۇرھانىدىن چىڭ ئەسكەرلىرى، جۇڭغارلار ۋە يەرلىك ئاممىدىن تەركىب تاپقان 1400 كىشىلىك قوشۇن بىلەن ” ئەل بولۇشقا چاقىرىش “ خىزمىتىنى ئىشلەش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭغا قايتۇرۇلغان. ئۇلار ئاقسۇغا كەلگەندە ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن ھەم ئۇچتۇرپاننى ئاسانلا ئالغان. بۇرھانىدىن قەشقەر، يەكەن، ئىلى، ئاقسۇلۇق ئۇيغۇرلار ۋە قىرغىزلار ئىچىدىكى بىر تۈركۈم يۇقىرى دەرىجىلىك بەگلەرنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاپ، قارا تاغلىقلار بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرىدىغان كۈچ شەكىللەندۈرگەن. يەكەندىكى قارا تاغلىقلار يەھيا (ئابدۇللانىڭ ئوغلى)نىڭ باشچىلىقىدا بىر قوشۇن چىقىرىپ ئۇلارنى توسقان. يۈسۈپ بۇ قېتىمقى يۈرۈشنى توسۇپ قالماقچى بولغان، لېكىن نىيىتى ئەمەلگە ئاشمىغان. قوشۇن يۈرۈشكە ئاتلىنىپ ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، يۈسۈپ

ئاغرىپ ئۆلگەن. بۇنىڭدىن باشقا، خوجا جاھان ئۇچتۇرپانغا يۈرۈش قىلىشقا قوشۇلمايتتى، لېكىن قوشۇن يولغا چىقىپ بولغاچقا، خوجا مۆمىن (يۇسۇپنىڭ ئوغلى)نى قوشۇن بىلەن يەھياغا قوشۇپ، ئاقساي، قاقشال ئارقىلىق ئۇچتۇرپانغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن. ئۇلار يېڭىساردىن ئۆتكەندە قىرغىزلارمۇ يۈرۈشكە قاتناشقان. قارا تاغلىقلارنىڭ قوشۇنى ئۇچتۇرپان شەھىرىگە يېقىنلىشىپ، ئاۋۋال بەشكېرەمنىڭ ھاكىمى مەھرەم بەگ، توختى بەگ، ئۆمەر مىرزا ۋە بىر قىرغىز ئاتامانىنى شەھەرگە ئەلچىلىككە كىرگۈزگەن. ئۇلار ئاق تاغلىق خوجىلارنى مۇسۇلمانلار تەرەپكە ئۆتۈپ، ئەل بولۇشقا چاقىرىپ يېزىلغان خەتنى ئوقۇپ بەرگەن. لېكىن، بۇرھانىدىن ئەلچىلەرنى مەسخىرە قىلغان ۋە قورقۇتقان، 10 مىڭ جۇڭغار ئەسكىرى ئاقسۇدا تۇرىدۇ، يەنە سان - ساناقسىز چىڭ ئەسكەرلىرىنى يۆتكەپ كېلىپ، قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ مۇرىتلىرىنى قىرىۋېتىش قولىمىزدىن كېلىدۇ، "ئىسھاق نەسەبىدىكى خوجىلار سۈرگۈن قىلىپ ئىلىغا قوغلىنىدۇ[1]»، چىڭ سۇلالىسى خانى بىلەن ئامۇرسانا مېنى يەكەن رايونىغا ھۆكۈمدار قىلىپ رەسمىي تەيىنلىدى، دەپ پوپوزا قىلغان. بۇرھانىدىننىڭ تەھدىت سېلىشى ئارقىسىدا، تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلغۇچىلار ئەل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، بۇرھانىدىن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن.

ئەلچىلەر ئۆمىكى يەھيانىڭ بارگاھىغا قايتىپ بېرىپ، قارشى تەرەپنىڭ كۈچىنى ھەدەپ مۇبالىغە قىلغان. يەھيا سەپ تارتىپ سوقۇشۇشنى قارار قىلغان بولسىمۇ، لېكىن جەڭ باشلانغىچە، ئادەملىرىنىڭ دۈشمەنگە ئەل بولىدىغانلىرى ئەل بولۇپ، قاچىدىغانلىرى قېچىپ، يىراققا يۈرۈش قوشۇنى يەكەنگە چېكىنگەن. خوجا جاھاننىڭ ياردەمچىسى قىرغىز مىنجى قەبىلىسىنىڭ قوشۇنى باشلامچىلىق بىلەن تەسلىم بولدى دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ قالغان قىسمىنى ھەربىي قانۇن بويىچە جازالىغان، بۇنىڭ بىلەن غوۋغا كۆتۈرۈلگەن، قىرغىزلار بۇلاپ-ئالىدىغانىنى بۇلاپ قېچىپ كەتكەن. بۇرھانىدىن غەلىبە بىلەن

---

① «ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ تارىخىدىن تەرجىمىلەر»، 4 - توپلام، 140 - بەت.

قەشقەرگە كىرگەن، قەشقەردىكى ئاق تاغلىقلار ئىچىدىن ماسلىشىپ ناغرا چېلىپ قارشى ئالغان. شەھەرنى ساقلاپ ياتقان ئابدۇللا خوجا جېنىنى ئېلىپ شەھەردىن چىقىپ كەتكەن. ئەتىسى بۇرھانىدىن بوۋىسى ئاپپاق خوجىنىڭ مازىرىنى تاۋاپ قىلغاندىن كېيىن، قەشقەر شەھىرىگە كىرگەن ۋە يەكەنگە قاراپ ئاتلانغان.

يەكەندىكى قارا تاغلىقلارنىڭ باشلىقى بۇرھانىدىننىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ، دەپ قاراپ داۋاملىق جەڭ قىلىش قارارىغا كەلگەنىدى. ئۇلار باشتا دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمىنى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن چېكىندۈرگەن، شۇڭا يەكەن شەھىرىدىكى دىنىي كىشىلەر بۇرھانىدىننى دىنىي ھاكىمىيەتنى مۇستەقىل تۇتۇش ئورنىغا ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ، خوجا جاھان نامىدىن بۇرھانىدىنغا يەنە بىر قېتىم پەند - نەسىھەت قىلىپ ئەلچى ئەۋەتكەن، ئەمما بۇرھانىدىن رەت قىلغان. بۇرھانىدىن يەكەن شەھىرىنى قورشىۋالغاندا، شەھەرنى ساقلاشقا مەسئۇل بولغان قازى بەگ ئاشۇر كەنجى ئاسىيلىق قىلغان، يەكەننى ساقلاۋاتقان ھەربىيلەر ئالتوپىلاڭ بولۇپ كەتكەن، قارا تاغلىق خوجىلار ۋە شەھەر ئاھالىسى بېشىنى قولتۇقىغا ئېلىپ، مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىققاندا، دۈشمەن لاگېرىدىكى قىرغىزلار ئۇلارنى قوغلىغان ۋە قىرغىن قىلغان، ئۇلاردىن پەقەت ئابدۇللا خوجا ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ قېچىپ قۇتۇلغان، قالغان خوجىلار شەھەرگە قايتۇرۇپ كېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن. شۇنداق قىلىپ، بۇرھانىدىن قارا تاغلىقلار ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان.

تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى خوجىلار ھاكىمىيىتىنىڭ زاۋال تېپىشىدىكى سەۋەبنى مۇنداق بىر نەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

بىرىنچى، فېئودال خوجىلارنىڭ ھاكىمىيىتى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھەربىي كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا قۇرۇلغان قورچاق ھاكىمىيەت ئىدى، ھاكىمىيەت مەيلى ئاق تاغلىقلارنىڭ، قارا تاغلىقلارنىڭ ياكى ھەر ئىككىسىگە كىرمەيدىغان ئوتتۇرا يول تۇتقۇچى خوجىلارنىڭ قولىدا بولسۇن، ھامان جۇڭغار خانلىقى ئوردىسىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆركۆزىدىغان ۋەكىلى بولۇش رولىنى ئوينىغان. خوجىلار ھاكىمىيىتىنىڭ خېلى ئۇزاق مەزگىلگىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈش، جۇڭغارلارنىڭ ۋەھشىيانە بوزەك قىلىشى ۋە بۇلاش - تالىشىغا يول قويۇشنى ئاساسىي شەرت قىلغانىدى. ھەر قايسى گۇرۇھتىكى خوجىلار جۇڭغارلار بىلەن مۇشۇنداق يەك سودىسى قىلغانلىقى ئۈچۈنلا، ئوخشاش بولمىغان مەزگىلدە ھاكىمىيەت بېشىغا چىقالىغان ۋە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قالالىغان، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىق جەمئىيىتىدە يانچىلىق تۈزۈمىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالىغان، كەڭ دېھقانلار، چارۋىچىلار، قول ھۈنەرۋەنلەر ۋە كەمبەغەل شەھەر ئاھالىسى ئۇستىدىكى زۇلۇم، ئېكسپلاتاتسىيىسىنى كۈچەيتكەنىدى. شۇڭا، خوجىلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە مىللىي، سىنىپىي زىددىيەت ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشقان، ھەر مىللەت ئېزىلگۈچى خەلقلىرى قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن. بۇنداق قارشىلىق "ئاشلىقلارنى كۆمۈپ قويۇش"، "ئىستىھكام ياساپ مۇداپىئەلىنىش[1]"، باجدىن قېچىش، شەخسلەر قوراللىق قوغدىنىش، يەرنى تاشلاپ قېچىپ كېتىش، ئىچكىرىگە كۆچۈپ بېرىپ پاناھلىنىش، چىڭ سۇلالىسىگە رام بولۇشقا ئوخشاش چېچىلاڭغۇ، پاسسىپ كۆرەشتىن ئاخىر چوڭ - چوڭ توپىلاڭ ياكى قوزغىلاڭغا ئايلىنىپ، خوجىلارنىڭ كۈچىگە قاتتىق زەربە بەرگەن، جۇڭغار خوجايىنلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاساسىنى تەۋرەتكەن.

ئىككىنچى، خوجىلار ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئىچىدە پارچىلىنىش ۋە كۆرەش، بولۇپمۇ دىنىي فېئوداللار بىلەن دەھرىي فېئوداللار ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش چوڭقۇرلاشقان. يەكەن خانلىقىنىڭ ئورنىنى خوجىلار ئىگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن چاغاتاي ئەۋلادىدىن بولغان خان جەمەتى ھالاكەتكە تەن بەرمىگەن، مۇھەممەد ئىمىن، مۇھەممەد مۆمىن (ئاقباشخان) لەر ئىلگىرى - كېيىن ئوتتۇرىغا چىقىپ، يەكەن رايونىدا چاغاتاي

---

[1] جۇڭ يۈەن: «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم»، 7 - جىلد.

ئەۋلادىنىڭ خانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان. ئۇلار ھاكىمىيەتنى
قولغا ئېلىپلا جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرى بىلەن ئۇچۇق پۈت تېپىشكەن، بولۇپمۇ
جۇڭغارلار بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن ئاق تاغلىق خوجىلاردىن رەھىمسىزلىك
بىلەن ئۆچ ئالغان ۋە ئۇلارنى ئۆلتۈرگەن. كېيىن يەرلىك ئۇيغۇر تۆرىلەرمۇ
ھۆكۈمران خوجىلار ئۈچۈن چوڭ بىر دۈشمەن كۈچ بولۇپ قالغان. «غەربىي
يۇرتتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم»دا چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭ
ئۇيغۇرلىرىنىڭ روزى ھېيتى توغرىسىدا مۇنداق دېيىلگەن:

" ئېغىز ئېچىلغان كۈنى كېچىچە ناغرا - سۇناي چالىدىكەن، ھاكىمبەگ
بەقەسەم تون، چۆرىسىگە كالۋۇتۇن تۇتقان سەرپۇش تۇماق كىيىپ، كىمخاپ
يوپۇق يېپىلغان شاش ئاتنى مىنىپ كېلىدىكەن. بەش - يەتتە جۈپ ناغرا
چالىدىكەن، قەلەندەرلەر ساما سېلىپ يول باشلاپ بېرىدىكەن، ئاق سەللە
يۆگىگەن بەگ - ئاخۇنلار ئەگىشىپ ماڭىدىكەن. ھاكىمنىڭ ساۋۇت كىيگەن
يېقىنلىرى مۇھاپىزەت قىلىپ مەسچىتكە بىللە كىرىدىكەن. پۈتۈن شەھەردە
يېڭى كىيىم كىيگەن ئەر - ئاياللار ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئىچىدە كوچىغا چىقىپ،
ھاكىمنىڭ ھەيۋەتلىك سالاپىتىنى تاماشا قىلىدىكەن. نامازدىن كېيىن
ھەممەيلەن ھاكىمنىڭ ئۆيىنى پەتلەيدىكەن. ھاكىم قوي، كالا گۆشى، مەي
بىلەن مېھمان قىلىدىكەن، ئەر - ئايال ھەممەيلەن ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل
ئويناپ، قانغۇچە ئىچىپ، خۇشال قايتىدىكەن، بۇ روزى ھېيت دېيىلىدىكەن.
پادىشاھنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈشتىن بۇرۇن، ناماز كۈنى ھاكىم مەسچىتكە كىرىپ
ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاخۇنلار ئۇنىڭ يامان - ياخشىلىقىنى
سىنايدىكەن، ياخشى دەپ قارىغانلىرىنى قالدۇرىدىكەن، مەلۇم ئىشلىرى
پايدىسىز دەپ قارىغانلىرىنى، بولۇپمۇ مەلۇم ئىشلىرى ئورۇنسىز دەپ
قارىغانلىرىنى ئاما بىلەن بىرلىشىپ ئاغدۇرىدىكەن ۋە ئۆلتۈرىدىكەن. شۇڭا،
بۇرۇنقى ھاكىملار كۆپىنچە ياساۋۇللارغا ئۆزىنى قوغدىتىدىكەن. ھازىر ئۇنداق
قىلالمىسىمۇ، يەنە كونا پەدىدە ياساۋۇل ئېلىپ كېلىدىكەن[1]."

---

① چۈن يۈەن: «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم»، 7 - جىلد.

بۇ خاتىرىدە ھاكىملارنىڭ ياساۋۇل ئىشلىتىشىنىڭ سەۋەبى بايان قىلىنغان، خوجىلار دەۋرىدە (يەنى پادىشاھنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈشتىن بۇرۇن) . فېئودال ئاخۇنلارنىڭ شەرىئەتنى دەستەك قىلىپ، مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى ئېلىپ تاشلىغانلىقى، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، ھوقۇقىنى تارتىۋالغانلىقى، دەھرىي تۆرە - بەگ، ئاقسۆڭەكلەر، ھەتتا ھاكىمدەك يۇقىرى مەرتىۋە ئىگىلىرىمۇ ئامان قالمىغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مۇشۇ بابنىڭ 3 - بۆلۈمىدە بايان قىلىنغان خانىم پاشا ھۆكۈم سۈرگەن دەۋردە يەكەن، قەشقەر ھاكىملىرىنىڭ قەتل قىلىنغانلىقى بۇنىڭ ئىسپاتى. قارا تاغلىقلار ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋردە، يەرلىك بەگلەر جۇڭغارلارنىڭ ئەلچىسىگە ئاستىرتتىن سەممىيەت بىلدۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ خوجىلارغا قارشى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن، ئۇلارنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش، ئۇتتۇۋېلىش، ئارىنى بۇزۇش ۋە ساتقىنلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، خوجىلار ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ھالاكىتىنى تېزلەتكەن.

ئۈچىنچى، ھەر قايسى گۇرۇھتىكى خوجىلار ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ قارشىلىق ۋە توقۇنۇشمۇ ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشىدىكى مۇھىم ئامىل. ئاق تاغلىقلار ھاكىمىيىتىمۇ، قارا تاغلىقلار ھاكىمىيىتىمۇ ئۆز گۇرۇھىدىكى دىنىي يۇقىرى قاتلام گۇرۇھنىڭ ئالاھىدە مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان قورال ئىدى. يەكەن رايونىدا ئۇزاق ۋاقىت داۋام قىلغان مۇرەككەپ، كەسكىن مەزھەپ كۈرىشى ۋە سىياسىي كۈرەش تۈپەيلىدىن، خوجىلار ھاكىمىيىتى تېخىمۇ ئىچى تارلىشىپ ۋە رەھىمسىزلىشىپ كەتكەن. ئاق تاغلىقلار ھاكىمىيىتى بىلەن قارا تاغلىقلار ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆز ئارا ئالمىشىشىمۇ، ئەلۋەتتە، ھەرقايسى گۇرۇھتىكى خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ بىر - بىرىنى قىرىش، بىر - بىرىنىڭ تۇخۇمىنى قۇرۇتۇش جەريانى بولغان. خوجىلار گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدىكى دەھشەتلىك ھايات - مامات كۈرىشى ھەرقايسى مەزھەپ مۇرىتلىرىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئارازلىق، ئۆچمەنلىك ۋە زىيانكەشلىك ھەرىكەتلىرىنى پەيدا قىلغان. بۇ مەزگىلدە، ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلارنىڭ كۈرىشى ئۇيغۇرلار دائىرىسىدىن ھالقىپ



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چقىپ قىرغىز ۋە قازاقلار ئارىسىغا كېڭەيگەن. تېررىتورىيە جەھەتتىن قارىغاندا، تىيانشاننىڭ شىمالى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارا، كەشمىر، كانجۇت قاتارلىق جايلارغىچە كېڭەيگەن. ئىككى مەزھەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ سىياسىي كۈرەشكە ئايلانغان، كەڭ كۆلەمدە توقۇنۇش، مالىمانچىلىق ۋە ئۇرۇشقا ئايلىنىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزگەن، كۆپلىگەن ئادەم ئۆلگەن، يەرلەر ئاق قالغان، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋەيران بولغان، بۇ جەنۇبىي شىنجاڭ بوستانلىق ئىگىلىكىنىڭ گۇمران بولۇشىنى تېزلەتكەن.

تۆتىنچى، سوپىزم تەسەۋۋۇپچىلىقى خوجىلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە تەرەققىي قىلىپ چېكىگە يەتكەن. سوپىلار ۋە دەرۋىشلەرنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىكى مەزھەپ ماجىراسىدا، سىياسىي كۈرەشتە ئېچىنىشلىق رول ئوينىغان. تەسەۋۋۇپچىلىقنىڭ ئەۋج ئېلىشى كىشىلەرنى بىخۇدلاشتۇرغان، چىرىتكەن ۋە زىيانغا ئۇچراتقان، مەنىۋى تۇرمۇشنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلىم - مەرىپەت ئىشلىرىنى نابۇت قىلغان.

لېكىن، تەسەۋۋۇپچىلىق پەيدا قىلغان مەدەنىيەت كىشەنلىرى ۋە مەنىۋى بۇرۇختۇملۇق ئىدىيىۋى ئويغىنىشنىڭ ئۇچقۇنلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆچۈرۈۋېتەلمىگەن. ئىسلام ئەھلىنىڭ تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ ئەسەبىيلىكىدىن قۇتۇلۇش، دىنىي تۇرمۇشنى نورماللاشتۇرۇش يولىدىكى تەلەپلىرى خوجىلار ئائىلىسىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇش ساھەسىدىكى مۇتلەق ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تەۋرەتكەن ۋە غۇلاتقان.

بەشىنچى، 18- ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرى چىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە ئىچكى رايونلارنى بىرلىككە كەلتۈرگەن، بۇ چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسىنىڭ تىيانشاننىڭ شىمالىغا كىرىپ، جۇڭغارلارنى تىنچىتىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ئۈچۈن شەرت - شارائىت يارىتىپ بەرگەن، شىنجاڭنى ۋەتەننىڭ قوينىغا يېڭىباشتىن قايتۇرۇپ كېلىش پەيتى يېتىپ كەلگەن. يەكەن رايونىدىكى مۇرەككەپ زىددىيەت ۋە كۈرەشلەر ئىچىدە

ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت تارىخىي ئېقىمغا بويسۇنۇش ياكى ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغان، ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان، باشقا زىددىيەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتىنى بەلگىلەيدىغان زىددىيەت بولۇپ قالغان. بۇ مەسىلىگە بېرىلىدىغان جاۋاب ھەرقايسى دىنىي ياكى سىياسىي گۇرۇھ كۈچلىرىنىڭ ئىستىقبالىغا ۋە قەدرىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ جۇڭغار خوجايىنلاردىن قۇتۇلغاندىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭنى بۆلۈۋالغانلىقى، ماھىيەتتە، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت تارىخىي قانۇنىيەتكە زىت يولغا ماڭغانلىق بولغاچقا، ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە قالغان. شۇنىڭدەك، ئاق تاغلىقلار ۋاقتلىق غەلىبە قازانغاندىن كېيىن چوڭ - كىچىك خوجىلار، يەنى بۇرھانىدىن بىلەن خوجا جاھانمۇ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى بۇزۇپ، قارا تاغلىقلارنىڭ ئىزىدىن ماڭغانلىقى ئۈچۈن ئۆز بېشىغا چىققان. تارىخ ھەر قانداق دىنىي تەشكىلات مىللىي ئىناقلىق، ۋەتەننىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت ئومۇمىيلىقنى قوغدىشى كېرەكلىكىنى، شۇنداق قىلغاندىلا ئىستىقبالغا ئىگە بولالايدىغانلىقىنى، ئۇنداق قىلمىسا، چىقىش يولى بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

# سەككىزىنچى باب ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئىسلام دىنى

## 1 ـ بۆلۈم ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە دىنىي پائالىيىتى

ئۇيغۇرلار ــ شىنجاڭ رايونىدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاساسىي مىللەت. ” ئۇيغۇر “ دېگەن نام ئۇيۇشماق، بىرلەشمەك دېگەن سۆزدىن كەلگەن. ئۇزۇن تارىختا ئىگە بۇ مىللەت ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردىكى خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا ”يۈەنخې“ ( 袁纥 )، ”ۋېيخې“( 韦纥 )، ”خۇيخې“( 回纥 )، ”خۇيخۇ“( 回鹘 )، ”ۋېيۋۇر“ ( 畏兀儿 ) دېگەنگە ئوخشاش ناملار بىلەن ئاتالغان. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخى مىلادىدىن ئىلگىرىكى III ئەسىردە ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا ياشىغان دىڭلىڭلاردىن باشلىنىدۇ. كېيىن دىڭلىڭلاردىن كېلىپ چىققان قاڭقىللار، تېلىلار ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلە ئىتتىپاقى شەكىللەنگەن ھەم توققۇز ئوغۇز تېلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن تۇنجى خاقان كۆل بىلگە مەيدانىغا چىققان. تاڭ سۇلالىسى تيەنباۋنىڭ 3 ـ يىلى (744ـ يىلى) تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا سۆيۈنگىل خاقان دېگەن نامنى بەرگەن. جېنيۈەنىنىڭ 4 ـ يىلى (788 ـ يىلى) شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر خاقانى تون باغا ”خۇيخې“( 回纥 ) دېگەن نامنى ”خۇيخۇ“( 回鹘 )(شۇڭقاردەك پەرۋاز قىلغۇچى)غا ئۆزگەرتىش توغرىسىدا تاڭ سۇلالىسىگە مەكتۇپ سۇنغان. 840 ـ يىلدىن كېيىن، قەدىمقى ئورخۇن ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى ئەزەلدىن ئۆزلىرى ئىگەللەپ باشقۇرۇپ كەلگەن قەدىمقى ماكانىغا كۆچۈپ كېلىپ، قەدىمقى شىنجاڭ رايونىغا ئورۇنلاشتى. ئۇ چاغدا تيانشاننىڭ شىمالىي ۋە غەربىي قىسمىدا

ۆركى تىلىدا سۆزلىشىدىغان كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ۋە خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇيان كۆچۈپ چىقىپ شۇ يەرگە ماكانلاشقان خەنزۇلار بولغاندىن اشقىرى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا قەشقەر، كىنگىت، كۇسەن، ئۇدۇن (خوتەن) تىللىرىدا سۆزلىشىدىغان ۋە تارىم ئويمانلىقىغا ئورۇنلاشقان يەرلىك ئاھالىلەر ياشايتتى. غەربىي يۇرتتىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۇلارنى تەدرىجىي ھالدا ئۆزىگە قوشۇپ ھەم ئۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭغا كۆچۈپ كىرگەن تۇبۇت، كىدان، موڭغۇل قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ، بارغانسېرى ئاۋۇپ ئۇيغۇر مىللىتىنى شەكىللەندۇرگەن①.

كىتابىمىزنىڭ بىرىنچى بابىدا ئېيتقاندەك، ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولغان قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئېلىمىزنىڭ شىمالىي رايونلىرىدا تارقالغان شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە مانى دىنىنى قوبۇل قىلغانىدى. ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن زوروئاستېر دىنى، نېستورىيان دىنى قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا تارقالغان، بۇددا دىنى قوجۇ ۋە كۇسەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاساسىي دىنى بولۇپ قالغان. مىلادى X ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، تيانشاننىڭ غەربىي قىسمىدىكى قاراخانىيلار خانلىقى ھۆكۈمرانىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى جەھەتتىكى چوڭ بىر تارىخىي ئۆزگىرىش بولغان. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئىسلام دىنى قەشقەردىن يەكەن، خوتەنلەرگە تارقالغان ھەم شەرققە كېڭەيگەن، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا تۇرپان، قۇمۇل رايونلىرىدا ئومۇملىشىپ، يۇقىرىدا ئېيتىلغان باشقا دىنلارنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھۆكۈمران ئورۇندىكى دىنغا ئايلانغان.

شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى ئىسلام دىنى ئەزەلدىن ئەنئەنىچى سۇننىي مەزھىپىنى ئاساس قىلغان، ئىلمىي فىقھى جەھەتتە ھەنەفىيگە مەنسۇپ بولغان. سۇننىي مەزھىپى ئاساسىي ئەقىدە ئاللاغا ئىمان كەلتۈرۈش،

---

① «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر»، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مىللىي مەسىلىگە ئائىت بەش خىل مەجمۇئە تەھرىر ھەيئىتى، بېيجىڭ، 1981 ـ يىل نەشرى.

مۇھەممەدنى ئاللانىڭ ئەلچىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبىرى دەپ بىلىش، دەپ تەكىتلەيدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ئالىي ئەركانى بولغان ئىمان ئېيتىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، ئۆشرە ـ زاكات بېرىش، ھەج قىلىش ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ بەش چوڭ ئىبادىتى بولغان. دىنىي تەشكىلات جەھەتتىن ئالغاندا، ھەربىر شەھەر ھەم ناھىيىگە تەڭ مەمۇرىي رايوندا ئومۇمەن ئەلەم ئاخۇن (دىنىي جەھەتتىكى ھۆكۈمدار چوڭ ئاخۇن) باشچىلىقىدا قازى كالان، قازى رەئىس، قازى مۇپتى ۋە باشقا بىر نەچچە قازى (شەرئەتنى ئىجرا قىلغۇچى)نى ئۆز ئىچىگە ئالغان، شۇ رايوننىڭ دىنىي ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان، جۈملىدىن مەھكىمە شەرئىدە سوراق سورايدىغان، دىنىي خىزمەتچىلەرنى تەيىنلەيدىغان ۋە قالدۇرىدىغان، دىنىي قائىدىلەرنىڭ ئىجراسىغا نازارەتچىلىك قىلىدىغان ھەم مەسچىت ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي پائالىيىتىگە تەشكىلاتچىلىق ۋە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئاپپارات تەسىس قىلىنغان. ئاساسىي دىنىي پائالىيەت مەيدانى بولغان " مەسچىت " ئەرەبچە سۆز بولۇپ، " ناماز ئوقۇيدىغان جاي " دېگەنلىكتۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ مەسچىتى چوڭ جامائەت مەسچىتى، مەھەللە مەسچىتى، يولۇچىلار مەسچىتى دېگەنگە ئوخشاش كۆپ خىل بولىدۇ. كۆلەم جەھەتتە چوڭ، ئوتتۇراھال، كىچىك دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىلىدۇ.

شەھەردىكى چوڭ مەسچىت " ھېيتگاھ " دېيىلىدۇ. ھېيتگاھ دېگەن سۆز ئەرەبچە سۆز بىلەن پارسچە سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن، مەنىسى " ھېيت بولىدىغان يەر" دېگەنلىك بولىدۇ. ھېيتگاھ مەسچىتى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلار ھېيت نامىزى ئوقۇيدىغان چوڭ مەسچىتتۇر.

ئوتتۇرا ھال مەسچىت " جامە " دېيىلىدۇ. " جامە " ئەرەبچە سۆز بولۇپ، " جەم بولماق " دېگەنلىك بولىدۇ. جامە ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى جۈمە نامىزى ئوقۇيدىغان مەسچىتتۇر.

كىچىك مەسچىت ئەرەبچە " مەسجىدىل سەغىر " دېيىلىدۇ. كىچىك مەسچىت مەھەللىدىكى ئاھالىلەر ناماز ئوقۇيدىغان مەسچىتتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

يۇقىرىقى ئۈچ خىل مەسچىت ئىچىدە كىچىك مەسچىت بىلەن چوڭ مەسچىت ئوتتۇرىسىدا بېقىنىش مۇناسىۋىتى بولىدۇ، كىچىك مەسچىت چوڭ مەسچىتكە قارايدۇ، كىچىك مەسچىتنىڭ ئىمام، مەزىنىنى چوڭ مەسچىت بەلگىلەيدۇ. بەزى مەسچىتلەر ئوتتۇرىسىدا بۇنداق مۇناسىۋەت بولمايدۇ، ئۆز ئالدىغا ئىش قىلىدۇ.

دىنىي خىزمەتچىلەرنىڭ شتاتى جەھەتتە ھېيتگاھ ۋە جامەگە ئوخشاش چوڭ، ئوتتۇراھال مەسچىتلەردە ئومۇمەن مۇنداق ۋەزىپىلەر تەقسىم قىلىنىدۇ:

خاتىپ: ھەپتىدە بىر قېتىم ئوقۇلىدىغان جۈمە نامىزىغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ.

ئىمام: كۈنلۈك بەش ۋاخ نامازغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ.

مەزىن: ئەزان ئېيتىدۇ.

جارۇبكەش: قارا خىزمەتچى (تازلىق ئىشلىرىنى بېجىرىدۇ).

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بەزى مەسچىتلەردە بىردىن بىرنەچچىگىچە مۇتىۋەللى، مەسچىت خوجىدارىمۇ بولىدۇ، لېكىن كىچىك مەسچىتلەردە ئادەتتە ئىمام بىلەن مەزىنلا بولىدۇ.

ئاخۇن ئىسلام دىنى خىزمەتچىلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى. مەسچىتنىڭ ئاخۇنلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ناماز ئوقۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىپلا قالماستىن، يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ بالىسىغا ئات قويىدۇ، نىكاھ ئوقۇيدۇ، مېيىت نامىزىنى چۈشۈرىدۇ، خەتمە قۇرئان قىلىدۇ، تۈرلۈك دىنىي مۇراسىملارغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ، مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرالارنى كېلىشتۈرىدۇ. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەرتىپىنى ساقلاشتا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ ۋە مۇھىم رول ئوينايدۇ، شۇڭا مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئومۇمىيۈزلۈك ھۆرمەتلىنىدۇ.

سۈننىي مەزھىپى كۈندە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشنى، ھەپتىدە بىر قېتىم جۈمە نامىزى ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ھەنەفىيەنىڭ ئىلمى فىقھىسىدا يېغىلىپ ناماز ئوقۇغاندا، قۇرامىغا يەكەن ئەر كىشىدىن ئاز دېگەندە ئۈچ كىشى

قاتنىششى كېرەك دېيىلىدۇ. ئىسلام دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلار بۇ بەلگىلىمىلەرگە رىئايە قىلغان. ئۇيغۇرلار روزى ھېيت (ھىجرىيە 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى) بىلەن قۇربان ھېيت (ھىجرىيە 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى)نى ناھايىتى چوڭ بىلىدۇ. بۇ ئىككى ئايەم ئەسلىدە مۇھەممەد پەيغەمبەر بەلگىلىگەن، ھەد (مەجبۇرىيەت)غا كىرىدىغان ئىككى چوڭ مۇراسىم ئىدى. ئىسلام دىنىنىڭ مۇسۇلمانلار ئادا قىلىشى شەرت بولغان ئىبادەت، مەجبۇرىيەتلىرى ۋە تۇرمۇشتا مەنئى قىلىنغان ئىشلار ئۇيغۇرلار ئىچىدە تەدرىجىي قېلىپلاشقان، ھېيت ـ ئايەم ۋە كۈندىلىك ئەدەب ـ قائىدە، نوي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ئۇزىتىش، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك تۈزۈملىرىمۇ نىسپىي ھالدا تۇراقلىشىپ ۋە مىللىي تۇرمۇش ئادەت قاتارىغا كىرىپ، ئەنئەنىگە ئايلانغان، ئۇزاقچە ساقلىنىپ، ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى بولۇپ قالغان.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەنئەنىچى سۈننىي مەزھىپى بولغاندىن باشقا، سۇفىزم تەسەۋۋۇپچىلىرىنىڭ شىنجاڭ تارىخىدا ئۇزاق ۋاقىت تەسىر كۆرسەتكەنلىكى، بولۇپمۇ چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن بۇرۇن، خوجىلار جەمەتى جەنۇبىي شىنجاڭدا بىر مەزگىلگىچە سىياسىي بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن ھۆكۈمرانلىقنى يولغا قويغانلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى قويۇق تەسەۋۋۇپچىلىق تۈسىنى ئالغان. سۇفىزم مەزھەپلىرىدىن نەقشىبەندىيە (خۇپىيە)دىن باشقا قادىرىيە، جەھرىيە، چىشتىيە، قۇبۇلنىيە، مەۋلاۋىيە، سۇھرەۋەردىيە، ئىسلامىيە ۋە ئىمام رەببانىيە مەزھەپلىرىمۇ تارقالغان. بۇ سۇفىزم مەزھەپلىرىدە شىئە مەزھىپىنىڭ تەسىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئاساسەن يەنىلا سۈننىي مەزھىپى سىستېمىسىغا مەنسۇپ ئىدى. يەكەن شەھىرىدە ساپ شىئە مەزھىپىگە مەنسۇپ بولغان مەزھەپلەرنىڭ مۇرىتلىرى بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى ئاز ئىدى.

سۇفىزم تەسەۋۋۇپچىلىرىنىڭ بىر قەدەر مۇكەممەل تەشكىلىي سىستېمىسى ۋە دىنىي دەرىجە تۈزۈمى بار ئىدى. «تەزكىرەئى خوجىگان»نىڭ يازما

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

مائېرىيالىدا كۆرستىلىشىچە، شىنجاڭدا مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپچىلىكى ئېتىقاد قىلىدىغان نەقشىبەندىيەنىڭ ئەڭ چوڭ باشلىقى مۇرشىد ياكى پىر بولۇپ، ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇلار پەيغەمبەر ئەۋلادى (خوجا ياكى سەئىد)، دەپ قارالغان. دىنىي ۋارىسلىق ھوقۇقى (نىسبەت ئىـــمانا) ئادەتتە پەيغەمبەر جەمەتىگە ياكى دىن تارقاتقۇچى ماشايىقلارغا مەنسۇپ بولغان، لېكىن بەزىدە ئۇنىڭ بىر ياكى بىر قانچە شاگىرتىغا بەخشەندە قىلىنغان، بولۇپمۇ " سىرتتىكى پونكىت "تا شۇنداق بولغان. ئۇنىڭ مۇرىتلار تەشكىلى بولغان، بۇ تەشكىل بۇرۇن ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىسىغا بەيئەت قىلغان دەھرىي داھىيلار ۋە ئاھالىلەردىن تەركىب تاپقان، ئۇلار مۇرشىدلارنىڭ ئەۋلادى ياكى دىنىي ئىشلار جەھەتتىكى ۋارىسلارنىڭ ئاتا مىراس رەئىيەسى دەپ قارالغان. ئۇنىڭ مۇرىتلار بىلەن خەلپە تېخىمۇ زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن يەنە بىر مەخسۇس تەشكىلى بولغان، بۇ تەشكىل دىنىي يۇقىرى دەرىجىلىكلەر بىلەن ئۇلارنىڭ جەمەتىنى ئاساس قىلىپ، ئوردىغا ئوخشاش بىر نەرسىگە ئايلانغان. ئۇلار ئىز باسارلىرى ئۈزۈلۈپ قالغاندا، شۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۆزىگە ۋەكىل ۋە ئىز باسار تاللىغان، ئىخلاسمەن كىشىلەر ھەدىيە قىلغان ۋەخپە يەرلەر ۋە مەسچىتلەر مۇشۇ گورۇھقا بېرىلگەن. بۇنداق مەزھەپ ياكى دىنىي تەشكىلات ۋۇجۇدقا كەلگەندە، مەيلى ئۇ ئادەتتىكى مۇسۇلمانلاردىن تەشكىل تاپقان ياكى باشقا ئېتىقادتىــــكى قەبىلىلەرنىڭ ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشى بىلەن شەكىللەنگەن بولسۇن، دەسلەپكى رەسمىيىتى " ئىنايەت " (ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىش ياكى ئېتىقاد جەھەتتە بەيئەت قىلىش) ۋە ياكى " ئىرادەت " (بەيئەت قىلىش) دەپ ئاتالغان. خەلىپىنىڭ خىزمەتكە تەيىنلىنىش قەغىزى ياكى خىزمەتكە تەيىنلىنىشى " رۇخسەت " ياكى " ئېرشاد " (يېتەكلەش) دەپ ئاتالغان. دىنىي يېتەكچى دېگەن مەنىدىكى " مۇرشىد " سۆزى شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان. بۇ مەزھەپكە قارايدىغان مەسچىت ۋە مۇرىتلار ناھايىتى جىق بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇلارنىڭ دىنىي سىستېمىسى تۈرلۈك نەسەبتىن كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئەزالىرى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە تارقالغانىدى، بۇنداق ئەھۋالدا، پىر ئۇلار ئولتۇرۇشلۇق

يەرلەرگە خەلپە ئەۋەتىپ ياكى ئۆزى بېرىپ ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنى چىڭىتقان ۋە سەدىقە يىغىپ تۇرغان.①

بىراق، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى مۇسۇلمانلار رايونىغا ئوخشاش، شىنجاڭدا سوپىزم تەشكىلاتىنىڭ باشلىقى ئىشان دەپ ئاتالغان، مۇرىت ياكى شاگىرتلار ئۇيغۇر تىلىدا ئادەتتە مۇرىت دەپ ئاتالغان. سوپىزمچىلارنىڭ مەخسۇس پائالىيەت مەيدانى ئەرەبچە " لىبات " ياكى " زاۋىيە " دەپ ئاتالغان، شىنجاڭدا ئادەتتە پارسچە " خانىقا " دېگەن سۆز قوللىنىلغان. خانىقا سوپىزم مۇرىتلىرى يىغىلىدىغان، ئىبادەت، ئىستىقامەت قىلىدىغان سورۇن بولۇپ، ئۇنىڭ تۈزۈلمىسى مەسچىتلەرنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. خانىقادا مۇنداق دىنىي خىزمەتچىلەر تەسىس قىلىنغان:

ئىشان: خانىقا ياكى مەزھەپنىڭ باشلىقى.

خەلپە: ئىشاننىڭ ۋەكىلى.

هاپىز: ئەر هۆكمەتچى.

بۇۋى: ئايال هۆكمەتچى.

سوپى: ئادەتتىكى خىزمەتلەرنى قىلىدىغان قارا خىزمەتچى.

بۇنىڭدىن باشقا، سوپىزم ئىستىقامەتچىلىرى قىرائەت قىلىدىغان ۋە مۇرىتلار تاۋاپ قىلىدىغان مازارلارمۇ سوپىزم پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان مۇھىم سورۇن بولۇپ قالغان. چوڭ مازارلارنىڭ يوغان گۇمبەزلىرى بولۇپلا قالماستىن، ھەممىلا يەردە مەسچىت، مەدرىس، خانىقاغا ئوخشاش قوشۇمچە ئىمارەتلىرىمۇ بار ئىدى. ئوتتۇراھال مازارلارنىڭ كۆپىدە مەسچىت، مەدرىس ياكى دۇئاخانىلار بار ئىدى. كىچىك مازارلار ھەممىلا يەردە ئۇچرايتتى. شۇڭا، مازار باشقۇرىدىغانلار دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئالاھىدە بىر قىسمى بولۇپ قالغان. شىنجاڭدا مازار باشقۇرىدىغانلار شەيخ دەپ ئاتالغان، لېكىن مەشھۇر چوڭ مازارلارنىڭ شەيخلىرى دىنىي يۇقىرى قاتلام ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھىدىن ئورۇن ئالغان. جايلاردىكى مازارلادا كۆلىمى، دەرىجىسىنىڭ چوڭ-

① «مىللەتلەر تارىخىدىن تەرجىمىلەر»، 8 - سان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىچىكلىكىگە قاراپ بىردىن بىر نەچچىگىچە باشقۇرغۇچى خادىم بولۇپ، ئۇلار مازارنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان، مۇراسىمنى باشقۇرغان، مازارنىڭ تارىخىنى، ئۇنى تاۋاپ قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرگەن. قەشقەر، ئاتۇشتىكى سۇتۇق بۇغراخان مازىرى، ئارسلانخان مازىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى، مەھمۇد قەشقەرى مازىرى، ئاپپاق خوجا مازىرى، ئىلىدىكى تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى، كۇچادىكى مەۋلانە ئەرشىدىن مازىرى، تۇرپاندىكى تۇيۇق خوجام مازىرى، خوتەندىكى ئىمام جەئفەر سادىق مازىرى، يەكەندىكى چىلتەنلىكىم ۋە ئالتۇنلۇقۇم مازىرى قاتارلىقلار چوڭ مازارلار ئىدى.

چىيەنلۇڭ دەۋرىدىكى ئەمەلىي تەكشۈرۈش خاتىرىسى ئىسپاتلىدىكى، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى، خوجىلار ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ، سۇفىزم تەسەۋۋۇپچىلىقى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغاچقا، تەرىقەتكە ئەھمىيەت بېرىپ، شەرىئەتكە سەل قارايدىغان، ھەتتا شەرىئەتنى تاشلىۋېتىدىغان ئەھۋال كۆرۈلگەن، دىنىي ئەدەب - قائىدىلەر خوجىلارغا چوقۇنۇش، مازار تاۋاپ قىلىش، تەسەۋۋۇپچىلىق ئىستىقامەتچىلىكىنىڭ قاتتىق كاشىلىسىغا ئۇچرىغان. چىڭ سۇلالىسى يېڭىدىن بىرلىككە كەلتۈرگەن چاغلاردا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەشقەر رايونىدىكى ئىسلام دىنىدا ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ پىرى ئىشان كالان تۇزگەن دۇئا تەكبىر مۇراسىملىرى تېخى ساقلانغان، ئاپپاق خوجا مازىرىنى ھەپتىدە بىر قېتىم تاۋاپ قىلىدىغان ئادەت ئەۋج ئالغان. بۇلار سۈننىي مەزھىپىنىڭ ئەنئەنىۋى دىنىي قائىدىسىگە ئۇيغۇن ئەمەس ئىدى. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، تەسەۋۋۇپچى خوجىلارغا چوقۇنىدىغان كەيپىيات بىر ئاز پەسكويىغا چۈشكەن، ئىسلام دىنىنىڭ ئەنئەنىۋى قائىدىلىرى ئەسلىگە كەلگەن.

ئەمەلىيەتتە، مازار تاۋاپ قىلىش ئەۋلىيالارغا چوقۇنۇش خاراكتېرىنى ئىپادىلەيدۇ، ئۇ شىئە مەزھىپى تەسىرىنىڭ ئىپادىلىرىدىن بىرى. بۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭدا ئىسلام دىنىدىكى شىئە مەزھىپىنىڭ ئاملىلىرى ئاشۇرا مۇراسىمىدىمۇ ئۇچۇق ئىپادىلەنگەن. «ئاشۇرا» ئەرەبچە سۆز بولۇپ،

” ئۇن “، يەنى ھىجرىيە ھېسابىدا 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، شۇ كۈنى ئادەم، نوھ، ئىبراھىم، مۇسا قاتارلىق ” پەيغەمبەر “لەر نىجات تاپقان. 622 ـ يىلى مۇھەممەد پەيغەمبەر مەككىدىن مەدىنىگە كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، رامزان ئېيى روزا ئېيى قىلىپ بەلگىلەنگەن. 623ـ يىلدىن كېيىن، رامزان ئېيى روزا ئېيى قىلىپ بەلگىلەنگەن شۇ كۈنى ئىختىيارى روزا تۇتىدىغان كۈن قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئاللا ئادەم، جەننەت ۋە دوزاخنى شۇ كۈنى ياراتقان، دېگەن رىۋايەت بار، شۇڭا مۇسۇلمانلار شۇ كۈننى ئۇلۇغ كۈن دەپ بىلىدۇ. 680 ـ يىلى ئەلىنىڭ ئوغلى ھۈسەيىن شۇ كۈنى ئۇمەييا سۇلالىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، شۇڭا ئۇ كۈن شىئەلەرنىڭ ھۈسەيىننى خاتىرىلەيدىغان ماتەم كۈنى بولۇپ قالغان، كېيىن تەرەققىي قىلىپ ” ئاشۇرا “ ئايىمىگە ئايلانغان. ئاشۇرانى سۈننىي مەزھىپى مۇھىم قۇتلۇق ئايەم دەپ بىلسىمۇ، لېكىن شىنجاڭدا ئاشۇرا تېپىك شىئە مەزھىپىنىڭ ئاملى بولۇپ ئىپادىلەنگەن.

چيەنلۇڭنىڭ 42 ـ يىلى (1777 ـ يىلى) چۈن يۈەن يازغان «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم» دا ئاشۇرا كونكرېت تەسۋىرلەنگەن: ” يەنە نەچچە كۈندە مۇسۇلمانلار ئۆزى چوقۇنغان كىشىنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ خەتمە قۇرئان قىلىدىكەن، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى بويىنىنىڭ كېكىرتەككە يېقىن يېرىدىكى تېرىسىنى تارتىپ تۇرۇپ تېشىدىكەن، ئاندىن مەزەڭگە ئۆتكۈزىدىكەن، پۈتۈن ئەزايى قانغا بويىلىپ كېتىدىكەن، بۇ، ئۆز ۋۇجۇدىنى ئەرۋاھلارغا ئاتىغىنى ئىكەن، ئۇنى ئۇسسۇل دەپ ئاتايدىكەن. “

ئاشۇرا مازار تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ مۇھىم تاۋاپ مەزگىلى. بۇرۇن ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى دىنىي جەھەتتىكى ئەسەبىيلىكنى ئىپادىلەيتتى. چۈن يۈەن شىنجاڭدا كەڭ تارقالغان يادا ئوقۇش ھېكمىتىنى مۇنداق خاتىرىلىگەن: ”يادا تاش بەك قاتتىق بولىدۇ، رەڭگى سېرىق، قىزغۇچ، ئاق، يېشىل، قارا بولىدۇ، چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمايدۇ، ئۇ كالىنىڭ قورسىقىدا بولىدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كەسلەنچۈكنىڭ قۇيرۇقىدىن، ياۋا توڭگۇزنىڭ بېشىدىن چىقىدىغانلىرى بەك ياخشى بولىدۇ. مۇسۇلمانلار يامغۇر ياغدۇرماقچى بولسا، يادا تاشنى سۆگەتنىڭ تېلى بىلەن باغلاپ، پاكىز سۇغا چىلاپ قويىدۇ، شۇنداق قىلسا، يامغۇر ياغىدۇ. شامال چىقارماقچى بولسا، ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىپ قويىدۇ. ھاۋانى تۇتۇلدۇرماقچى بولسا، بېلىگە توگۇۋالىدۇ. ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس يادىسى بار، ئۇ ئىجابەت بولماي قالمايدۇ. مۇسۇلمانلار، تۇرغۇتلار، ئۇيراتلار ياز كۈنلىرى ئۇزۇن يول يۈرگەندە، كۆپىنچە يادا ئوقۇپ سەگىدەيدۇ."

بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ موڭغۇللىرى ئادەتتە ئىشلىتىدىغان يادىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارنىڭ يادا ئوقۇش ئۇسۇلى، ئەمەلىيەتتە، شامان دىنىدىكى ئىسلام دىنى تۇسىنى ئالغان پېرىخونلۇقنىڭ قالدۇقى.

يادا ئوقۇش شامان دىنىدىن باشلانغان، لېكىن تۈركلەر بىلەن موڭغۇللار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، ئۇنى ئىسلام دىنى ئاساسىدا ئىزاھلىغان. رىۋايەتكە قارىغاندا، نۇھ (ئىنسانلارنىڭ ئەجدادى)نىڭ ئوغلى يافەس تۇرغان يەردە سۇ قىس بولغانلىقى ئۈچۈن، نۇھقا خىزىردىن سۇ تىلەپ بېرىشنى ئىلتىجا قىلغان، شۇنىڭ بىلەن خىزىر بۇ سىرلىق تاشنى ئاتا قىلغان. XVI ئەسىردە ئۆتكەن ئەزەربەيجانلىق تۈرك سەيفى شىنجاڭلىق ئۇيغۇر مۇسۇلمان سودىگەرلەرنىڭ قۇملۇقتا يول يۈرگەندە ھاۋانى سەگىتىش ئۈچۈن يادا ئوقۇغانلىقىنى يازغان، ئۇلارنىڭ يادا ئوقۇغاندا «قۇرئان» نىڭ " شەمس " (كۈن) سۈرىسىنى ئوقۇغانلىقى يادا ئوقۇشنىڭ ئىسلاملاشقانلىقىنىڭ دەلىلى①. ئىپتىدائىي شامان دىنىنىڭ قالدۇقلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ چۆچەك - رىۋايەتلىرى، خۇراپىي قاراشلىرى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرىمۇ ئىپادىلەنگەن. ئۇ قەدىمكى زامان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ دۇغ بولۇپ قالغان تەركىبىي قىسمى.

---

① بۇ تېمىنىڭ «يادا ئوقۇش — شامان دىنى ۋە ئىسلام دىنى» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ. خەنزۇچە تەرجىمىسى، «دۇنيا دىنلىرى تەتقىقات ماتېرىياللىرى»، 1986 - يىل 3 - سانىغا بېسىلغان.

## 2 ـ بۆلۈم دىنىي كىتابلار ۋە تارىخىي تەزكىرىلەر

بىرخىل دۇنياۋى دىن بولغان ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى جەريانىدا، ھەرقايسى دەۋرلەردە ئۆتكەن دىنىي ئالىملار «قۇرئان»نى ئاساسىي قوللانما قىلىپ، ئۇزۇن مۇددەت ھارماي ـ تالماي تەتقىق قىلىپ ۋە ئىزدىنىپ، كۆپلىگەن ئىلمىي ئەسەرلەرنى يازغان، شۇنىڭ بىلەن «ئىلىم ئەل تەفسىر»، «ئىلمۇئەل ھەدىس»، «ئىلىم ئەل كالام»، «ئىلىم ئەلفىقھى»نى ئاساس قىلغان دىنىي ئىلىم سىستېمىسى ۋۇجۇدقا كەلگەن. سۇفىزمنىڭ روناق تېپىشى ئىسلام دىنىنىڭ ئىلىم خەزىنىسىنى پەلسەپە، شېئىرىيەت، ئەدەبىيات قاتارلىق جەھەتلەردە كۆپ بېيىتقان. ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرئاننى ئىشلىتىش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ئەرەب تىلى تىلشۇناسلىق سىستېمىسى (ھەرپ، فونېتىكا، مورفولوگىيە، سىنتاكسىس قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تەرەققىي قىلغان ۋە مۇكەممەللەشكەن. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونلىرىدا پارس تىلىمۇ دائىم ئىشلىتىلىدىغان تىل قاتارىدا كەڭ قوللىنىلغان. شىنجاڭ ئىسلام دىنى تەتقىقاتىدا تارىختا ئىشلىتىلگەن دىنىي كىتابلارنى بىلىش ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىش، تەرەققىي قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى، شۇنىڭدەك ئىسلام دىنى مەدرىس مائارىپى، دىنىي ئىلىم، مەدەنىيەت ۋە ئىسلام شەرىئىتى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىشنىڭ بىر يولى. كىتابىمىزنىڭ ھەجمى چەكلىك بولغانلىقتىن، كۆپلىگەن كىتاب، ئەسەرلەرنى بۇ يەردە بىر ـ بىرلەپ كۆرسەتكىلى بولمايدۇ، پەقەت ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلار رايونىدا دائىم ئىشلىتىلگەن ئاساسىي كىتابلارنى تونۇشتۇرىمىز. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا ئاساسەن، بۇ كىتابلارنىڭ ئاپتورى، مەزمۇنى، نەشر قىلىنىش ئەھۋالى ۋە ئۇلارنىڭ ئىچكى رايونلارنىڭ ئىسلام دىنىدا ئىشلىتىلگەن كىتابلار بىلەن بولغان سېلىشتۇرمىسى ئۈستىدە ئىزاھات بېرىمىز. ئۇ چاغدا ئىسلام دىنى ئالىملىرىنىڭ ئوقۇشىغا تېگىشلىك بولغان كلاسسىك ئەسەرلەر ۋە ئىشلىتىلگەن كىتابلار تۆۋەندىكىچە:

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

1. «قازى بەيزاۋى تەپسىرى» . "تەپسىر" ئەرەبچە "ئىزاھ" دېگەن سۆز ئىدى، كېيىن «قۇرئان»نىڭ ئىزاھىنىلا كۆرسىتىدىغان بولغان. ئىزاھنىڭ مەنبەسى مۇنداق: (1) مۇھەممەد پەيغەمبەرگە ھەمسۆھبەت بولغان ساھابىلەرنىڭ مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ سۆز ، ھېكمەتلىرى توغرىسىدا ئېيتقانلىرى (ئاڭلىغان گەپلەرگە بەرگەن ئىزاھلىرى)؛ (2) «قۇرئان» ئىزاھچىلىرىنىڭ چۈشەنچىلىرى (پىكىر ئىزاھى)؛ (3) ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغان خرىستىئان، يەھۇدىي دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ ئۆزلىرى بۇرۇن ئېتىقاد قىلغان دىنلاردىكى ئەپسانە، رىۋايەتلەرگە ئاساسلىنىپ بەرگەن ئىزاھلىرى (خرىستىئان، يەھۇدىي دىنىچە ئىزاھلار) . «قازى بەيزاۋى تەپسىرى» يەنى «بەيزاۋىنىڭ قۇرئان تەپسىرى» نى ئابدۇللا ئۆمەر بىننى بەيزاۋى (؟ —1282-ياكى 1291 - يىللار) شافىي مەزھىپىنىڭ تەشەببۇسىغا ئاساسلىنىپ يازغان. بۇ كىتابتا تىل قائىدىسى ۋە قۇرۇلما جەھەتتە كۆپرەك كۈچ سەرپ قىلىنغان. كىتاب ئىخچام، مەزمۇنى ئېنىق، جەمئىي ئىككى توم بولۇپ، سۈننىيلەر ئۇنى مۇقەددەس كىتاب «قۇرئان» نىڭ تەپسىرى، دەپ قارىغان. بەيزاۋى شىراز (ھازىرقى ئىران تەۋەسىدە) غا قازى بولغان، شۇڭا ئىچكىرىدىكى ئىسلام ئەھلى بۇ كىتابنى «قازى» دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇ كىتاب مەدرىس مائارىپىدا ئوقۇشقا تېگىشلىك مۇھىم كىتابلارنىڭ بىرى ھېسابلانغان.

2. «ئىلمى فىقھىي». بۇ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى توغرىسىدىكى ئەسەر.

3. «سەرف» (ئەرەب تىلىنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنى). بۇ دىنىي ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇلىدىغان 13 كىتاب ئىچىدىكى «تۇتاش بەش كىتاب»نىڭ بىرى، قەدىمكى ئەرەب يېزىقىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنى ھەققىدىكى دەرسلىك.

4. «خوجا ھاپىز» (ئۇنلۇك ئوقۇغۇچى). بۇ شىنجاڭدىكى سۇفىزمنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىدىن بىرى.

5. مەسنەۋى مەۋلانە رۇمىنىڭ «مەسنەۋى شېرىپ» دېگەن كىتابى، بۇ سۇفىزمچىلارنىڭ مەشھۇر كلاسسىك كىتابى، سۇفىزمچى مەۋلىۋىيە مەزھىپىنىڭ

ئاساسچىسى جالالىددىن رۇمى (1207 — 1273 - يىللار) نىڭ ۋەكىللىك خاراكتېردىكى ئەسىرى. جالالىددىن رۇمى ” مەۋلانە “ (ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ھۆرمەت نامى) دېگەن نام بىلەن تونۇلغان. ئۇ بەلخ (ھازىرقى ئافغانىستان تەۋەسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى ئىسلام دىنى مەرىپەتچىسى ئىدى. رۇمى كىچىك ۋاقتىدا دادىسى بىلەن رۇم (كىچىك ئاسىيا)غا كۆچۈپ بېرىپ، سالجۇقىيلارغا چوقۇنغان. مىلادى 1230 - يىلى دادىسى، ئۆلگەندىن كېيىن، ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئىلمىي فىقھى جەھەتتىكى بىلىمى يىلەن ئاتاقلىق ئالىمغا ئايلانغان. لېكىن، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، تەسەۋۋۇپچى ئۇستاز شەمسىددىن تەبرىزىنىڭ تەسىرى بىلەن ئوقۇتقۇچىلىقنى تاشلاپ، سۇفىزىم تەلىماتى تەتقىقاتىغا بېرىلىپ، پىنھان ئىستىقامەت بىلەن ئۆتكەن ھەم تەبرىقى دېگەن نام بىلەن شېئىر ئىلان قىلغان. ئۇنىڭ «مەسنەۋى» (تولۇق نامى «مەسنەۋى مەنەۋى» ) دېگەن ئەسىرى پەلسەپىۋى ھېكمەتلىك سۆزلەر بىلەن يېزىلغان ئىككىلىك شېئىرلار بولۇپ، جەمئىي ئالتە توم، 27 مىڭ مىسرا، مەزمۇن جەھەتتە ئاللاغا بولغان ئاشىقلىقنىڭ چوڭقۇر ماھىيىتىنى ئىپادىلەش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدا ھېكمەتلىك سۆز، سۆھبەت بار، شۇنداقلا تەسەۋۋۇپچىلىقنىڭ ئېتىقادى، سىرى ۋە پۈتۈن تەلىماتى رەسىم ئارقىلىق بايان قىلىنغان. رۇمى پەلسەپىۋى ئىدىيە جەھەتتە يېڭى پلاتونىزىمنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئادەمنىڭ ئەڭ يۈكسەك غايىسى فانا بىلەن روھنى پۈتۈنلەي بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش، دەپ قارىغان. «مەسنەۋى» گە مۇشۇنداق پانتېئىزملىق قاراش سىڭدۈرۈلگەن. مەزكۇر ئەسەر پارس ئەدەبىياتىدىكى داڭلىق ئەسەرگە، رۇمى دۇنياغا تونۇلغان داڭدار شائىرغا ئايلانغان. بۇ ئەسەرگە گېگېل، گېتىلارمۇ باھا بېرىپ ئۆتكەن. «مەسنەۋى» ئەسلىدە پارس تىلىدا يېزىلغان، كېيىن ئەرەب، تۈرك، ئوردۇ تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان ۋە بەزى ئالىملار تەرىپىدىن ئۈزۈندە قىلىپ تەرجىمە قىلىنغان، تاللاپ نەشر قىلىنغان. سۇفىزمچىلار بۇ كىتابنى ” پارسچە قۇرئان “، ” سۇفىزمنىڭ قامۇسى “ دەپ قەدىرلىگەن. «مەسنەۋى» ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ تارقالغان، شىنجاڭدىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خوجىلار ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن بۇيانقى تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ ئەڭ مۇھىم كلاسسىك ئەسىرى بولۇپ قالغان.

6. «رىشاھات». ئاپتورى ھۈسەيىن، پارس تىلىدا يېزىلغان، ئىسلام دىنى " ئەۋلىيا - ئەنبىيا "لىرىنىڭ تەزكىرىسى، سۇفىزمچىلارنىڭ قوللانمىلىرىدىن بىرى.

7. مۇھەممەد مەسۇمنىڭ «مەكتۇباتى شېرىپ» دېگەن كىتابى (24 - گە قاراڭ).

8. «مىشكات شېرىپ» (ھەدىسلەر). "ھەدىس" ئەرەبچە سۆز. ھەدىس پەيغەمبەرنىڭ مۇبارەك ھەرىكەتلىرى (sunnah)گە قوشۇپ، " مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرى " يەنى «ھەدىسلەر» قىلىپ تۈزۈلگەن. تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، سۈننىيلەر ئىشلىگەن ھەرخىل نۇسخىدىكى توپلاملار 1460 خىلدىن ئاز ئەمەس، ئۇلار بۇ كىتابنى قۇرئاندىن سەللا تۆۋەن تۇرىدۇ، دەپ قارىغان ھەم قانۇن چىقىرىشنىڭ بىر ئاساسى قىلغان. بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇداۋۇد، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىق كىشىلەر تۈزگەن «ئالتە ھەدىس توپلىمى» بار. مىشكات شېرىپنىڭ «ھەدىسلەر»ى «مىشكاتۇلمەسابىھ»نىڭ قىسقارتىپ ئاتىلىشى، «مەسابىھۇسسۈننە» ئۇنىڭ سىلىشتۇرۇپ بېكىتىلگەن نۇسخىسى. «مەسابىھۇسسۈننە» بەيزاۋى (1177- ياكى 1122 - يىللار) توپلىغان مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرى بولۇپ، ئەھلى سۈننىيلەر ئىچىدە كېيىنكى چاغلاردا خېلى دەۋر سۈرگەن توپلاملاردىن بىرى. ئۇنىڭدا بۇرۇنقى توپلاملاردىكى رىۋايەتلەر قىسقارتىلغان، مەزمۇنىنىڭ موللۇقى، ئىزدەپ تېپىشقا ئاسانلىقى بىلەن داڭ چىقارغان.

9. «ھىدايە» (قانۇنشۇناسلىق كىتابى). ئۇ ئەرەبچە «Al — Hi — dayah — al — faru» نىڭ قىسقارتىپ ئاتىلىشى، ئىسلام دىنىدىكى سۈننىي مەزھىپى دائىم ئىشلىتىدىغان ئىلمى فىقھى كىتابلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، " كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ قىبلىنامىسى " دەپ قارالغان، شۇڭا ھىدايە دېگەن سۆز تۇرغۇن ئەسەرلەردە ئىشلىتىلگەن. بۇ كىتابنى مەدىنىلىك

بۇرھاندىن ئەلى (1135_1196_يىللار) يازغان. ئۇ ھەم ئەبۇ ھەنىپە (699_767 - يىللار) ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى يۇسۇپ (؟_798- يىللار)، ئىمام مۇھەممەد (تەخمىنەن VIII ئەسىر) لەرنىڭ فىقھى جەھەتتىكى تەشەببۇسلىرىنىڭ توپلىمى ھەم ئاپتورنىڭ «بەدىيە تۇل مۇبتىلا» دېگەن كىتابىنىڭ ئىزاھى.

10. «مۇختەسەر ۋىقايە». «ۋىقايە» نىڭ ئاددىي نۇسخىسى.

11. «شەرھ ۋىقايە». بۇ كىتاب XIV ئەسىردە ئەبەيدۇللا بىننى مەسئۇد تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، بۇرھان شەرىئەت مەھمۇدنىڭ «ۋىقايە» دېگەن كىتابىنىڭ ئىزاھى. ئۇنىڭ بىرىنچى قىسمىدا، دىنىنىڭ پەرزلىرى، يەنى ئىمان ئېيتىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، ئۆشرە - زاكات بېرىش، ھەج قىلىش قاتارلىقلار تونۇشتۇرۇلغان (نامازنىڭ كونكرېت تەلەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان). ئىككىنچى قىسمىدا، ھەق تەلەپ قانۇنى تونۇشتۇرۇلغان، مەسىلەن، خوتۇننى تالاق قىلىش، قۇللارنى ئازاد قىلىش، نىكاھ، ئېلىم - سېتىم، يەر - زېمىن ۋە باشقىلار. ئۈچىنچى قىسمىدا، جىنايى ئىشلار قانۇنى، مەسىلەن، ھاراق ئىچكەن، زىنا قىلغان، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق قىلغانلارنى كونكرېت بىرتەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر تونۇشتۇرۇلغان. بۇ كىتاب ھەنەفىيەگە مەنسۇپ كىتاب بولۇپ، جۇڭگو، ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ تارقالغان.

12. «ئۇسۇلى فىقھي». ئىسلام دىنى قانۇن مېتودولوگىيىسىگە دائىر ئەسەر.

13. «تەجۋىد».

14. «شەرھ موللا».

15. «قەۋائىد». ئۇ مۇنداق قىسىملارغا بۆلۈنگەن: (1) «سەرف»، (2) «موزى»، (3) «زەنجانى»، (4) «ئەۋامىل»، (5) «تەسرىفات»، (6) «ھەركات ئىراپ». شىنجاڭ رايوندا ئىشلىتىلگەن ئەرەبچە باشقا كلاسسىك ئەسەرلەر:

16. «مەنتىق». بۇ ئىسلامىيەتنىڭ لوگىكا ئەسىرى.

17. «ئاقايىدۇننەسەفىيە» (دىن قائىدىلىرى توغرىسىدىكى كىتاب). ئۇنى سەئدۇددىن تەفتەزانى (خوراسانلىق، 1312_1389_يىللار) يازغان. ئۇ ئۆمەر نەسەفى (؟_1142 ـ يىللار) نىڭ «كەششاف» دېگەن ئەسەر (22 ـ گە قاراڭ) گە تەقلىد قىلىپ يازغان «ئاقائىد» (ھەنەفىيەگە مەنسۇپ تەپسىر كىتاب) ناملىق كىتابىنىڭ ئىزاھى. بۇ كىتابتا ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلى دىنىي قائىدىسى، ئېتىقادى يۇنان پەلسەپىسى بىلەن سىڭىشتۇرۇلغان ھەم ئۇنىڭغا قارىمۇ قارشى بولغان مۇئتەزىلىلەرنىڭ كۆز قارىشىغا ئۇقتىلىق رەددىيە بېرىلگەن. ئۇ ئىلىم ئەل تەۋھىد (كالامشۇناسلىق) توغرىسىدىكى داڭلىق ئەسەر. بۇ ئەسەر ئىسلام ئەللىرىدە نەچچە يۈز يىل دەۋر سۈرگەن، مەدرىسلەرنىڭ دەرسلىكلىرىدىن بىرى قىلىنغان. ئېلىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرىدا ئۇنىڭ «ئوقۇتۇش ئۆرنىكىگە ئىزاھ» (ماجى)، «ئوقۇتۇش ئۆرنىكىنىڭ يەشمىسى» (مافۇچۇ)، «تىلسىم كىتابىنىڭ قىسقىچە شەرھى» (ماجىبىن، ئىزاھ بېرىلگەن ئۆزۈندە نۇسخىسى قوشۇپ بېسىلغان) دېگەنگە ئوخشاش تەرجىمە نۇسخىلىرى بولغان.

18. «شەمسىيە ئاتا بۇلمەنتىقنىڭ تەپسىرى».

19. «ئۇسۇلى فىقھى» (شۇ كىتاب، 12 ـ گە قاراڭ).

20. «شاتىم».

21. «تەپسىر كەبىر». بۇ كىتاب «قۇرئان»نىڭ سۈننىي مەزھىپىگە مەنسۇپ داڭلىق تەپسىرلىرىدىن بىرى. ئۇ «مافاتىھۇلغەيب» دەپمۇ ئاتالغان. ئۇ فەخرىدىن ھۇسەيىن رازى (1149_1209 ـ يىللار)نىڭ ئىزاھى. بۇ ئەسەردە «كەششاف» (22 ـ گە قاراڭ) تىكى مۇئتەزىلچىلىك قاراشلىرىغا رەددىيە بېرىلىپلا قالماستىن، ئىزاھلىغۇچىنىڭ ئەرشىئەلاچىلىق قارشىـــى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. رازىنىڭ ئىزاھىنىڭ چالا قالغان قىسمىنى شاگىرتى، دەمەشقنىڭ باش قازىسى شەمسىدىن كامال (؟_1375 ـ يىللار) پۈتتۈرگەن.

بۇنىڭدىن باشقا، پارىسچە كىتابلارمۇ بار.

22. «كەششاف» (قۇرئاننىڭ ئىزاھى). مۇئەللىپىنىڭ ئەرەبچە «كەششاف

ئەن ھەقائىقۇتتەنزىل» دېگەن كىتابمۇ بار. ئۇنى خارەزملىك ئەبۇلقاسىم زىمەخشەرى (1075—1144 ـ يىللار) 1134 ـ يىلى يېزىپ پۈتتۈرۈپ، «قۇرئان»نى ئىزاھلاش ئۇستازى دېگەن ئاتاقنى ئالغان. «قازى بەيزاۋى تەپسىرى» (1 ـ گە قاراڭ)، «ئاقائىدۇننەسەفىيە» (17 ـ گە قاراڭ) مۇشۇ تەپسىرگە تەقلىد قىلىپ يېزىلغان. «قۇرئان»نىڭ پارسچە تەپسىرىنى 1492 ـ يىلى ھىندىستاننىڭ دېھلى شەھىرىدىكى ھۇسەيىن دېگەن كىشى يازغان، تىلى ئىخچام، تەبىئىي پەنگە مايىلراق قىلىپ يېزىلغان بۇ كىتاب فىقھى جەھەتتە باشلانغۇچ ئوقۇشلۇق بولغان. ئىچكىرىدىكى ئاخۇنلار ئۇنى ” ھۇسەيىنى “ دەپ تەرجىمە قىلغان، خۇيزۇ ئالىي مەكتەپلىرىدە ئوقۇلىدىغان 13 كىتابنىڭ بىرى بولغان.

23. «مەسنەۋى شېرىپ» (5 ـ گە ئوخشاش).

24. «شەيخ رەببانىنىڭ مەكتۇباتى». شەيخ رەببانى ھىندىستانلىق مەشھۇر ئىلاھىيەتشۇناس ۋە دىنىي داھىي، «مەكتۇبات» ئىمام رەببانىنىڭ سۇفىزملىق كىتابى. بۇ كىتاب ئۇنىڭ جەمئىيەت ئەربابلىرى ئىچىدە ئۆز تەلىماتىنى تارقاتقانلىقىغا دائىر مەلۇماتلارنى، ئۇنىڭ مەرتىۋىلىك ئاقسۆڭەكلەر، دىنىي ساھەدىكى مۇتەپپەككۇرلار، شەيخلەر، شاگىرتلىرىغا يازغان نۇرغۇن خەت ـ چەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مەزمۇن جەھەتتە سۇفىزمنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈش، سۇفىزمنىڭ ئىسلام شەرىئىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، سۇفىزمنىڭ ئەدەب ـ ئەخلاقى، سۇفىزمچىلارنىڭ ئايرىم مەسىلىلەر توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈشلىرى، سۇفىزمغا دائىر بىر قىسىم سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ تەبىرى، نەقشبەندىيەنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى، سۈننىي مەزھىپىنىڭ ئىسلام ئېتىقادى توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى، بىرقىسىم دىنىي قائىدە ـ يوسۇنلار توغرىسىدىكى ئىزاھلار، تارىخىي كىشىلەرنىڭ سۇفىزم مەسىلىسى توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ ئەسەردە يەنە ھىندىستان ھۆكۈمرانى ئاباق (1599—1605 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) نىڭ مۇرەسسەچىل دىن توغرىسىدىكى سەپسەتىلىرى ۋە ئىسلام ئەنئەنىسىنى

ئاجىزلاشتۇرۇش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلىرى قاتتىق ئەيىبلەنگەن، شۇنىڭدەك ئۆلىمالار (فىقھشۇناسلار، ئىلاھىيەتشۇناسلار) ۋە يۇقىرى قاتلام جەمئىيىتىنىڭ ئەخلاق جەھەتتىكى چۈشكۈنلۈكى سۆكۈلگەن، سۇفىزمچىلارنىڭ بىدئەد سۆزلىرىگە رەددىيە بېرىلگەن. بۇ ئەسەر سۇفىزم پەلسەپىسىنى، بولۇپمۇ نەقشبەندىيىنىڭ ئەنتىقچىلىق قارىشىنى چۈشىنىشتە مۇھىم رول ئوينىغان، XVII ئەسىردىن بۇيان ئەڭ نوپۇزلۇق بولغان سۇفىزمچى ئەسەردۇر. بۇ ئەسەر كېيىن تاتار ئالىمى مۇرات رەمزى تەرىپىدىن پارسچىدىن ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان، مىسىردا ئۈچ قىسىم، توققۇز جىلد (536 پارچە خەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قىلىپ نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ تۈركچە تەرجىمە نۇسخىسىمۇ بار. «مەكتۇبات» نىڭ باشتىكى ئىككى جىلدى شىنجاڭغا ئەڭ بۇرۇن تارقىلىپ، سۇفىزمچىلار تەرىپىدىن شىنجاڭدا تارقىتىلغان ئەڭ مۇھىم دىنىي ئەسەر بولۇپ قالغان.

25. جامىنىڭ «نەفەھاتى ـ ئۇنس 30 جۇزئى». بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئابدۇراخمان جامى (1414ـ1492 ـ يىللار) نىشاپورنىڭ يېنىدىكى جام يېزىسىدا تۇغۇلغان، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى، بولۇپمۇ پارس ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ يىرىك نامايەندە سۈپىتىدە پەخرلىك ئورۇن تۇتقان، خۇراسان ئالىملىرىنىڭ دەپتەر بېشىدىكى شەيخۇلئىسلام نامى بىلەن تونۇلۇپ شۆھرەت قازانغان. شائىر، ئالىم مەۋلانە ئابدۇراخمان جامى پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى بولۇپ، يۈكسەك ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ئىگە بولغان. ئۇ ئەدەبىيات، گىرامماتىكا، لوگىكا، يۇنان ۋە شەرق پەلسەپىسى، ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيە جەھەتلەردە كامالەتكە يەتكەن. ئەلىشىر نەۋائى (1441ـ1501 ـ يىللار) ئۇنىڭ يېقىن دوستى ئىدى. ئۇ ئىككىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ئوتتۇرا ئەسىر ئىلىم دۇنياسىنىڭ پېشۋالىرى ئىدى. تارىخىي مەنبەلەردە يېزىلىشىچە، جامى ئۆمرىدە «شاۋاھىدۇننەبۇۋە»، «نەفەھاتەلئۇنوس»، «ھەفتە ئەۋرەڭ» (نەزمە ئەسەر، يەتتە توم)، «قافىيە»، «ئەربەئىن ھەدىس»، «لاۋايىھە شەرھى دىۋان»، «مۇئامما» رىسالەلىرى، «رىسالە مۇسقىيۇن»،

«باھارىستان جامى» قاتارلىق 46 مۇھىم ئەسەر يازغان. بۇ ئەسەرلەر مەزمۇن
جەھەتتە لىرىك ۋە مىستىتىك شېئىرلارنى، ئەرەب گراماتىكىسى، نەسر،
مۇزىكا، ئەۋلىيالارنىڭ تەرجىمىھالى ۋە «قۇرئان» ئىزاھىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان،
شۇڭا ئۇ پۈتۈن دۇنيانىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە بولغان. يەتتە جىلدلىق «ھەفت
ئەختەر» («يەتتە تەخت»، يەنى ئېيىق يۇلتۇزى) ئۇنىڭ ئاساسلىق شېئىرىي
ئەسىرى. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى ئەزەربەيجانلىق تالانت ئىگىسى نىزامى
(1141—1209) نىڭ مەشھۇر ئەسىرى «بەش شېئىر توپلىمى» غا تەقلىد قىلىپ
يېزىلغان بولۇپ، يەتتە تارىخىي داستاندىن تۈزۈلگەن. جامىنىڭ نۇرغۇن
ئەسىرى ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسى بىلەن سۇغۇرۇلغان. ئۇنىڭدا ھاكىمىيەت
بېشىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ زالىملىقى تەنقىد قىلىنغان، سۇفىزمنىڭ پەلسەپە
ئىدىيىسمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. «نەفەھاتى ئۇنس 30 جۇزئى» دېگەن
ئەسىرى 1476—1477 - يىللىرى يېزىلغان. ئۇنىڭدا ئاساسلىق ئىسلام
دۇنياسىدىكى سۇفىزم ئۆلىمالىرى، شەيخ، ئىشانلاردىن 693 كىشىنىڭ
تەرجىمىھالى تونۇشتۇرۇلغان، ئۇلارنىڭ تەشەۋۋۇپچىلىق پائالىيەتلىرى،
كۆزقاراش، تەشەببۇسلىرى ۋە ۋەز - نەسىھەتلىرى بايان قىلىنغان.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن 25 دىنىي كىتابنىڭ ئىچىدە 5-
بىلەن 23-، 7 - بىلەن 24 -، 12 - بىلەن 19 - كىتابنىڭ مەزمۇنى
ئوخشاش، شۇڭا بۇ 25 ئەسەر، ئەمەلىيەتتە، 22 كىتاب. ئۇلارنىڭ ئىچىدە
4 ، 5 -، 6 -، 7 -، 23 -، 24 -، 25 - قاتارلىق يەتتە پارچە (بەش
خىل) ئەسەر سۇفىزملىق ئەسەرلەردۇر. ئىلمىي فىقھى جەھەتتىن تەھلىل
قىلغاندا، 1 - ئەسەر ئىمام شافى مەزھىپىگە كىرگەندىن باشقا، قالغانلىرى
ھەنەفىيە مەزھىپىگە كىرىدۇ. شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسەن ئىسلام
دىنىنىڭ سۈننىيلەرنىڭ ھەنەفىيە مەزھىپىگە كىرىدىغانلىقىنى بۇنىڭدىنمۇ
كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ياپونىيىلىك ئالىم سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغاندىن كېيىن،
ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 2 -، 3 -، 9 -، 12 -، 15 -، 16 -، 17 -، 19 -،
20 -، 21 -، 22 - قاتارلىق كىتاب ئېلىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

ئىشلىتىلگەن كىتابلار بىلەن ئوخشاش، دەپ قارىغان.[①] ئەمەلىيەتتە، بۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. 1 ـ، 5 ـ، 7 ـ، 10 ـ، 11 ـ، 13 ـ، 23 ـ، 24 ـ قاتارلىق سەككىز پارچە (ئالتە خىل) كىتابمۇ ئىچكى رايونلاردا تارقالغان ياكى شەخسلەرنىڭ قولىدا ساقلانغان. شۇڭا، يۇقىرىقى 25 پارچە (22 خىل) كىتابتىن ئىچكى رايونلاردىكى بىلەن ئوخشاشلىرى 19 پارچە، (16 خىل) بولۇپ، بۇ كىتابلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە «قازى بەيزاۋى تەپسىرى» (1 ـ) «سەرف» (3 ـ)، «شەرھى ۋىقايە» (11 ـ)، «ئاقائىدۇننەسەفىيە» (17 ـ) ۋە شىنجاڭدا تارقالغان پارسچە ئىزاھلىق «قۇرئان» (22 ـ) مۇ ئىچكى رايونلاردىكى دىنىي ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇلىدىغان 13 مۇھىم دەرسلىك قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن.

شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا دائىر قەدىمكى كىتابلار ئىچىدە قەشقەردىكى خوجىلار تەزكىرىسى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنداق تەزكىرىلەر ئىچىدە مۇھەممەد ئەۋەزنىڭ ئەسەرلىرى ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرغان. مۇھەممەد ئەۋەزنىڭ ھىجرىيە 1012ـ يىلى/ (مىلادى 1603ـ1604 ـ يىللىرى) ماۋەرائۇننەھردە يېزىپ پۈتتۈرگەن «زىيائۇل قۇلۇب» دېگەن كىتابى قارا تاغلىقلارنىڭ پېشۋاسى خوجا ئىسھاقنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى تەرجىمھالى. ھازىر دۆلىتىمىزدە بار «مەخدۇم ئەزەم ۋە خوجا ئىسھاق جەمەتى تەزكىرىسى» دېگەن كىتابنىڭ قوليازمىسىنىمۇ مۇھەممەد ئەۋەز ھىجرىيە 1143ـ يىلى (مىلادىيە 1730ـ1731 ـ يىللىرى) يازغان. مىر خالىدىن كاتىپ قازى شاھ كوچەك يەركەندى يازغان پارسچە «ھىدايەتنامە[②]» دېگەن كىتابتا ئاپتور ئاق تاغلىق خوجىلارنى قوغداش، ھىدايىتۇللا خوجا (ئاپپاق خوجا)نى مەدھىيىلەش مەيدانىدا تۇرۇپ، ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار كۈرىشىنىڭ ئەھۋالىنى

---

① زوكۇتو يازغان، لىلى سۇگچۇن تەرجىمە قىلغان «XIV—XVIII ئەسىرلەردىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، 2 ـ قىسىم، 654 ـ بەت.

② «ھىدايەتنامە» (ھەقىقەت يولى) نى مىرخالىدىن كاتىپ قازى شاھ كوچەك يەركەندى ھىجرىيە 1142ـ يىلى (مىلادى 1729ـ1730ـ يىللىرى) يېزىپ پۈتتۈرگەن. ھازىر دۆلىتىمىزدە ئۇنىڭ پارسچە قول يازمىسى بار. بۇ كىتابنىڭ قوليازمىسى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرق تەتقىقات ئورنى ۋە ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرق تەتقىقات ئورنىنىڭ قوليازما ئىسكىلاتىدىمۇ بار.

بايان قىلغان.

شىنجاڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلارنىڭ كۈرىشى بىر ئەسىردىن ئارتۇق داۋام قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئىككى چوڭ دىنىي گۇرۇھنىڭ ئۆزئارا مۇددەتلىك تىركىشىشى تەرجىمىھال - تەزكىرىلەردە ئەكس ئەتكەن، بۇ ئۇلارنىڭ گۇرۇھ تەۋەلىكى جەھەتتە روشەن پەرقلەنگەن. مەسىلەن، قارا تاغلىق خوجىلار تەزكىرىسى ئىچىدە «تەزكىرەئى ئەزىزان» دېگەن كىتاب بار. بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى مۇھەممەد سادىق كاشغەرى (1725—1849 - يىللار) قەشقەرنىڭ ھاكىم بېگى ئوسمانغا باش مىرزا بولغان، ئوسمان بەگ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاتاقلىق بەگ ھادىنىڭ ئوغلى، ئۇنىڭ جەمەتى ئەزەلدىن ئىسھاق ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ مۇرىتى ئىدى، شۇڭا ئاپتورنىڭ غەرىزى قارا تاغلىق خوجىلارغا مۇنار تىكلەش ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ كىتاب XVI ئەسىردىن XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان مەزگىلدىكى شىنجاڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدىغان ئاساسىي تارىخ ماتېرىياللىرىدىن بىرىدۇر.

مۇھەممەد سادىقنىڭ تارىخىي داستانى «تەزكىرەئى ئەزىزان» (خوجىلار تەزكىرىسى) دېگەن ئەسىرىمۇ بار، ئۇنىڭدىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىن شىنجاڭغا كەلگەن خوجىلارنىڭ تارىخى بايان قىلىنغان. ئۇنىڭ «تەزكىرەئى خوجىگان» دېگەن يەنە بىر ئەسىرىدە چىن ماتېرىيال ئاساسىدا XV ئەسىردىن XVIII ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىغىچە يۈز بەرگەن سىياسىي ۋەقەلەر بايان قىلىنغان. ئۇنىڭ ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن بىردىنبىر ئۇيغۇرچە قولىيازمىسى چەت ئەلدە.①

چىڭ دەۋرىدىكى ئاق تاغلىق خوجىلارغا ئائىت تەزكىرىلەردىن مۇنۇلار

---

① «XVI ئەسىردىن XIX ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىغىچە بولغان مەزگىلدىكى شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە دائىر قولىيازما ۋە ئەسەرلەر»، «سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۇيغۇرشۇناسلىق دۇچ كەلگەن مەسىلەر» دېگەن كىتابقا قاراڭ. م. كۇتماكوۋ يازغان، يەن جىيىڭ تەرجىمە قىلغان، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر خەۋىرى» نىڭ 1984 - يىل 3-، 4 - سانىغا بېسىلغان. «تەزكىرەئى خوجىگان» نىڭ قولىيازمىسى ھازىر ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرق تەتقىقات ئورنىنىڭ قولىيازما ئىسكىلاتىدا.

بار:

(1) «خوجىلار تەزكىرىسى»، ئىسمى نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن ھىجرىيە 1241- يىلى (مىلادى 1825-1826- يىللىرى) يېزىلغان.

(2) «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، موللا ياقۇپ بىننى ئۆمەر روزى قەشقەرى تەرىپىدىن، ھىجرىيە 1262- يىلى، (مىلادىيە 1845-1846- يىللىرى) يېزىلغان.

(3) «ھىدايەتنامە»، ئاپتورى يۇقىرىقىغا ئوخشاش.[①]

(4) «ھەزرىتى ئاپپاق تەزكىرىسى»، ئاپتورى نامەلۇم[②]، ئاپپاق خوجا توغرىسىدىكى يەنە بىر تەزكىرە.

(5) «ئاپپاق خوجا تەزكىرىسى»، ئاپتورى نامەلۇم[③]، ئۇيغۇرچە قولىيازما.

(6) «ئەھكامۇل خوجا ئاپپاق»، ئاپتورى نامەلۇم، ئاپپاق خوجا توغرىسىدىكى يەنە بىر تەزكىرىنىڭ قولىيازمىسى[④].

(7) «شەيخۇلكالان»، ئاپتورى نامەلۇم[⑤]. بۇ ئاپپاق خوجىنىڭ ئوغلى سەئىد ئىمام ھەسەن، يەنى شەيخۇلكالاننىڭ تەزكىرىسى.

(8) «سەيرىل مۇخلىس داستانى». بۇ شەمسىدىن ئەلى ئابدۇللا ھىجرىيە 1280 (مىلادىيە 1863) - يىلى يازغان ئاپپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئالتە شەھەر رايونىدا ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرى توغرىسىدىكى نەزمە تەزكىرە.

(9) «چوڭ خوجا تەزكىرىسى»، ئاپتورى نامەلۇم، ئەسلى نۇسخىسى پارسچە قولىيازما بولۇپ، يېگىسار خانئېرىق يېزىسىدىن موللانىياز دېگەن كىشى

① ھازىر قەشقەرلىق موللا رەھىم خەتىپ ھىجرىيە 1300- يىلى (مىلادىيە 1882-1883- يىللىرى) كۆچۈرگەن نۇسخا بار.

② ھازىر قەشقەرلىق موللا رەھىم خەتىپ ھىجرىيە 1308 - (مىلادىيە 1890- يىلى) كۆچۈرگەن چاغاتايچە نۇسخا بار.

③ ھازىر موللا رەھىم نىمەتۇللا ھىجرىيە 1326 - (مىلادىيە 1908) يىلى كۆچۈرگەن چاغاتايچە نۇسخا بار.

④ ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرق تەتقىقات ئورنىنىڭ قولىيازما ئىسكىلاتىدا.

⑤ ھازىر ئۇيغۇرچە قولىيازما بار.

ھجرىيە 1280 (مىلادىيە 1864) - يىلى كۆچۈرگەن. بۇ كىتابتا چوڭ خوجا دەپ ئاتالغان ئىشان كالاننىڭ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە ئەۋلاد ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ ئۆمۈر تارىخى خاتىرىلەنگەن، ئاخىرىدا ئاق تاغلىقلاردىن 79 كىشىنىڭ دەرىجىسى، مەرتىۋىسىنى بېرىپ، قىزغىن تەنتەنە ئىچىدە ئاياغلاشتۇرغان، شۇڭا ئۇنى ئاق تاغلىقلارغا تون ياپقان ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ.

خوجىلار توغرىسىدىكى يۇقىرىقى تەزكىرىلەردىن باشقا چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن شىنجاڭ رايونىدا تەرجىمە قىلىنغان ياكى يېزىلغان ئىسلام دىنى توغرىسىدىكى باشقا تارىخىي ئەسەرلەرمۇ خېلى كۆپ. بۇ يەردە بىر نەچچىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىمىز. مەسىلەن، مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ «رۇبدەتۇلمەسائىل» (تاللانغان مەسىلىلەر) دېگەن كىتابىدا ئىسلام تەرىقىتى جانلىق ھېكايىلەر ئارقىلىق شەرھلەنگەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ۋە ئېتىمولوگىيىسى جەھەتتىكى مەسىلىلەر بايان قىلىنغان. ئۇنىڭ «تەزكىرەئى ئەسھابۇلكەھف» دېگەن يەنە بىر ئەسىرى ئۇيغۇر داستانچىلىقى، ھېكايىچىلىقىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. دىن تارىخى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، بۇ كىتاب پىچان تۇيۇقتىكى ئەسھابۇلكەھف مازىرىنىڭ تارىخى، دېيىلگەن: ئۇنىڭدا ئەۋلىيالارنىڭ نەسەبى ۋە ئىدىيە، قاراشلىرى بايان قىلىنغان. داستاننىڭ ئاخىرىغا قوشۇمچە قىلىنغان، پارسچىدىن تەرجىمە قىلىنغان «مەسلەكىن مۇتتەقىن» (72 ئېتىقاد) ئىسلام ئېتىقادىنى ئىزاھلايدىغان ئۇچېرك. ئۇ يەنە «تارىخىي ئىسكەندەر ۋە تاجىنامەئى شاھى» (ئىسكەندەر تارىخى ۋە شاھلىق تاجى)، «ئادا بۇسسالىھىن» (ياخشى كىشىلەرنىڭ ئەدەب - ئەخلاقلىرى)، «قىيابەتۇلبەشەر» (ئىنساننىڭ قىيابەت - تۇرقى)، «رىسالەئى كەسپدار» (ھۈنەرۋەن - كاسپلار رىسالىسى) قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان، مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرىگە كەلسەك، ئۇ شەيخ فەرىددىن ئەتتارنىڭ «تەزكىرەتۇلئەۋلىيا» دېگەن ئەسىرىنى پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. بۇ كىتابتا مۇھەممەد پەيغەمبەر دەۋرىدىكى ئاتاقلىق تارىخىي شەخسلەردىن ئىمام جەئفەر سادىق

باشلىق 92 ئەۋلىيانىڭ ئۆمۈر تارىخى، ئۇلارنىڭ تارىختىكى پائالىيىتى، رولى ۋە ئۇلار ئىچىدىكى بەزى كىشلەرنىڭ سوپىزمنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى قاراشلىرى بايان قىلىنغان.

شەيخ فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ «تەزكىرەتۇلئەۋلىيا» دىگەن ئەسىرى ئەسلىدە پارس تىلىدا يېزىلغان، ھىجرىيە 1190 (مىلادىيە 1777) - يىلى يەكەننىڭ ھۆكۈمدارى مۇھەممەد ئىبراھىم بەگ بىننى كېپەك ئۇنى مەشھۇر مۇتەپپەككۇر ۋە ئالىم مۇھەممەد سىدىق پارشىدىنغا ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدۇرغان. بۇ كىتاب ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى مەشھۇر شەخسلەر توغرىسىدىكى تەزكىرە.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى غەزنە خانلىقىنىڭ خانى مۇھەممەد دەۋرىدىكى پارس شائىرى فىردەۋسىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «شاھنامە» ھىجرىيە 1210 (مىلادىيە 1796) - يىلى خامۇش ئاخۇن يەركەندى تەرىپىدىن پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان.

«تەزكىرە ئىمامىيە» خوتەنلىك موللا نىياز تەرىپىدىن XI ئەسىردە خوتەندە ئىسلام دىنىنى تارقىتىش يولىدا شېھىت بولغان تۆت ئىمام (ئىمام قەتبۇل، ئىمام ناسىر، ئىمام تاھىر، ئىمام ھامۇت) نىڭ ئىش ئىزلىرىغا ئاساسەن ھىجرىيە 1212 (مىلادىيە 1798) - يىلى يېزىلغان تارىخي رىۋايەت، ئالدىنقى يېرىمى نەسر، كېيىنكى يېرىمى نەسرىي شېئىر.

«تەزكىرەئى ئارسلانخان» موللا نىياز موللا قۇتلۇق تەرىپىدىن يېزىلغان، ھىجرىيە 1266 (مىلادى 1850-) يىلى كىتاب بولۇپ چىققان. ئۇنىڭدا ئاساسەن سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىشى، نەۋرىسى سېيت ئارسلاننىڭ ئۆمۈر تارىخى ۋە ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەريانىدا قىلغان غازاتلىرى بايان قىلىنغان.

## 3 - بۆلۇم دىنىي شەرىئەت ۋە دىنىي ئىقتىساد

ئىسلام شەرىئىتى ئەنئەنە جەھەتتە دىنىي قائىدە - يوسۇن، ھەق تەلەپ قانۇنى ۋە جىنايى ئىشلار قانۇنىدىن ئىبارەت ئۈچ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دىنىي قائىدە - يوسۇن دىنىي قائىدە تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشىدىكى ھەرىكەت مىزانى ھېسابلىنىدۇ. دىنىي ئەقىدە ئېتىقاد كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ، ئۇ دىنىي ئەخلاق خاراكتېرىنى ئالغان (مۇشۇ بابنىڭ 1 - بۆلۈمىگە قاراڭ). ئىسلام دىنى قانۇن - تۈزۈمىنىڭ ھۆكۈمرانلار ئىرادىسىنىڭ گەۋدىلىنىشى ئىكەنلىكى ئاساسەن جىنايى ئىشلار قانۇنى ۋە ھەق تەلەپ قانۇنى جەھەتتە ئەكس ئەتكەن. ئىسلام شەرىئىتى قاراخانىيلاردىن بۇيانقى يەرلىك ئىسلام ھاكىمىيەتلىرىنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن قەدىرلەنگەن. شىنجاڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ مەركەزلەشكەن رەھبەرلىكىدە، ئۇيغۇرلار رايونىدا شەرىئەت ھۆكۈمران ئورۇندىكى تۈپ قانۇن بولغان ئىلگىرىكى ئەھۋال ئۆزگىرىشكە باشلىغان. مۇسۇلمان ۋاڭ، گوڭ، بەگلەردە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدىكى فېئوداللىق ئىمتىياز بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ كەتمىنىنى چېپىشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان، شەرىئەتتىن ئىبارەت ئىلاھىي دەستەكنىڭ ئالاھىدە نوپۇزىغا تايانمايدىغان بولغان، دىنىنىڭ قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىمۇ ئەمەلدىن قالغان. بۇرۇن شەرىئەتكە تايىنىپ يۈرگۈزۈلگەن ساقچىلىق، ئامانلىق ساقلاش ھوقۇقىنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تىزگىنلىگەن. شەرىئەتنىڭ ئەدلىيە ھوقۇقىمۇ مەلۇم دەرىجىدە چەكلەنگەن. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، ھەرقايسى جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، ۋىلايەت - ناھىيە تۈزۈمى، جاساق تۈزۈمى ۋە بەگلىك تۈزۈمىنى يولغا قويغان. ۋىلايەت - ناھىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بارىكۆل ۋىلايىتى، ئۈرۈمچى بىۋاستە

قاراشلىق ئايمىقى، تۇرپان بىۋاسىتە قاراشلىق نازارىتىنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىۋاسىتە سورىغان، بۇ جايلارغا چىڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇنى بويىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان، بىراق بۇ جايلار مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشىدا شەرىئەت يەنە مەلۇم رول ئوينىغان. جاساق تۈزۈمى يولغا قويۇلغان قۇمۇل، تۇرپان رايونلىرىدا دەھرىي ۋاڭ، گۇڭ، ئاقسۆڭەكلەر ئۆزىگە قاراشلىق جايلاردا تولۇق باشقۇرۇش، رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان، شەرىئەت ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قورالى بولۇپ قېلىۋەرگەن. مۇسۇلمان ۋاڭلىرى ئىسلام دىنىنى كونترول قىلىپ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن تۈزۈمدىكى دىكتاتۇرىنى يۈرگۈزگەن. دىنىي قانۇن، ئەدلىيە ئورگانلىرى ۋە ئەدلىيە پائالىيىتىنىڭ بۇرۇنقى مۇسۇلمانچە قانۇن - تۈزۈملىرىگە خاس خۇسۇسىيىتى ئاساسەن ساقلىنىپ قالغان، بىراق ئۆز رايونىدىلا ئاقىدىغان قىلىپ قويۇلۇپ، ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسى چەكلەنگەن. بەگلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلغان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى شەھەرلەردە ئەھۋال باشقىچە بولغان، بۇ جايلاردىكى قازى قۇززات، قازىخانىلار ساقلىنىپ قالغان، قازى مۇھتەسىپ① بەگ، پاششاپ ۋە مۇتەئەسسىپ بەگكە ئوخشاش شەرىئەتنى ئىجرا قىلغۇچى ئەمەلدارلار چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان ھەم ئۇلارغا مۇناسىپ دەرىجە ۋە تۇرمۇش تەمىناتى بېرىلگەن، ئۇلار شەرىئەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئەدلىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەن، بىراق پاششاپ بەگ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەيىنلىگەن ساقچى ئەمەلدارىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىغا چۈشۈرۈپ قويۇلغان، مۇتەئەسسىپ بەگنىڭ دەررىسى بىر مەزگىلگىچە تارتىۋېلىنغان. دىن كاتتىلىرى شەرىئەتنى ئىجرا قىلىدىغان ئىمتىيازلىق ئورنىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن بەگلەرنىڭ ھوقۇقىغا ئوخشاش، شەرىئەتنىڭ رولىمۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا مەلۇم دەرىجىدە ئاجىزلىغان. دېمەك، چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھاكىمىيىتى

① مۇھتەسىپلەرنىڭ ۋەزىپىسى — ئىسلامىيەتنىڭ دىنىي ۋاجىپلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا يېتەكلەش ئىدى.

ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن، شىنجاڭدىكى مىللىي، دىنىي يۇقىرى قاتلام بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن ھەم ئىسلام شەرىئىتىدىن پايدىلىنىپ، تۆۋەن قاتلامدىكى مۇسۇلمانلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان، يەنە بىر تەرەپتىن، تەدبىر قوللىنىپ، شەرىئەتنىڭ رولى ۋە تەسىرىنى زور دەرىجىدە چەكلىگەن.

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلار رايونىدا جىنايى ئىشلار قانۇنى جەھەتتە " توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنۇش "، " ئاسىيلىق قىلىشقا ئۇرۇنۇش " جىنايەتلىرىنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇنى بويىچە بىرتەرەپ قىلغان، ئۇنىڭغا دىنىي ئارىلاشتۇرمىغان، ئۆزلىرىنى " پەيغەمبەر ئەۋلادى " دەپ پەردازلىغان خوجىلار توپىلاڭ كۆتۈرگەندىمۇ ئۇلارغا رەھىم قىلمىغان. بىراق، شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، چيەنلۇڭ مۇنداق يارلىق چۈشۈرگەن: "مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىنى باشقۇرۇشتا ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى، مىجەزى، ئۆرپ - ئادىتىگە قاراپ ئىش قىلىش كېرەك، پۈتۈنلەي ئىچكىرىنىڭ چارىسى بويىچە ئىدارە قىلىشقا بولمايدۇ①."

يۇقىرىقى ئەھۋالنى ھېسابقا ئالمىغاندا، خوجىلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدىكى جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرى ساقلاپ قېلىنغان. «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» نىڭ «ئۆرپ - ئادەت جىلدى»دا مۇنداق دېيىلگەن: "مۇسۇلمانلار كىچىك گۇناھ قىلغانلارنىڭ كىيىمىنى سالدۇرۇپ، يۇزىگە قارا سۈرتۈپ، سازايى قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن ئېغىرلىرىنى پەلەققە تارتىدۇ، ئۇنىڭدىن ئېغىرلارغا ئىشكەل سالىدۇ، ئەڭ ئېغىرلارنى دەررىگە باسىدۇ. ھاكىم بەگدىن كىچىك ئەمەلدارلار گۇناھ قىلسا، ئۇلارنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئەمگەككە سالىدۇ ياكى يەر تېرىشقا، مال بېقىشقا ۋە ياكى تاغدىن مىس، قوغۇشۇن كولاشقا بۇيرۇيدۇ، تۆت - بەش يىلدىن كېيىن قايتۇرۇپ كېلىدۇ. ئوغرىلىق قىلغانلارنىڭ قولىنى كېسىدۇ،

① «گاۋزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىسى»، 648 - جىلد، 17 -، 18 - بەتلەر.

بىرگە ئۇننى تۆلىتىدۇ، نەرسىسى بولمىسا، پۇتىنى كېسىدۇ، قەپەزگە سولاپ كوچا ئايلاندۇرۇپ، سازايى قىلىدۇ، خوتۇننى ئەمگەككە سالىدۇ. يەنە گۇناھ قىلسا، بۇرۇنقىغا ئوخشاش جازالايدۇ، بىر ئاي زىندانغا تاشلايدۇ.

ئۇرۇشقانلارنى جاراھەتلەندۇرۇش ئەھۋالىغا قاراپ سولاپ قويىدۇ، كىشىنىڭ كۆزىنى نابۇت قىلغانلارنىڭ كۆزىنى ئويۇپ تاشلايدۇ، پۇت ـ قولىنى نابۇت قىلغانلارنىڭ پۇت ـ قولىنى كېسىپ تاشلايدۇ.

زىنا قىلغانلارنى شەرىئەت ھۆكۈمى بويىچە ئۆلتۈرىدۇ، كەچىلىك قىلغانلارنى ئۆمۈرلۈك ئەمگەك جازاسىغا بۇيرۇيدۇ. گۇۋاھ ـ ئىسپاتى بولسا جازالايدۇ، گۇۋاھ ـ ئىسپاتى بولمىسا، قويۇۋېتىدۇ.

ئادەم ئۆلتۈرگەنلەر ئۆلتۈرۈلىدۇ، گۇۋاھ ـ ئىسپاتى بولسا، قاماققا ھۆكۈم قىلىنىدۇ، گۇۋاھ ـ ئىسپاتى بولمىسا، تەنبىھ بېرىلىدۇ، يەنى ئوڭدا ياتقۇزۇپ، ئاغزىغا سۇ قۇيۇلىدۇ ياكى پۇت ـ قولىنى باغلاپ ئېگىز ئېسىپ قويۇلىدۇ ۋە ياكى پۇتىنى يەرگە تەگكۈزمەي تۇۋرۇككە باغلاپ، قورسىقى چىرمىۋېتىلىدۇ. قايىل بولمىغانلارنىڭ بېلىگە دەررە بىلەن ئۇرىدۇ، پۇتىنى كېسىۋېتىدۇ، ھەتتا زىندانغا تاشلاپ، بىر يىلدىن كېيىن چىقىرىپ، دەۋاگەرگە قول قىلىپ بېرىدۇ، دارغا ئېسىپ سازايى قىلىدۇ، ئۇچ كۈنگىچە ئۆلمەيدىغانلار كۆپ ئۇچرايدۇ.

قىچىپ كەتكەنلەرنى تۇتۇۋالسا، يۇقىرىقىغا ئوخشاش جازالايدۇ، ھەتتا پىچىۋېتىدۇ.

يالغان گۇۋاھلىق بەرگەنلەرگە گۇۋاھلىق بېرىلگۈچىگە ئوخشاش جازا بېرىدۇ، ۋەزىپىسى بولسا، ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلايدۇ، دەررىگە باسىدۇ، يۈزىگە قارا سۈرتۈپ، ئېشەككە تەتۈر مىندۇرۇپ سازايى قىلىدۇ."

يۇقىرىقىلار ئىسلام شەرىئىتى بىلەن ئۇيغۇر ئادەت قانۇنىنىڭ يۇغۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان جىنايى ئىشلار نىزامىدۇر. بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ تەھلىل قىلغىنىدەك، ئۇيغۇرلارنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىدا، "يېنىك جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرگە يۈزىگە قارا سۈركەش، پەلەققە تارتىش، ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ. ئوغرىلىق قىلغان، كىشىنى

زەخىملەندۈرگەن، ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەندىن باشقا، تۆلىتىش تۈزۈمىمۇ قوللىنىلىدۇ. قاتىللىق، باسقۇنچىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەرگە تەن جازاسى، دارغا ئېسىش جازاسى بېرىلىدۇ... ئۇيغۇرلارنىڭ جىنايى ئىشلار جازاسىنى ئىسلام شەرىئىتىگە كىرىدۇ دېيىش مۇمكىن. زىيان ئۇرۇش جازاسى ئىسلام شەرىئىتىدىكى «قىساس» قا ئوخشايدۇ؛ تۆلىتىش تۈزۈمى «دىيەت» (diya-نەپىقە) كە توغرا كېلىدۇ. ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغان باسقۇنچىلىق جىنايىتىنى «ھەد» (hadd مۇقىم جازا) دەپ قاراشقا بولىدۇ. يۇقىرىقى تارىخىي ماتېرىياللاردىكى «مۇسۇلمان كىتابلىرىغا ئاساسەن» دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق شەرىئەت جازاسىنى كۆرسىتىدۇ. XVIII ئەسىردىكى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە يۈرگۈزۈلگەن قانۇننى ئەنئەنىۋى يەرلىك ئىسلام قانۇنى دېيىش مۇمكىن①.»

لېكىن، قانۇن - تۈزۈمنى تەدرىجىي بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جىنايى ئىشلار قانۇنى جەھەتتە يېتەكلەش يولى بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ئوخشاش بولمىغان رايونلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇنىنى يولغا قويۇشقا تىرىشقان. ئۆز تۇغقانلىرىنى ئۆلتۈرگەنلەرگە جانغا پۇل تۆلىتىش جازاسى بېرىشنى تەدرىجىي ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇنى بويىچە ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى بەلگىلىگەن. باش كېسىش، دارغا ئېسىشتا قۇرئان پەتىۋاسىغا ئاساسلىنىدىغان قىلىقنى بىكار قىلغان. لېكىن، ۋاڭ، گۈڭ، بەگلەر شەرىئەت بويىچە خۇسۇسىي جازانى قوللىنىۋەرگەن. كېيىنكى چاغلاردا شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى قالايمىقان بولغانلىقى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش ئىدارە قىلىش كۈچى ئاجىزلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، جىنايى ئىشلار قانۇنى جەھەتتىكى ئىسلاھاتنى باشقا ئېلىپ چىقالمىغان. جەنۇبىي شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردا جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنى ئىسلام شەرىئىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىدىغان

---

① زوكونو يازغان، لىيۇ سۇڭچۈن تەرجىمە قىلغان «شىنجاڭنىڭ XVIII-XIX ئەسىرلەردىكى ئىجتىمائىي تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، 2 - قىسىم.

ئەھۋال داۋاملىشىۋەرگەن.
ئىسلام دىنىنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنى جەھەتتىن تەھلىل قىلغاندا، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئائىلىسى ئاتىلىق جەمئىيەت ئائىلىسىنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈمگە كىرەتتى، بىر ئەرنىڭ تۆتكىچە خوتۇن ئېلىشىغا يول قويۇلسىمۇ، لېكىن ئۇ تەشەببۇس قىلىنمايتتى. ئادەتتىكى ئائىلىلەردە بىر ئەر، بىر خوتۇن بولاتتى، خوتۇن ئەر بىلەن بىللە تۇراتتى. مۇسۇلمانلار نىكاھلىنىشتا دىنىي قانۇن بويىچە ئاخۇن چاقىرىپ نىكاھ ئوقۇتۇش تۈزۈمىگە ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەل قىلاتتى.
ئىسلام شەرىئىتىدە مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ئائىلە قانۇنى دائىرىسىگە كىرىدۇ، «قۇرئان» دا ۋارىسلىق قىلىش پرىنسىپى توغرىسىدا تەپسىلىي بەلگىلىمە بېرىلگەنلىكتىن، مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش دىن بىلەن چىڭ باغلىنىپ كەتكەن. شەرىئەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، مىراسنى بۆلۈشتىن ئاۋۋال ئۆلۈم ئۇزىتىش خىراجىتى قەرز ۋە باج چىقىرىۋېتىلگەن، ئۇچتىن بىر قىسمى ھەدىيىگە چىقىرىۋېتىلگەن، ئۇنىڭدىن كېيىن قانداشلىق، نىكاھ ۋە بېقىنىش مۇناسىۋىتى بويىچە ۋارىسلىق رەت تەرتىپى ۋە مىراس ئۈلۈشى بەلگىلەنگەن. ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بۇ بەلگىلىمىلىرى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭ تارىخىغا دائىر ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» نىڭ 48 ـ جىلدىدا دىنىي كىتابلاردىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارنىڭ ۋارىسلىق تۈزۈمى مۇنداق خاتىرىلەنگەن:
ئوغلى بولسا، مال ـ مۈلكى ئوغلىغا قالىدۇ، قىزى ۋە بۇرۇنقى خوتۇنىغا پىرىم ئۈلۈش بېرىلىدۇ؛ ئوغلىمۇ، قىزىمۇ بولمىسا، ۋارىس تۇرغۇزۇلمايدۇ. ئاسراندى بالىغا مىراس بېرىلمەيدۇ. ئاكا ـ ئۇكا تۇغقانلارغا تەڭ تەقسىم قىلىنىدۇ. تۇغمىغان خوتۇنغا قىزغا تېگىدىغان مىراسنىڭ پىرىمى بېرىلىدۇ. ئوغلى ئاتا ـ ئانىسىدىن بۇرۇن ئۆلگەن بولسا، ئۇنىڭ بالىلىرىغا مىراس بېرىلمەيدۇ.
بۇ بەلگىلىمىلەر ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ۋارىسلىقتا يېقىن قۇغقاننى ئاساس

قىلىش پرىنسىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. يېقىن ئايال تۇغقانىنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقى ئېتىراپ قىلىنىدۇ؛ تەڭ دەرىجىلىك ئايال تۇغقانغا ئەر تۇغقانىنىڭ يېرىم ئۈلۈشى بېرىلىدۇ. ئەگەر تەڭ دەرىجىلىك ئەر ۋارىس بولمىسا، ئايال تۇغقانغا بىر ئۈلۈش بېرىلىدۇ.

مال - مۈلۈك ۋە قەرز مەسىلىسى جەھەتتە، مۇسۇلمانلار ئولتۇراقلاشقان يەر - مۈلۈك ۋە قەرز جەھەتتىكى ئىلىم - بېرىم ماجىرالىرىمۇ قازىخانىدىن ئۆتكەن. جەنۇبىي شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ چەك سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھەق تەلەپ دەۋالىرىغا دائىر ھۆججەتلەر[1]دە شەرىئەتنىڭ ئىجراسىدىكى نۇرغۇن مەسىلىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى يەر توغرىسىدىكى ھۆججەتلەردۇر.

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ يەرگە بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى جەھەتتە ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس خاراكتېرىنى يوقاتقان، شەرىئەت پەقەت يېزىلاردا يەرگە بولغان ئەمەلىي ئىگىدارچىلىقنى قوغداپ، ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنىڭ ھامىيسىغا ئايلانغان. فېئوداللىق خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، شەرىئەت يەر قاتارلىق خۇسۇسىي مۈلۈكلەرگە بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى قوغداش توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمىلەرنى چىقارغان. خۇسۇسىي يەرنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى مەھكىمە شەرئىي تەرىپىدىن يەر خېتى بېرىلگەندىن كېيىن قانۇنلۇق بولغان. " ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى " مۈلۈككە بولغان مۇتلەق ۋە يېگانە باشقۇرۇش ھوقۇقى. ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى ھەم ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى، ھەم نەپ ئېلىش ھوقۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەرگە بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى سېتىلىپ قولدىن - قولغا ئۆتكەندە ئۆزگەرگەن. بەزى شارائىتتا ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنىڭ ئالمىشىشى بېكىتىلگەن ھۆججەتنىڭ كۆچى ئارقىلىق ئەمەلىي ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى ئالماشقان، بۇلارنىڭ ھەممىسى

---

[1] شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئورنىدىكى ۋاڭ شۇلى تۈزگەن «جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قىسمەن ۋەسىقە ماتېرىياللىرىدىن تاللانما» دىن ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com

قازىخانىنىڭ پىچىمىدىن ئۆتكەن. يەر مەسىلىسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ مەركەزلىك ئىنكاسى ئىدى، چۈنكى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلار ئۇزاققىچە فېئوداللىق ئىگىلىكنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىگىلىكىمۇ ئاساسەن، دېھقانچىلىق ئىگىلىكى ئىدى، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. لېكىن، يەرلەرنىڭ قوشۇۋېلىنىشى ۋە مەركەزلىشىشى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئېغىر دەرىجىدە توسقۇن بولغان، جەمئىيەتتىكى سىنىپىي بۆلۈنۈشنى كەسكىنلەشتۈرگەن. فېئوداللىق يەر ئىجارىسى، باج، ئالۋاڭ - ياساق، ھاشار ۋە جازانىخورلارنىڭ دەردىدىن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادى كۈندىن - كۈنگە قالاقلاشقان، ھەتتا ۋەيران بولۇشقا يۈزلەنگەن. ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى گادايلاشقان، ئۇلار تۇرمۇشتا قىسىلىپ، يەرلىرىنى سېتىشقا مەجبۇر بولغان. بىرمۇنچە كىشىلەر يەر ئىجارىسى ۋە يەر بېجىنى تۆلىيەلمەي، يەرلىرىنى كىشىگە بېرىشكە ياكى دىنىي ئورگانلارغا ھەدىيە قىلىشقا مەجبۇر بولغان.

ئىسلام شەرىئىتى فېئوداللىق دىنىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى قوغدىغان. شەرىئەت بەلگىلىگەن ۋەخپە تۈزۈمى فېئوداللىق دىنىي ئىگىلىكنىڭ ئاساسىي تۈزۈمى ئىدى. " ۋەخپە " ئەرەبچە " ساقلاپ قېلىش "، " تۇتۇپ قېلىش " دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇ ئىسلام دىنىدا " دىنىي مۈلۈك "، " دىنىي فوند "نى، يەنى شەرىئەتكە مۇۋاپىق تەسىس قىلىنغان جامائەت مۈلكى، پاراۋانلىق ئىشلىرى، خەيرىيەت تەشكىلى، خەيرىيەت فوندى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئۇمۇمەن مۇسۇلمانلارنىڭ ھەدىيىسى، مىراس ۋە مەسچىت، مەدرىس كىرىمىنى مەنبە قىلىدۇ. شەرىئەت ۋەخپە يەرنى ھەدىيە قىلغۇچى، ئۇنىڭدىن پايدىلانغۇچى، ئۇنى باشقۇرغۇچى، ھەدىيە قىلىنغان نەرسە، ھەدىيە قىلىش ئۇسۇلى ۋە ھەدىيە قىلىنغان مال - مۈلۈككە ئىگىدارچىلىق قىلىش، ئۇنى ئىشلىتىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىقلار توغرىسىدا بىر قاتار بەلگىلىمىلەرنى چىقارغان.

جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا ۋەخپە يەر ۋەخپە مۈلۈكلەرنىڭ مۇھىم بىر تۈرى بولغان. ئۇنىڭ كۆپ قىسمى مۇسۇلمانلارنىڭ پىتىر - سەدىقە ياكى ئۇمۇمنىڭ ئىشلىتىشىگە تاپشۇرۇلغان مىراس يەرلەر بولۇپ، ئاساسەن مەسچىت، مەدرىس ۋە مازارغا قارىغان. يەر ۋەخپە قىلىشقا دائىر ھۆججەتلەرنىڭ بىر مۇنچىسىدا يەردىن باشقا، يەردىكى ئۆي - ئىمارەت، دۇكان، دەل - دەرەخ قاتارلىق مۈلۈكلەرنىڭمۇ ۋەخپە قىلىنغانلىقى ئىزھار قىلىنغان.

بۇ يەر - مۈلۈكلەر "گۆرۈ قويۇلغان ياكى رەنىگە بېرىلگەن نەرسىلەر ئەمەس "، ۋەخپە يەرنى " ئېلىش - سېتىشقا، گۆرۈ قويۇشقا، ۋارىسلارغا بۆلۈپ بېرىشكە بولمايدۇ. قىسقىسى، ھېچقانداق يول بىلەن ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ ".① ئۇنىڭ ئۇستىگە، ھەدىيە قىلغۇچى ئۆزىنىڭ ۋە ئۇرۇق - ئەۋلادىنىڭ ئۇ يەر - مۈلۈككە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىدىن مەڭگۈ مەھرۇم بولغانلىقى، ئۇنى باشقا كىشىنىڭ ئىگىلىۋېلىشىغىمۇ بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلغان. لېكىن، ۋەخپە يەر ئۇمۇمنىڭ مۈلكى بولسىمۇ، ئۇنى ئىجارىگە بېرىشكە، ئىجارىگە ئېلىش ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىشكە يول قويۇلغان. ئەمەلىي ئەھۋال مۇرەككەپ بولغانلىقى، ۋەخپە يەر توغرىسىدىكى ماجىرا كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، بەزى ئېتىقادچىلار يەرنى ۋەخپە قىلىپ ئۇزۇن يىل ئۆتكەندىن كېيىن ۋەخپە يەرنىڭ تەۋەلىكىنى قەيت قىلىپ قايتىدىن ۋەسىيەت يازغان. بەزى يەرلەرنىڭ ھەدىيە قىلغۇچىسى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تۇغقان ۋارىسلىرى ھەدىيە قىلىنغان كۆچمەس مۈلۈكنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقى، ئۇ مۈلۈكنىڭ ئۆزى بىلەن ئالاقىسى يوقلۇقى ھەققىدە قايتىدىن ھۆججەت بەرگەن.

ۋەخپە كىرىمى ئىسلام دىنى تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋە مەدرىس، مەسچىت، مازارلارنىڭ مۇھىم مالىيە مەنبەسى بولغان. ئۇيغۇر مەسچىتلىرىنىڭ خىراجىتىنىڭ مەنبەسى ئادەتتە مۇنداق نەچچە تۈرلۈك بولغان:

1. ھېيت - ئايەم، رامىزان، جۈمە نامازلىرىدا جامائەتتىن چۈشكەن پىتىر

---

① «جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قىسمەن ۋەسىقە ماتېرىياللىرىدىن تاللانما».

(سەدىقە)دىن بولغان كىرىم (مەسچىت ئۇنىڭدىن مەلۇم نىسبەتنى، مەسلەن، كىرىمنىڭ 30 ـ 20 پىرسەنتىنى ئالغان)؛

2. مىراسخور بالا ـ چاقىسى يوق مۇسۇلمانلارنىڭ مەسچىتكە قالدۇرغان يەرلىرى؛

3. مەسچىتنىڭ مۈلكىدىن بولغان كىرىم، مەسلەن، مەسچىتنىڭ ئۆي ـ جاي، دۇكان، زېمىنىنىڭ ئىجارىسى، باغدىن بولغان كىرىم، چارۋىنىڭ ئاۋۇشى بىلەن بولغان كىرىم ۋە باشقىلار؛

4. جامائەتنىڭ كۈندىلىك ھەدىيەلىرىدىن بولغان كىرىم.

يۇقىرىقى كىرىم مەنبەلىرىدىن قارىغاندا، مەسچىتلەرنىڭ خىراجىتى ئاساسەن ۋەخپە كىرىمى بىلەن قامدالغان.

مازارلارنىڭ ۋەخپە مۈلكىمۇ ئىسلام دىنى ئىقتىسادىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان. ئۇ دەھرىي فېئوداللارنىڭ ھەدىيىسى، مۇسۇلمان پۇقرالارنىڭ ھەدىيىسى ۋە ئىگىسى يوق يەرلەرنى مەنبە قىلغان. مازارلارنىڭ ۋەخپە كىرىمىدىن كۆپىنچە مازارغا مەسئۇل بولغان شەيخلەر بەھرىمەن بولغان. ئۇلاردا مازارنىڭ ۋەخپە مۈلكىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى بولۇپلا قالماستىن، ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىمۇ بولغان.

شۇنى كۆرستىپ ئۆتۈش كېرەككى، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جەنۇبىي شىنجاڭ جەمئىيىتىدىكى ۋەخپە يەرلەر ماھىيەتتە يەنىلا فېئوداللىق يەر ئىگىدارچىلىقىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ئىدى، ئۇ يەرلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمىغا خوجا جەمەتى ۋە يۇقىرى قاتلام ئاخۇنلارغا ئوخشاش دىنىي فېئوداللار ئىگىدارچىلىق قىلغان. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، " ئۇلۇغلارنىڭ قەبرىسىنى باقىدىغان شەيخلەر قەبرىگە تەۋە بولغان يەرنىڭ كىرىمىگە ئىگە بولغاچقا، ناھايىتى باي بولۇپ كەتكەن." ئېيتىلىشىچە، ئۆز ۋاقتىدا سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنىڭ شەيخى " قەشقەردىكى ئەڭ باي ئادەم " ئىكەن. بۇ ئادەم ئاق تاغلىقلارنىڭ ۋەكىلى سۇپىتىدە 1857 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قەتل قىلىنغاندىن كېيىن، مۈلكى پادىشاھلىق مۈلۈك

قىلىنىپ دۆلەت خەزىنىسىگە ئېلىنغان. ئۇنىڭدىن نۇرغۇن يەر، بىر نەچچە قورۇ - جاي ۋە نۇرغۇن ئاشلىق قالغان. يەرلىك كىشلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ يەنە نەچچە ئون مىڭ يامبۇسى بار ئىكەن[1].

ئۇيغۇرلاردا „ شەرىئەتنىڭ مىڭ بىر پۇتىقى بار „، „ قانۇندىن بىرسىلا بار، ئۇنىڭغا يېتىشنىڭ يولى كۆپ „ دېگەن گەپ بار. قازىخانىلار ۋاڭ، گۇڭ، بەگلەر، فېئودال خوجا ۋە دەھرىي پومېشچىكلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن، كۆپ ھاللاردا شەرىئەتنى خالىغانچە ئىزاھلىغان. ۋەخپە يەر تۈزۈمى شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ۋەخپە يەرلەر فېئوداللىق يەر ئىگىدارچىلىقىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ قالغان، ۋەخپە يەرلەرنى كۆپ ھاللاردا ئىشان، شەيخ، ئاخۇن قاتارلىقلار ئىگىلىۋالغان، باشقۇرغان ۋە ئىجارىگە بەرگەن.

---

[1] «چوقان ۋەلىخانوۋ تاللانما ئەسەرلىرى»، رۇسچە نەشرى، 517 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

## 4 - بۆلۈم ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە دىنىي سەنئەت

ئىسلام دىنى مائارىپى، كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام مەدرىسلىرى قەدىمكى زاماندا ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپىنىڭ ئاساسىي شەكلى، شۇنداقلا دىنىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، دىنىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش، دىنىي ئېتىقاد، دىنىي پائالىيەتلەرنى تەمىن ئېتىشنىڭ زۆرۈر ئۇسۇلى ئىدى. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا بەگلىك تۈزۈمىنى ساقلاپ قالغاندا، مۇتەئەسسىپ بەگ (كىتاب - دەستۇرلارنى، ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بەگ)، زابىت مۇقتاب بەگ (ئوقۇتقۇچىلار، كۇتۇبخانا ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بەگ)، چوكچىيوپ بەگ (بالىلار مائارىپىنى باشقۇرىدىغان بەگ) قاتارلىق ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان، دىنىي مائارىپقا مەسئۇل بولىدىغان مەنسەپ - ۋەزىپىلەرنى ساقلاپ قالغان. دىنىي مەكتەپلەردە باشلانغۇچ دىنىي تەربىيە ئېلىپ بارغاندا، تولىسى مەسچىت قارمىقىدا بولغان. ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئاخۇن دېيىلگەن، بەزىدە خەلپەت دېيىلگەن. ئۇلارنىڭ ئوقۇتۇش ئەھۋالى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «غەربىي يۇرت نەزمىلىرى» دىكى «ئاقارتىش» دېگەن شېئىردا تەسۋىرلەنگەن:

"تەلپۈنگەچكە مەرىپەتكە ئەزەلدىن،
ياشلىقىنى بېغىشلايدۇ ئوقۇشقا.
تالىپ بالىلار باش كۆتۈرمەي تاختىدىن،
دەرەخ تۈۋىدە ساۋاق ئالار خەلپەتتىن."

بۇنىڭغا مۇنداق ئىزاھ بېرىلگەن: "كىشىلەر چوڭ بولىدۇ، ساۋاتلىق، قۇرئان ئوقۇيالايدىغانلار ھۆرمەتلىنىدۇ. ھەممىلا ئادەم بالىلىق دەۋرىدىلا ئوقۇيدۇ، دىنىي مەرىپەتچىلەر ئاخۇن دېيىلىدۇ، ئۇ ئۇستاز دېگەنلىك بولىدۇ ... دەرسخانىلار مەسچىت يېنىدا ياكى موللىلارنىڭ ئۆيىدە بولىدۇ، ئۇستەل بولمايدۇ. ئۇستازمۇ، شاگىرتلارمۇ يەردە ئولتۇرىدۇ. يان تەرەپتە بىر - ئىككى

پاكار ئۇستەل بولىدۇ. ياز كۈنى دەرەخ تۈۋىدە ئولتۇرمايدۇ، كىتابنى قولىغا ئېلىپ يۈرۈپ ئوقۇيدۇ. مەكتەپكە كىرگەنلا بالىنىڭ قولىدا بىردىن تاختا ياكى قوي، كالىنىڭ تارغىقى بولىدۇ، ئاخۇن ئۇنىڭغا ئوقۇيدىغان دەرسنى يېزىپ بېرىدۇ. ساۋاقنى ئوقۇيالمىغان بالىلارنىڭ پۇتىنىڭ ئالقىنىغا يۇلغۇن چىۋىق بىلەن ئۇرىدۇ. خەقنىڭ ئېيتىشىچە، يۇلغۇن پەيغەمبەردىن قالغان بولۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ ئەقىل - ھوشىنى ئاچارمىش، ئېسىدە چىڭ تۇرارمىش، پۇتىنىڭ ئالقىنىغا ئۇرغاچقا جاراھەتلەنمەيدىكەن. خەلپەتنىڭ ئالىدىغان پەيشەنبىلىكمۇ ناھايىتى ئاز ئىكەن. ئىلگىرىكى يىللاردا جەنۇبتىكى سەككىز شەھەردە بىر ئوقۇغۇچى ھەپتىدە بىر پۇل بېرىدىكەن، ھېيت - ئايەمدە نان، پوشكال ئاپىرىپ بېرىدىكەن[1]».

دەرس تەسىس قىلىش جەھەتتە، باشلانغۇچ دىنىي مەكتەپلەردە ئومۇمەن يەتتە خىل دەرس بولغان : (1) ئىسلام دىنىي مۇراسىملىرى، خەتمە قۇرئان قىلغاندا ئوقۇلىدىغان ئايەتلەر ۋە ئۇنىڭ يەشمىسى؛ (2) ئەرەب ئېلىپبەسى؛ (3) «قۇرئان» دىن تاللانما؛ (4) «قۇرئان»نى سۈۋارى ئوقۇش؛ (5) «سوپى ئاللايار» (دىنىي شېئىر)؛ (6) «نەۋائى» (دىنىي شېئىر)؛(7) «خوجا ھاپىز» . باشتىكى تۆت دەرس ئەرەبچە، 5 -، 6 - دەرس تۈركچە، 7 - دەرس پارسچە ئىدى، ھەممىنى ئوقۇپ بولغاندا ئوقۇش پۈتتۈرگەن ھېسابلىناتتى.

مەدرىس ئالىي بىلىم يۇرتى بولۇپ، بەزىلىرى مەسچىت، خانىقا ۋە مازارنىڭ قارمىقىدا بولغان، كۆپى مۇستەقىل ئىدى. قەشقەر ئىسلام مەدەنىيەت، مائارىپىنىڭ بۆشۈكى دېگەن ئاتاقتا ئىگە ئىدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، قەشقەر شەھىرىدە 17 مەدرىس بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە خانلىق مەدرىس بىلەن قازانچى مەدرىس ئونئۈچىرسال ئالىي بىلىم يۇرتى ئىدى. ئۇنىڭ چوڭ مەسچىتلەرنىڭكىگە ئوخشاش ھەيۋەتلىك دەرۋازىسى بار ئىدى. خانلىق

---

[1] ۋۇ ۋېيجېن تۈزگەن «ھەرقايسى دەۋرلەردىكى غەربىي يۇرت شېئىرلىرى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 - يىل نەشرى، 286 - بەت. "جەنۇبتىكى سەككىز شەھەر" تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، خوتەن، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ، كۇچا، قاراشەھەر قاتارلىق سەككىز شەھەرنى كۆرسىتىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى

مەدرىسنىڭ ئۇدۇل تەرىپىدە ئۈچ ئېغىز دەرسخانا، قوشۇمچە نامازخانا، ئۇنىڭ ئاشقىرىسىدا قىش، ياز كۈنلىرى ناماز ئوقۇيدىغان ئۈچ ئېغىز نامازخانا، ئىككى تەرىپىدە مۇدەررىس، قارىيلارنىڭ ياتىقى بار ئىدى. ھەربىر ھۇجرا ئىچكىرى - تاشقىرى ئىككى ئېغىز ئىدى. ئۇنىڭ قورۇلما شەكلىنى باشقا مەدرىسلەر ئۈلگە قىلغان. يەكەن شەھرىدە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە دىنىي مەكتەپ، مەدرىس بىناسىدىن جەمئىي 62 سى بولۇپ، ئۇنىڭ 29 ى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىغىچە ئوبدان ساقلانغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ داڭلىقى ئالتۇنلۇقۇم مازىرىدىكى ئاق مەدرىس ئىدى، بۇ مەدرىسنى 1661 - يىلى خان خوجا سالدۇرغانىدى. كۇچادا ئەرشىدىن خانىقاسىدىكى مەدرىس ئەڭ داڭلىق ئىدى.

مەدرىستە ئادەتتە مۇنداق خادىملار بار ئىدى:

مۇدىر (ئاخۇن دەپ ئاتىلىدۇ)

مۇدەررىس

مۇتەۋەللى

جارۇبكەش

مەدرىسنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى " تالىپ " دېيىلەتتى (ئەرەبچە بىلىم تەھسىل قىلغۇچى دېگەنلىك بولىدۇ).

مەدرىستە ئەرەب تىلى، پارس تىلى، ئىلىم ئەلكالام، قۇرئان تەپسىرى، ھەدىس، ئىسلام تارىخى ۋە ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، ھېكمەت، ئەدەبىيات - سەنئەت دەرسلىرى ئۆتۈلگەن. ھەربىر مۇدەررىسنىڭ مۇئەييەن دەرسخانىسى بولغان. ئوقۇغۇچىلار مەلۇماتىغا قاراپ سىنىپقا ئايرىلغان. بىر سىنىپتا ئادەتتە بەشتىن 30 غىچە بالا بولغان. ئۇلار دەرسخانىغا كىرگەندىن كېيىن، مۇئەللىمنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلىغان، بەزىدە ئوقۇغۇچى بىلەن ئوقۇتقۇچى ئوتتۇرىسىدا مۇزاكىرە بولغان. ئوقۇش مۇددىتىنىڭ چېكى يوق ئىدى. 20 يىل ئوقۇپ مەدرىس دەرسلىرىنى تۈگەتكەن ئادەم " داموللا " دېگەن نامنى ئالاتتى. شىنجاڭنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى دىنىي مائارىپنىڭ خىراجەت مەنبەسىگە كەلسەك، ئادەتتىكى دىنىي مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلار ۋە

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىسى ئاخۇننىڭ تۇرمۇش خىراجىتى ئۈچۈن بەرگەن پۇلغا تايانغان، مەدرىسلەرنىڭ كۆپ مىقداردىكى مائارىپ خىراجىتى ئاساسەن ۋەخپە يەر، ۋەخپە مۈلۈكلەردىن كەلگەن. مەدرىسلەرنىڭ يەر - مۈلكىنىڭ كۆپ قىسمىنى دەھرىي ۋە دىنىي فېئوداللار، ئاددىي مۇسۇلمانلار ھەدىيە قىلغان. مەدرىس قۇرىدىغان ۋاقىتتا، " مەدرىس قۇرغۇچى بىر يۇرۇش ئىمارەت ۋە بىر ئۈلۈش يەر بېرىدۇ، يەرلىك ھۆكۈمەت يەر خېتىنى ئېتىراپ قىلىپ، قول قويۇپ تامغا باسقاندىن كېيىن، بەلگىلەنگەن مۇدىر ياكى ئاخۇنغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. مۇتىۋەللى ھەر يىلى يەردىن كىرگەن كىرىمنى يىغىپ ئاخۇنغا تاپشۇرىدۇ. ئاخۇن ئۇنى ئون ئۈلۈشكە بۆلۈپ، ئومۇمەن مۇنداق ئادەت بويىچە تەقسىم قىلىدۇ: يەنى تۆت ئۈلۈشنى ئاخۇن ياكى مۇدەررىسكە، بىر ئۈلۈشنى مۇتىۋەللىگە بېرىدۇ. بىر ئۈلۈشنى رېمونت ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ، تۆت ئۈلۈشى جارۇبكەشكە بېرىلىدۇ، بەزىدە ئوقۇغۇچىلارغىمۇ بېرىلىدۇ"[1]. بۇ يەردە شۇنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈش كېرەككى، قاراخانىيلار دەۋرىدىن تارتىپ سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىگىچە بولغان تارىخىي دەۋردە ئىسلام مائارىپىغا ئاساس سالغان مەدرىسلەر چوڭ رول ئوينىغان. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى " ساچىيە مەدرىسى "، " مەھمۇدىيە مەدرىسى "، ئاتۇشتىكى " سۇتۇق بۇغراخان مەدرىسى "، سەئىدىيە دەۋرىدىكى " رەشىدىيە مەدرىسى "، "خانلىق مەدرىس " ۋە قەشقەردە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ قۇرۇلغان " خانلىق مەدرىس "، " ئوردا ئالدى مەدرىسى " قاتارلىق 17 مەدرىس شۇ دەۋردە چوڭ رول ئوينىغان، بۇ مەدرىسلەردە نۇرغۇن ئالىملار مەيدانغا كەلگەن. مەدرىسلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىپ باش كۆتۈرۈپ چىققان نۇرغۇن ئالىملار قابىلىيەتلىك، ئىقتىدارلىق ئەربابلار بولۇپ يېتىشىپ، ئۆز خىزمىتى ئارقىلىق ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە مۇتەخەسسىسلىرىگە ئايلانغان. ئىلىم ساھەسىدە تونۇلغان ئالىملار مۇدەررىس بولغان مەدرىسلەردە يۇقىرى

[1] ئىبنى ئىلياس ئىزاھلىغان، شاۋ ئىنگلىزچە ئۆزۈندە ئېلىپ تەرجىمە قىلغان «خوجىلار تەزكىرىسى» نىڭ قوشۇمچە قىسمى. «مىللەتلەر تارىخىدىن تەرجىمىلەر»، 8 - سان.

سەۋىيىلىك ئاتاقلىق پەيلاسوپلار، تىلشۇناسلار، ئەدىب، شائىرلار، تارىخشۇناسلار ئۇزۇلمەي يېتىشىپ چىققان.

قاراخانىيلار دەۋرىدە ھۈسەيىن بىننى خەلەف قەشقەرى، مەھمۇد قەشقەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت ـ تۈرك» تە ئۇستازىم دەپ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالغان شەيخ زاھىد ھۈسەيىن بىننى خەلەف قەشقەرى ھەمىدىيە مەدرىسىدە ئۇزۇن مۇددەت مۇدەررىسلىك قىلىپ داڭق چىقارغان، ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر ئالىمى، يازغۇچىسى، ئەرەب تىلشۇناسلىقى بويىچە چوڭقۇر مەلۇمات ئىگىسى دەپ شۆھرەت قازانغان. ئۇ يېتىشتۈرگەن نۇرغۇن ئالىملار قۇرئاننى تەپسىرلەپ، ھەدىسنى شەرھلەپ ۋە شەيخۇلئىسلام، قازى قۇززات بولۇپ داڭق چىقارغان. «قۇتادغۇبىلىك» تەقدىم قىلىنغان قاراخانىيلار ھۆكۈمرانى بۇغراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەن زامانىسىدا شەيخ ئىمام ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد يېتىشكەن ئالىم بولۇپ، خانلىق تەرىپىدىن خانلىقنىڭ شەيخۇلئىسلام قازىسى قىلىپ تەيىنلەنگەن. جامالىددىن قەشقەرى قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۆتكەن داڭلىق مۇدەررىسلەرنىڭ بىرى بولۇپ، كەڭ مەلۇمات ئىگىسى ئىدى. ئۇ قەشقەردە نۇرغۇن ئالىملارنىڭ ئۇستازى بولغان، ئىمادىددىن قەشقەرى قەشقەر " ساچىيە مەدرىسى " دە يېتىشىپ چىققان، ئۇ شۇ مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى بولغان، تىبابەت ساھەسىدە ئۆز دەۋرىدە بەك زور ئابروي قازانغان، ئۇنىڭ «شەرھى ئەلقانۇن» دېگەن ئەسىرى قاراخانىيلار خانلىقى تەرىپىدىن دۆلەتنىڭ ساقلىقنى ساقلاش دەستۇرى قىلىنغان. ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق مۇدەررىسى ۋە تارىخچىسى ئەبۇلنەتوھ، ئابدۇغوپۇر، ھۈسەيىن ئەلئەلماي قەشقەرى نۇرغۇن شاگىرت تەربىيىلىگەن، قاراخانىيلار تارىخى ھەققىدىكى «قەشقەر تارىخى» ۋە «ئۇستازلارنىڭ توپلانغان جايى» ناملىق ئەسەرلىرى بىلەن تونۇلغان.

ئاتاقلىق ئالىم جامال قارشى ئۆز دەۋرىدىكى قەشقەرنى " ئىسلام دىيارى، ئەزىزلەر يۇرتى، مەشھۇر زاتلارنىڭ پائالىيەت مەركىزى، ئېسىلزادە ئەمرلەرنىڭ ماكانى، ئۇلۇغ ئالىملار تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەھەر بولۇپ، قەشقەر ئۆز دەۋرىدە بەك ئاۋات شەھەر بولغان " دېگەن.

ئەھمىدى، نۇرىدىن ئابدۇۋاھىت، زوھۇرى، شەمشىدىن ئەلى، مەۋلانە مۇھەممەد رازى قاتارلىقلارنى، ھەدىسشۇناسلاردىن ئاخۇن موللا ئالىم يەركەندى، موللا ئارىپ، مەۋلانە ناتى، ھەيدەر مىرئاخۇن، موللا ئابدۇلھېمىت قەشقەرى، موللا سايىم يەركەندى، موللا شۇكۇر يەركەندى قاتارلىق كىشىلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

كېيىنكى دەۋردە ۋە يېقىنقى زاماندا ئۇيغۇر شائىرلىرى، يازغۇچىلىرى، تارىخچىلىرى ۋە ھەدىسشۇناسلىرى تېخىمۇ كۆپلەپ يېتىشىپ چىققان، بۇنىڭغا مۇھەممەد ئىمىن خوجام قۇلى خىرقىتى (1634ـ1724 ـ يىللار)، مۇھەممەد ئابدۇللا خاراباتى (1638ـ1724ـ يىللار)، مۇھەممەد موللا سىدىق زەلىلى (1676ـ1713 ـ يىللار)، خوجا جاھان ئەرشى (1685ـــ1756 ـ يىللار)، سالاھى (؟ـ1742 ـ يىللار)، سادايى (؟ـ1752 ـ يىللار)، ئابدۇرېھىم نارازى (1770ـ1848 ـ يىللار)، موللا شاكىر (؟ـ1805 ـ يىللار)، غېرىبى، تۇردۇش ئاخۇن كاتىپ (1802ـ1862 ـ يىللار)، موللا بىلال نازىم (1823ـ1899 ـ يىللار)، موللا مۇسا سايرامى (1836ـ1917 ـ يىللار)، موللا سابىرناقىس (1840ـ1900 ـ يىللار)، تەجەللى (1848ـ1927 ـيىللار)، خەستە ئابدۇللا ئاخۇن يەركەندى (1854ـ1907 ـ يىللار)، ئابدۇللاھاپىز ئېلى (1875ـ1956 ـ يىللار)، قارى مەھمۇت خوتەنى (؟ـ1910 ـ يىللار)، موللا داۋۇت قارغىلىقى (؟ـ1890 ـ يىللار)، ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم (1895ـ1937 ـ يىللار)، شاھىد مۇھەممەد روزى لوپى (1907ـ1978 ـ يىللار) قاتارلىــقلارنــى، XVIII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۆتكەن ئاتاقلىق شائىر، تەرجىمشۇناسلاردىن مەھزۇن، مىسكىن موللا ھەيدەر، نۆبىتى، قەلەندەر، سەبۇرى ھۇسەيىن، مۇھەممەد سادىق قەشقەرى، گۇمنام، مۇھەممەد تۆمۈر يەركەندى، خامۇش ئاخۇن يەركەندى، ئۆمەر باقى يەركەندى، موللا يۇنۇس يەركەندى، سېيىت مۇھەممەد قاشى، زىيائى، نورۇز ئاخۇن كاتىپ قەشقەرى، موللا سىدىق يەركەندى، موللا مۇھەممەد نىيازى، موللا قۇربان، موللا نىياز خوتەنى، XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۆتكەن، مۇدەررىسلىكتە نامى چىققان ۋە قازى

قۇززات كالان دەپ شۆھرەت قازانغان قەشقەر ئۆلىمالىرىدىن قازى موللا ئىسلام داموللا (ئاتۇشى)، موللا سابىت داموللا (ئاتۇشى) (ۋاپاتى ھىجرىيە 1333- يىلى، مىلادى 1914- يىلى) ئوبۇلقاسىم داموللا، موللا ئابدۇغوپۇر داموللا (ئاتۇشى)، ئەھمەد خوجا داموللام، مۇھىددىن مەخدۇم، مامۇت سوپى ئاخۇنۇم، ئابدۇقادىر قازى كالان، ھامۇت ھاجى ئەلەم ئاخۇنۇم، شەمشىدىن داموللا (ئاتۇشى)، مەھمۇد ئاخۇن داموللا (ئاتۇشى)، موللا مۇھەممەد شېرىپ خەلپىتىم، قازى كالان موللامىر مۇھەممەد ئاخۇنۇم، ئابدۇقادىر داموللا بىننى ئابدۇۋارىس (ئاتۇشى) (1862 — 1924 - يىللار) ، يەكەندىن قازى كالان زىيائىددىن داموللا، موللا قاسىم ئاخۇن ئەلەم، موللانىسمان ئاخۇنۇم قازى كالان، ئاقسۇدىن شەمشىدىن ئەلەم ئاخۇنۇم، موللا ئابدۇلباقى ھاجى مۇپتى، كۇچادىن موللا ئوسمان ئاخۇنۇم، سىپىت بۇرھانىدىن قازى كالان، يۇسۇپ ئاخۇنۇم قاتارلىق كىشىلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

ئابدۇقادىر داموللا قەشقەردە شەيخۇلئىسلام ئۆلىمالىرىدىن موللا ئىسلام داموللىنىڭ قولىدا ئىلىم تەھسىل قىلغاندىن كېيىن، بۇخاراغا بېرىپ، ئىلمى ئەرەبىيە ۋە ئەرەب، پارس تىللىرى بويىچە ئالىي مەلۇمات ئېلىپ، زور ئالىم بولۇپ يېتىشكەن. كېيىنكى ۋاقىتتا قەشقەرگە قايتىپ، ئۆمۈر بويى مۇدەررىسلىك قىلىپ شۆھرەت قازانغان. ئۇ ھاياتىدا «ئاقائىد زۆرۈرىيە»، «ئىبادات ئىسلامىيە» ، «ئىلمي تەجۋىد» ، «سەرپ» ، «نەھۋى» ، «مۇپتاھىل ئەدەب» ، «تەلىم سەبىيان» ، «نەسىھەتى ئامما» ، «ئىلمى ھېساب» ، «جاۋاھىرۇل ئىقان» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەرنى يازغان، ئابدۇقادىر داموللام يەنە تالانتلىق شائىر ۋە نەزەرىيىچى ئىدى. ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرى يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە ئىدى. ئۇ ئەرەب تىلىدا «جاۋاھىرول ھىقان» دېگەن مەشھۇر داستانىنى يازغان.

يۇقىرىقى مۇتەپەككۇرلار، ئالىملار ئىسلام ئىلمىدا تەپسىر، فىقھى، ئەدەبىيات، پەلسەپەگە ئائىت نۇرغۇن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ، مۇدەررىس بولۇپ تالىپ تەربىيىلەپ، نۇرغۇن ئالىملارنى يېتىشتۈرۈپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق مەدەنىيىتىگە ھەسسە قوشقان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا، يەكەن شەھىرىدىكى ئىككى مەدرىسىنىڭ 3670 پاتمان ۋەخپە يېرى بولۇپ، مەدرىسلەرنىڭ يىللىق ئومۇمىي كىرىمى 400 يامبۇغا يەتكەن. قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسىنىڭلا 6000 مو ۋەخپە يېرى بولغان. قەشقەردىكى 15 تەك مەدرىسىنىڭ ۋەخپە يەردىن قىلغان يىللىق كىرىمى 190 مىڭ چارەك ئاشلىققا يەتكەن. مەدرىسلەر ئۆز چىقىمىنى ۋەخپە كىرىمى بىلەن قامدىغان.

ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت، سەنئىتىگىمۇ مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنداق تەسىر كالېندارچىلىق، يېزىق ۋە ئادەتتىكى ئەسەرلەردىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، مۇزىكا، ئۇسلۇب، ھۈنەر - سەنئەت ۋە بىناكارلىق سەنئىتىدىمۇ ئەكس ئەتكەن.

ئىسلام ئېراسى "ھىجرىيە" دېيىلىدۇ، بۇ ئەرەبچە "al—Hijrah"نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، " كۆچۈش " دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مىلادى 639 - يىلى خەلىپە ئۆمەر مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە كۆچكەنلىكىدىن ئىبارەت زور تارىخىي ۋەقەنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئىسلام ئېراسىنى شۇ يىلدىن باشلاشنى، ئەرەبلەرنىڭ قەمەرىيە يىلىنىڭ 1 - كۈنى (مىلادى 622 - يىل 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى) نى ھىجرىيە تۇنجى يىلىنىڭ 1 - كۈنى قىلىشنى بەلگىلىگەن. ئىسلام كالېندارى پۈتۈنلەي قەمەرىيىگە مەنسۇپ، ئايلارنى ھېسابلاش ئۇسۇلى باشقىلارغا ئوخشىمايدۇ، يېڭى ئاي كۆرۈنگەن كۈننى ئاي بېشى ھېسابلايدۇ. ئاي ھېسابى توغرىسىدا ئۆزىنىڭ بەلگىلىمىسى بار، تاق ئاي 30 كۈن بولۇپ، چوڭ ئاي ھېسابلىنىدۇ، لېكىن ھەر ئىككى - ئۈچ يىلدا 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدا بىر كەبىسە كۈن بولىدۇ، شۇڭا ئادەتتىكى يىل، چوڭ يىل دەپ ئايرىلىدۇ. ئادەتتىكى يىل 354 كۈن، چوڭ يىل 355 كۈن بولىدۇ. جۇڭگو، غەرب كالېندارلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 32 يىلدا بىر يىل ئېشىپ چىقىدۇ. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، ئۇيغۇرلار ئىسلام كالېندارىنى ئومۇميۈزلۈك قوللانغان، لېكىن " يىلنى 12 مۆچەل بويىچە①"، يەنى 12 مۆچەل بەلگىسى بولغان 12 ھايۋان بويىچە

① «ئۇيغۇر تەزكىرىسى»، 2 - جىلد.

ھېسابلايدىغان قەدىمكى ئەنئەنىسىنىمۇ ساقلىغان. خەلق ئىچىدە 12 ھايۋان بويىچە ھېسابلايدىغان، " يەكەن كالېندارى " دەپ ئاتىلىدىغان كالېندار قوللىنىلغان.

يېزىق جەھەتتە قاراخانىيلار دەۋرىدە ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، ئەرەب ئېلىپبەسى بىلەن يېزىلىدىغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى قوللىنىلغان. XIV ئەسىرگە كەلگەندە، كۆپلىگەن ئەرەب، پارس سۆزلۈكلىرىنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن چاغاتاي تىلى قوللىنىلغان. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، دىنىي ۋە سىياسىي ئېھتىياج تۈپەيلىدىن، بۇرۇن شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان رايونلاردىكى ئۇيغۇرلار قوللانغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئورنىنى ئەرەب يېزىقى ئالغان. «ئۇيغۇر تىلى تەزكىرىسى» دە: "ئۇيغۇر يېزىقىدا 24 ھەرپ، 29 تاۋۇشنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن جۈملە ھاسىل بولىدۇ①" دېيىلگەن. «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە: چاغاتاي يېزىقىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ھاسىل بولغان 29 ھەرپلىك «ئۇيغۇر يېزىقى» دېيىلگەن. بۇ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار يېزىقىنىڭ ئەرەبچە يېزىققا كۆچۈپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت جەھەتتە، «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە ئۇيغۇرلاردا تارىخ، يېزىق، دىنىي ئەسەر، دورىگەرلىك، دېھقانچىلىق، ھاۋارايىغا ئوخشاش كىتابلاردىن "بىرنەچچە يۈز خىل كىتاب" نىڭ بولغانلىقى، ئادەتتىكى ئومۇمىي بىلىم كىتابلىرىغا كۆپىنچە ئىسلام دىنىنىڭ ئىدىيىسى سىڭگەنلىكى خاتىرىلەنگەن.

ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ سەنئىتى، مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئالدى بىلەن مۇزىكا، ئۇسسۇلدىن كۆرۈش كېرەك. مىلادى XVI ئەسىردىن كېيىنكى دەۋر غەربىي يۇرت مۇزىكىسىنىڭ ئىسلاملىشىش دەۋرى

① «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 48 - جىلد، خاتىرىلەر 2 -، «ئۇيغۇر يېزىقى».

بولغان، ئىسلام، تۈرك مۇزىكىسى غەربىي يۇرت مۇزىكىسىنىڭ يادروسى بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى كونكرېت ئىپادىسى شۇكى، مۇقام مۇزىكىسىنىڭ قېلىپلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ ئارۇز ۋەزنى (ئۇزۇن - قىسقا بوغۇملارنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن ۋەزىن) مۇقام تېكىستلىرىدە كۆپرەك ئىشلىتىلىدىغان بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە پارسچە، ئەرەبچە سۆزلەر كۆپ قوبۇل قىلىنغان. "بۇ ئۆزگىرىش ئىسلاملىشىش، تۈركلىشىشنىڭ نەتىجىسى ئىدى①". مۇقام مۇزىكىسىنىڭ قېلىپلىشىشى ئارقىسىدا ئۇسسۇل بىلەن مۇزىكا ئورگانىك ھالدا بىرلىشىپ كەتكەن. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، سۇفىزمنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشى ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنىڭ قېلىپلىشىشىغا خېلى تەسىر كۆرسەتكەن. سۇفىزم نەقشبەندىيە مەزھىپىنىڭ زىكىر سالغاندا مۇزىكىغا ماسلاشتۇرۇپ ئوينايدىغان ساماسى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ خەلق ئۇسسۇللىرىنىڭ ئالاھىدە بىر خىل شەكلىگە ئايلانغان ھەم مەشرەپكە قوبۇل قىلىنىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا كەڭ تارقالغان. سۇفىزمنىڭ ساماسىغا چىستىيەنىڭ كاۋالى (دىنىي مۇزىكا) ئۇسلۇبىمۇ مەلۇم تەسىر كۆرسەتكەن.

ئۇيغۇرلار ھۈنەر - سەنئەت ۋە گۈزەل سەنئەت جەھەتتە ئىسلام دىنىنىڭ بۇتقا چوقۇنۇشقا قارشى ئەنئەنىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغاچقا، گۈل - سىزىقچىلار بىلەن بېزەشنى ئاساس قىلغان. قاشتېشى، مىس ئويمىچىلىقىدا، گىلەم، دوپپا، شايى - ئەتلەس، بوياقچىلىق قاتارلىقلاردا جانلىق، رەڭدار، مەھەللىۋى پۇرىقى قويۇق ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكى كۈچلۈك بولغان گۈل نۇسخىلىرى، گېئومېترىك گۈل نۇسخىلىرى، تەبىئەت مەنزىرىلىرى ۋە مەسچىت، مەدرىس، مازار سۈرەتلىرى كۆپ ئىشلىتىلگەن. ئۇيغۇرلار بۇنداق ھۈنەر - سەنئەت ۋە گۈزەل سەنئەت ماھارەتلىرىنى دىنىي قۇرۇلۇشلارنى بېزەشكىمۇ ئىشلەتكەن. مەسىلەن، مەسچىت، خانىقا، مازار قۇرۇلۇشلىرىدىكى مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئويما، گەج قاپارتما، كاھىش، گۈللۈك خىش ۋە شەكىللىك

---

① جۇجىڭباۋ يازغان «يىپەك يولىدىكى مۇزىكا مەدەنىيىتى»، 266 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 - يىل نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خىشلار بىلەن چىقىرىلغان تام سۇرەتلىرى، تام، تەكچە ۋە تورۇسلارغا گەج بىلەن چىقىرىلغان گۇللەر، رەڭدار بېزەكلەر، خار، پېشايۋان، تۈۋرۈك، ئىشىك - دېرىزىلەرگە ئويۇلغان نەقىشلەر ئۇيغۇر ئۇستىلىرىنىڭ ئاجايىپ ماھارىتىنى ئىپادىلىگەن.

شىنجاڭ ئىسلام ئىمارەت قۇرۇلۇشىنىڭ سەنئەت ئۇسلۇبى جەھەتتە، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەسچىتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىدا قويۇق دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن شىنجاڭنىڭ يەرلىك، مىللىي ئالاھىدىلىكى بىرلەشتۈرۈلگەن. مازار، مەسچىت قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلگەن كاھىشلارنىڭ رەڭگى ۋە نەقىش نۇسخىلىرى ئۆزگىچە ئىدى. مەسچىتلەر ئومۇمەن گۈمبەز، مۇنار، قۇببە، كۇنگۈرە، مېھراب، تەكچە، ئايۋان، تورۇس، دەرۋازا، پەشتاق، نامازخانا ۋە ئاخۇنلارنىڭ ياتاقخانىسىدىن تەركىب تاپقان. چوڭ مەسچىتلەردە يەنە تالىپلار ياتىقى ۋە كىچىك نامازخانا بولغان. چوڭ مەسچىتلەرنىڭ كىرىدىغان يېرىدە چوڭ دەرۋازا، دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدا ئەگمە ئىشىك، دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدە مۇنار بولغان. ئوتتۇراھال ۋە كىچىك مەسچىتلەردە بىرلا ئىشىك بولغان، نامازخانا مەسچىتنىڭ ئاساسىي قىسمى بولغان. شىنجاڭنىڭ ھاۋاسى قۇرغاق بولغاچقا، نامازىانا ئىچكىرىكى، تاشقىرىقى دەپ ئايرىلغان، ناماز يازدا تاشقىرىقى نامازخانىدا، قىشتا ئىچكىرىكى نامازخانىدا ئوقۇلغان، ئىچكىرىكى نامازخانىنىڭ ئىچىدە گۈمبەز بولغان، بىراق تۇرپان رايونىدا كۆپرەك ئاستى - ئۈستى قەۋەت بولغان، مەيلى ئىچكىرىكى، تاشقىرىقى دەپ ئايرىلسۇن، مەيلى ئاستى - ئۈستى قەۋەت بولسۇن، مەرمەرنى ئاساس قىلىپ، كەڭ تام - تورۇس، ھەرخىل تۈۋرۈكلەر نامازخانىنى ئازادە، چوڭ سۈپەت، سۇرلۇك كۆرسەتكەن.

قەشقەردىكى مەشھۇر ھېيتگاھ جامەسى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە پۈتكەن. ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ قۇرۇلۇشى مىڭ سۇلالىسى جىڭتۇڭنىڭ 7 - يىلى (1442 - يىلى) باشلانغان. ئۇ ئەسلىدە قەشقەرنىڭ ھۆكۈمدارى شاھ زەينىدىن مىرزانىڭ ئەۋلادى ياساتقان، بەش ۋاخ ناماز ئوقۇلىدىغان كىچىك

مەسچىت بولۇپ، ئۇرنى پاقالچاق مازاردا ئىدى. جياچىڭنىڭ 16 - يىلى (1537 - يىلى) ئوبۇلقادىر مىرزا ئاتابەكرىنىڭ ئوغلى ئۇنى كېڭەيتىپ، جۈمە نامىزى ئۇقۇلىدىغان چوڭ مەسچىت قىلىپ قۇرغان. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، جياچىڭنىڭ 3 - يىلى (1798 - يىلى) گۈلرەنا ئاتلىق بىر ئايال پاكىستانغا كېتىۋېتىپ قەشقەردە ۋاپات بولغان، ئۇنىڭدىن ئۇرغۇن پۇل - پۇچەك قالغان، بۇ پۇل بىلەن ھېيتگاھنىڭ ھازىرقى ئۇرنىدا بىر كىچىك مەسچىت سېلىنغان ھەم ئۇنىڭغا ھېيتگاھ دەپ نام قويۇلغان. كېيىن يەنە زۇلپىيە ئىسىملىك بىر سۇفىپەرەس ئىستىقامەتچى ئايال ھەج قىلىش ئۈچۈن تەييارلىغان پۇلنى ھەدىيە قىلىپ، ھېيتگاھ مەسچىتىنى كېڭەيتىپ ياساتقان ھەم 40 پاتمان (بىر پاتمان 15 موغا تەڭ) يەر سېتىۋېلىپ، مەسچىتكە ۋەخپە قىلىپ بەرگەن. جياچىڭنىڭ 14 - يىلى (1809 - يىلى) قەشقەرنىڭ ھاكىم بېگى ئىسكەندەر بەگ ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىكىگە ئاتاپ بۇ يەرگە گۈمبەز ياساتقان ھەم ھېيتگاھ جامەسىنى ئومۇميۈزلۈك رېمونت قىلدۇرغان، ئۇنىڭ ئىچىگە كۆل ۋە ئېرىق چاپتۇرۇپ، دەرەخ تىكتۈرۈپ گۈزەللەشتۈرگەن. داۋگۇاڭنىڭ 20 - يىلى (1840 - يىلى) زوھۇرىدىن بەگ قەشقەرنى سورىغاندا، شەھەر قۇرۇلۇشىنى پىلانلاپ، بۇ مەسچىتنى شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرگۈزۈپ، قايتىدىن ياساپ، تۇراقلىق تۇسكە كىرگۈزگەن. ھېيتگاھ جامەسى قەشقەر شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى ھېيتگاھ مەيدانىنىڭ غەربىي شىمالىي بۇرجىكىگە توغرا كېلىدۇ. تۆت بۇرجەكلىك ئىشىكنىڭ ئېگىزلىكى 4.7 مېتىر، رەڭگى ئاچ يېشىل، ئىشىككە نەپىس گۈل نۇسخىلىرى ۋە ئەرەب يېزىقىدىكى «قۇرئان» ئايەتلىرى ئويۇلغان. ئىككى تەرىپىدە ئېگىزلىكى 18 مېتىر كېلىدىغان ئىككى مۇنار بار، مۇنار بىلەن مەسچىت ئىشىكى يوغان تام بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان. مەسچىتنىڭ تېمى سېرىق خىشتىن قوپۇرۇلغان، خىشلارنىڭ ئارىلىقىنى ئاق گەج ۋە گۈل نۇسخىلىرى ئايرىپ تۇرىدۇ. ئىككى مۇنارنىڭ ئۈچىدىكى تۆمۈر قۇببە بىلەن مەسچىت زالىنىڭ ئۈستىدىكى ئاق گۈمبەزنىڭ ئۈچلۈق مۇنارى ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىنى ھاسىل

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىپى
www.uyghurkitap.com

قىلغان. مەسچىت نامازخانا ۋە مەدرىسكە بۆلۈنگەن، ئوتتۇرىسىنى رىشاتكا ئايرىپ تۇرىدۇ. كايۋاننىڭ ئۇزۇنلۇقى 160 مېتىر كېلىدۇ، كايۋان ئىچكىرىكى ۋە تاشقىرىقى دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن. تور شەكلىدە قويۇلغان 140 نەقىشلىك تۈۋرۈك زىچ ۋاسلىق ئاق تورۇسنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. تۈۋرۈكلەرنىڭ ئارىلىقى قاپارتما بولۇپ شەكىللەنگەن، تۈۋرۈكلەر كۆك سىرلانغان. تامنىڭ ئوتتۇرىسىغا مېھراب چىقىرىلغان ھەم گەج بىلەن رەڭدار قىلىپ نەقىشلەنگەن. تورۇسقا ئارىلاپ - ئارىلاپ گۈل ئويۇلغان، گۈل - نەقىشلەر بەك نەپىس، تولىمۇ ماسلاشقان. مەسچىت بىناسى تولىمۇ ھەيۋەتلىك، مەسچىتتە بىر قېتىمدا 4200 ئادەم ناماز ئوقۇيالايدۇ، ئۇنى شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ مەسچىت دېيىشكە بولىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ئىمىن ۋاڭ مۇنارى يېنىدىكى مەسچىت چيەنلۇڭنىڭ 43 - يىلى (1778 - يىلى) تۇرپان ۋاڭى سۇلايمان تەرىپىدىن دادىسى ئىمىن خوجىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ياسىتىلغان. بۇ مەسچىتنىڭ نامازخانىسى چاسا شەكىللىك قىلىپ ياسالغان. مەسچىتنىڭ مۇنارى ئادەتتە ئىمىن ۋاڭ مۇنارى دېيىلىدۇ، كېيىن سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى دەپ خاتا ئاتالغان. مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى ئوڭ تەرەپتە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان، بۇ مۇنارنىڭ ئېگىزلىكى 44 مېتىر، تۈۋىنىڭ دىئامېتىرى 16 مېتىر بولۇپ، پۈتۈنلەي خىش بىلەن يۇمىلاق شەكىلدە قوپۇرۇلغان، سىرتقى يۈزى شەكىللىك خىشلار بىلەن بېزەلگەن، ئىچىدە ئۇستىگە چىقىدىغان 72 قەۋەت ئايلانما پەلەمپەي بار. ئۇنىڭ دەرۋازىسى ئەرەب ئۇسلۇبىدا ياسالغان، ئۇ ناھايىتى سۈرلۈك ۋە كۆركەم، بۇ مۇنار تارىختا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلمەكتە.

شىنجاڭدىكى مازار قۇرۇلۇشى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئىسلام قۇرۇلۇشلىرىنىڭ مۇھىم بىر تۈرى. مەسىلەن، مەشھۇر ئاپپاق خوجا مازىرىنى چىڭ سۇلالىسى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ قوغدىغان. جياچىڭنىڭ 16 - يىلى (1811 - يىلى) ئىپارخاننىڭ ئاكىسى تۇردىنىڭ خوتۇنى سۇدەيشاڭ (دىلشات خېنىم) پۇل چىقىرىپ ئۇنى كېڭەيتىپ ياساتقان. سۇدەيشاڭ مانجۇ ئىدى (خەنزۇ

دىگەن گەپمۇ بار)، ئېرى كېسەل بىلەن ئۆلگەندىن كېيىن، چىك سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، ئېرىنىڭ جەسىتىنى قەشقەرگە ئەكېلىپ يەرلىكىگە قويۇپ، بەش يىلغىچە قەبرىسىنى باققان ھەم ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىپ، پۇل چىقىرىپ بۇ مازارنى تۆت چاسا قىلىپ قايتا ياساتقان. مازاردىكى مەسچىتنىڭ پەشتىقىغا ئويۇلغان قوش قاپىيىلىك پارسچە شېئىر بۇنىڭغا ئىسپات بولالايدۇ. ئۇنىڭ قىسقىچە مەنىسى مۇنداق: "بۇ كاتتا بىنانى ياساتقۇچى بىلىدۇ جىمى سىرنى، ئۇ زات ئۆزى ئاقىل ھەم پازىل، تۇتمىغان دۇنيانى دوست، ئۇنىڭ ئۆزى مەلىكە، ئىسمىدۇر دىلشات." "ئىسلام كالېندارىدىكى يىل دەۋرىنى ئەبجەد بويىچە ھېسابلىساڭ، ‹تولۇق ئەجرىنى كۆرسەن› دېگەن سۆزدىن مازارنىڭ تارىخىنى بىلىسەن." بۇ شېئىر مازارنىڭ ھىجرىيىنىڭ 1226 - يىلى (مىلادىنىڭ 1811 - يىلى) قايتا ياسالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. "ئۇلۇغۋار ئوبراز ھەرۋاقىت دىلشادقا ھەمراھ، ئۇ يەتتى مۇرادىغا، بولدى رىزا. بابا ئۇ بولغانىكەن خوجىغا ھەمراھ." "ھاياتىنىڭ سۆيى ئۆز ۋۇجۇدىدىكى بۇلاقنىڭ كۆزىدىن ئېتىلىپ چىققاندەك، دىلشات زۇلمەتلىك كېچىدىن ئۆزلۈكىدىن قۇتۇلۇپ چىققان" دېگەن مىسرا ئۇنىڭ مانجۇ (ياكى خەنزۇ) بولۇپ، كېيىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. "دىلشات بېيجىڭنىڭ شەرقىدىن ئەجىر ئىزدەپ كىشىنى تەلپۈندۈرىدىغان قارارگاھقا كەلگەن[1]." سۇدەيشاڭ ئىچكىرىدىن ئالاھىدە كېلىپ، ئاپپاق خوجا مازىرىغا گۈمبەز، مەسچىت، قەبرە ياساتقان ھەم نۇرغۇن يەر، تۈگمەن، مال - مۈلۈكنى ۋەخپە قىلغان، كۆل كولاتقان، باغ بىنا قىلدۇرغان، تا ئۆلگۈچە مۇشۇ مازاردا ئىستىقامەت قىلغان.

ئىسلام تارىخىدا دائىم تىلغا ئېلىنىدىغان، XI ئەسىردە ياشىغان مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مەقبەرىسى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرى، مىلادى 1271 - يىلىدىكى تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى ۋە سۇلايمان ۋاڭ مازىرى، ھېيتگاھ

---

[1] مۇھەممەت سەلەي: «ئاپپاق خوجا مازىرىنىڭ تارىخى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1987 - يىل 4 - سان.

جامەسى، يەكەندىكى چىلتەنلىكىم ۋە ئالتۇنلۇقۇم مازىرى، كۇچادىكى ئەرشىدىن مەۋلانەم مازىرى ۋە كۇچا خانىقاسى، ئاپپاق خوجا مازىرى قاتارلىق ھەشەمەتلىك تارىخىي بىنالارنىڭ گۇمبەز، مۇنار، قۇببە، مېھراب، تەكچە، ئايۋان، تورۇس، تۈۋرۈك، ئىشىك - دېرىزىلىرى، ئىشلىتىلگەن كاھىشلارنىڭ رەڭگى ۋە ئۆزگىچە نەقش نۇسخىلىرى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. مەسىلەن، تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرىنىڭ ئالدى يۈزىگە 20 نەچچە خىل نۇسخىدىكى كۆركەم گۈل - گىياھ، گېئومېترىك شەكىللەر ئاجايىپ ماھارەت بىلەن ئەپچىل چۈشۈرۈلگەن ھەم رەڭلىك كاھىش، گەج بىلەن يېپىشتۇرۇلغان. ھەربىر كاھىش ئۆلچەملىك، نەپىس ئىشلىنىپ، بىر - بىرىگە ماسلاشتۇرۇلۇپ، رەت - رېتى بىلەن مۇستەھكەم ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مازارنىڭ ئالدىدىكى ئەگمىنىڭ ئۈستىدىكى ئايەت پۈتۈلگەن كاھىشنىڭ ئىككى تەرىپىگە تۇغلۇق تۆمۈرخاننى مەدھىيىلەيدىغان ئەرەب يېزىقىدىكى بېغىشلىما پۈتۈلگەن، مازارنىڭ ئىشىكى ئۈستىدىكى دېرىزىنىڭ ئەتراپىغا ئەرەبچە ”ئاللا“ دېگەن سۆز چۈشۈرۈلگەن كاھىش چاپلانغان.

بۇنىڭدىن باشقا، ئۆزگىچە ئۇسلۇبتىكى مازارلارمۇ بار. مەسىلەن، سەئىد ئەلى ئارسلانخان جەڭدە ئۆلگەن، ئۇنىڭ قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى مازىرىنىڭ ئەتراپىنى قاتار - قاتار دەرەخلەر ئوراپ تۇرىدۇ، خۇددى چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئاۋۇلىغا ئوخشايدۇ. قۇمۇلنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى قۇمۇل ۋاڭىنىڭ مازىرى خەنزۇلارنىڭ قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىدا ياسالغان. بۇ مازار بېشىر ۋاڭ (1820—1866 - يىللىرى) دەۋرىدە 20 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ياسالغان. قەبرىنىڭ تۆۋى چاسا، ئۈستى يۇمىلاق بولۇپ، ئېگىزلىكى 20 جاڭ كېلىدۇ، قەبرىنىڭ تېمى ئاق، كۆك گۈللۈك چىنە خىش بىلەن بېزەلگەن. ۋاڭ قەبرىسىنىڭ ئۇدۇلىدا ياغاچتىن گۇمبەز شەكلىدە، پۈتۈنلەي ئىچكىرىنىڭ قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىدا ياسالغان ئىككى قەبرە بار①. يەنە غۇلجا ناھىيىسىدىكى

---

① «جۇڭگو ئىسلام بىناكارلىقى»، «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بېزەش سەنئىتى»، 1982 - يىل، خەلق نەشرىياتى نەشرى.

مىلادى 1876 ـ يىلى قايتا ياسالغان سۇلتان ئۇۋەيسخان مازىرىنى ئالايلى، بۇ قەبرە ياغاچتىن، جۇڭگونىڭ قەدىمكى راۋاقلىرى شەكلىدە ياسالغان. جەنۇب تەرىپى 1 ـ قەۋەتتىن 3 ـ قەۋەتكىچە چاسا، دېرىزىسى يۇملاق، 1 ـ قەۋەتنىڭ پېشايۋىنىنى 20 تال تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. 2 ـ، 3 ـ قەۋىتى ياغاچ قۇرۇلمىلىق، قوش قەۋەتلىك تۆت بۇرجەك پېشايۋان بولۇپ، چېچىلغان سۇلار كاھىشلاردىن ئېقىپ تۇرىدۇ. ئۈستىدىكى ئالتە بۇرجەكلىك مۇنارنىڭ ئۇچىغا قۇببە قوندۇرۇلغان بولۇپ، ئىنتايىن ھەشەمەتلىك ۋە كۆركەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# توققۇزىنچى باب باشقا مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادى

## 1 - بۆلۈم قازاقلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى

قازاقلار ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بىر مىللەت. قازاقلارنىڭ ئەجدادى — قەدىمكى دەۋردە تىيانشاننىڭ شىمالىي قىسمىدا ياشىغان ئۇيسۇنلار غەربىي خەن دەۋرىدىلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان. X ئەسىردىن XI ئەسىرگىچە ئۇيسۇن، كانجۇت قاتارلىق قەبىلىلەرنى يادرو قىلىپ، باشقا قەبىلىلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن قەدىمكى قازاقلار شەكىللەنگەن ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسىگە قاتناشقان. XII ئەسىردە قازاقلار كىدانلار قۇرغان غەربىي لياۋ ھاكىمىيىتىنىڭ قارىمىقىدا بولغان. XIII ئەسىردىكى چىڭگىزخان دەۋرىدە، قازاقلارنىڭ كۆپ قىسمى موڭغۇللار قۇرغان ئالتۇن ئوردا خانلىقىغا قارىغان، قالغانلىرى چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان. مىڭ سۇلالىسى جىڭتەيىنىڭ 7- يىلى (1456-يىلى) بۇراقخاننىڭ ئوغلى كىرەي بىلەن جانىبېك خان قازاقلارنى باشلاپ، ئۆزبېك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى ئەبۇلخەيرنىڭ فېئوداللىق زۇلمىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن شەرققە كۆچۈپ، چۇ دەرياسى بىلەن تالاس دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدىكى كەڭ زېمىندا قازاق خانلىقىنى قۇرغان. XVII ئەسىرگە كەلگەندە، قازاقلار ئۇلۇغ يۈز (چوڭ يۈز)، ئوتتۇرا يۈز، كىچىك يۈز دېگەن رايون خاراكتېرلىك ئۈچ گورۇھ (بارگاھ)قا بۆلۈنۈپ كەتكەن. ئۇلۇغ يۈز (ئوڭ ئۇلۇس، شەرقىي ئۇلۇس) قازاق يايلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، جۇڭغارىيە ۋە تىيانشاننىڭ شىمالى بىلەن چېگرىداش ئىدى، سىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغىچە

بولغان جايلارغا تارقالغان ھەم جۇڭغارىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانىدى. ئوتتۇرا يۈز (سول ئۇلۇس، ئوتتۇرا ئۇلۇس) قازاق يايلىقىنىڭ شىمالىغا جايلىشىپ، سىر دەرياسىنىڭ ئايىغىدىن غەربىي شىمال تەرەپتىكى توبۇل دەرياسى، ئېرتىش دەرياسى ۋادىلىرىغىچە بولغان جايلارغا تارقالغان. كىچىك يۈز (غەربىي ئۇلۇسقا تەۋە) قازاق يايلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلىشىپ، روسىيىنىڭ زېمىنىغا چىگرىداش بولغان ئارال دېڭىزىدىن توبۇل دەرياسىنىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى جايلارغىچە تارقالغان.

قازاقلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى شامان دىنى، زوروئاستېر دىنى، نېستورىيان دىنى، بۇددا دىنى قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان. XIII ئەسىردىن كېيىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان. سۇ، ئوت قوغلىشىپ يۈرۈپ مال باقىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ چەكلىمىسى، چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن قەبىلە تۈزۈمى، ئەنئەنىۋى ئادەتنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، ئىسلام دىنىنىڭ قازاقلار ئارىسىدا تارقىلىشى ئۇزاققا سوزۇلۇپ، ئاستا ئەمەلگە ئاشقان. قازاقلار ھەم ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، ھەم ئۆز مىللىتىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قېلىپ، قازاق مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئېتىقاد ئالاھىدىلىكىنى ھاسىل قىلغان. شامان دىنى قەدىمكى قازاقلار ئېتىقاد قىلغان ئاساسىي دىن ئىدى، بۇ ئىپتىدائىي دىنىنىڭ خېلى كۆپ قالدۇقلىرى قازاقلارنىڭ ئىدىيىسىدە ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىدە ساقلانماقتا. بىرىنچىدىن، قازاقلار ئەجدادلىرىنى ئۇلۇغلاش ئەنئەنىسىنى ساقلاپ كەلمەكتە، ئۇلار ئۆز قەبىلىسىنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزىدۇ، بەيگىگە، چېلىشىشقا چۈشكەندە، جەڭگە كىرگەندە ھەربىر قەبىلە ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ ئىسمىنى شۇئار قىلىپ تۇۋلايدۇ، مال - چارۋىسى ئاغرىپ قالسا، ئۇنى ساقايتىمىز دەپ، ئەجدادلىرىنىڭ قەبرىسىگە ئاپىرىپ قوندۇرىدۇ.

ئىككىنچىدىن، " ھەممە نەرسىدە جان بولىدۇ " دەپ قارايدۇ. قازاقلار مۇشۇنداق ئىپتىدائىي دىنىي ئىدىيىنى ئاساس قىلىپ، تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق نەرسىنىڭ جېنى ۋە روھى بولىدۇ، ئۇ ھەممىگە قادىر ئىلاھنىڭ ئىلكىدە

بولىدۇ، ئىلاھ ياخشىلىق ئىلاھى ۋە يامانلىق ئىلاھى دېگەن ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ، ياخشىلىق ئىلاھى ئىنسانلارغا بەخت ئاتا قىلىدۇ، يامانلىق ئىلاھى كىشىنى مۈشكۈللۈككە دۇچار قىلىدۇ، ياخشىلىق ئىلاھى بىلەن يامانلىق ئىلاھى بىر - بىرى بىلەن ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلىپ، كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. " ھەممە نەرسىدە جان بولىدۇ " دېگەن قاراش مۇنۇ جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

ھايۋانات ئىلاھىغا چوقۇنۇش: ئۇلار قولدا بېقىلىۋاتقان تۆت خىل ھايۋاننىڭ ھەممىسىنىڭ تەقدىرىگە مۇئەككەل ئىلاھلار بولىدۇ، قويغا مۇئەككەل ئىلاھ "چوپان ئاتا" دېيىلىدۇ، ئاتقا مۇئەككەل ئىلاھ "قەمبەر ئاتا" دېيىلىدۇ، تۆگىگە مۇئەككەل ئىلاھ " ئويسىل قارا " دېيىلىدۇ، كالىغا مۇئەككەل ئىلاھ " زەڭگى بابا " دېيىلىدۇ، ھايۋانلار شۇ ئىلاھلارنىڭ پاناھىدا بولىدۇ، يالماۋۇز بولسا كېسەل، ئاپەت ئارقىلىق ھايۋانلارنىڭ قىرىلىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. قازاقلاردا يەنە سۈتكە چوقۇنۇش ئادىتى بار، بۇ ئۇلارنىڭ ھايۋانات ئىلاھىغا چوقۇنۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئۆسۈملۈككە چوقۇنۇش: ئۇلار باھاردا ئۈنۈپ چىققان كۆك ئوتنى ھاياتنىڭ داۋامى دەپ قاراپ، ئۇنى يۇلۇشنى گۇناھ دەپ بىلىدۇ. ئۇلاردا بىر تۇتام ئوتنى يۇلۇپ، ئاسمانغا قاراپ قارغاش ئەڭ قاتتىق قارغاش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تەبىئەتتىكى مەۋجۇداتلارغا چوقۇنۇش: ئۇلار ئاسمان، زېمىن، سۇ، ئوت، قۇياش، ئاي قاتارلىق مەۋجۇداتلارغا چوقۇنىدۇ. تەبىئىي ئاپەت يۈز بەرگەندە، ۋابا تارقالغاندا، قوي سويۇپ نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈپ، "ئاسماندىن چۈشكەيسەن، يەردىن چىققايسەن" دەپ دۇئا قىلىدۇ. يېڭى ئاي كۆرۈنگەندە، "ھەي كونا ئاي، رەھىم قىلغىن، ھەي يېڭى ئاي، بەخت ئاتا قىلغىن" دەپ دۇئا قىلىدۇ. ئوتنى يورۇقلۇقنىڭ، نۇرنىڭ سىمۋولى، بارلىق يالماۋۇزلارنى قوغلايدىغان ئىلاھ، ئوچاق بېشىنىڭ مۇئەككىلى، دەپ قارايدۇ. ئۇلاردا ئادەم ۋە ئۇلاغقا كەلگەن ئاغرىق - سىلاق، بالايىئاپەتنى تۈگىتىش ۋە نىجاتلىق

تىلەشتە ئۇتقا تېۋىنىدىغان ئادەت بار.

قازاقلار ئارىسىدا شامان ئېتىقادىنىڭ قالدۇقى بولغان پېرىخونلۇق ھەرىكەتلىرىمۇ بار. مەسىلەن، رەم سېلىش، پال ئېچىش، دۇئا ئوقۇش، پېر ئويناشلار شۇ جۈملىگە كىرىدۇ. پېرىخونلار بېشىغا ئاق قۇ تېرىسىنى كىيىپ، رەڭگارەڭ لاتا بىلەن ئورالغان كالتەكنى بويىنىغا ئېسىپ، "شايخا - بۇرخا" (خۇداغا شۈكۈر)، (ئالۋاستى بولساڭ كۆچ) دەپ ئوقۇيدۇ، ئاۋۇل ئارىلاپ يۈرىدۇ. XV—XVI ئەسىرگە كەلگەندىمۇ قازاقلاردا كىگىز ياكى تاۋار - دۇردۇنغا بۇتنىڭ سۈرىتىنى كەشتىلەپ، شۇنىڭغا چوقۇنىدىغان ئادەت بولغان①.

قازاقلارنىڭ ئىسلام دىنى ئېتىقادى ئەھلى سۈننىي مەزھىپىگە كىرىدۇ، لېكىن سۇفىزم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خېلى بالدۇر تارقالغان. XII ئەسىردە ئۆتكەن تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ ۋەكىلى ئەھمەد يەسەۋى ئىبراھىم شەيخنىڭ ئوغلى ئىدى، ئۇ بۇخاراغا بېرىپ، مەشھۇر تەسەۋۋۇپ (سۇفىزم ئىلمىدىكى زات) يۈسۈپ ھەمەدانىدىن سۇفىلىق تەلىماتىنى ئۆگەنگەن. ئۇ ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى قازاقىستاننىڭ جەنۇبىدىكى ئازا دېگەن جايدا ئۆتكۈزگەن. يەسەۋى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئۇ يەردە دىن تارقىتىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. ئۇنىڭ ئازا شەھرىدىكى قەبرىسىنى قازاقلار ئەزەلدىن ئۇلۇغلاپ كەلمەكتە. قازاقلارنىڭ ئوتتۇرا يۈز، كىچىك يۈز خانلىرىنىڭ جەسىتىمۇ ئازاغا قويۇلغان، چۈنكى قازاقلار "تۈركىستان شەھرى (ئازا شەھرى)گە دەپنە قىلىنغان خوجا ئەھمەد (يەسەۋى)نى مۇھەممەد پەيغەمبەردىن سەللا كېيىن تۇرىدىغان ئەڭ چوڭ ماشايىق دەپ بىلىدۇ②." «خوجىلار تەزكىرىسى» دە قارا تاغلىقلارنىڭ رەھبىرى ئىسھاق مىڭ سۇلالىسى ۋەنلىنىڭ 8 - يىلى (1580 - يىلى)دىن كېيىن دىن تارقىتىش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلگەندە، قازاقلار ئارىسىدىمۇ

① نىغمەت مىڭجانى: «شىنجاڭدىكى قازاقلار»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات ئەھۋالى»، 1981 - يىل 11 - سان.

② لىۋىتىس يازغان، ق. د. بىنفا تەرجىمە قىلغان «قىرغىز، قازاق ئاۋۇللىرى ۋە يايلاقلىرى ھەققىدە بايان».

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سۇفىزمنى تارقىتىپ، " ئۇلار ئارىسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنى ئىمان ئېيتقۇزغان①" دەپ يېزىلغان. ئىسلام تەسەۋۋۇپچىلىقى شامان دىنىنىڭ ئىدىيىسىنى كۆپ ساقلاپ كەلگەن قازاقلارنىڭ ئېتىقاد جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە ماسلىشىپ، قازاقلارنىڭ مىللەت بويىچە ئىسلام دىنىغا كىرىشىدە سەل چاغلاشقا بولمايدىغان خىزمەت كۆرسەتكەن، ھەتتا قازاقلار ئارىسىدا ھەرىكەت قىلىپ يۈرگەن شامان پېرىخونلىرىمۇ پېرە ئويناش، دۇئا ئوقۇشتا " ئاللا ھەقتۇر " دېگەن شۇئارنى قوشۇۋالىدىغان بولغان. سۇفىزم قازاقلارغا تارقالغان چاغدا،خوجا (پەيغەمبەر ئەۋلادى) غا چوقۇنۇشمۇ قازاقلارنىڭ ئېتىقادىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. قازاقلار ئارىسىغا كەڭ تارقالغان «ئىسلام شەجەرىسى» دە پەيغەمبەر ئەۋلادى شەجەرىلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇندىن ساقلاپ كەلگەن شەجەرىلىرىنى زورمۇ زور كىرگۈزۈپ، قازاقلار مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى قىلىپ كۆرسىتىلگەن②. لېكىن، ئىسلام دىنى XVI ئەسىرگە كەلگەندە پۈتۈن قازاق مىللىتى ئېتىقاد قىلىدىغان دىنغا ئايلانغان.

قازاق تىلى ئالتاي تىلى سىستېمىسى تۈركىي تىللار ئائىلىسىنىڭ قىپچاق تىلى تارمىقىغا كىرىدۇ. قەدىمكى قازاقلار قەدىمكى تۈرك يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللانغان، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن ئەرەب ئېلىپبەسىنى ئۆز مىللىتىنىڭ يېزىقى قىلغان.

قازاقلارنىڭ ئېتىقاد ئالاھىدىلىكى مۇسۇلمانچىلىق قائىدىلىرى جەھەتتىمۇ ئىپادىلەنگەن. قازاقلارنىڭ ئىسلام دىنى ئېتىقادى ئىلمىي فىقھى جەھەتتە ھەنەفىيەگە كىرىدۇ، لېكىن قازاقلار «شەرىئەت» نىڭ قائىدىلىرىگە تولۇق ئەمەل قىلمىغان. ئۇلار ئارىسىدىكى دىنىي زاتلاردا ئەدلىيە ھوقۇقىمۇ بولمىغان. ئۇلارنىڭ قەبىلە ئاقساقاللىرى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئەجدادىدىن داۋاملىشىپ

---

① «مىللەتلەر تارىخىدىن تەرجىمىلەر»، 8 ـ سان.
② جاقىپ مىرزاقان: «قازاقلارنىڭ ئېتنولوگىيىسى ۋە مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش مەسىلىسى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات ئەھۋالى» نىڭ 1981 ـ يىل 8 ـ سانى.

كەلگەن ئادەت قانۇنغا ئاساسلىنىپ يۈرگۈزگەن. قازاق خانلىقى دەۋرىدە، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈچ قانۇن، يەنى مىلادى 1511—1523 - يىللىرىدىكى «قاسىمخاننىڭ قاشقا يولى»، مىلادى 1598—1645 - يىللىرىدا ئاسىمخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى «ئاسىمخاننىڭ كونا يولى» ۋە مىلادى 1680—1718 - يىللىرىدا تەۋكەخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى «يەتتە يارغۇ»، يەنى يەتتە ماددىلىق قانۇن تۈزۈلگەن. شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، ئىسلام شەرىئىتى قازاق قانۇنىنىڭ مۇھىم مەنبەلىرىدىن بىرى بولغان. بۇ، دىنىنىڭ تەقدىرگە تەن بېرىش، بۇيرۇققا ئىتائەت قىلىش، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىرادىسى ۋە ھوقۇقىغا بويسۇنۇش، ئۆزىنى تۇتۇپ سەۋر - تاقەت قىلىش ئىدىيىسىدە گەۋدىلەنگەن. شامان دىنى ئىدىيىسى ۋە ئۇرۇقداشلىق، قەبىلە تۈزۈمىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، قازاقلارنىڭ قانۇنىدا ئادەت قانۇنىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇزاققىچە ساقلانغان. «قاسىمخاننىڭ قاشقا يولى» سۇلتانلار، بەگ - بايلار ۋە باشقا فېئوداللارنىڭ يايلاق، تېرىلغۇ يەر، سۇ، ھەتتا چارۋىغا بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى قانۇن ۋاسىتىسى بىلەن قوغداشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان. ئۇنىڭدا ئۆلۈم دەۋاسىدا قانغا قان، جانغا جان ئېلىش بولسىمۇ، لېكىن جىنايەتنى پۇل بىلەن يۇيۇشقىمۇ رۇخسەت قىلىنغان. ئوغرىلىق قىلغۇچىلارغا توققۇز قارا (توققۇز چوڭ مال) جەرىمانە قويۇلغان، «ئەمەنگەرلىك» (تۇل قالغان خوتۇنىنى ئۆز ئىچىدە نىكاھلاندۇرۇش) تۈزۈمى ۋە "كىچىك بالا مىراگەر (كىچىك ئوغۇل مىراسخورلۇقى) تۈزۈمى" يولغا قويۇلغان. ئىسلام دىنى تەسىرىنىڭ چوڭىيىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، تەۋكەخاننىڭ كونا قانۇنىنىڭ ئاساسىي ماددىلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا، ئىسلام ئەقىدىلىرى ۋە شەرىئەتنىڭ بەزى مەزمۇنلىرى قوبۇل قىلىنغان. تەۋكەخان تۈزگەن قانۇندا ئۆلتۈرۈلگەن تۇغقانلىرى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش قازاقلارنىڭ پۈتكۈل قانۇن سىستېمىسىدىكى ئاساسىي پرىنسىپ ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان، سوتچىلارنىڭ ئۆلۈم جازاسىنى پۇل ئارقىلىق كەچۈرۈم قىلىش ھوقۇقى بولىدىغانلىقى ئېنىق بەلگىلەنگەن، لېكىن سۇلتان

ۋە خوجىلارنى ئۆلتۈرگەنلەرنى جازادىن كەچۈرۈم قىلىش ئۈچۈن تۆلىنىدىغان بەدەل ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭكىدىن يەتتە ھەسسە كۆپ بولغان. سۇلتان، خوجىلارنى ھاقارەتلىگەنلەرگە ناھايىتى ئېغىر جەرىمانە قويۇلغان. ئەمما، "خوجايىن ئۆزىنىڭ مالىينى ئۆلتۈرسە، ئۇلۇغ ئىلاھ ئالدىدىلا جاۋابكار بولىدۇ"، "ئەيىبكار ئەگەر خۇدانىڭ سىزىقىدىن چىقىپ كەتكەن ئائىلىنىڭ خوجايىنى بولسا، چالما - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئەگەر ئۇ خىرىستىئان مۇرتى بولسا، مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ" دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمىلەردە ئىسلام ئېتىقادىنىڭ مۇقەددەسلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. قانۇندا ئادەتتىكى فېئوداللار بىلەن دىنىي فېئوداللارنىڭ ئىمتىيازلىرى تەكىتلەنگەن. جىنايى ئىشلار قانۇنىدا شەرىئەتتىكى تۆلەم تۈزۈمى يەنىمۇ ئېنىق بەلگىلەنگەن. بۇ قانۇندا يەنە "بىر ئەر تۆت خوتۇن ئالسا بولىدۇ"، "قىزلىق مىراس يېرىم ئۈلۈش بولىدۇ"، "سوراقخانىدا ئىككى ئايالنىڭ ئىقرارى بىر ئەرنىڭكىگە تەڭ بولىدۇ"، "ئەر ئادەم ئۆلتۈرسە، بىر جانغا بىر جان تۆلەيدۇ"، "ئايال ئادەم ئۆلتۈرسە، بىر جانغا يېرىم جان تۆلەيدۇ"، "خوتۇنىنىڭ پاھىشە قىلغانلىقىنى سېزىپ قالغان ئەر خوتۇنىنى ئۆلتۈرۈۋەتسە بولىدۇ"، "ئاتا - ئانا ئۆزىنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، ھېچقانداق جازاغا تارتىلمايدۇ" دەپ بەلگىلەنگەن[1]. بۇنىڭ بىلەن ئەرنىڭ ئائىلىدىكى ھوقۇقى ۋە ئائىلە باشلىقلىق ھۆكۈمرانلىق ئورنى يەنىمۇ كۈچەيگەن. قانۇندا يەنە ئۆلگۈچىنىڭ تۇغقانلىرى ئۆلگۈچىنىڭ ئېغىزدا قىلغان ۋەسىيىتىگە بىنائەن، ئۇنىڭ مال - مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ كىچىك ئوغۇل ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمىنىڭ مۇھىم تولۇقلىمىسى بولۇپ قالغان. قازاقلار ئادەت قانۇنىنىڭ نۇرغۇن ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىنى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنمۇ داۋاملاشتۇرۇۋەرگەن. بۇ قازاقلارنىڭ قانۇن - تۈزۈمىنىڭ باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى.

---

[1] «قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى تارىخى»، 1 - توم، ئالمۇتا، 1957 - يىل رۇسچە نەشرى.

## 2 ـ بۆلۈم قىرغىزلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى

قىرغىزلار شىنجاڭدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان يەنە بىر ئاساسىي مىللەت①. قىرغىزلار خەن، تاڭ سۇلالىلىرىگە تەسلىم بولغاندىن بۇيان، "جيەنكۇن" (坚昆)، "شياگاسى" (黠嘎斯)، "جىرجىس" (吉尔吉斯) دېگەنگە ئوخشاش ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلدى. بۇلار "قىرغىز" دېگەن نامنىڭ ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردىكى ھەرخىل تەرجىمىسى. قىرغىزلار خېلى بۇرۇنلا مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن. قىرغىزلار بۇنىڭدىن 2000 نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى خەنزۇچە تارىخ ماتېرىياللىرىدا تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىنغان، «تارىخنامە»دە "گېكۇن" دەپ ئاتالغان، ئۇ چاغدا ھازىرقى سىبىرىيىدىكى يېنسەي دەرياسىنىڭ بېشىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىنكى چاغلاردا ھونلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، بىر قىسمى تيانشان رايونىغا كۆچۈپ، شاگاس دەپ ئاتالغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، تاڭ سۇلالىسى ئوردىسى شاگاس رايونىدا قىرغىز تۇتۇق مەھكىمىسى قۇرغان. IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە شاگاس خانلىقى گۈللەنگەن. X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە قىرغىزلارنىڭ شەرقىي قىسىم قەبىلىلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قاراخانىيلار سۇلالىسى، لياۋ (قىتان)، غەربىي لياۋ (قارا قىتان) سۇلالىلىرى، چاغاتاي خانلىقىنىڭ، شۇنىڭدەك چاغاتايلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلاد خانلىرىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆججەتلىرىدە، قىرغىزلار جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ ئاتىشى بويىچە "بۇيرۇت" دەپ ئاتالغان. بۇ "تاغ ئاھالىسى" دېگەن مەنىنى

---

① لېكىن، شىنجاڭ دۆربىلجىن ناھىيىسىدىكى قىرغىزلار موڭغۇللارنىڭ تەسىرى بىلەن لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ھەم شامان دىنىنىڭ ئادەتلىرىنى ساقلاپ قالغان. «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر»، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بەش خىل مەجمۇئە تەھرىر ھەيئىتى تۈزگەن، بېيجىڭ، 1981 - يىل نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا قىرغىزلار شەرق قىرغىزلىرى، غەرب قىرغىزلىرى دېگەن ئىككى چوڭ قىسىمغا بۆلۈنگەن، شەرقىي قىسىمدىكىلىرى تىيانشاننىڭ شىمالىدا، غەربىي قىسىمدىكىلىرى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا تۇرغان. شۇ چاغدا ئۇلار جەمئىي 20 قەبىلە ئىدى.

قىرغىز تىلى ئالتاي تىلى سىستېمىسى تۈركىي تىللار ئائىلىسىنىڭ قىرغىز - قىپچاق تارمىقىغا كىرىدۇ. مىلادى VII — VIII ئەسىرلەردە ئۇلار "ئورخۇن - يېنسەي" يېزىقى (قەدىمكى تۈرك يېزىقى) نى ئىشلەتكەن، كېيىن ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى بىلەن ئەرەب، پارس ئېلىپبەلىرىنى ئاساس قىلغان چاغاتاي يېزىقىنى ئىشلەتكەن ھەم چاغاتاي يېزىقىغا ئاساسلىنىپ قىرغىز يېزىقىنى ئىجاد قىلغان.

قەدىمكى قىرغىزلار شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، قىرغىزلار "مۇئەككەل سۇ، يايلاققا قارايدۇ، نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزگەندە پېرىخونلارنى چاقىرىپ كېلىپ گەم سالدۇرىدۇ" دېگەن گەپتىكى "گەم" "قامان" بولۇپ، "شامان" سۆزىنىڭ باشقىچە تەرجىمىسى ئىدى. ئۇلار "تەڭرى"، "بىل" دېگەنگە ئوخشاش ئىلاھلارغا چوقۇناتتى. بۆرە، يىلپىز، كالا قاتارلىق ھايۋانلارنى تۇتېم قىلىپ ئۇلۇغلايتتى. ئوچاقنى، ئۇرۇق - ئەۋلادلارنى قوغدايدىغان ئىلاھ — "ئۇماي" ( 乌买 ) نى ئۇلۇغلايتتى. قىرغىزلارنىڭ ئەپسانىۋى رىۋايەتلىرىدە تەڭرى (ئاسمان ئىلاھى) ئالەمنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ مۇتلەق پەرۋەردىگارى، ئۇ ئاۋۋال قۇياشنى ياراتقان، ئاندىن ئاي، يۇلتۇز، زېمىن، سۇ، تاغ، دەل - دەرەخ ۋە ئىنسانلارنى ياراتقان دېگەن گەپ بار. ئۇلارنىڭ ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى رىۋايەتلىرىدە تەڭرى زېمىننى ياراتقاندىن كېيىن، ئاسماندىن قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتكەن، كەلكۈن سۇ لاي - لاتقىلارنى ئېقىتىپ، سىبىرىيىدىكى قاراتاش دېگەن تاغدىكى بىر غارغا تاشلىغان، ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي، غاردىكى توپا ئېغىربوي ئايالدەك قورساق كۆتۈرۈپ، توققۇز ئايدىن كېيىن ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي بوۋىسى ئاي ئاتا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي مومىسى ئايۋا تۇغۇلغان، ئىنسانلار ئەنە شۇ ئاي ئاتا

بىلەن ئاۋادىن كۆپەيگەن، دېيىلىدۇ. X ئەسىرنىڭ باشلىرىدا (943 - يىلدىن بۇرۇن) ئەرەبلەردىن ھىسار يازغان «ساياھەتنامە»دە قىرغىزلار مۇنداق تونۇشتۇرۇلغان: "ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئادەتلىرى، قانۇن - مىزانلىرى، ئىدېئولوگىيىسى، يېزىقى ۋە ئىبادەتخانىلىرى بار. ئۇلار چىراغنى ئۆزى ئۆچۈپ قالمىغۇچە ئۆچۈرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس نەزمىلىرى بار. ئۇلار خۇش پۇراق نەرسىنى ئالدىغا قويۇپ ئۇلۇغلايدۇ، ئۇنىڭغا قاراپ دۇئا قىلىدۇ. ئۇلار بىر يىلدا بىرنەچچە قېتىم ھېيت قىلىدۇ. كۆك تەڭرىگە سىغىنىدۇ، جەنۇب تەرەپكە قاراپ دۇئا قىلىدۇ. ۋېنېرا، ساتۇرنىلارغا چوقۇنىدۇ، مارسنى ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس دەپ چۈشىنىدۇ[1]" بۇ خاتىرىدە قەدىمكى قىرغىزلارنىڭ ئوتقا، ئاسمانغا، يۇلتۇزغا چوقۇنىدىغانلىقى بايان قىلىنىپ، ئۇلار ئارىسىدا زوروئاستېر دىنىنىڭ ئاز تولا تارقالغانلىقى ئېچىپ بېرىلگەن. قىرغىزلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ئىبادەتخانىلارغا ئاساسەن ئوخشايتتى، ئەمما شامان دىنى يەنىلا قەدىمكى قىرغىزلارنىڭ ئاساسىي دىنى ئىدى. بۇ دىن ئۇلارنىڭ ئىدېئولوگىيىسىدە ئۇزاق زامان ساقلانغان. شامان دىنىغا بولغان ئېتىقاد قىرغىزلارنىڭ شامان پېرىخونلۇقىغا ئىشىنىدىغانلىقىدىمۇ ئىپادىلەنگەن. يادا تاش ئەپسۇنىنىڭ كارامىتى توغرىسىدىكى گەپلەر قىرغىزلار ئارىسىدىكى رىۋايەتلەردە ۋە بەزى يازما يادىكارلىقلاردا ئۇچرايدۇ. يادا تاشنى سەيپىمۇ تىلغا ئالغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: "قىرغىزلار موڭغۇللار بىلەن ئۇرۇقداش. ئۇلاردا پادىشاھ بولمايدۇ، قاشقا دەپ ئاتىلىدىغان بىرنەچچە بەگلا بولىدۇ. ئۇلار كاپىرمۇ ئەمەس، مۇسۇلمانمۇ ئەمەس. ئۇلار تىنىك، ئەمما يولى بار ئېگىز تاغلاردا ياشايدۇ. ئەگەر بىرەر پادىشاھ ئەسكەر ئەۋەتىپ ھۇجۇم قىلسا، بالا - چاقىلىرىنى تاغنىڭ ئىچكىرىسىگە كۆچۈرۈۋېتىپ، ئۆزلىرى يولنى قاتتىق ساقلايدۇ، ھېچقانداق كىشىنى ئۆتكۈزمەيدۇ. ئۇلار يادا ئەپسۇنى ئوقۇپ قار ياغدۇرۇپ، ئۆزلىرىگە ھۇجۇم قىلغان دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى سوغۇقتا توڭلاپ پۇت - قولىنى

---

① «قىرغىزلارنىڭ قىسقىچە تارىخى».

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەدرىلىتالمايدىغان قىلىپ قويىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ھۇجۇم قوزغاپ، دۈشمەننى چېكىندۈرىدۇ، ئۇلار ئۆلگەنلەرنى گۆرگە كۆممەي، ئېگىز دەرەخنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ قويۇپ، چىرىتىپ تۈگىتىۋېتىدۇ①.»

قىرغىزلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىنمۇ شامان دىنىغا خاس ئادەتلەرنى تاشلىمىغان. «ئۇلار دىنىي قائىدە بويىچە تەڭرىگە ئاتاپ نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ تۈزۈمىگە ئەمەل قىلىپ، قەمەرىيە بويىچە روزا تۇتىدۇ. قوي - كالىلىرىنى قار سۈيىدە سۇغۇرىدۇ، قار ياغمىسا، موللا تەكلىپ قىلىپ ئەپسۇن ئوقۇتىدۇ. موللا بىر تاشپاقا، بىر تىرىك پاقىنى شوينىغا باغلاپ، قۇدۇققا ساڭگىلىتىپ ئەپسۇن ئوقۇيدۇ. تاشپاقىنىڭ دۈمبىسى سۇغا چىلاشقان ھامان قار ياغىدۇ. بۇ يادا دېيىلىدۇ. ئۇلار ئاغرىپ قالسىمۇ موللىغا دۇئا ئوقۇتىدۇ، دۇئا ئوقۇشتىن ئىلگىرى قوي سويىدۇ، داپ چېلىپ پىرە ئوينىتىدۇ، جىن - ئالۋاستى قوي بىلەن بىللە يوقالدى دەيدۇ②.»

قىرغىزلار ھىجرىيە كالېندارىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىللە، قەدىمكى شاگاسلارنىڭ يىلنى 12 مۈچەل (چاشقان، كالا، بارس، توشقان، بېلىق، يىلان، ئات، قوي، تۆلكە، توخۇ، ئىت، توڭگۇز) بويىچە ھېسابلايدىغان كالېندارىنى ساقلاپ قالغان. قىرغىزلار چاشقان ۋە توڭگۇز يىلىدا قۇرغاقچىلىق بولىدۇ، ئاپەتتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇزۇق - تۈلۈك، ئوت - چۆپنى كۆپ يىغىش كېرەك؛ بېلىق يىلى بىلەن يىلان يىلىدا مولچىلىق بولىدۇ، ئاب - ھاۋا ياخشى بولىدۇ، ئادەممۇ، چارۋىمۇ ئاۋۇيدۇ؛ بارس يىلى ئوغۇل كۆپ تۇغۇلىدۇ، توشقان يىلى قىز كۆپ تۇغۇلىدۇ، دەپ قارىغان. ئۇلار يىلنى، ھەپتا كۈننىمۇ خەيرلىك، خەيرسىز، دەپ ئايرىغان. ھەر ئاينىڭ تاق كۈنلىرى ئۆي كۆچسە بولمايدۇ، جۈمە كۈنى سەپەرگە چىقسا بولمايدۇ، دەپ قارىغان. ئۇلارنىڭ بۇ قاراشلىرىغا ئۆز مىللىتىنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئادىتىگە كىرمەيدىغان

① «قىرغىزلارنىڭ قىسقىچە تارىخى».
② نى جىشۇ: «شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر»، «غەربىي شىمالنىڭ مىللەت، دىن تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللاردىن ئۈزۈندىلەر» (شىنجاڭ قىسمى، 2 -)، گەنسۇ ئۆلكىلىك كۇتۇپخانا، 1985 - يىل.

خۇراپىي ئىدىيىلىرى سىڭىپ كەتكەن.

سەيپىننىڭ تۈرك يېزىقىدىكى قولىيازمىسىدا خاتىرىلەنگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇ قازاقلار بىلەن قىرغىزلارنىڭ ئېتىقادىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگەن. ئۇ قازاقلار ئىسلام دىنىنىڭ ھەنەفىيە مەزھىپىگە كىرىدۇ، "قىرغىزلار كاپىرمۇ ئەمەس، مۇسۇلمانمۇ ئەمەس" دەيدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ قىرغىزلار ئارىسىغا قاچان تارقالغانلىقى ھازىرچە ئېنىق ئەمەس. ئوتتۇرا ئەسىردە ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئارىسىغا تارقالغاندا قىرغىزلارمۇ چەتتە قالمىغان. يۈەن سۇلالىسىنىڭ شىزۇ خانى دەۋرىدە (1260–1294 - يىللار) ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان سودىگەرلەر قىرغىزلار رايونى قاتارلىق جايلار بىلەن يۈەن سۇلالىسى تەۋەسىدىكى جايلار ئوتتۇرىسىدا سودا قىلغان. قىرغىزلارنىڭ مەشھۇر داستانى «ماناس» تىمۇ ئىسلام ئېتىقادىنىڭ تەركىبلىرى بار.

سەيپىننىڭ قولىيازمىسى 1582 - يىلى يېزىلغان، مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىسلام دىنى قىرغىزلارنىڭ ئاساسىي ئېتىقادىغا ئايلىنىپ بولغان.

ئىسلام دىنىنىڭ قىرغىزلار ئارىسىدا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان دىنغا ئايلانغانلىقى سۇفىلارنىڭ دىن تارقاتقانلىقىنىڭ نەتىجىسى. 1603 - يىلى يېزىلغان «زىيا ئۇلقۇلۇپ» (قەلب نۇرى) دا XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا قارا تاغلىقلارنىڭ رەھبىرى خوجا ئىسھاقنىڭ قىرغىزلار بىلەن قالماقلار ئارىسىدا ئىسلام دىنىنى تارقىتىپ، 18 بۇتخانىنى بۇزدۇرۇۋەتكەنلىكى ھەم نۇرغۇن قىرغىزلارنى مۇسۇلمان قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. «تەۋارىخ خەمسەئى شەرقى» دە خاتىرىلەنگەن بىر چۆچەكتە مۇنداق دېيىلگەن: "ئېغىزدىكى رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا، قىرغىزلار مەنسۇر ھەللاجىغا قاراشلىق خەلق. بۇنداق دېگۈچىلەر مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ: ھەزرىتى ھۇسەيىن ئىبنى مەنسۇر ھەللاجى دەپ ئاتالغان ئۇلۇغ ئەۋلىيا بولۇپ، ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرى ‹تەپسىر› ۋە تارىخ كىتابلىرىدا مەشھۇر. بۇ زات دارغا تارتىلغاندىن كېيىن، مۇبارەك جەسىتىنى

كۆيدۈرۈپ، كۆلنى سورىغاندا، دەرياغا چۈشۈپ كۆپۈككە ئايلانغانمىش. بۇ كۆپۈك سۇ يۈزىدە لەيلەپ، بىر ئېرىق بىلەن باغقا كىرگەنمىش. بۇ باغ بىر پادىشاھنىڭ قىزىنىڭ بېغى بولۇپ، مەلىكە قىرىق كېنىزەك ۋە خىزمەتكار بىلەن شۇ يەردە تۇرىدىكەن. كېنىزەكلەردىن بىرى سۇ يۈزىدىكى كۆپۈكنى كۆرۈپ، بارمىقى بىلەن ئاغزىغا ئالغاندا، شېكەردىنمۇ تاتلىق تېتىپ كېتىپتۇ. ئۇ يېنىدىكى بىر قىزغا ئېيتقاندا، قىزلار بىلەن مەلىكە بىر تېمىمدىن ئېلىپ تېتىپ كۆرگەنىكەن، خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن ھەممىسى ئېغىر بوي بولۇپ قاپتۇ. خان بۇ ئىشنى ئاڭلاپ، بىر - بىرلەپ سوراپتۇ، مەلىكە بولغان ئىشنى ئەينەن دەپ بېرىپتۇ. خان ھەيران بوپتۇ. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەتسەم، ئەگەر ئۇلارنىڭ گېپى يالغان بولسا، ئۆز گۇناھى ئۆز گەردىنىگە بولار، ئەگەر راست بولسا، ئۇلارنىڭ بىگۇناھ جېنىغا زامىن بولماسمەنمۇ... دېگەن ئويغا كېلىپ، ئاخىر بۇ بىچارىلەرنى شەھەردىن ھەيدەپ چىقارغۇزۇۋېتىپتۇ. ئۇلار تاغقا بېرىپ ئورۇنلىشىپ، شۇ يەردە تۇغۇپ، ئۆز ئەۋلادلىرىنى چوڭ قىلىپ، تاغ ئىچىدە ياشاپتۇ. كېيىن بۇ قىرىق قىزنىڭ ئەۋلادى قىرغىز (قىرىق قىز) دەپ ئاتىلىپتۇ[1].»

قىرغىزلار قىرىق قىزدىن كېلىپ چىققان، دېگەن گەپ ئۇلارنىڭ ئەپسانىۋى تارىخىي ھېكايىلىرىدىكى قەدىمكى رىۋايەت. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ۋە «ماناس» داستانىدىمۇ بۇ ھەقتە خاتىرە بار، لېكىن گەپلىرى ئوخشىمايدۇ. «تەۋارىخ خەمسەئى شەرقى» دە بۇ گەپ سۇفىزمنىڭ مەشھۇر ئەۋلىياسى مەنسۇر ھەللاجغا باغلانغان، قويۇق ئىسلام تەسەۋۋۇپچىلىقى تۈسىنى ئالغان.

ئىسلام دىنىنىڭ مەزھەپ تەۋەلىكى جەھەتتە، قىرغىزلارنىڭ ئاز قىسمى شىئە مەزھىپىدىكى ئىسمائىلىيە گۇرۇھىغا ئېتىقاد قىلىدۇ (تاجىكلارنىڭ ئېتىقادىغا ئوخشاش)، كۆپچىلىكى ئەنئەنىچى سۈننىي مەزھىپىگە تەئەللۇق. قىرغىزلارمۇ قازاقلارغا ئوخشاش كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرىدۇ،

---

[1] قۇربان ئەلى ۋالىدھاجى خالىدىبېك: «تەۋارىخ خەمسەئى شەرقى».

ئەمما ئۇلار قەبىلە تەشكىللىنى قازاقلاردىن تولۇق ساقلاپ كەلگەن. ئۇلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىش جەھەتتىمۇ قازاقلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

## 3 - بۆلۈم ئۆزبېك، تاتارلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى

ئۆزبېك دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشىنى مۇھاكىمە قىلغاندا، بەزىلەر ئۆزبېك خانلىقى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن (XV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا) شەرقتىكى دەشتى قىپچاق يايلىقىدا ياشىغان ئاھالىلەر "ئۆزبېك" دەپ ئاتىلاتتى، دەيدۇ. يەنە بەزىلەر بۇ نام XIV ئەسىردىكى ئالتۇن ئوردا (قىپچاق) خانلىقىدىكى "ئۆزبېك خان" نىڭ نامىدىن كەلگەن، دەيدۇ[1]. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخىي ھۆججەتلەردە ئۆزبېكلەر "يۆجېبېي" (月即别) ياكى "يۆزۈبېي" (月祖别) دەپ يېزىلغان. XVI ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماۋەرائۇننەھر رايونىدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئۆزبېكلەر ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى يەر نامىنى تاشلىمىغانلىقى ئۈچۈن، ئېلىمىزنىڭ مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى تارىخىي ھۆججەتلەردە ئۆزبېكلەر كۆپىنچە سەمەرقەندلىكلەر، قوقەنلىكلەر، بۇخارالىقلار، ئەنجانلىقلار دەپ يەر نامى بىلەن ئاتالغان، بولۇپمۇ ئەنجانلىقلار دېگەن نام ئەڭ كەڭ قوللىنىلغان. قەدىمكى ئۆزبېكلەر قازاقلار بىلەن بىرلەشمە گەۋدە ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ۋاقتى VIII ئەسىردىن كېيىن بولسا كېرەك. ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، سۇفىزم ئۆزبېكلەر ئارىسىدىمۇ بەك ئەۋج ئالغان. بەزىلەر، X ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەبۇنەسر سامانىينىڭ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننى ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن 80 نەچچە كىشىنى

① «قازاق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تارىخى» دىن پايدىلاندىم. «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر» نىڭ 241 - بېتىدىكى گەپ بىلەن سېلىشتۇردۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىخانىسى
www.uyghurkitap.com

باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئاتۇشقا كېلىشى ئۆزبېكلەرنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىشىنىڭ باشلىنىشى، دەيدۇ①. قاراخانىيلار دەۋرىدە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى ئۆزبېكلەر قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق شەھەرلەرگە كەينى - كەينىدىن كۆچۈپ كەلگەن. ئۇلار ئاساسەن سودىگەرچىلىك ۋە دىن تارقىتىشنى كەسىپ قىلغان. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، شىنجاڭدىكى ئۆزبېكلەرنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن، يەنە كېلىپ ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى ئۆزبېكلەرنىڭ ھەرىكىتى بىلەنمۇ بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ خانى ئۆزبېك خان دەۋرى (1312 ـ 1342- يىللار) دە ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلەنگەن. ئۆزبېك خان 1314 - يىلى مىسىر سۇلتانى مەلىك ناسىرغا ئەلچى ئەۋەتىپ، "ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگودىن غەرب ئەللىرىنىڭ نېرىقى چېتىگىچە تارقالغانلىقى" نى تەبرىكلىگەن. ئۇ: "مېنىڭ خانلىقىمدا (ئۆزبېك خانلىقىدا) يەنە بىر تۈركۈم كىشى ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلمىغانىدى. مەن تەختكە چىقىپ، ئۇلارغا يا ئىسلام دىنىغا كىرىڭلار، يا جەڭگە ئاتلىنىڭلار، ئىككىنىڭ بىرىگە تۇرۇڭلار، دېدىم. ئۇلار (دىنغا كىرىشنى) رەت قىلدى، نەتىجىدە جەڭگە كىردى. مەن مەغلۇپ قىلدىم، قىردىم، ئەسىر ئالدىم، يوقاتتىم②" دېگەن. ئۆز ۋاقتىدا خانلىقتىكى ھەممە مىللەت، جۈملىدىن قازاقلارمۇ بۇنىڭ زور تەسىرىگە ئۇچرىغان. خەلق ئاغزىدا: "ئىسلام دىنىنى ئۆزبېك خان قالدۇرغان" دېگەن گەپلەر ھازىرغىچە بار③.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۆزبېك رايونىدىكى سوفىزم تەشكىلاتلىرىدىن قۇبرىيە بىلەن نەقشبەندىيە ئەڭ مەشھۇر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىبادەت قىلىدىغان

---

① قادىر ئەكبەر: «جۇڭگودىكى ئۆزبېكلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى».

② (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى) ب. د. گرېكوۋ، ئا. ۋ ياكوبوۋسكىي: «ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ گۈللىنىش - خارابلىشىش تارىخى»، 136 - بەت، سودا نەشرىياتىنىڭ 1985 - يىل نەشرى.

③ نىغمەت مىڭجانى يازغان، سۈيىخەي تەرجىمە قىلغان «قازاق تارىخى»، «بىپايان قۇملۇقتىكى دولقۇن»غا بېسىلغان.

مەركىزىي جايلىرى خىۋا (خارەزم) بىلەن بۇخارا ئىدى. ئەمما نەقشىبەندىيە كېيىنكى چاغلاردا تېخىمۇ ئۇلغىيىپ، ھەممىدىن ئېشىپ كەتكەن، باشقا مەزھەپلەر، مەسىلەن، ھەممە يەرگە تارقالغان يەسەۋى مەزھىپى ئاساسەن پەرغانىدە ھەرىكەت قىلغان، قادىرىيە مەزھىپى ۋە ئاساسەن قوقەندە ھەرىكەت قىلغان چىستىيە مەزھىپى ئۆزلىرىنى نەقشىبەندىيىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ئىخلاسمەنلىرى[1] دېگەن. سۇفىزم كاسىپلار ئۇيۇشمىسى بىلەن زىچ باغلانغان، شۇڭا شەھەر تۇرمۇشىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالغان. مەزھەپ باشلىقى (شەيخ ياكى پىر، ئىشان) ناھايىتى زور تەسىر كۈچىگە ئىگە بولغاچقا، ئىشخانا خوجايىنلىرى بىلەن سودىگەرلەر دەرۋىشلەرنى قولغا كەلتۈرۈش كاسىپلار ئۇيۇشمىسىدىكى ھۈنەرۋەنلەر بىلەن ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ياراشتۇرۇشقا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئالالايدىغانلىقىنى ئاخىر تونۇپ يەتكەن. مەزھەپ رەھبەرلىرىمۇ شۇ مۇناسىۋەت بىلەن چوڭ ئىشخانا خوجايىنلىرى ۋە باي سودىگەرلەرنىڭ ماددىي ياردىمىگە ئېرىشىپ، مەزھەپنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان مالىيە مەنبەسىنى كۆپەيتكەن. ئوتتۇرا ئاسىيا سۇفىزمچىلىرىنىڭ شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىشى ۋە تەسىرى زادى ئۈزۈلۈپ قالمىغان. باشتا ئېيتقىنىمىزدەك، 1533 - يىلدىن كېيىن، مەشھۇر سۇفىزمچى ئىلاھىيەتشۇناس، نەقشىبەندىيىنىڭ 5 - ئەۋلاد ئۇستازى مەخدۇم ئەزەم ئۆزبېكلەر بىلەن قەشقەرلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى ياراشتۇرۇش ئۈچۈن سۆھبەت ۋەكىلى سۈپىتىدە شىنجاڭغا كېلىپ دىن تارقاتقان. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى يەكەن، قەشقەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا سەمەرقەندتىن كەلگەن بىر قىسىم خوجىلار قارىقاشنىڭ زاۋا دېگەن يېرىگە ماكانلاشقان. ئۇنىڭدىن سەل كېيىن، يەنە بىر نەچچە تۇركۇم ئۆزبېكلەر ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا كەلگەن. XVII – XVIII ئەسىرلەردە پەرغانە، نەمانگان، تاشكەنتتىن

[1] شېرىن ھاجىنۇر: «سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مۇسۇلمانلار»، بۇ نەقىل «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر خەۋىرى» دىن ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com

ئىلىغا كەلگەن ئۆزبېك خوجىلار دىنىي تەشۋىقات ئېلىپ بارغان. ئۆزبېكلەر XV ئەسىردىن باشلاپ سودىگەرچىلىك، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان، بىر قىسمى مەخسۇس دىن تارقىتىش بىلەن شۇغۇللانغان.

ئۆزبېك تىلى ئالتاي تىلى سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە كىرىدۇ، يېزىقى ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئېلىپبەلىك يېزىق. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆزبېك رايونلىرىدا ياشىغان مۇسۇلمانلاردىن بىر مۇنچە مەشھۇر پەيلاسوپلار، ئەدىپلەر، شائىرلار ۋە ئالىملار چىققان. XVII – XVIII ئەسىردىكى ئۆزبېك ئالىملىرى شىنجاڭنىڭ مەدەنىيىتى ۋە سىياسىي تۇرمۇشى بىلەن يېقىن باغلىنىشتا بولغان. مەسىلەن، بابارەھىم مەشرەپ (1640 – 1711- يىللار) شىنجاڭدا كۆپ يىل تۇرغان. ئۇ ئەنجاندا تۇغۇلغان، ياش ۋاقتىدا شۇ يەردىكى ئۆلىما موللا بازار ئاخۇننىڭ قولىدا ئوقۇغان. قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن ئاپپاق خوجىغا مۇرىت بولغان. ئەمما، ئۇ دىنىي يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنىڭ بىر - بىرىگە ئورا كولىشىغا قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن سۈرگۈن قىلىنىپ، تەركىدۇنيا بولۇپ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، ئىلى، تاشكەنت، بۇخارا، خۇجەند، سەمەرقەند، ھىندىستان ۋە ئافغانىستان قاتارلىق جايلاردا يۈرگەن، كېيىن مۇھەممەدخان تەرىپىدىن بەلختە دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇ «مەشرەپى دىۋان» دېگەن ئەسەرنى ۋە جالالىدىن رۇمى بىلەن مىرزا ئابدۇقادىر بېدىلگە باھا بېرىدىغان «تاڭ نۇرىنىڭ كېلىشى» دېگەن شېئىرىي ئەسەرنى يازغان. يەنە بىر شائىر ھۇۋەيدا (1705 – 1780- يىللار) نىڭ ئانا يۇرتى ئەنجاننىڭ چىمىيائىن دېگەن يېرى ئىدى، ئۇنىڭ بوۋىسى خەئىپ نازار ئاپپاق خوجىنىڭ دىنىي ئىشلىرىغا قاتنىشىش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلگەن. شۇ جەمەتتىن بولغان مەۋلىۋى سالاھىدىن دېگەن يەنە بىر مۆتىۋەرمۇ خوجىلار دەۋرىدە يەكەنگە كۆچۈپ كېلىپ، ئالتۇن ئىسلام مەكتىپىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن. ھۇۋەيدا تەسەۋۋۇپچى ئىشان ئىدى، ئۇ «ھۇۋەيدا چىمىيانى توپلىمى» دېگەن ئەسەرنى يازغان ھەم تەرجىمانلىق بىلەن شۇغۇللانغان. مەشھۇر ئەسەر «چاھار دەرۋىش» نى پارس - ئوردۇ تىلىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان①.

① قادىر ئەكبەر: «جۇڭگودىكى ئۆزبېكلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى».

ئۆزبېكلەر سودىگەرچىلىك ۋە دىن تارقىتىش بىلەن شۇغۇللانغانچقا، ئۇلار ئارىسىدىكى بىر مۇنچە كىشلەر خېلى يۇقىرى دىنىي مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ۋە ئىجتىمائىي مەرتىۋىگە ئىگە ئىدى. ئۇلار ئىچىدىكى بەزى خوجىلار "پەيغەمبەر ئەۋلادى" دېگەن نامنى پەش قىلىپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئېخمۇ چوڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. ئۆزبېكلەر ئارىسىدا " خوجا "، "تۆرە"، "مەخسۇم"، "مىر" دېگەن فامىلىلەر بىلەن ئاتىلىدىغان ئاقسۆڭەكلەر ئۆزئارا تويلىشىدىغان تۇزۇم داۋاملاشقان. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆزبېك سودىگەرلىرىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ ماكانلىششى قوقەنلىك ئۆزبېك سودىگەرلىرى (ياكى ئەنجانلىق سودىگەرلەر) نىڭ سودا پائالىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شىنجاڭدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تىكلىنىشى بىلەنلا، قوقەنلىك سودىگەرلەرنىڭ سودا قاتنىشى باشلىنىپ كەتكەن①. نەتىجىدە ئۆزبېكلەر سودىگەرچىلىك بىلەن تېز بېيىپ ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەپ، يەر ئېلىپ تېرىغان ياكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن، بەزىلىرى زېمىندارغا ئايلانغان، شۇ يەردىن خوتۇن ئېلىپ بالا - چاقىلىق بولۇپ، يەرلىك نوپۇسقا ئۆتۈپ، بارا - بارا ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ بەزى شەھەرلىرىدە ئۆزبېكلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلار ئۆز ئالدىغا "ئەنجان كوچىسى"، "ئەنجان رەستىسى" بولۇپ شەكىللەنگەن. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدىمۇ ئەنجانلىقلار مەسچىتى، ئەنجانلىقلار كۆلى، ئەنجانلىقلار مازىرى بىنا قىلىنغان.

تاتار دېگەن نام تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپ تىلغا ئېلىنغان. تاتارلار تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان قەبىلىلەرنىڭ بىرى. تاتارلار تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىن بارا - بارا روناق تاپقان. بۇ نام شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى ئىدى. موڭغۇللار باش كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، تاتارلار موڭغۇللار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان.

---

① (ياپونىيە) زوكوزتو يازغان، لىلى سۇڭچۈن تەرجىمە قىلغان «شىنجاڭنىڭ XVIII - XIX ئەسىرلەردىكى ئىجتىمائىي تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، 2 - قىسىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

خەنزۇلارنىڭ ۋە چەت ئەللەرنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا موڭغۇللارمۇ تاتار دەپ ئاتالغان، ئەمما كېيىنكى ۋاقىتلاردا تاتار دېگەندە ئاساسەن ئالتۇن ئوردا خانلىقى دەۋرىدىن قازان خانلىقى دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆزلىرىنى موڭغۇللارنىڭ ئەۋلادى دەپ ئاتىغان قەبىلىلەرنىڭ ئاھالىسى كۆزدە تۇتۇلىدىغان بولغان. تاتارلار بۇلغار، قىپچاق، موڭغۇل ۋە باشقا قەبىلىلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەن. ئۇلارنىڭ تىلى ئالتاي تىلى سىستېمىسى تۈركىي تىللار ئائىلىسىنىڭ قىپچاق تىلى گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ. شىنجاڭدىكى تاتارلار XIX ئەسىرنىڭ 20 ــ 30 ـ يىللىرىدىن كېيىن روسىيىنىڭ قازان، شەمى، زايسان قاتارلىق جايلىرىدىن كۆچۈپ كېلىپ، ئاساسەن ئىلى، چۆچەك، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا ماكانلاشقان .

تاتارلار ئەسلىدە موڭغۇللارغا ئوخشاش كۆپ ئىلاھقا چوقۇناتتى، تولاراق شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. جۇن پىرانو كاربىنىي، ۋىلىيام روبرۇك، ماركوپولو ۋە XIII ئەسىردە ئۆتكەن ئەرمىنىيىلىك يازغۇچىلار ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ دىنىي ئەھۋالى ھەققىدە نۇرغۇن قىممەتلىك تەكشۈرۈش خاتىرىلىرىنى قالدۇرغان. پىرانو گاربىنىي «موڭغۇل تارىخى»دا XIII ئەسىردىن ئىلگىرىكى تاتارلارنىڭ ئىلاھقا چوقۇنۇشى، گۇناھ قارىشى، رەمباللىق ۋە گۇناھنى يۇيۇش شۇنىڭدەك ئۆلۈم ئۆزىتىشى ھەققىدە بىر مۇنچە مەلۇمات بەرگەن. ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا "ھەممە نەرسىدە جان بولىدۇ" دەيدىغان شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، "قۇياش، ئاي، ئوت، سۇ، يەرگە تېۋىنىغان ۋە چوقۇنىغان"، ئەمما تەڭرىنى ئىلاھلارنىڭ ئىلاھى دەپ ئۇلۇغلىغان. "ئۇلار تەڭرىنىڭ كۆزگە كۆرۈنىدىغان ۋە كۆرۈنمەيدىغان جىمى مەۋجۇداتنى يارىتىدىغانلىقىغا، دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل شەيئىنىمۇ، خىلمۇ خىل مۇشكۈلاتلارنىمۇ پەيدا قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن".

ئۇلار يەنە "كىگىزدىن ئادەم سىياقىدا بۇت ياسىغان ۋە ئۇنىڭغا چوقۇنغان. بەزىلىرى بۇنداق بۇتنى چېدىر ئىشىكىنىڭ ئىككى تەرىپىگە قويۇپ قويغان. بەزىلىرىنى مەخسۇس ياسالغان بۇت ھارۋىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويغان. قەبىلە ئاقساقاللىرى چېدىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا پەشتاق ياسىتىپ، بۇتنى ئۇنىڭ

ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويغان.» روبرۇكنىڭ «ساياھەت خاتىرىسى»دە، ئۇلارنىڭ بۇتقا چوقۇنىدىغان بۇنداق ئادەتلىرى تەپسىلىي يېزىلغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: تاتارلارنىڭ چېدىرلىرىدا «ئەر خوجايىنىنىڭ بېشىنىڭ ئۈستىدە قوچاققا ئوخشايدىغان، كىگىزدىن ياسالغان، ئۆزلىرى ئەر خوجايىنىنىڭ ئىنىسى دەپ ئاتايدىغان بىر بۇت ئېسىقلىق تۇرىدىكەن، ئايال خوجايىنىڭ بېشىنىڭ ئۈستىدىمۇ ئۆزلىرى ئايال خوجايىنىنىڭ ئىنىسى دەپ ئاتايدىغان بىر بۇت ئېسىقلىق تۇرىدىكەن. بۇ ئىككى بۇت تامغا ئېسىلىدىكەن، ئىككى بۇتنىڭ ئارىلىقىغا ئېگىزرەك قىلىپ بىر ئاۋاق بۇت ئېسىلىدىكەن، ئۇ پۈتۈن چېدىرنىڭ مۇئەككىلى ئىكەن. ئايال خوجايىنىنىڭ ... كارىۋىتىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە ئالدىنى خىزمەتكارلار ۋە ئاياللارغا قارىتىپ بىر كىچىك بۇت قويۇلىدىكەن. ئاياللار تەرەپتىكى ئىشىككە كۆكرىكىگە كالىنىڭ ئەمچىكى چىقىرىلغان، ئىنەك ساغىدىغان ئاياللارغا ئاتاپ ياسالغان يەنە بىر بۇت قويۇلىدىكەن ... چېدىرنىڭ ئىچىگە ئەر تەرەپكە كۆكرىكىگە بايتالنىڭ ئەمچىكى چىقىرىلغان، بايتال ساغىدىغان ئەرلەرگە ئاتاپ ياسالغان يەنە بىر بۇت قويۇلىدىكەن.» پىرانو كاربىنىي: «ھەر قانداق بىر بالا ئاغرىپ قالسا، ئۇلار ئەنە شۇ ئۇسۇل بىلەن بىر بۇت ياساپ، كارىۋىتىغا باغلاپ قويىدىكەن» دېگەن. دېمەك، پۈتۈن چېدىرنىڭ، ئەر خوجايىنىنىڭ، ئايال خوجايىنىنىڭ، خىزمەتكارنىڭ، كىچىك بالىنىڭ قوغدىغۇچى بۇتى بولغان.

تاتارلارنىڭ گۇناھ قارىشىمۇ شامان دىنىغا بولغان ئېتىقادتىن كېلىپ چىققان. «ئات ئۇرىدىغان قامچىغا يۆلىنىپ تۇرۇش، قامچىنى ياچاقنىڭ ئوقىغا تەگكۈزۈش، ئوششاق جانىۋارلارنى تۇتۇش ياكى ئۆلتۈرۈش، ئاتنى نوختا بىلەن ئۇرۇش، ئۇستىخاننى ئۇستىخانغا ئۇرۇپ چېقىش، سۈتنى ياكى باشقا ھەرقانداق ئۇسسۇلۇقنى يەرگە تۆكۈش، چېدىر ئىچىگە سىيىش» نىڭ ھەممىسى گۇناھ دەپ قارالغان، «پىچاقنى ئوتقا تىقىش ياكى ھەرقانداق ئۇسۇل بىلەن ئوتقا تەگكۈزۈش ۋە ياكى قازاندىكى گۆشنى پىچاق بىلەن ئېلىش، ئوتنىڭ قېشىدا پالتا بىلەن بىرەر نەرسىنى چېپىش، بۇلارمۇ گۇناھ دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تورى

قارالغان، چۈنكى ئۇلار ئۇنداق قىلغاندا، ئوتنىڭ كاللىسى كېسىلىدۇ، دەپ قارىغان». ئۇلارنىڭ بۇنداق گۇناھ قارىشىدا ئوت ئىلاھىغا چەكسىز چوقۇنۇش گەۋدىلەنگەن. ئۇلارنىڭ گۇناھ يۇيۇش رەسىم - قائىدىسىدە مەخسۇس ئوت بىلەن تازىلاش مۇراسىمى بولغان. «ئۇلار ھەرقانداق نەرسە ئوت بىلەن تازىلىنىدۇ، دەپ قارىغان. شۇڭا، ئۇلارغا ئەلچى ياكى ۋاڭ، گوڭ ۋە ياكى باشقا ھەر قانداق كىشى كەلسە، ئېلىپ كەلگەن سوۋغات بىلەن قوشۇپ، ئىككى دۆۋە ئوتنىڭ ئارىلىقىدىن ئۆتكۈزۈپ تازىلانغان.»

ئۆلۈم ئۇزىتىش مۇراسىمى. «ئادەم ئۆلسە، ئۆلگۈچىنىڭ تۇغقانلىرى ۋە شۇ چېدىردا تۇرىدىغان ھەممە كىشى ئوت بىلەن تازىلىنىشى كېرەك. ئۇلارنىڭ تازىلاش رەسمىيىتى مۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئادا قىلىنىدۇ: ئىككى يەرگە گۈلخان يېقىلىدۇ، ھەربىر گۈلخاننىڭ يېنىغا بىر تال نەيزە تىكلىنىدۇ، ئىككى نەيزىنىڭ ئۇچى بىر تال ئارغامچا بىلەن چېتىلىدۇ، ئارغامچىغا بىر نەچچە تال ماتا پۇرۇچى باغلىنىدۇ، ئادەم، ئۇلاغ ۋە چېدىر قاتارلىقلار شۇ ئارغامچىنىڭ ئاستىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئىككى ئايال ئىككى تەرەپتە تۇرۇپ سۇ چاچىدۇ ۋە ئايەت ئوقۇيدۇ».① دىنىي پائالىيەتلەر توغرىسىدىكى بۇ خاتىرىلەر تاتارلارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن ئىلگىرىكى ئېتىقاد ئالاھىدىلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىدىكى شامان دىنىدىن قالغان كونا ئادەتلەرنى چۈشەندۈرۈشكىمۇ ياردەم بېرىدۇ.

تاتارلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ۋاقتىنى ئەڭ بالدۇر دېگەندە ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ قاغانى بۇغىخان (1257 ـ 1266 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) زامانىغا سۈرۈش مۇمكىن. ئۇ «ئەڭ تەسىرلىك يۇقىرى قاتلام فېئوداللارنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇرۇش ئۈچۈن تۇنجى بولۇپ

① (ئەنگىلىيە) داۋسون يازغان، لۈيۇ تەرجىمە قىلغان، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتىنىڭ «موڭغۇلىيىگە ئەلچىلىككە بېرىش»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتىنىڭ 1983 - يىل نەشرى.

مۇستەھكەم ئاساس سالغان". ① قازانخان (1259 ـ 1304 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) دەۋرىدە، ئالتۇن ئوردا خانلىقىدا بۇددا دىنى ئاز ـ تولا تارقىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن «تەۋارىخ خەمسەئى شەرقى»دە ئېيتىلىشىچە، "بۇغىخان، قازانخانلار ئىسلام دىنىغا چىن كۆڭلىدىن بەيئەت قىلغاندا، تاتار، موڭغۇللارنىڭ مىڭلىغان ۋاڭ، گۇڭلىرىمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ ئىسلام ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلغان." ئۆزبېك خان تەختكە چىققاندىن كېيىن، شامان پىرىخۇنلىرىنىلا ئۆلتۈرۈپ قالماي، بۇددا لامالىرىنىمۇ ئۆلتۈرۈپ، ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تىكلەش يولىدا زور بىر قەدەم تاشلىغان. "ئۆزبېك خان دەۋرىدە ئىسلام دىنىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى شۇنچە چوڭ بولسىمۇ، لېكىن بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر شەھەر تۇرمۇشىنىڭ ۋە يايلاقتىكى يۇقىرى قاتلام فېئوداللارنىڭ دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقالمىغان. يايلاقتىكى ئەمگەكچىلەر ئۇزاققىچە شامان دىنىغا خاس كونا ئىدىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرۇۋەرگەن." شۇڭا تاكى XV ئەسرگىچە قىپچاق يايلىقىدا نۇرغۇن بۇددىستلار بولغان، يەنە نۇرغۇن كىشىلەر يەنىلا شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، ئىسلام دىنى تاتارلار ئارىسىدا XV ئەسىردىن كېيىن ئومۇملاشقان.

ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىكى باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرگە ئوخشاش، سوفىزم تاتارلارغىمۇ ئۇزاققىچە تەسىر كۆرسەتكەن. بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، "ئاۋۇلمۇئاۋۇل، ئۆيمۇئۆي ئارىلاپ يۈرىدىغان تاتار موللىلار قازاقلار بىلەن مۇسۇلمانلار دۇنياسى ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسلىق ۋاستىچى" بولغان. شىنجاڭدا دىن تارقاتقان تاتارلارنىڭ كۆپچىلىكى چۆگىل، كۆكتوقاي، گۈچۈڭ قاتارلىق جايلاردىكى قازاقلارنىڭ ئارىسىغا بارغان. "XIX ئەسىردە قازاقلار ئارىسىدا ئىسلام دىنىنى تارقاتقان تاتار موللىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سوفىزمچىلار ئىدى". ② مەسىلەن، يەسەۋىنىڭ تەسىرى ئۇزاققىچە ساقلانغان. لېكىن، چوڭ مەزھەپلەر بويىچە ئايرىغاندا، تاتارلارنىڭ ھەممىسى بىر چوڭ

---

① ب. د. گرېكوۋ : «ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ گۈللىنىش ـ خاراپلىشىش تارىخى».
② «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر خەۋىرى» نىڭ 1986 ـ يىل 2 ـ سانىغا بېسىلغان «سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى قازاقلار».

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىمام مەزھىپىگە كىرىمىز، دېگەن. "چوڭ ئىمام" ھەنەفىينىڭ ئاساسچىسى ئەبۇھەنىفە. شۇڭا، ئۇلارنىڭ مەزھىپى، ئەمەلىيەتتە، ئەنئەنىۋى سۈننىي مەزھىپى ئىدى .

## 4 - بۆلۈم تاجىكلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى

تاجىكلار ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ياشاپ كەلگەن، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە مىللەت. تاجىكلار تۈزلەڭلىك تاجىكلىرى ۋە تاغ تاجىكلىرى دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. تاغ تاجىكلىرىنىڭ نوپۇسى ئازراق، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى پامىر ئېگىزلىكىدە ۋە ئۇنىڭغا يانداش رايونلاردا ئولتۇراقلاشقان. ئېلىمىزدىكى تاجىكلار تاغ تاجىكلىرىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، قەدىمكى زاماندا شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىدا ياشىغان، ھىندى - ياۋروپا تىلى سىستېمىسى ئىران تىلى ئائىلىسىدىكى غەربىي ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەت. شىنجاڭدىكى تاشقورغان ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىك مەركىزى ئىدى. "تاجىك" دېگەن نام "تاج" دېگەن سۆزگە "ئىك" دېگەن ئارقا قوشۇمچىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن تۈزۈلگەن. بۇ ھۆرمەت ۋە يېقىنلىقنى بىلدۈرىدىغان ئاتاق. خەن، تاڭ دەۋرلىرىدە، ئېلىمىز تاجىكلىرى ئولتۇراقلاشقان كۆكئارت (پامىر) رايونى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەرنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىدا بولغان. تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىن قاراخانىيلار سۇلالىسى، غەربىي لياۋ سۇلالىسى، چاغاتاي خانلىقى، يەكەن خانلىقىنىڭ قارىمىقىدا بولغان. XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ زېمىنىغا قوشۇلغان.

ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىشتىن ئىلگىرى، شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ بىرلىككە كەلگەن دىنىي ئېتىقادى يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كەڭ تارقالغان زوروئاستىر دىنى بىلەن بىللە خرىستىئان دىنى، بۇددا دىنى ۋە مانى دىنىمۇ مەۋجۇت ئىدى. شىنجاڭدىكى تاجىكلار ئارىسىدا ئەزەلدىن "مۇز تاغلار بوۋىسى" دەپ ھۆرمەتلىنىدىغان مۇز تاغقا

بولغان ئېپتىدائىي، تەبىئىي چوقۇنۇش مەۋجۇت ئىدى. قەدىمكى زاماندا پارسلاردىن كىرگەن زوروئاستېر دىنى بىلەن «ئاۋېستا» (پارسلارنىڭ قەدىمكى كالامى)نىڭ تەسىرىمۇ خېلى كەڭ ئىدى. مىلادى Ⅱ – Ⅲ ئەسىرلەردە، تاشقورغان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا كاۋانتا دۆلىتى قۇرۇلۇپ، ئازكەم 500 يىل هۆكۈم سۈرگەن، بۇددا دىنى بۇ دۆلەتنىڭ دۆلەت دىنى ئىدى.

مىلادى Ⅷ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا كەڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، Ⅸ ئەسىردە تاجىكلار مىللەت بولۇپ شەكىللەنگىچە بولغان مەزگىلدە، ئىسلام دىنى هۆكۈمران ئورۇندىكى دىنغا ئايلانغان. شىنجاڭدا X ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قاراخانىيلارنىڭ هۆكۈمرانى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، مىلادى 960 - يىلى ئىسلام دىنى دۆلەت دىنىغا ئايلانغان. قاراخانىيلار سۇلالىسى سۈننىي مەزهىپىنى ئىسلام دىنىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان مەزهەپ قىلىپ بېكىتكەن، سۈننىي مەزهىپى بىلەن قارىمۇ قارشى بولغان شىئە مەزهىپى ئاساسەن تاشقورغان رايونىدا ياشايدىغان تاجىكلار ئېتىقاد قىلىدىغان مەزهەپ بولۇپ قالغان. تاجىكلار شىئەلەرنىڭ ئىسمائىلىيە مەزهىپىگە ئېتىقاد قىلغان، بۇ ناسىر خۇسراۋنىڭ پامىرغا كېلىپ دىن تارقاتقانلىقىنىڭ نەتىجىسى (ئىككىنچى باب 2 - بۆلۈمگە قاراڭ). شۇڭا ناسىر خۇسراۋ ئېلىمىزدىكى تاجىك مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن پىر، ئۇستاز، ئەۋلىيائاتا① دەپ ئۇلۇغلانغان. بىراق، تارىخنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، پامىر رايونىدىكى ئىسمائىلىيە مەزهىپى نىسارى مەزهىپى — مۇهەممەدشاه نەسەبى — قاسىم شاه نەسەبى — ئاغاخان نەسەبىدىن ئىبارەت تارقىتىش يولى بويىچە تەرەققىي قىلغان.

پاتىمە سۇلالىسىنىڭ 8 - ئەۋلاد خەلىپىسى مۇستەنسىر دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا، پارسلارنىڭ ئىسمائىلىيە مەزهىپى ئىشلىرى هەسەن ساباه

---

① شېرىن قۇربان، رۇچايىك تور.كۆل: «تاجىكلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى»، «شىنجاڭ دىن تەتقىقات ماتېرىياللىرى» نىڭ 17 - توپلىمىغا بېسىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

(مىلادىيە 1039 — 1124 - يىللار)نىڭ رەھبەرلىكىدە گۈللەنگەن. ھەسەن ساباھ ئىراننىڭ قۇم شەھرىدىن ئىدى، ئۇ مىلادى 1078- يىلى سودىگەرچە ياسىنىپ مىسىرغا بارغان، مۇستەنسىر كۆرۈشكەن ۋە تەيىنلىگەندىن كېيىن پېرسىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا دىن تارقاتقان. ئۇ مىلادى 1090- يىلى دىرەم تاغ رايونىدىكى ئالاموت قەلئەسىنى مەركەز قىلىپ، تەشكىللى مۇكەممەل، ئىنتىزامى قاتتىق بىر تاغ پادىشاھلىقى قۇرۇپ، سالجۇقىيلار سۇلالىسىنىڭ ھەربىي ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە ئۆزىگە دۈشمەن بولغان باشقا سىياسىي، دىنىي كۈچلەرگە يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش، ۋەھىمە سېلىش يولى بىلەن قارشى تۇرغان①. مىلادى 1094 - يىلى مۇستەنسىر ئۆلگەندىن كېيىن، پاتىمە سۇلالىسىدىكى ئىسمائىلىيىچىلەر ئىچىدە ئىمامىلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى تالىشىپ چوڭ بۆلۈنۈش يۈز بەرگەن. مۇستەنسىر ئەسلىدە چوڭ ئوغلى نىسارىنى ۋارىس قىلىپ بەلگىلىگەن بولسىمۇ، كېيىن ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى ئەخمەت باش ۋەزىر ئافدالنىڭ يۆلىشى بىلەن تەختكە چىقىپ ، «مۇستارى» دەپ ئاتالغان. نىسارى قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن زىندانغا تاشلىنىپ، سولاقتا ئۆلگەن. ئۇ ئىككىيلەننىڭ ئىخلاسمەنلىرى مۇستارىچىلار ۋە نىسارىچىلار دېگەن ئىككى گۇرۇھ بولۇپ شەكىللەنگەن. ھەسەن ساباھ بىلەن پېرسىيىدىكى ئىسمائىلىيىچىلەر مۇستارىنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلماي، نىسارىنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلغان. ئىمامىلىق ئورۇن بوش قالغان مەزگىلدە، ھەسەن ساباھ نىسارىچىلارنىڭ ئەڭ كاتتا رەھبىرى بولۇپ قالغان. ئۇ ئۆلگەندىن

① بۇ تاغ پادىشاھلىقىنىڭ يولباشچىسى بولغان شەيخ «شەيخ ئەل جەبەل» (تاغ پادىشاھى) دەپ ئاتالغان . ئۇلار يوشۇرۇن قاتىللىق ۋە تېررورلۇق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان جەۋەنداز (Fida ياكى Fidawi يەنى پىدائى) لارنى يېتىشتۈرگەن. ئۇلارنى ۋەزىپە ئىجرا قىلىشقا ئەۋەتىش ئالدىدا، ئۇلارغا خەشىش دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل دورا بىھوشنى ئىچۈرگەن. مەست بولغاندىن كېيىن ئۇلارنى شەيخ تەييارلاتقان ئىشرەت باغقا ئەۋەتكەن. ئۇلار بۇ يەردە ئېسىل تائاملارنى يەپ ، نازىنىنلار بىلەن ئويناپ ، بۇ دۇنيانىڭ راھىتىدىن قانغۇچە لەززەتلەنگەن. مەست - ئەلەس بولۇپ، خۇدىنى يوقىتىپ، ئۆزىنى تۇتالمايدىغان دەرىجىگە يەتكەندىن كېيىن بىرىپ تېررورلۇق قىلغان. دورا بىھوش ياۋروپالىقلارغا ئاشاشىن دەپ خاتا ئۇزلىشىپ قالغاچقا، بۇ گۇرۇھ "ئاساشىنچىلار" دەپ ئاتالغان. مەشھۇر ساياھەتچى ماركوپولو مىلادى، 1271 — 1272 - يىللىرى ئالاموت رايونىدىن ئۆتكەندە تاغ پادىشاھى ۋە ئۇنىڭ ئىشرەت بېغى توغرىسىدىكى رىۋايەتنى ئاڭلىغان، «ماركوپولو ساياھەت خاتىرىسى» نىڭ 1 - جىلد، 23 - ، 25 - بابلىرىدا تەپسىلىي بايان قىلغان.

كېيىن، ئالاموت تېغى پادىشاھلىقىنىڭ 4 ـ ئەۋلاد رەھبىرى ھەسەن ئاللا زىكرىھ سالام (مىلادى 1162 ـ 1166 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) ئىمام دەپ ئېتىراپ قىلىنىشقا باشلىغان. شۇنىڭدىن تارتىپ مىلادى 1256 ـ يىلى موڭغۇل ئىستېلاچىسى ھىلاكۇ ئالاموت قەلئەسىنى ئېلىپ، ئىمام رۇقىددىن كۇرشاھنى قەتل قىلغانغا قەدەر نىسارىچىلارغا ئالاموت قەلئەسىنىڭ رەھبىرى ئىمام بولغان. رۇقىددىن كۇرشاھنىڭ ئوغلى مۇھەممەد شەمسىددىن (كۇرشاھنىڭ نەۋرىسى دېگەن گەپمۇ بار) ئەزەربەيجانغا قېچىپ كەتكەن. شەمسىددىندىن كېيىن ئىماملىق ئورۇنغا ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىدە يەنە بۆلۈنۈش يۈز بەرگەن. بىر تارماقتا قاسىم شاھ ۋارىسلىق قىلغان، بىر تارماقتا مۇھەممەد شاھ ۋارىسلىق قىلغان. قاسىم شاھ ۋارىسلىق قىلغان تارماق بۇرۇن ئىراننىڭ ماخارا شەھرى يېنىدىكى ئانزۇدىن يېزىسىدا ۋە شەھرى بابەك قاتارلىق جايلاردا جىم ياتقان، XVIII ئەسىردىن باشلاپ بۇرۇنقى پىنھان تۇرمۇشنى ئۆزگەرتىپ، سىياسىي سەھنىگە چىققان. بۇ نەسەبنىڭ ئىمامى ئەبۇ ھەسەن شاھ مىلادى 1756 ـ يىلدىن 1792 ـ يىلغىچە كىرماننىڭ باش ۋالىسى بولغان. ئۇنىڭ نەۋرىسى ھەسەن ئەلى شاھ ماخرات (بۇ نەسەبنىڭ 46 ـ ئىمامى) قا پادىشاھ قاس ئەلى "ئاغاخان" دېگەن مەرتىۋىنى بەرگەن، بۇ مەرتىۋە ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا مىراس بولۇپ قالغان. ھەسەن ئەلى شاھ كىرمانى ئۆز ئالدىغا سوراشقا ئورۇنغان بولسىمۇ، ئەمەلگە ئاشۇرالماي، مىلادى 1840 ـ يىلى پاكىستانغا كۆچۈپ بېرىپ، كاراچى ۋە كالكوتتىدا تۇرغان، كېيىن ھىندىستانغا كۆچۈپ بېرىپ، بومباينىڭ پۇنا دېگەن يېرىدە ماكانلاشقان. مۇھەممەد شاھ نەسەبىدىكى يەنە بىر تارماق دېرەمدىكى نىسارى گۇرۇھى بىلەن باغلانغان. بۇ نەسەبنىڭ ئەڭ داڭلىق ئىمامى شاھ داشىر ھۇسەيىن داكانى سافاۋى پادىشاھلىقىنىڭ سۇلتانى تەرىپىدىن پېرسىيىدىن سۈرگۈن قىلىنىپ، دامغاندىكى ئەخمەت ناگار دېگەن يەرگە كېلىپ، 1594ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. بۇ نەسەبنىڭ ئىماملىقى ئەمىر مۇھەممەد باجىر (1796 ـ يىلدىن كېيىن ئۆلگەن) غا كەلگەندە ئۈزۈلۈپ قالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇغۇز دەرياسى (ئامۇ دەرياسى) نىڭ بېشىدىكى ئىسمائىلىيە مەزھىپى ئالاموت دەۋرىدىن بۇرۇنلا نىسارىچىلارنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلغان ھەم پىشۇ (پىر ۋە مىر) ھۆكۈمرانلىقىدىكى شۇغنان سۇلالىسىنى قۇرغان. مىلادى 1507 ـ يىلى مۇھەممەد شاھ نەسەبىدىكى شاھ رادىيادىن بەدەخشانغا بېرىپ، كۆپ قىسىم يەرلەرنى سورىغان. XVII ئەسىردە مۇھەممەد شاھ نەسەبىدىكى قۇدايىيەخش دېگەن يەنە بىر ئىمام بەدەخشانغا ماكانلىشىپ، 1664 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئىسمائىلىيە جامائەسىگە شۇ يەردىكى مۆتىۋەرلەر سۇلالىسى داۋاملىق رەھبەرلىك قىلغان. XIX ئەسىرگە كەلگەندە بەدەخشاندىكى ئىسمائىلىيە مۇخلىسلىرىنىڭ كۆپ قىسمى قاسىم شاھ نەسەبىگە ئۆتۈپ، ئاغاخان نەسەبنامىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك قوبۇل قىلغان. بۇ ئۆزگىرىش مۇھەممەد شاھ نەسەبىدىكى ئىماملارنىڭ ۋارىسلىقىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى ۋە ئاغاخان I نىڭ ھىندىستانغا كۆچۈپ كېتىشى ئارقىسىدا قاسىم شاھ نەسەبىنىڭ تەسىرىنىڭ كېڭىيىپ كەتكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

ئېلىمىز تاجىكلىرى ئىچىدىكى ئىسمائىلىيىنىڭ ئۆزگىرىشى بەدەخشان رايونىنىڭ ئەھۋالى بىلەن ئوخشاش بولغان. ئىجتىمائىي، تارىخىي تەكشۈرۈشلەردىن قارىغاندا، XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سەئىدسۇرە دېگەن بىر ئىشان ئىراندىن پامىر رايونىغا ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ ئەقىدىسىنى تارقاتقىلى كەلگەندە، 70 ئەسكەرنى باشلاپ تاشقورغانغا بېرىپ، ئۇ يەرنىڭ ھۆكۈمدارى جاھانگىر بىلەن ئەلەمگەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى سەئىد شارىخان بولۇۋالغان.①

ئۇ نىسارىچىلارنىڭ مۇھەممەد شاھ نەسەبىدىكى دىن تارقاتقۇچىسى بولسا كېرەك. كېيىنكى ۋاقىتتا شىنجاڭ تاجىكلىرى ئىسمائىلىيىنى تاشلاپ، قاسىم نەسەبىگە بەيئەت قىلغان. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئاغاخان II ، ئاغا ئەلى شاھ (قاسىم نەسەبىنىڭ 47 ـ ئىمامى) كېلىپ تاشقورغاننى كۆزدىن كەچۈرگەن. بۇ چاغدا ئۇنىڭ مۇرىتلىرى، تاجىك مۇسۇلمانلار بەدەل داۋانىچە

① ۋاڭ شۈلى: «شىنجاڭدىكى تاجىكلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى»، «ئىسلام دىنى جۇڭگودا» غا بېسىلغان.

ئالدىغا بېرىپ قارشى ئالغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەر "ئاغا قەدەم جاي" دەپ ئاتىلىپ، تاجىك مۇسۇلمانلىرىنىڭ بۇ ئىمامنى خاتىرىلەيدىغان جايىغا ئايلانغان، كىشىلەر بۇ يەردىن ئۆتكەندە ئۇلاغدىن چۈشۈپ، دۇئا قىلىپ، سەدىقە بېرىپ ئۆتىدىغان بولغان①.

ناسىر خۇسراۋدىن كېيىن پامىر تاجىكلىرى ئارىسىدىكى ئىسمائىلىيە مەزھىپىدە بىر قاتار ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىسارىچىلار ناسىر خۇسراۋ ئىدىيىسىنىڭ ئورنىنى ئىنكار قىلمىغان.

"پېرسىيىدىكى ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ ئىسارى تارمىقىدىكى بىر خىل ئالاھىدە ئەدەبىيات ئەنئەنىسى بەدەخشان جامائەسىدە ساقلىنىپ قالغان. ئالاموت دەۋرىدىكى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردىكى نۇرغۇن ئەسەرلەر شۇ يەردە تارقالغان بولسىمۇ، ئۇ يەردىكى جامائە ناسىر خۇسراۋ ئەسەرلىرىنى راست - يالغانلىقىغا قارىماي بەك قەدىرلىگەن. ئۇلارنىڭ تەسىرى ناسىر تۈزىتىش كىرگۈزگەندىن كېيىنكى پاتمە ئالەم نەزەرىيىسى ئارقىلىق داۋاملاشقان②."

ناسىر خۇسراۋنىڭ دىنىي ئابرويى جۇڭگو تاجىكلىرى ئىچىدە ئۇزاققىچە ساقلانغان. ئۇنىڭ «چىراغ ئايەت» دېگەن ئەسىرى تاجىكلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشىنىڭ يېتەكچىسى، دەپ ئۇلۇغلانغان. تاجىكلار مېيىت يەرلىكىدە قويۇلغان كۈنى كېچىسى چىراغ تىلاۋىتى قىلىدۇ، خەلپە چىراغدا خەتمە قۇرئان قىلىدۇ، «چىراغ ئايەت» شۇنىڭدىن كەلگەن. «چىراغ ئايەت»تە ئۆلگۈچىنىڭ ئۇ ئالەمدە كۆرىدىغان كۈنى بايان قىلىنىدۇ، ئۆلگۈچىنىڭ ئاخىرەتلىكىنىڭ ئوبدان بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرۈلىدۇ. ئېيتىلىشىچە، «چىراغ ئايەت» ئوقۇلمىسا، ئۆلگۈچىنىڭ يەرلىكى ياخشى، ئاخىرەتلىكى تىنچ بولماسمىش. شۇڭا تاجىكلار ئۇنى بەك ئۇلۇغلايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، بىرمۇنچە نەزىر - چىراغ پائالىيەتلىرىدە تاجىكلار مۇراسىمنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى ناسىر

---

① ئاغا ئەلى شاھنىڭ ئوغلى سۇلتان مۇھەممەد شاھ (1877 ـ 1957 - يىللار) يەنى ئاغاخان III ھازىرقى زامان شىئە مەزھىپىدىكى ئىسمائىلىيىچىلەرنىڭ ئەڭ ئاتاقلىق يولباشچىلىرىدىن بىرى. ئۇ 1957 - يىلى ئۆلگەندىن كېيىن، ئىماملىقتا نەۋرىسى قاسىم مۇئەييەن ۋارىسلىق قىلىپ، ئاغاخان VI، قاسىم نەسەبىنىڭ 49 - ئىمامى بولغان.

② ۋاڭ شۈلى: «شىنجاڭدىكى تاجىكلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى».

خۇسراۋنىڭ نامى بىلەن ئېلان قىلىدۇ، ھەتتا مەملىكىتىمىزدىكى تاجىكلار ئىچىدىمۇ نۇرغۇن دىنىي زاتلار (سەئىد، ئىشانلار) ئۆزىنى تاشقورغانغا ناسىر خۇسراۋ بىلەن بىللە دىن تەشۋىق قىلىشقا كەلگەن دىنىي مەرىپەتچىلەرنىڭ ئەۋلادى، دەيدۇ.

ئىجتىمائىي، تارىخىي تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا①، شىنجاڭدىكى تاجىكلار ئېتىقاد ئىدىيىسى جەھەتتە ئادەم ئۆلگەندە روھ ئۆلمەيدۇ، ياخشى ئىش قىلغانلار ياخشىلىق كۆرىدۇ، يامان ئىش قىلغانلار يامانلىق كۆرىدۇ؛ كۆپ ياخشى ئىش قىلغانلارنىڭ ئەرۋاھى جەننەتكە كىرىدۇ، جەننەت توققۇز قات ئاسماننىڭ ئۈستىدە بولىدۇ، جەننەتكە كىرگەنلەر پەيغەمبەرنىڭ دەرگاھىغا بارىدۇ، ئەبەدىلئەبەد بەختلىك بولىدۇ؛ يامانلىق قىلغانلارمۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئاسمانغا چىقىدۇ، ئەمما جەننەتكە يېتىپ بارالماي، يەتتە قەۋەت ئاسمانغا چىقىپلا يامغۇر، قار بولۇپ يەرگە چۈشىدۇ؛ يەرمۇ توققۇز قات بولىدۇ، يامغۇر، قار يەرگە چۈشكەندە توپىغا سىڭىپ، پاتقاق بولۇپ، گىياھقا ئايلىنىدۇ، گىياھ چارۋىغا ئوزۇق بولىدۇ، چارۋىنىڭ قورسىقى دوزاختۇر؛ يامانلىق قىلغانلار ئەنە شۇ يەردە ئازاب چېكىدۇ، بەزىلىرى قاغا - قۇزغۇنغا ئوخشاش ئۇچار قۇشقا ئايلىنىدۇ، بەزىلىرى ئېشەك، تۆگە، ئىت، قوي، كالا قاتارلىق ھايۋانلارغا ئايلىنىپ، ئادەم تەرىپىدىن ئىشلىتىلىدۇ، دەپ قارىغان. تاجىكلارنىڭ ئىسمائىلىيە مەزھىپى ئېتىقادىنى ساۋابلىق ئىش قىلىش بىلەن ماسلاشتۇرۇپ، تاجىك مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىبادەت، جاھاندارچىلىق يولىنى گەۋدىلەندۈرگەن. تاجىكلارنىڭ دىنىي ئىبادەتلىرى ئاددىيراق، ھەركۈنى ئىككى ۋاخ ناماز، يەنى بامدات بىلەن نامازشامنىلا ئوقۇيدۇ، دىنىي ئەقىدىدە بەلگىلەنگىنى شۇ، قالغان ئۈچ ۋاخ ناماز ۋاجىپ، ئوقۇسىمۇ، ئوقۇمىسىمۇ بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلاردا مەسچىت بولمايدۇ، نامازنى تولاراق ئۆيلىرىدە ئوقۇيدۇ. يىغىلىپ دىنىي پائالىيەت ئۆتكۈزىدىغان سورۇنلىرىمۇ بار، لېكىن ناھايىتى ئاز، دىنىي كەسىپتىكىلەر ئاساسەن «ياسىن» سۈرىسىنى ئوقۇيدۇ. ناماز ئوقۇغاندا

① ۋاڭ شۈلى: «شىنجاڭدىكى تاجىكلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى».

مۇھەممەد پەيغەمبەر، ئەلى، بۈۋى پاتىمە، ھەسەن، ھۆسەيىن، ئاغاخانلارغا مەدھىيە ئوقۇيدۇ. ئۇلار: "مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، سېنىڭ ياد ئېتىمەن"، "ئەلى، سېنى ياد ئېتىمەن" دېگەن ئىككى ئىبارىنى يۈز قېتىم ئوقۇيدۇ، بىر قېتىملا سەجدە قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بەش قېتىم تەكرارلايدۇ، بۇنى تەسۋى سىرىپ سانايدۇ. ناماز ئوقۇغاندا: "ئاللا ئىگەم، بۇ دۇنيادىمۇ، ئۇ دۇنيادىمۇ ئەمىنلىك ۋە بەخت ئاتا قىلغايسەن" دېگەن مەزمۇندىكى سۈرەتۇل پەتھىنى ئوقۇيدۇ. تاجىكلار روزا تۇتمايدۇ، دىننىڭ قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلىپ، ھارام نەرسىلەرنى يېمىگەنلىكىنىڭ ئۆزى روزا تۇتقانغا باراۋەر، دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇلار مەككىگە بېرىپ ھەج قىلمايدۇ. ئاغاخاننى تاۋاپ قىلىشنى پەرز دەپ بىلىدۇ، ئاغاخاننىڭ مازىرىنى تاۋاپ قىلىپ كەلگەنلەرنى "ھاجى" دەپ ھۆرمەتلەيدۇ. دىنى سىلىقلار ئىچىدە "سەركار" (ئىشنىڭ بېشى) دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل سىلىق بار، چارۋىنىڭ ئونجى بالىسى، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باش بۇرىنىنىڭ ئوندىن بىر ئۈلۈشى ئېتىقادنىڭ نىشانىسى ۋە مەجبۇرىيەت سۈپىتىدە ئاخۇنلارغا بېرىلىدۇ. ئاغاخان "سەركار" ھەدىيە قىلغان تاۋاپچىلارغا خەت ۋە كىيىم - كېچەك ئىنئام قىلىدۇ، ئېتىقادچىلار ئۇنى "مۇقەددەس نەرسە" دەپ ئۇلۇغلايدۇ. بۇلار تاجىكلاردىكى ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ ئىمامغا چوقۇنۇش ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

مازارغا چوقۇنۇش تاجىكلاردىمۇ خېلى ئومۇملاشقان. ئۇلار ئاساسەن مۇنۇ مازارلارغا چوقۇنىدۇ:

بامافىل مۇجارات مازىرى (تاشقورغاننىڭ ئايقەرەغ رايونىدا)؛

بامافىل مازىرى (يۇقىرىقى جايدا)؛

شاھ ئەۋلىيا مازىرى (تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ شىمال تەرىپىدە)؛

ساھىپ كۆرەر مازىرى (تاشقورغان ناھىيىسى ئىچىدە)؛

سەئىد مازىرى (تاشقورغاننىڭ دامباش دېگەن يېرىدە)؛

ئۆمەرمەدى (تاشقورغاننىڭ بەندىر دېگەن يېرىدە)؛

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

چىلتەن مازىرى (مازىرقى يەكەن ناھىيىسىدە).

مازار توغرىسىدىكى دىنىي رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، بامافىل مۇجارات بىلەن بامافىل ۋەلى دىن تارقاتقۇچى ئەرەب شاھبەنىڭ ئوغلى ئىكەن، بامافىل مۇجاراتى يۇقىرى لەڭگەر دېگەن يەردە، بامافىل ۋەلى تۆۋەن لەڭگەر دېگەن يەردە ئۆلگەن، ئۇلار دەپنە قىلىنغان يەر كىشىلەرنىڭ تاۋاپگاھى بولۇپ قالغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بامافىل مۇجارات مازىرىنى يەكەن ھۆكۈمرانى سان - ساناقسىز ئۇستىلارنى ئەۋەتىپ، قاراقوينىڭ سۈتى بىلەن لاي ئەتكۈزۈپ ياساتقانمىش، شۇڭا بوران - چاپقۇندىمۇ بۇزۇلماي مەزمۇت تۇرغانمىش. بۇ مازارنىڭ تاجىكلار ئارىسىدىكى تەسىرى ناھايىتى چوڭ. ئىشانلار بۇ دىن تارقاتقۇچىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، "تەك كېچىكلىس" مۇراسىمى، يەنى پەيغەمبەر تۇغىنى كۆتۈرۈپ يۇرت ئايلىنىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشنى بەلگىلىگەن. بۇ مازارنىڭ تۇغىنى كۆتۈرۈپ يۇرت ئايلانغانلارنى بارغانلا يەردە مۇرىتلار ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالغان ، ئۇلارغا سوۋغا، مال - مۈلۈك تەقدىم قىلغان، ئۇلار ھەر ئۈچ - تۆت يىلدا بىر قېتىم چىقىپ ئايلانغان. ھەر قېتىم چىققاندا يۈز كۈندەك ئايلىنىپ، نۇرغۇن ھەدىيە يىغىپ قايتىپ كەلگەن. تاجىكلار تاۋاپ قىلىدىغان مازارلارغا نۇرغۇن بادرا قاداپ، ئۇستىگە لاتا ۋە قوتاز قۇيرۇقلىرىنى ئېسىپ قويىدۇ، قەبرە بېشىغا ئۆچكە مۈڭگۈزى ۋە رەڭگارەڭ ئۇششاق تاشلارنى دۆۋىلەپ قويىدۇ، مازارنى ئالاھىدە ئىشلەپ ياسايدۇ، تاملىرىغا ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر، تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سايمانلار، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ رەسىملىرىنى سىزىدۇ، بۇ بىناكارلىق سەنئىتى جەھەتتە ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە.

تاجىكلار ئارىسىدىكى ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ يولباشچىلىرى "پىر" ياكى "ئىشان" دېيىلىدۇ، ئۇلار ئاغاخان تەرىپىدىن تەيىنلىنىدۇ. قولىدا شاھادەتنامىسى بار ئىشانلار موقاي دەپ ئاتىلىپ، ئالاھىدە ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئىگە بولىدۇ. ئىشانلىق ئاتىدىن بالىغا مىراس بولۇپ قالىدۇ. ئىشانلارنىڭ ئۆز تەسىر دائىرىسى بار، ئۆز خەلپىلىرى ئارقىلىق مۇرىت توپلايدۇ، ئالاقە قىلىدۇ.

مىللەتلەر ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ۋە ھەرخىل مەزھەپلەر بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، تاجىكلار رايونىدا ئىشاندىن باشقا قازى، ئەلەمگە ئوخشاش دىنىي خادىملارمۇ بار. قازى شەرىئەت بويىچە ھەق تەلەپ دەۋالىرىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ، خەلق ئارىسىدىكى ماجىرالارنى ياراشتۇرىدۇ، مۆھۈر تۇتىدۇ، ئېتىقادچىلارنىڭ ھېبىت نامىزىغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ، نىكاھ رەسمىيىتىنى بېجىرىدۇ. ئەمما، تاجىكلارنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا، تائەت - ئىبادەت ئىشلىرىغا پۈتۈنلەي ئۆز ئىچىدىكى ئىشانلار رىياسەتچىلىك قىلىدۇ، بۇ ئىشلارغا تاجىكلاردىن باشقا دىنىي خادىملار قاتناشتۇرۇلمايدۇ. ئىشانلار قازى، ئەلەملەرنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمايدۇ. ئىشانلار بىلەن قازى، ئەلەملەر ئوتتۇرىسىدا بېقىنىش - بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتى مەۋجۇت ئەمەس. تاجىكلاردا دىنىي خادىملارنى تەربىيىلەيدىغان مەخسۇس ئورۇن ۋە دىنىي مەكتەپ يوق. دىنىي ئەھكاملارنى چۈشەندۈرۈش ئىشلىرىنى ئاز سانلىق ئىشانلار ياكى ئەرەب، پارس، ئۇيغۇر تىلىنى بىلىدىغان دىنىي خادىملار ئۈستىگە ئالىدۇ. ئىسمائىلىيىنىڭ ئېتىقادى تاجىك مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا ھەر تەرەپتىن تەسىر كۆرسەتكەن، تاجىكلارنىڭ مىللىي ئەنئەنىسى بىلەن بىرلىشىپ، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە تۇرمۇش مىزانى ۋە رەسىم - يوسۇن بولۇپ شەكىللەنگەن.

## 5- بۆلۈم خۇيزۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى

خۇيزۇلار مەملىكىتىمىزدە ئاھالىسى بىر قەدەر كۆپ، ناھايىتى كەڭ تارقالغان بىر مىللەت. خۇيزۇلارنىڭ كېلىپ چىققان ۋاقتىنى VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن سۈرۈشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇ چاغدا ئەرەب، پارس سودىگەرلىرى جۇڭگوغا كېلىپ سودىگەرچىلىك قىلىپ گۇاڭجۇ، چۈەنجۇ، خاڭجۇ، ياڭجۇ قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلىشىپ قالغان، بەش دەۋردىن سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە ئۈزلۈكسىز كۆپەيگەن. XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلغاندا، نۇرغۇن ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار، پارسلار، ئەرەبلەر شەرققە كۆچكەن، ئۇنىڭغا جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش يولى ئېچىلغاندىن كېيىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن كەلگەن سودىگەرلەر قوشۇلۇپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى "رەڭدار كۆزلۈكلەر"نىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلغان. ئۇلار مەملىكىتىمىزدىكى خۇيزۇلارنىڭ ئاساسىي مەنبەسىنى شەكىللەندۈرگەن.

خۇيزۇ "خۇيخۇي مىللىتى" نىڭ قىسقارتىپ ئاتىلىشى. "خۇيخۇي" دېگەن نام ئەڭ بۇرۇن شىمالىي سۇڭ دەۋرىدىكى شېن كۇنىڭ «مېڭشى باغچىسى ھەققىدە خاتىرىلەر» دېگەن ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما مىللەت نامى سۈپىتىدىكى خۇيخۇي شەرققە كۆچۈپ كەلگەن بايىقى ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ۋە پارسلار، ئەرەبلەرنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ، مەملىكىتىمىزدىكى باشقا مىللىي تەركىبلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ھاسىل بولغان مىللەتنى كۆرسىتىدۇ. يۈەن سۇلالىسى دەۋرى خۇيخۇيلارنىڭ پەيدا بولغان دەۋرى، خۇيزۇ مىللىتى مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تولۇق شەكىللەنگەن①. شىنجاڭدىكى خۇيزۇلارنىڭ مەنبەسىگە كەلسەك، «شىزۇخان تەزكىرىسى»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: "جىيۈەننىڭ 25- يىلى خۇيخۇي ھېسامىدىن گەنسۇ، شەنشى ئىككى جايدىكى يەر ئۆزلەشتۈرگۈچىلەرنى باشقۇرىدىغان دارۇغاچىلىققا تەيىنلىنىپ، خوتەنلىك، قەشقەرلىق، ھۈنەرۋەنلەردىن 5000 ئۆيلۈك كىشىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشىگە نازارەتچىلىك قىلغان." ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەر بىلەن بىللە بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن بىر مۇنچە خۇيخۇيلار بار ئىدى. جىيۈەننىڭ 27- يىلى (1290- يىلى) "تېنىگىر خۇيخۇيلىرىغا 3000 قوشلۇق كالا، ئۇرۇق بېرىلگەن." "تېنىگىر" ھازىرقى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ فۇكاڭ ناھىيىسى بولۇپ، ئۇ يەر خۇيخۇيلارنىڭ مۇھىم دېھقانچىلىق رايونى ئىدى. بۇ بايان شىنجاڭدىكى

① «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر»، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مىللىي مەسىلىگە ئائىت بەش خىل مەجمۇئە تەھرىر ھەيئىتى تۈزگەن، بېيجىڭ 1981- يىل نەشرى.

خۇيزۇلارنىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى خاتىرە ھېسابلىنىدۇ[1]. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا كۆچۈپ چىققان خۇيزۇلار ئېخىمۇ كۆپەيگەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا "سۈرگۈن قىلىنغان مەھبۇس"لاردىن باشقا، مۇساپىر بولۇپ چىققانلار، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە، ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەشكە، سودىگەرچىلىك قىلىشقا چىققانلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئاساسەن ھازىرقى سانجى، ئۈرۈمچى، تۇرپان، ئىلى، بايىنغولىن قاتارلىق جايلارغا جايلاشقان. ئۇلار ئەسلى يۇرتىغا قاراپ "گەنسۇلۇق خۇيزۇلار"، "شەنشىلىك خۇيزۇلار" دېگەنگە ئوخشاش ناملار بىلەن ئاتالغان.

خۇيزۇلارنىڭ ئەجدادلىرى جۇڭگوغا كېلىشتىن بۇرۇنلا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئىسلام دىنىمۇ خۇيخۇي مىللىتىنىڭ ئورتاق گەۋدىسىنى شەكىللەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان. شىنجاڭدىكى خۇيزۇلارنىڭ ئېتىقاد ئالاھىدىلىكى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى خۇيزۇلارنىڭكىگە ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشايدۇ، ئۇلار ئەنئەنىۋى سۈننىي مەزھىپىگە كىرىدۇ. ئۇلار ئىلمى ئەلفىقھى جەھەتتە ھەنەفىيە مەزھىپىگە تەئەللۇق. بۇ مەزھەپتە "قەدىمىيە" ئېتىقادچىلىرى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئىلمى ئەلفىقھى بۇرۇنراق تارقالغان. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، مېنخۇەن مەزھەپلىرىمۇ شىنجاڭدىكى خۇيزۇلار ئارىسىدا ئاستا - ئاستا پەيدا بولۇشقا باشلىغان. يېقىنقى زامانغا كەلگەندە، ئىخۋانى مەزھىپىمۇ شىنجاڭدا تارقىلىشقا باشلىغان.

"قەدىمىيە" ئىسلام دىنىنىڭ تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرىدىن بۇيان ئىچكى ئۆلكىلەردە تەرەققىي قىلغان سۈننىي مەزھىپى دېگەنلىك بولىدۇ. ئادەتتە "قەدىمىي مەزھەپ"، "كونا مەزھەپ"، "مۇسۇلمانلارنىڭ قەدىمكى دىنى"، "قەدىمپەرەس دىن"، "قەدىمىي ئەقىدە" دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا ئىچكى

---

① ۋاڭ مېڭياڭ: «خۇيزۇلار ئىچىدىكى دىنىي مەزھەپ (مېنخۇەن) لەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە شىنجاڭدا تارقىلىشى»، «شىنجاڭ دىن تەتقىقات ماتېرىياللىرى»، 5- توم، 1987- يىل.

ئۆلكىلەردە ئىسلام دىنىدا يېڭىدىن پەيدا بولغان باشقا مەزھەپلەردىن پەرقلەندۈرۈلگەن. غەربىي شىمالدىكى بەزى جايلاردا قەدىمىيچىلەر ناماز ئەسىردىن كېيىن ئىپتا قىلىشنى تەشەببۇس قىلغانلىقى ئۈچۈن "كېيىن ئىپتا قىلغۇچىلار" دەپ ئاتالغان. شىنجاڭ خۇيزۇلىرى ئارىسىدىكى قەدىمىيە مەزھىپمۇ ئىچكى ئۆلكىلەردىكىگە ئوخشاش ئىسلام دىنىدىكى ئاساسىي مەزھەپ بولۇپ، سۈننىي مەزھىپىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەقىدىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلغان، ئىمانغا ئائىت ئالتە ئەقىدىنى ۋە ئىبادەتكە ئائىت بەش پەرزنى بىجا كەلتۈرگەن. ئۇلار گەرچە ئىلمى ئەل كالام "كالامشۇناسلىق" جەھەتتە سۇفىزمچىلارنىڭ ئىلمى تەۋھىدىنىڭ بەزى تەسىرلىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما تەرىقەتنى تەشەببۇس قىلماي ياكى تەكىتلىمەي، شەرىئەتكە قاتتىق ئەمەل قىلىش بىلەن خاراكتېرلەنگەن. قەدىمىيە مەزھىپى ئۇزاق زاماندىن بۇيان ئىچكى ئۆلكىلەردە تەرەققىي تاپقاچقا، خەنزۇ مەدەنىيىتى ۋە مەرىپىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، كالامشۇناسلىق جەھەتتە كۆڭزىچىلار تەرىقىتىنىڭ بەزى ئىدىيەۋى ئامىللىرىنى ۋە ئۇسلۇبلىرىنى قوبۇل قىلىپ، كالامشۇناسلىقنىڭ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن.

شىنجاڭ خۇيزۇلىرى ئارىسىدىكى قەدىمىيچىلەر ئېتىقاد جەھەتتە يەنە مۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە:

بىرىنچى، "تۇۋا - ئىستىغپار" ئېيتىشنى چوڭ بىلىدۇ. ھەر يىلى رامىزاننىڭ ئالدىدىكى ئايدا، يەنى بارات ئېيىدا ئۆيـ ئۆيدە "تۇۋا" ئېيتىپ، گۇناھىغا كاپارەت بېرىدۇ، ئاخىرىدا مەسچىتكە بېرىپ كوللېكتىپ تونەيدۇ. رامىزاننىڭ 14 - كۈنى پاتىمىنى خاتىرىلەيدۇ، 27 - كۈنى كېچىچە ناماز ئوقۇپ تونەيدۇ، يەنە "پەرىشتە" نىڭ يەرگە چۈشۈپ، روزا تۇتقانلارنى مۇبارەكلىشنى قارشى ئالىدۇ.

ئىككىنچى، ھەر يىلى روزا ھېيت، قۇربان ھېيت ۋە مەۋلۇت ئەلنەبى ئۆتكۈزگەندىن باشقا، ئاشۇرا ئايىمدە قارا ئاشلىق بىلەن شىلەن قايناتىپ، ئاللانىڭ ئالەمنى ياراتقانلىقىنى خاتىرىلەيدۇ.

ئۈچىنچى، يىگىت بىلەن قىز توي قىلىدىغان چاغدا ئاخۇن چاقىرىپ نىكاھ ئوقۇتىدۇ. دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزگەندە قۇرئان ئوقۇپ، فىدىيەدىن ئۆتكۈزۈش (ئۆلگۈچىنىڭ گۇناھىنى يۇيۇش)نى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۆلۈم ئۇزاتقاندا ئاق كىيىپ ھازا تۇتىدۇ. ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، 7-، 27-، 37-، 47-، 100- كۈنلىرى ۋە يىلى توشقاندا "ئەمەل" قىلىپ مەرھۇمنى خاتىرىلەيدۇ.

تۆتىنچى، خەتمە قۇرئان قىلغاندا غىزا، پۇل بېرىدۇ، قىرائەتنى ئەجدادلارنىڭ ئۇسۇلى بويىچە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، لېكىن جايلارنىڭ قىرائەت قىلىش ئاھاڭى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ[1].

مەسچىت ئەزەلدىن خۇيزۇ خەلقىنىڭ دىنىي پائالىيەت مەركىزى بولۇپ كەلگەن. ئۇلار چوڭ - كىچىك تەرەتنى مەسچىتتە ئالىدۇ، نامازنى مەسچىتتە ئوقۇيدۇ، دىنىي مۇراسىملارنى مەسچىتتە ئۆتكۈزىدۇ. مەسچىتتە خۇيزۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە دىنىي تەربىيە بېرىدىغان، دىنىي خادىملارنى يېتىشتۈرىدىغان مەكتەپ - مەدرىس بولىدۇ، نىكاھ ئوقۇش، ناماز چۈشۈرۈش، مەۋلۇت ئۆتكۈزۈش، مال بوغۇزلاش، ماجىرالارنى ھەل قىلىش، بىلىم تەھسىل قىلىش، مەشىق قىلىش، ھەتتا داۋالاش ئىشلىرىمۇ مەسچىتتە قىلىنىدۇ. مەسچىت كۆپ خىل ئىجتىمائىي فۇنكسىيىگە ۋە رولغا ئىگە. ئىچكى ئۆلكىلەردىكى خۇيزۇلار خېلى بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىن تارتىپ مەسچىتنى مەركەز قىلىپ، مۇستەقىل رايون خاراكتېرلىك دىنىي - تەشكىلىي بىرلىكنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. بۇنداق تەشكىلىي بىرلىك فاڭ ( 坊 )، سىفاڭ ( 寺坊 )، جياۋفاڭ ( 教坊 ) دەپ ئاتالغان. جياۋفاڭنى ئاساسىي بىرلىك قىلغان دىنىي تەشكىلىي تۈزۈم جياۋفاڭ تۈزۈمى دېيىلگەن. جياۋفاڭ تۈزۈمىنى باشتا قەدىمىيە يولغا قويغان، قەدىمىيەنىڭ جياۋفاڭ تۈزۈمىدە مەسچىت تەشكىلى دىنىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان ۋە مەسچىت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئىككى چوڭ قىسىمغا

① ماجۇڭشياۋ: «شىنجاڭ خۇيزۇلىرى ئارىسىدىكى ئىسلام دىنى ئاساسىي مەزھەپلىرى ھەققىدىكى دەسلەپكى تەكشۈرۈش»، «شىنجاڭ دىن تەتقىقات ماتېرىياللىرى»، 15- توپلام، 1987- يىل.

بولىدىغان.

دىنىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغانلار:

ئاخۇن — دىنىي ئىشلار باشلىقى. ئۇ ئۆز مەسچىتى تەۋەسىدىكى دىنىي ئىشلارنى باشقۇرىدۇ، مەكتەپ ئاچىدۇ، دەرس ئۆتىدۇ، دىنىي مەرىپەتنى تارقىتىدۇ، ئېتىقادچىلارغا باشچىلىق قىلىپ تۈرلۈك دىنىي مۇراسىملارنى ئۆتكۈزىدۇ.

ئىمام — دىنىي ئاقساقال ياكى رىياسەتچى. ئۇ نامازغا ئىماملىق قىلىدۇ، دىنىي قائىدىلەرنى ئىگىلەيدۇ. بەزىدە ئاخۇننىڭ ۋەزىپىسىنى ۋاكالىتەن ئىجرا قىلىپ، ئېتىقادچىلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلىدۇ.

خاتىپ — ئىككىنچى دىنىي ئاقساقال. ئۇ ئاساسلىقى خۇتبە ئوقۇيدۇ، قۇرئانغا تەپسىر ئېيتىدۇ.

مەزىن — ئۈچىنچى دىنىي ئاقساقال. ئۇ مەسچىتتە ئەزان ئېيتىدۇ.

مەسچىتتە ئوقۇيدىغانلار موللا دېيىلىدۇ. مەسچىتنىڭ قارا خىزمەتچىسى «مۇزەففەر» (مەسچىت ئۇستىسى "ياكى تۆتىنچى ئۇستا") دېيىلىدۇ. چوڭ مەسچىتلەردە ئۇلارنىڭ ياردەمچىسى بولىدۇ، ئۇلار "بەشىنچى ئۇستا" دېيىلىدۇ، خوجىزۇلارنىڭ چوڭراق مەسچىتلىرىدە دىنىي قائىدە - نىزاملارنى باشقۇرىدىغان، مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرالارنى ئايرىيدىغان، مەسچىت تەۋەسىدىكى ئاددىي ھەق تەلەپ ئەرزلىرى ۋە جىنايى ئىشلار ئەرزلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان مۇپتى ياكى قازى بولىدۇ. مۇپتى دىنىي ئاقساقال قاتارىغا كىرمىسىمۇ، لېكىن شەرىئەتنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە نىكاھ ئىشلىرىنى، پۇل، ئاشلىق قاتارلىق نەرسىلەرنى باشقۇرالايدۇ.

مەسچىت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغانلار:

مۇتىۋەللى — ئىش باشقۇرغۇچى ئاقساقال، مۇدىر، باشلىق ياكى كاتىپۋاش. بۇ ۋەزىپىنى تولاراق بايلار، مويسىپىتلار ئۆتەيدۇ. ئۇلار ئۆز مەسچىتىگە تەۋە يەر، ئۆي - جاي ۋە باشقا دىنىي كىرىم - چىقىملارنى باشقۇرىدۇ، ھېيت - ئايەم پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرىدۇ، ئاخۇن سايلاش



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشنى ۋە مەسچىتنىڭ باشقا ھەممە ئىشنى بەلگىلەيدۇ.

ئاقساقاللىق ۋەزىپىسىنى شۇ مەسچىتنىڭ ئەھلىدىن بىرنەچچىسى ئۆتەيدۇ، ئۇلار ئىش باشقۇرغۇچى ئاقساقالنىڭ مەسچىتكە دائىر ئىشلارنى باشقۇرۇشىغا ياردەملىشىدۇ. ئۇلار مۇدىرىيەتكە ئوخشاپ كېتىدىغان مەسچىت باشقۇرۇش ئاپپاراتى (شىنجاڭدىكى خۇيزۇلار شې ‹ 社 — جامائە› دەپ ئاتايدۇ) نى ھاسىل قىلىدۇ، بۇ ئاپپاراتتا يەنە خوجىدار، بوغالتىر بولىدۇ.

قەدىمىيەنىڭ مەسچىت تۈزۈمى يەككە مەسچىت تۈزۈمى بولۇپ، مەسچىتلەر بىر - بىرىگە بېقىنمايدۇ، ئۆز ئالدىغا ئىش قىلىدۇ. بىر مەسچىتنىڭ جامائىتى شۇ مەسچىتنىڭ قەۋمى بولۇپ، شۇ مەسچىتنىڭ باشلىقىغا قارايدۇ، شۇ مەسچىت ئۈچۈن مەجبۇرىيەت ئۆتەيدۇ. ئۇنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى بوشراق بولىدۇ. مەسچىت تۈزۈمىدە مەسچىتنىڭ خىراجەت مەنبەسى پۈتۈنلەي شۇ مەسچىتنىڭ قەۋمىدىن كېلىدۇ. ئۇنىڭ كىرىمى ئاساسەن زاكات، ئۆي - جاي ئىجارىسى، "ئايلىق ئىئانە"، "كۆمۈر پۇلى"، "پىترە"، "پەيشەنبىلىك" دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىدىغان مەسچىت خىراجىتىدىن، مۇنچا پۇلى، قان پۇلى، سەدىقە، خەتمە قۇرئان ھەققى قاتارلىق باشقا كىرىملەردىن كېلىدۇ. بۇلار مەسچىتنىڭ ماددىي ئاساسىنى، يەنى مەسچىتنىڭ ئىقتىسادىنى تەشكىل قىلىدۇ[1].

بەزى ئالىملارنىڭ دەلىللىشىچە، مىلادى IX – X ئەسىرلەردىن XIV ئەسىرگىچە ئىچكى ئۆلكىلەردە دىنىي ئىشلارنى مەسچىت باشقۇرىدىغان تۈزۈم ۋۇجۇدقا كەلگەن. مەسچىتنى ئادەتتە ئىمام، خاتىپ، مەزىندىن ئىبارەت ئۈچ كىشى باشقۇرغان. غەربىي شىمال رايوندا بۇ "ئۈچلۈك تۈزۈم" دەپ ئاتالغان. XIV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا مەسچىتنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈمى دىنىي ۋەزىپە ئاتىدىن بالىغا مىراس قالىدىغان باسقۇچقا كىرگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى يىللىرى (1662 — 1722- يىللار)دا مۇسۇلمانلار ئاتىدىن بالىغا قالىدىغان

---

① فېڭ جىنيۈەن: «جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى مەسچىت تۈزۈمى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «غەربىي شىمال ئىسلام دىنى تەتقىقاتى»، گەنسۇ مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1985- يىل نەشرى.

ئاقساقاللىقنىڭ فېئوداللىق ئىمتىيازىغا نارازى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاخۇن تەكلىپ قىلىش چارىسى بىلەن تاقابىل تۇرغان. شۇڭا، ئاقساقاللىق ئاتىدىن بالىغا مىراس قالىدىغان تۈزۈم بىلەن ئاخۇن تەكلىپ قىلىش تۈزۈمى بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. يېقىنقى زامانغا كەلگەندە، قەدىمىيەنىڭ ئاقساقاللىق تۈزۈمى ئاخۇن تەكلىپ قىلىش تۈزۈمگە پۈتۈنلەي ئورۇن بوشىتىپ بەرگەن. بەزى ماتېرىياللاردا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭ خۇيزۇلىرىنىڭ مەسچىت باشقۇرۇش تۈزۈمىدىكى ئۆزگىرىش ئىچكى جايلارنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشايدۇ. ئەمما چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەن دەسلەپكى مەزگىلدە، خۇيزۇ مەسچىتلىرى دەسلەپكى قۇرۇلۇش باسقۇچىدا تۇرغاچقا، كۆلىمى كىچىكرەك بولغان، باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىمۇ تېخى مۇكەممەللىشىپ كەتمىگەن. شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەن خۇيزۇلارنىڭ كۆپىيىشىگە ۋە مەسچىت، مەدرىس ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مەسچىتلەر ئۈزلۈكسىز ياسىلىپ ۋە كېڭەيتىلىپ، خېلى كۆلەمگە ئىگە بولغان (مەسىلەن، ئۈرۈمچىدىكى سەنشى مەسچىتى، قۇمۇلدىكى سەنشى مەسچىتى، تۇرپاندىكى شەرقىي جامە ۋە باشقا مەسچىتلەر). دىنىي ئىشلارنى ۋە مەسچىت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان تەشكىللەرمۇ بارا - بارا مۇكەممەللەشكەن. شىنجاڭدىكى قەدىمىيە مەسچىتلىرىنىڭ كۆپى يۇرتداشلىق ئاساسىدا تەشكىللەنگەن، ئۇلار مەسچىتلىرىنى ئۆز يۇرتلىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتىغان (مەسىلەن، فېڭشياڭ مەسچىتى، گۇيۇەن مەسچىتى، سۇجۇ مەسچىتى دېگەنگە ئوخشاش). يۇرتى ئوخشاش بولمىغانلار ئولتۇراقلاشقان مەھەللىلەرگە ئورناق بولغان مەسچىتلەر ئادەتتە شۇ يەرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان (مەسىلەن، تۇرپاندىكى شەرقىي جامەگە ئوخشاش). بەزى جايلاردا بىر مەھەللىدە بىر مەسچىت بولغان، بەزى جايلاردا بىرنەچچە مەھەللىدە بىر مەسچىت بولغان، بىرنەچچە مەھەللىدە بىر مەسچىت بولغان ئەھۋالدا، ھەربىر مەھەللە ئۆزىنىڭ يېرىم مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ، ئۆزىنىڭ مەسچىت باشقۇرۇش جامائەسىنى قۇرغان. مەسىلەن،



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇرپاندىكى شەرقىي جامە تەۋەسىدىكى جامائە كېيىنكى چاغلاردا سەككىزگە يەتكەن.

شىنجاڭدىكى خۇيزۇلار ئارىسىدا قەدىمىيەدىن باشقا، مېنخۇەن (门宦) مۇ بولغان. مېنخۇەن سوفىزمنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردە تارقىلىشى بىلەن پەيدا بولغان مەزھەپ تەشكىلى. "مېنخۇەن" دېگەن سۆزنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ئىلىم - پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ قارىشى بىر خىل ئەمەس، ھازىر كۆپرەك كىشىلەر بۇ سۆز خەنزۇ تىلىدىكى 门阀، 门宦 دېگەن ئىككى سۆزنىڭ باش ھەرپىدىن تۈزۈلگەن، شۇ ئىككى سۆزنىڭ مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۇ سوفىزمچىلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا مەزھەپ بولۇۋالغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ باشلىقلىرىنىڭ كاتتا ھوقۇقدار، مەرتىۋىلىك ئېسىلزادە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ قارىماقتا. جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە تارقالغان سوفىزم ئېقىمى كۇبرىيە، خۇپىيە، قادىرىيە، جەھرىيە دېگەن تۆت چوڭ مەزھەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. شىنجاڭ خۇيزۇلىرى ئارىسىدا مېنخۇەننىڭ بولغانلىقى شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىسلام دىنى جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇشنىڭ نەتىجىسى. شىنجاڭ خۇيزۇلىرى ئارىسىدا ئاساسەن خۇپىيە، جەھرىيە دېگەن ئىككىلا مېنخۇەن بار. بۇنىڭدىن باشقا، قادىرىيەمۇ ئاز - تولا تارقالغان.

بىرىنچى، خۇپىيە مېنخۇەنى. بۇ مېنخۇەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نەقشىبەندىيە مەزھىپىدىن كەلگەن، ئۇنى ئىچكى ئۆلكىلەردە لى تەي بابا، مازۇڭشېك، ماشۇجېن، كېيىنكى ۋاقىتتا ما لەيجى تارقاتقان. ئۇ شەرىئەت بىلەن تەرىقەتكە تەڭ ئەمەل قىلغان. گەرچە قەدىمىيەدىن پەرقلەنسىمۇ، لېكىن قەدىمىيە سۈننىيلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئىدىيىسىنى ساقلاپ، ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ كالاملىرىغا، قائىدىلىرىگە ۋە ئادەتلىرىگە ئەمەل قىلىپ كەلگەن. شۇڭا، كىشىلەر خۇپىيە بىلەن قەدىمىيەنى "كونا دىن" دەپ ئاتىغان. شىنجاڭدا قەدىمىيە بىلەن خۇپىيىنىڭ مەسچىتى، جامائىتى كۆپ بولغاچقا، ئۇ "دافاڭ" (چوڭ مەزھەپ) دېيىلگەن. خۇپىيە تەرىقەت جەھەتتە ئاۋاز چىقارماي ئوقۇيدىغان

تەسەۋۋۇپچىلىق بولۇپ، "شاۋقۇن ئىچىدە جىملىققا يېتىش" نى تەشەببۇس قىلغان، جىم ئولتۇرۇپ ئىستىقامەت قىلغان، ئىچىدە زىكىر ئوقۇغان ھەم ئۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇپ رىتىملىق ھەرىكەت قىلغان. ئىچكى ئۆلكىلەردە خۇپىيە مەزھىپىنىڭ "خۇاسى"، "مۇپتى"، "بىجاچاڭ" دېگەنگە ئوخشاش ئون نەچچە تارمىقى بولغان. خۇپىيىنىڭ مۇنداق دىنىي خىزمەتچىلىرى بولغان:

مۇرشىد – تەرىقەتكە يەتكۈچى، دىنىي ئۇستاز، مەزھەپ باشلىقى.

خەلىپە – تەرىقەتنى بەجا كەلتۈرگۈچى. ئۇ مەزھەپ باشلىقىنىڭ دىنىي پائالىيەت رايونلىرىدىكى ۋاكالەتچىسى، مەزھەپ باشلىقى بۇ ۋەزىپىگە ئۆز شاگىرتلىرىنى تەيىنلىگەن.

مۇرىت – تەرىقەت ئىزدىگۈچى، ئادەتتىكى ئەزا.

بۇنىڭدىن باشقا، خۇپىيە مەزھىپىدە "شەرىئەت جەھەتتىمۇ، تەرىقەت جەھەتتىمۇ ئىجتىھات قىلىش" دېگەن تەلىماتقا ئېتىقاد قىلىدىغان، ئەمما تەرىقەت يولىدا ئىستىقامەت قىلمايدىغان ئاخۇن ۋە موللىلارمۇ بولغان.

ئىككىنچى، جەھرىيە مېنخۇەنى. ئۇ يېڭى دىن دەپمۇ ئاتالغان. ئۇنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدا ما مىڭشىن ياراتقان. بۇ مەزھەپنىڭ توپ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي ئېتىقادىغا ئەمەل قىلغان، شەرىئەتكە ئەمەل قىلىش بىلەن بىللە، تەرىقەت جەھەتتە كۆپرەك ئەجىر سىڭدۈرگەن.

1. مەزھەپ باشلىقلىرىنى ئۇلۇغلىغان ۋە ئىلاھىيلاشتۇرغان. جەھرىيە مەزھىپىنىڭ يولباشچىلىرى ئادەتتە "ئۇستاز" دەپ ئاتالغان. مەزھەپ باشلىقى "ئىزنە" (ۋەدە ياكى بۇيرۇق) بېرىش ئىمتىيازىغا ئىگە بولغان. ئۇنىڭ ئىزنىسى خۇدانىڭ ئەمرى دەپ قارالغان، مۇرىتلار ئۇنىڭغا شەرتسىز ئىتائەت قىلغان ۋە ئۇنى بەجا كەلتۈرگەن. مەزھەپ باشلىقى شۇ مەزھەپكە قاراشلىق رايونلارنى ئۆزىنىڭ ۋەكىلى — رەئىس ئارقىلىق باشقۇرغان، مەھەللىلەرگە دىنىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان ئاخۇن قويغان. بۇنداق ئاخۇنلار ئۇستاز دېيىلگەن. ئۇلارنى مەزھەپ باشلىقى تەيىنلىگەن، ئۇلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى

قەرەلسىز بولغان. مۇرىتلار ئۇلارغا ئىتائەتمەنلىك بىلەن بويسۇنغان. مىنخۇەندىكىلەر گۇمبەزگە بەك چوقۇنغان، چۈنكى گۇمبەزنى مەزھەپ باشلىقى بىلەن مۇرىتلارنىڭ مەنىۋى ئالاقە باغلايدىغان جايى، دەپ قارىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن مەزھەپ باشلىقلىرىنىڭ قەبرىسىگىمۇ، مەزھەپ باشلىقى ئىستىقامەت قىلغان جايلارغىمۇ، مەزھەپ باشلىقىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ قەبرىلىرىگىمۇ گۇمبەز ياساتقان، ھېيت - ئايەم كۈنلىرى گۇمبەزدە كەڭ كۆلەملىك "ئەمەل - ئىبادەت" ئۆتكۈزۈپ، مۇرىتلاردىن ھەدىيە ئالغان.

2. سەۋدايىلىقنى تەشەببۇس قىلغان. شېھىت بولۇش روھىنى، يەنى غايە ۋە دىن ئۈچۈن غازات قىلىش يولىنى تەرغىپ قىلغان، غازاتتا ئۆلگەنلەر شېھىت بولىدۇ، ئاسانلا جەننەتكە كىرىدۇ، دەپ ھېسابلىغان. جەھرىيەنىڭ شېھىت بولۇش ئىدىيىسى XVIII ئەسىردە غەربىي شىمال رايونىدىكى جەھرىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىدە بەلگىلىك چاقىرىق رولىنى ئوينىغان.

3. ھەج تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن مەككىگە بېرىشقا قۇربى يەتمىگەن ئېتىقادچىلار ھەج تاۋاپ قىلىش ئورنىغا گۇمبەزنى تاۋاپ قىلسىمۇ بولىدۇ، دەپ قارىغان. شۇڭا، جەھرىيە مۇرىتلىرىدىن مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىدىغانلار ئازراق بولغان.

4. دىنىي ئادەت جەھەتتە مەزھەپ باشلىقلىرى ۋە ئەجدادلاردىن مىراس بولۇپ قالغان رەسىم - يوسۇنلارنى ساقلىغان، دىنىي ھوقۇقتا ۋارىسلىق قىلىشتا دىن تارقىتىش كىيىملىرىنى ئاساس قىلغان. كەڭ تىكىلگەن تون، ئالتە قىرلىق ئاچ يېشىل، ئاق، قارا دوپپا كىيگەن. يېشىل دوپپىنى مەزھەپ باشلىقلىرى، ئاخۇنلار دەستار يۆگەش ئۈچۈن كىيگەن. ياشانغانلار تولاراق ئاق شاپاق دوپپا كىيگەن، ياشلار ۋە ئوتتۇرا ياشلار قارا دوپپا كىيگەن، بۇ مۇشۇ مەزھەپنىڭ ئېنىق تاشقى بەلگىسى بولۇپ قالغان.

5. جەھرىيە مەزھىپى ئىبادەت قىلىش ئۇسۇلى جەھەتتە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ ئىستىقامەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلماي، زىكىر ئوقۇشنى قۇۋۋەتلىگەن، ئىبادەت قىلىپ زىكىر ئوقۇغاندا ئۈنلۈك ئوقۇمىغاندىمۇ شۇ سورۇنغا ھازىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولىدۇ، شۇڭا ئىبادەت قىلغۇچىلار پاكىز، رەتلىك كىيىنىپ، قاتتىق سۈكۈتتە ئولتۇرۇشى كېرەك، دەپ قارىغان. زىكىر ئوقۇغاندا ھەلقە تۈزۈپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان، ئۇنىڭدىن كېيىن تەرتىپ بويىچە مۇناجات ئوقۇغان، سۈكۈتكە چۆشكەندە، ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ سەكرەپ، بېشىنى چايقاپ جار سالغان، شۇڭا ئۇلار "جار سالغۇچىلار"، "گىلدىڭۋاشلار" دەپ ئاتالغان①.

شىنجاڭ خۇيزۇلىرى ئارىسىدىكى جەھرىيە مەسچىتلىرىنىڭ جامائىتى ئازراق بولۇپ، ئادەتتە كىچىك مەسچىت دېيىلگەن، لېكىن ئۇلارنىڭ يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە تەشكىلىي سىستېمىسى بولغان. ھەربىر دىنىي رايون مۇرىتلارنىڭ ئولتۇراقلىشىشىغا قاراپ بىرنەچچە رايونغا ئايرىلغان. رەئىس تۇرۇشلۇق مەھەللە مەزكۇر دىنىي رايوننىڭ مەركىزى بولغان، باشقۇرۇش دائىرىسى بىر مەسچىت، بىر مەھەللە بىلەن چەكلەنمىگەن. ھەربىر مەھەللىنىڭ مەسئۇل ئاخۇنى بولغان، ئاقساقال مەسچىت ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان. ئېتىقادچىلار جىقراق جايدا بىر چوڭ مەسچىت (خەيىنىسى) بولغان، بۇ چوڭ مەسچىت كىچىك مەسچىت (شاۋماسى) لەرنى باشقۇرغان. چوڭ مەسچىت چوڭ دىنىي بايرام، دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرغان، مەدرىس ئاچقان، كىچىك مەسچىتلەر دىنىي ئىشلاردا ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە چوڭ مەسچىتكە بېقىنغان. رەئىس ئۆزىگە قاراشلىق دىنىي رايوندىكى مەسچىتلەرنىڭ رەھبىرى سۈپىتىدە، ھەر يىلى پۈتۈن دىنىي رايوننى بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈپ، دىنىي ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغان ۋە ئۆشرە ـ زاكات يىغقان. ئۈچ يىلدا بىر قېتىم مەزھەپ باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈپ، دىنىي ئىشلاردىن دوكلات بەرگەن ۋە زاكات تاپشۇرغان. بۇ دىنىي تەشكىلاتنى خەيىنى تۈزۈمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، كېڭەيتىلگەن مەسچىت تۈزۈمى، دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئىچكى رايونلاردا جەھرىيە مېنخۇەننىڭ شاگۇ، بەيشەن، بەنچياۋ، نەنچۇەن دېگەن تۆت تارمىقى بولغان. شىنجاڭدا دەسلەپ ئۇنىڭ بىرلا تارمىقى بار ئىدى، كېيىن بەنچياۋ،

---

① ما جۇڭشياۋ: «شىنجاڭ خۇيزۇلىرى ئارىسىدىكى ئىسلام دىنى ئاساسىي مەزھەپلىرى ھەققىدىكى دەسلەپكى تەكشۈرۈش».

شاگۇ دېگەن ئىككى تارماقمۇ شەكىللەنگەن.

ئۈچىنچى، قادىرىيە مەزھىپى. بۇ مەزھەپنىڭ ئاساسچىسى جى جىگىي (1656 ـــ 1719 ـ يىللار) گەنسۇنىڭ لىنشيا دېگەن يېرىدىن. بۇ مەزھەپنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسى ئاللا دەيدىغان ئەقىدىنى ساقلاپ قالغاندىن تاشقىرى، تەرىقەتكىلا ئىخلاس قىلغان، ئاۋۋال تەرىقەت پەيدا بولغان، دەپ قارىغان. ئۇلار «قۇرئان» ، «بەش پەرز» كونا يوسۇن، شۇلارغىلا ئەمەل قىلغاندا، "ئاللانى تونۇغىلى"، "ئاللاغا يېقىنلاشقىلى" بولمايدۇ، "تەرىقەت" بولسا "نېگىزلىك"، "ھەقىقىي"، "بىردىنبىر" يول، ئۇ تەركىدۇنيالىقتۇر، دەپ بىلگەن. ئۇنىڭ قائىدىلىرى كوگزىچىلىق ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، قويۇق بۇددىزم تۈسىنى ئالغان. بۇ مەزھەپنىڭ ئىبادەت قىلىش، "ئاللانى تونۇش"، "ئاللاغا يېقىنلىشىش" چارىسى تەركىدۇنيا دەرۋىش بولۇپ، توۋا ـ ئىستىغپار ئېيتىپ، "خەتسىز كالام" نى ئىچىدە ئوقۇش، گۈمبەزنى تاۋاپ قىلىش، ئىسرىق سېلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولغان. ئۇلارنىڭ دەرۋىش (پىر ياكى ئىستىقامەتتە يېتىلگەن ئادەم) ۋە ئاخۇنلاردىن ئىبارەت دىنىي خىزمەتچىلىرى بولغان. دەرۋىشلەر تاغ ئارىسىغا كىرىپ زاھىتلىق قىلغان، ياكى گۈمبەز، خانىقاغا كىرىپ ئىستىقامەت قىلغان. ئاخۇنلار ئىسلام دىنىنىڭ ئادەتتىكى قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلسا، پەرزنى ئادا قىلسىلا، كۇپايە قىلغان. ئىچكى جايلاردا ئاساسەن چوڭ گۈمبەز ۋە جيۇسەيپىگىدىن ئىبارەت ئىككى تارماق مەزھەپ بولغان. شىنجاڭ خۇيزۇلىرى ئارىسىدا قادىرىيەنىڭ بىر تارمىقى بولغان، ئۇ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا جى فېڭيۈەننىڭ شىنجاڭغا كېلىپ دىن تارقىتىشى بىلەن شەكىللەنگەن.

# ئونىنچى باب چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىسلام دىنى جەھەتتىكى ئالاقە ـ مۇناسىۋەتلەر

## 1 ـ بۆلۈم چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە شىنجاڭدىكى سۇفىزم مەزھىپىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقىلىشى

چىڭ سۇلالىسى دەۋرى سۇفىزم مەزھىپى ئېقىمىزدە كەڭ كۆلەمدە ئەۋج ئالغان دەۋر بولغان. بۇ دەۋردە شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى دىنىي ئالاقە سۇفىزم مەزھىپىنىڭ ئېقىمىزدىكى ئىسلام ئەھلى ئارىسىدا كەڭ تارقىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى مەزھەپلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن قارىغاندا، تۆت چوڭ دىنىي مەزھەپنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ناھايىتى ئۇزۇن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭدىكى سۇفىزم تەسەۋۋۇپچىلىقى بىلەن ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە باغلىنىشلىق ئىدى. تۆت چوڭ مەزھەپ ئىچىدىكى كۇبرىيە مەزھىپى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ھەممىدىن بۇرۇن تارقالغان. "كۇبرىيە" ئەرەبچە سۆز بولۇپ، "كاتتا" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ مەزھەپ مىلادى 1216 ـ يىلى شەيخ نەجمىدىن كۇبرىيە تەرىپىدىن خارەزمدە بەرپا قىلىنغان. "XII — XIII ئەسىرلەردىكى باشقا نوپۇزلۇق شەيخلەرگە ئوخشاش، نەجمىدىنمۇ شەرققە كۆچۈپ بارغان شەيخ ئەلىق زەڭگىردىن ئەل ھەمەدان (مىلادى 1140ـ يىلى ۋاپات بولغان) مەزھىپىگە مەنسۇپ "① ئىدى يەنى يۇسۇپ ھەمەدانى تارقاتقان سۇفىزم مەزھىپىگە

---

① ھاجى نۇرھاجى: «ئىسلام دىنىدىكى تەسەۋۋۇپچىلىق (سۇفىزم) نىڭ شەكىللىنىشى، تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا» .

مەنسۇپ ئىدى. كۇبرىيە سۇلۇكى ئىلگىرى يەسەۋى سۇلۇكى ۋە نەقشبەندىيە سۇلۇكى بىلەن بىللە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۈچ چوڭ سۇفىزم تەشكىلاتىنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ ئىبادەت قائىدىلىرى ئادەتتىكى تەسەۋۋۇپچىلىققا ئوخشاش بولۇپ، ئوتتۇردوكسال پان تەسەۋۋۇپچىلىقىدا چىڭ تۇرىدىغان تەشكىلات ئىدى[1]. كۇبرىيە سۇلۇكىنىڭ دىن تارقاتقۇچىلىرى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا ئىلىمىزغا كېلىپ ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن كۇبرىيە مەزھىپىنىڭ بارلىققا كېلىشى توغرىسىدا مۇنداق رىۋايەت بار: مۇھەددىن ئىسىملىك بىر دىن تارقاتقۇچى ئىچكى ئۆلكىلەردە دىن تارقىتىپ يۈرۈپ، ئاخىرىدا گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ دۇڭشياڭ رايونىدىكى داۋەنتۇ دېگەن يەرگە كېلىپ ماكانلىشىپ، يەر تېرىپ تىرىكچىلىك قىلغان. فامىلىسىنى جاڭ ( 张 ) دەپ ئۆزگەرتىپ، ئۆز ئالدىغا مەزھەپ تىكلىگەن. بۇ مەزھەپنىڭ دىن تارقاتقۇچىسى ”شەيخۇلئىسلام“( 教主 ) دەپ ئاتالماي، ”ئىمام“ ( 教长 ) دەپ ئاتالغان. بۇ ۋەزىپە ۋارىسلىق ئاساسىدا داۋاملاشقان. مەزھەپكە باشلىق قويۇلمىغان، دىنىي ئىشلارنى ھەرقايسى مەسچىتلەرنىڭ ئاخۇنلىرى باشقۇرغان، ئادەم سانى ئازراق بولغان. ئۇلار مۇرشىدلارنىڭ ئاللاغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن 40 كۈن ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاقراق ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشىنى، تائامنى قىسقارتىپ نەپسىنى يىغىشنى تەشەببۇس قىلغان. مۇھەددىننىڭ دۆلەت تەۋەلىكى، سالاھىيىتى توغرىسىدا تېخى ئېنىق مەلۇمات يوق. ئۇنىڭ جۇڭگوغا كەلگەن ۋاقتى توغرىسىدا، ئۇ مىڭ سۇلالىسىنىڭ خۇڭۋۇ 3- يىلى (مىلادى 1370- يىلى) ياكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى كەلگەن دېگەن گەپلەر بار، لېكىن بۇ ئىككى ۋاقىتنىڭ ئارىلىقى 300 يىل پەرق قىلىدۇ، بۇنى بىرلىككە

[1] جوسېف فلېيشېر مۇنداق دېگەن: ”موڭغۇل دەۋرىدە، سۇفىزم (ساياھەتچىلىرى) جۇڭگوغا ئۆز تەسىرىنى ئۆتكۈزۈشكە باشلىغان. . . بۇرھانىدىن بۇخارى كۇبرىيە سۇلۇكىگە ۋاكالىتەن، ئاۋۋال شىمالىي جۇڭگودا دىن تارقاتقان، شۇ چاغدا ئىسلام دىنىغا قارشى ھەرىكەتكە دۇچ كەلگەن، كېيىن ئۇنى جەنۇب تەرەپتىكى مەنزى دېگەن جايغا ئاپىرىۋەتكەن، ئۇ شۇ يەردە ۋاپات بولغان.“ «جۇڭگودىكى سۇفىزم» دېگەن ماقالىدىن ئېلىندى، «ئىسلام دىنىدىكى تەسەۋۋۇپچىلىق، ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى» (فرانسۇزچە نەشرى)، پارىژ، 1986- يىل نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن تەس، چۈنكى بۇ مەزھەپ پەقەت 11 ئەۋلادلا داۋاملاشقان①. بەزى تەتقىقاتچىلار: "ئۇلارنىڭ ۋارىسلىق قىلغان ئەۋلاد سانى بويىچە ھېسابلىغاندىمۇ كاشىلى، چيەنلۇڭ يىللىرىدا جۇڭگوغا تارقىلىپ كىرگەن "② دەپ قارايدۇ. بۇ مەزھەپنىڭ تارقىلىپ كىرىش يولى توغرىسىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: "ئۇ جۇڭگوغا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم كېلىپ دىن تارقاتقان، بىرىنچى قېتىم گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشىغا كېلىپ دىن تارقاتقان؛ ئىككىنچى قېتىم خۇنەن، خۇبېيغا كېلىپ دىن تارقاتقان؛ ئۈچىنچى قېتىم شىنجاڭدىن خېنەن، چىڭخەي، گەنسۇغا كېلىپ دىن تارقاتقان③."

ئۇنىڭ ئۈچىنچى قېتىم كېلىپ دىن تارقاتقان يولىدىن كۇبرىيە مەزھىپىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىسلام تەسەۋۋۇپچىلىقى بىلەن بولغان تارىخىي باغلىنىشىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا كۇبرىيە مەزھىپىنىڭ دىن تارقاتقۇچىسى مۇھەممەدىن پائالىيەت ئېلىپ بارغاندىن باشقا، ئۆزىنى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 25- " ئەۋلادى " دەپ ئاتىۋالغان دىن تارقاتقۇچى ھىدايىتۇللا ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ، سوفىزم مەزھىپىنىڭ خۇپىيە تەلىمىنى تارقاتقان، نەتىجىدە گەنسۇ، نىڭشىيا، چىڭخەي قاتارلىق ئۆلكە (رايون) لاردىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا "پەيغەمبەرنىڭ 25- ئەۋلادى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە

---

① كۇبرىيە مەزھىپى 11 ئەۋلاد ئىماملىرىنىڭ ئىسمى:
بىرىنچى ئەۋلاد مۇھەممەدىن
ئىككىنچى ئەۋلاد ئەخمەت كەبىر بەختاجى
ئۈچىنچى ئەۋلاد ئەبۇئوسمانى
تۆتىنچى ئەۋلاد قەلەندەر رەمىل
بەشىنچى ئەۋلاد ھەسەندىنۇ
ئالتىنچى ئەۋلاد ئەخمەت ئىمام جامالىددىن
يەتتىنچى ئەۋلاد جامالىددىن
سەككىزىنچى ئەۋلاد كامالىددىن
توققۇزىنچى ئەۋلاد سەئىد خوجا ئالاۋىددىن
ئونىنچى ئەۋلاد باھاۋىددىن
ئون بىرىنچى ئەۋلاد جاڭ شىڭداۋ
ياڭ خۇەيجۇڭ: «گەنسۇ، نىڭشىيا، چىڭخەي خۇيزۇلىرى ئارىسىدىكى سوفى مەزھىپى»، «نىڭشىيا ئىجتىمائىي پەن ژۇرنىلى»، 1986- يىل 4- سانىدىن ئېلىندى.

② ماتوڭ: «جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى مەزھەپلىرى ۋە مەزھەپ تۈزۈمىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 458- بەت، گەنسۇ ئۆلكىلىك مىللەتلەر تەتقىقاتى ئورنى.

③ يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

كەلگەن» دەپ تەرپلەش كېلىپ چىققان. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئاق تاغلىقلارنىڭ مەشھۇر سەردارى ئاپپاق خوجىنىڭ 1670- يىلى ئىسمائىلخان تەرىپىدىن شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىنكى ئون يىللىق سەرگەردانلىق ھاياتىدا ئىچكىرىگە بېرىپ، غەربىي شىمالدىكى ئۆلكە (رايون) لاردا پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىغا قارىتىلغان، بۇ ئېلىمىزدىكى ئىسلام دىنى خۇپىيە مەزھىپىنىڭ مەنبەسىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

ئىچكى ئۆلكىلەردە ساقلىنىۋاتقان مەزھەپلەر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللاردىكى خۇپىيە مەزھىپىگە مەنسۇپ جياچاڭ مەزھىپى، مۇپتى مەزھىپى، خۇاسى مەزھىپى، شىيەنمېن مەزھىپى ۋە قادىرىيە مەزھىپىگە مەنسۇپ قۇببە (گۇمبەز) نىڭ بىنا قىلىنىشى توغرىسىدىكى بايانلاردا ئاتالمىش «پەيغەمبەرنىڭ 25- ئەۋلادى» نىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ دىن تارقاتقانلىقى ئېنىق خاتىرىلەنگەن. بىراق، ئۇ خاتىرىلەردە «ھىدايىتۇللا» دېگەن ئىسىم خەنزۇچە ئوخشاش ئاھاڭدىكى، ئوخشاش بولمىغان خەتلەر بىلەن يېزىلغان، خالاس. «ھىدايىتۇللا» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «ئاللانىڭ توغرا يولى» دېگەن بولىدۇ. بۇ ئاپپاق خوجىنىڭ ئۆز ئىسمى. مۇپتى مەزھىپىنىڭ بايانىدا 25- ئەۋلاد پىر ئۇستازنىڭ دىنىي نامى «ھەزرىتى ھىدايەت ئافاق مەسئۇل» (豪祖勒提 . 赫达叶 . 阿法格 . 曼什呼勒) دەپ يېزىلغان. شىنجاڭدا خوجىلار تەزكىرىسىگە دائىر خەنزۇچە تەرجىمە ماتېرىياللىرىدا ئادەتتە «ھەزرەت ئاپپاق» (哈兹拉特阿帕克) دەپ يېزىلىدۇ. «ھەزرەت» دېگەن سۆز «ئالىيلىرى»، «جانابلىرى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ھۆرمەت نامىدۇر. «ئاپپاق» دېگەن سۆزنى بەزىلەر خەنزۇچە تەرجىمىدە «阿发克» دەپ يازىدۇ، بۇ مۇپتى مەزھىپىنىڭ بايانىدىكى 25- ئەۋلاد پىر ئۇستازنىڭ «阿法格» دەپ يېزىلغان دىنىي نامى بىلەن ئوخشاش.

مۇپتى مەزھىپىنىڭ بايانىدىكى 25- ئەۋلاد پىر ئۇستازنىڭ «ھەزرىتى ھىدايەت مەسئۇل» دېگەن دىنىي نامى ئاپپاق خوجىنىڭ ئۆز ئىسمى «ھىدايەت» نىمۇ، ئۇنىڭ ھۆرمەت نامى «ھەزرەت» نىمۇ ئۆز

ئىچىگە ئالغان. "曼什呼勒" دېگەن سۆزگە كەلسەك، بۇ ئۇيغۇرچە "مەسئۇل" دېگەن سۆز بولۇپ، "باشقۇرغۇچى"، "رەھبەرلىك قىلغۇچى" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەزھەپ بايانىدا "ھىدايىتۇللا"نىڭ نامى "华"، "赫达叶 . 阿法格 . 曼什呼勒" "华哲. 希达叶统拉赫. 阿法根."، "豪祖拉提. 赫达叶. 曼 ، 者阿法根 什呼勒" دەپ خىلمۇخىل يېزىلغان. ئەمەلىيەتتە، بۇلارنىڭ ھەممىسى "خوجا"، "ئاپپاق"، "ھەزرەت"، "مەسئۇل"، "ھىدايەت"، "تۇللا" دېگەن سۆزلەرنىڭ قوراشتۇرۇپ يېزىلىشىدۇر. ئاپپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ھۆرمەت نامى بولغان "ھەزرەت" ۋە پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى (سەئىدلەر) نىڭ نامىغا قوشۇپ ئىشلىتىلىدىغان "خوجا" دېگەن سۆزنى مۇپتى مەزھىپىنىڭ ئاساسچىسى، 26- ئەۋلاد پىر ئۇستاز ماشۇجېن ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرىمۇ ئۆزىنىڭ دىنىي نەسەب نامىغا قوشۇپ قوللىنىپ كەلگەن.

بۇلار بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، خۇيزۇلارنىڭ دىنىي مەزھەپ بايانىدىكى 25- ئەۋلاد پىر ئۇستاز ھىدايىتۇللانىڭ مەيلى ئۆز ئىسمى بولسۇن ياكى ھۆرمەت نامى بولسۇن، ئاپپاق خوجا بىلەن تامامەن ئوخشاش.

ئاپپاق خوجىنىڭ نەسەبنامىسىدىن تەھلىل قىلىپ كۆرگەندە، شىنجاڭدىكى مىللىي يېزىقتا يېزىلغان ماتېرىياللاردا ئادەتتە ئۇ مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 27- ئەۋلاد نەۋرىسى دېيىلىدۇ. «تەۋارىخ خەمسەئى شەرقى» (شەرقنىڭ بەش تارىخى) دېگەن كىتابنىڭ بىر بۆلۈمىدىكى ئىككى مىسرا شېئىردا مۇنداق دېيىلگەن:

"پەيغەمبەرگە نەسەب كىم سابىت ئەتتى،
يىگىرمە يەتتە ۋاستە بىرلە يەتتى."

خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىيال "غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى" دىكى بايانمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. ئۇنىڭدا يېزىلغان مۇسۇلمانلار شەجەرىسى ھەققىدىكى خاتىرىدە: "مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئىمىن...25- ئەۋلاد... مۇھەممەد يۈسۈپ... 26- ئەۋلاد، ھىدايىتۇللا خوجا... 27- ئەۋلاد" دېيىلگەن.

بۇ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى مەزھەپلەرنىڭ بايانىدا ئىشلىتىلگەن ھىدايىتۇللا "پەيغەمبەرنىڭ 25- ئەۋلاد" دېگەن رىۋايەتتىن ئىككى ئەۋلاد ئارتۇق. ئەۋلاد سانىدىكى بۇ پەرق "تاشقى نەسەب"، يەنى قانداش ئەۋلاد بىلەن "ئىچكى نەسەب"، يەنى دىنىي ئورۇنغا ۋارىسلىق قىلغان ئەۋلاد سانىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن كېلىپ چىققان. مۇپتى

مەزھىپىنىڭ باياندىكى نەسەبنامە قانداشلىق نەسەبىدىكى ئەۋلاد سانىنى ئاساس قىلغان ئەمەس، ئۇنىڭدىكى ھەرقايسى ئەۋلاد كىشلەرنىڭ ئىسمى قانداش ئەۋلادلارنىڭ ئىسمىدىنمۇ زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ①. چۈنكى ئۇ، ئەمەلىيەتتە، دىنىي ئورۇنغا ۋارىسلىق قىلغۇچى ئەۋلادلار نەسەبنامىسى. مۇپتى مەزھىپىنىڭ بۇ نەسەبنامىسىگە ئاساسلانغاندا، ھىدايىتۇللا ئاپپاق دەل 25- ئەۋلاد ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭنىڭ مىللىي يېزىقتا يېزىلغان ماتېرىياللىرىدىكى تەرىقەت نەسەبنامىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇلاردا ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئوخشاشلىق بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ (تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قاراڭ).

| «تەزكىرەئى خوجىگان» دىكى تەرىقەتچىلەر سىستېمىسىنىڭ نەسەبنامىسى | | مۇفتى مەزھىپىنىڭ نەسەبنامىسى |
|---|---|---|
| ئۇيغۇرچە يېزىلىشى | خەنزۇچە يېزىلىشى | |
| مۇھەممەد | 穆罕默德 | 1、穆罕默德 |
| ئابابەكرى سادىق | 阿巴拜克尔.萨迪克 | 2、哎卜伯克 |
| سەلمان فارىس | 赛力马尼.帕尔斯 | 3、苏来麻乃 |
| مۇھەممەد قاسىم | 穆罕默德.哈斯木 | 4、朵细木 |
| ئىمام جەپىرى سادىق | 衣麻目.吉皮尔.沙迪克 | 5、伊麻目.哲尔费酸底格 |
| بايىزىد بەستامى | 巴义孜.拜斯塔敏 | 6、哎巴叶则的.彼苏他敏耶 |
| شەيخۇل ئوبۇل ھەسەن پەركانى | 谢赫.吾布里艾山派尔卡尼 | 7、哎布豪三.海勒朵尼耶 |
| | | 8、哎布朵细木.库勒哈 |

① شىنجاڭدىكى مىللىي يېزىقتا يېزىلغان «ئاپپاق خوجا تەزكىرىسى» دىكى نەسەبنامە بويىچە، ئاپپاق خوجىنى 25- ئەۋلاد قىلىپ تىزىشقىمۇ بولىدۇ. لېكىن، مۇپتى مەزھىپىنىڭ نەسەبنامىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، پەقەت ئۈچ ئەۋلادنىڭ رەت تەرتىپى ئوخشىمايدۇ، ئادەم ئىسمى تامامەن ئوخشىمايدىغىنى 20 ئەۋلاد. بۇ ئەھۋالمۇ قانداشلىق نەسەبى بىلەن دىنىي سىستېمىدىكى نەسەبنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن كېلىپ چىققان.

«تەزكىرەئى خوجىگان» نىڭ ئاپتورى مۇھەممەد سادىق قەشقەرى مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: "بىلىشىڭلار كېرەككى، ئۇ نەسەب (قانداشلىق) ئىككى خىلغا، يەنى ئىچكى ۋە تاشقى دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. تاشقى نەسەب پالانچىنىڭ ئوغلى پوكۈنچى دېگەنلەرنى ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ھەقىقىي (پاكى ئىچكى) ۋارىسلىق بولسا پەيغەمبەرنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلىغانلارغا بېرىلىدۇ."

مەخدۇم ئەزەم خوجا نەسەبى مانا شۇ ئىككى سىستېمىنى، يەنى ئاتالمىش ئىچكى نەسەب بىلەن تاشقى نەسەبنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. جۇڭگودىكى ئىسلام دىنىنىڭ ئادىتى بويىچە، ئۇلار "تەرىقەت" ۋە "قانداشلىق" دەپ ئاتىلىدۇ.

بىز نەسەب جەھەتتىن "پەيغەمبەرنىڭ 25- ئەۋلادى ئوتتۇرا ئوزلەڭلىككە كەلگەن" دېگەن رىۋايەت ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان بولساقمۇ، لېكىن شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، بۇ ئىككى خىل نەسەب نامىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىكلىكى ھەققىدە، ئىلىم ساھەسىدىكىلەر بۇرۇنلا گۇمانلانغان، بولۇپمۇ قانداشلىق نەسەبى چىن ئەمەس. مۇھەممەد سالىھنىڭ «مەخدۇم ئەزەم ۋە ئۇنىڭ شەجەرىسى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ، «شىنجاڭ دىن تەتقىقات ماتېرىياللىرى»، قوشۇمچە سانى، (1986- يىل).

| | | |
|---|---|---|
| . 尼耶 | | |
| 9、哎布阿里.法勒买顶耶 | | |
| 10、哎布郁索福.汗目达尼 | | خوجا يۈسۈپ ھەمەدانى |
| 11、二布的力.哈立格 爱知丹旺尼耶 | 阿布都哈立克. 艾吉德瓦尼 | ئابدۇخالىق غىجدۇۋانى |
| 12、阿力夫·勒由库忍耶 | 霍加阿里甫·热瓦古里 | خوجائارىپ رىۋەگرى |
| 13、曼索木的·哎质忍耶 | 霍加买合米都勒·海衣热 派乃维 | خوجا مەھمۇدىل خەيرى پەئۇلنەۋى |
| 14、哎力·勒米太里耶 | 霍加哎里·热米特 | خوجا ئەلى رامىتى |
| 15、穆罕默德巴巴.色麻 | 霍加巴巴衣. 赛木玛斯依 | خوجا باباي سەمماسى |
| 16、撒伊的.艾米勒. 克俩利耶 | 米尔库拉勒丁 | مىركۇلالىدىن |
| 17、伯哈文的.乃格什 板顶耶 | 霍加巴依顶.乃合 西拜丁 | خوجا باھائىددىن نەقشبەندى |
| 18、伊尔故伯.哲勒纪尼 | 买吾拉乃.牙库甫奇 尔海衣 | مەۋلانا ياقۇپ چەرخى |
| 19、奥伯董拉希.哎豪哈 勒忍耶 | 霍加乌拜都拉. 哎赫瓦里 | خوجا ئۇبەيدۇللا ئەھۋارى |
| 20、穆罕默德.嘎锥 | 买吾拉乃.哈孜 | مەۋلانە مۇھەممەت قازى |
| 21、曼贺独木.哎尔赞木 | 买合杜木.艾扎木 | مەخدۇم ئەزەم |
| 22、依禅.克俩良 | 依郁.克俩良 * | ئىشان كالان * |
| 23、依禅.哈什目 | 哈色木 * | ئىشان قاسىم * |
| 24、依禅.穆罕默德. 郁索福 | 穆罕默德.郁索甫 * | مۇھەممەت يۈسۈپ * |
| 25、赫达叶.阿法格 | 阿帕克和卓 * | ئاپپاق خوجا * |

بۇ ئىككى نەسەبنى سېلىشتۇرغاندا، مۇپتى مەزھىپىنىڭ نەسەب سىستېمىسىدىكى 8-، 9- ئىككى ئەۋلاد پىر ئۇستازنىڭ ئىسىم - فامىلىسى «تەزكىرەئى خوجىگان»دا كەم، قالغان 23 ئەۋلادنىڭ ئىسمى ئاساسەن ئوخشاش. «تەزكىرەئى خوجىگان» دا يېزىلمىغان ئىككى پىر ئۇستازنىڭ نامى توغرىسىدا مەھمۇد جوراسنىڭ «تاۋارىخ» دېگەن كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن مەخدۇم ئەزەمنىڭ تەرىقەت نەسەب سىستېمىسىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندە، ئۇنىڭدىكى تەرىقەتچىلەرنىڭ بىرىنچى قىسىم بىرىنچى تارمىقىدىكى 8-، 9-

① جەدۋەلدىكى * بەلگە قويۇلغان تۆت كىشىنىڭ ئىسمى «تەزكىرەئى خوجىگان» دىكى نەسەبنامە ۋە «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى بۇزۇرۇكان» غا ئاساسەن تولۇقلاپ ئېلىندى.

ئىبارەت سىياسىي مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغانلىقى بايان قىلىنغان.

ئىككىنچى بىر خىل قاراش، غەربىي شىمالدىكى دىنىي مەزھەپلەرنىڭ قارىشى. خۇپىيە مەزھىپىگە مەنسۇپ بولغان بىجياچاڭ مەزھىپى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: "كاڭشىنىڭ 11- يىلى (مىلادى 1672- يىلى) مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 25- ئەۋلادى خوجا ئاپپاق ھىدايىتۇللا ئىسمىلىك ئۇستاز ئوتتۇرا ئاسىيادىن شىنجاڭ ئارقىلىق چىڭخەينىڭ خۇاڭجۇڭ رايونىدىكى فېڭخۇاڭشەنگە كېلىپ دىن تارقاتقان." خۇاسى مەزھىپى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: "... كاڭشىنىڭ 10- يىلى (مىلادى 1671- يىلى) مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 25- ئەۋلادى ھىدايىتۇللا چىڭخەينىڭ شىنىڭ شەھرىدە ئىسلام دىنىنىڭ سۇفىزم تەلىماتىنى تارقىتىپ، يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆرمىتى ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشكەن...". مۇپتى مەزھىپى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: "كاڭشىنىڭ 10- يىلى (مىلادى 1671- يىلى) ماشۇجېن شەنشىنىڭ شىشياڭ دېگەن يېرىدىن گەنسۇنىڭ خېجۇ رايونىغا چاي ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 25- ئەۋلادى ھەزرىتى ھىدايەتۇللا ئاپپاق خوجا خېجۇ، خۇاڭجۇڭ رايونلىرىغا دىن تارقىتىش ئۈچۈن كېتىۋاتقانلىقىنى ئۇچراتقان... كاڭشىنىڭ 12- يىلى (مىلادى 1673- يىلى) ھىدايەتۇللا چىڭخەيدە دىن تارقىتىۋاتقاندا،... ماشۇجېن خۇاڭجۇڭغا بېرىپ ئۇنى زىيارەت قىلغان①."

خۇفىيە مەزھىپىگە مەنسۇپ بولغان ھەرقايسى مەزھەپلەرنىڭ يۇقىرىقى رىۋايەتلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئاپپاق خوجا كاڭشىنىڭ 10- يىلى (مىلادى 1671- يىلى)دىن 12- يىلى (مىلادى 1673- يىلى) غىچە بولغان ئارىلىقتا شىنجاڭدىن چىڭخەيگە بېرىپ دىن تارقاتقان. لېكىن، ئۇنىڭ سىياسىي غەرىزى توغرىسىدا مەزھەپلەرنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرىدا ھېچقانداق خاتىرە يېزىلمىغان.

يۇقىرىقى ئىككى خىل ماتېرىيالدىكى ئىككى خىل قاراش بىر-بىرىگە زىت ئەمەس. ئاپپاق خوجا ئەسلىدە دىنىي، سىياسىي رەھبەر ئىدى، ئۇ ئىسمائىلخان

---

① ماتېرىيال: «جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى مەزھەپلىرى ۋە مەزھەپ تۈزۈمىنىڭ قىسقىچە تارىخى».

تەرىپىدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، ”ساياھەت“ نامى بىلەن يۇرت كېزىپ يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى ئوڭشاپ كۈچ توپلاپ، قولدىن كەتكەن دىنىي ۋە سىياسىي ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى زادى ئېسىدىن چىقارمىغان، ئۇنىڭ خەۋپ-خەتەر، جاپا-مۇشەققەتكە قارىماي تىبەتكە بېرىشىمۇ ھەرگىز يەڭگىللىك بىلەن قىلغان تەۋەككۈلچىلىكى ئەمەس ئىدى. ئۇ بۇنىڭدىن ئىلگىرى كۆپ تەييارلىق قىلغانىدى، ئۇنىڭ 1671- يىلدىن 1673- يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا چىڭخەيدە دىن تارقىتىش بىلەن شۇغۇللىنىشىمۇ تىبەتكە بېرىش ئۈچۈن قىلغان تەييارلىق ئىشلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىدى، يەنى ئۇ ئۆزىنى ”مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 25- ئەۋلادى“ دەۋېلىپ، ”دىن تارقىتىش“ دېگەن نام بىلەن يوشۇرۇن ئاخبارات توپلاپ، سەدىقە ئېلىپ پۇل يىغىپ، تەرەپ-تەرەپ بىلەن ئالاقىلىشىپ، سىرتقى ھەربىي كۈچنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ يولىنى ئىزدىگەنىدى. ئۇ بۇ ھەرىكەتلىرىنى مەخپىي ئېلىپ بارغاچقا، مەزھەپلەرنىڭ ماتېرىياللىرىدا بۇ ھەقتە خاتىرە بولماسلىقى تەبىئىي. ئۇ ئۇزاق مۇددەت تىرىشىپ، پۇختا تەييارلىق قىلغان بولغاچقا، ئۆزىنىڭ سىياسىي غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن.

بىجياچاڭ مەزھىپىنىڭ بايانىدا:”پەيغەمبەرنىڭ 25- ئەۋلادى“ چىڭخەيگە كەلگەندە، بۇ مەزھەپنىڭ پىرى ”مازۇگشىڭ بافاڭ شاگىرتى مەسچىتىنىڭ ئاخۇنى تايابا (ئەرەب)، چى جەمەتى نامىدىكى مەسچىتنىڭ 2- ئەۋلاد ئۇستازى چى جىگىي، لىيۇ ھەزرەت ۋە مالەيچىنىڭ ئاتىسى ما شۈەن قاتارلىق كىشىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلار بىرلىكتە چىڭخەيىنىڭ خۇاگجۇڭ دېگەن يېرىگە بېرىپ «پەيغەمبەر ئەۋلادى» نى زىيارەت قىلغان، خوجا ئاپپاق مازۇگشىڭ، تايابا، لىيۇ ھەزرەت قاتارلىق كىشىلەرگە خۇپىيە سۇلۇكىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا «زىكىر» قىلىشنى تاپشۇرۇپ، پەيغەمبەرگە ئىخلاس بىلەن ھەمدۇسانا ئوقۇپ ئىبادەت قىلىش ۋە دىن تارقىتىشنى تاپىلىغان①“ دېيىلگەن. بۇ يەردە ئېيتىلغان ”خۇپىيە سۇلۇكىنىڭ

① ماتۇلاڭ: «جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى مەزھەپلىرى ۋە مەزھەپ تۈزۈمىنىڭ قىسقىچە تارىخى»

مەقسىتى“ دېگەن سۆزنىڭ نېمە مەنىدە ئىكەنلىكى ئىزاھلانمىغان بولسىمۇ، لېكىن ”زىكىر“ دېگەن سۆز شىنجاڭدىكى سۇفىيلارنىڭ ”زىكىر“ دېگەن سۆزىگە ئوخشاش ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ”سېغىنىش“ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆز بۇ يەردە ئاللاغا مۇناجات ئوقۇشقا قارىتىلغان. شىنجاڭدىكى سۇفى مەزھىپى — ئىشانلارنىڭ تارماق مەزھەپلىرىنىڭ زىكىر قىلىش شەكلى ئوخشىمايدۇ، شۇڭا ئۇلاردا ئۆزگىچە دىنىي مۇراسىملار شەكىللەنگەن. خۇپىيە سۇلۇكىدىكىلەر زىكىرنى پەس ئاۋاز بىلەن ئىچىدە ئوقۇيدۇ. ئاپپاق خوجا مۇشۇ رەسىم-قائىدىنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقاتقان، بۇ خۇپىيە سۇلۇكىنىڭ ھەرقايسى مەزھەپلىرىنىڭ تائەت-ئىبادەت قىلىپ دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشتىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم دەرسى بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇ مەزھەپنىڭ يەنە بىر باياندا مۇنداق دېيىلگەن: ”شۇ چاغلاردا مازۇگىشېڭ بافاڭ شىمالىي مەسچىتىنىڭ ئاخۇنى ئىدى... ئۇ شاگىېرشې مەسچىتىنىڭ ئاخۇنى تاييابا، خۇاسى مەسچىتىنىڭ ئاساسچىسى مالەيچىنىڭ ئاتىسى ماشۇەن، چى جەمەتى نامىدىكى مەسچىتىنىڭ 2- ئەۋلاد ئۇستازى — چوڭ قۇببەدىكى چى جىڭيى ۋە ليۇ ھەزرەت قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە خۇاڭجۇڭغا بېرىپ... ھىدايىتۇللادىن ‹شەرىئەت› ۋە ‹تەرىقەت› توغرىسىدا تەلىم ئالغان، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن چېدىر تىكىپ دەرس ئۆتۈپ، خۇپىيە مەزھىپىنى تەرەققىي قىلدۇرغان①.“

بۇ يەردە ”خۇپىيە سۇلۇكىنىڭ مەقسىتى“ بىر ئاز بايان قىلىنغان، يەنى ئاپپاق خوجىنىڭ ”شەرىئەت“ ۋە ”تەرىقەت“ نى تارقاتقانلىقى تىلغا ئېلىنغان. ”شەرىئەت“ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئۇنىڭدا بارلىق مۇسۇلمانلاردىن ئىمان ئېيتىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش، زاكات بېرىشتىن ئىبارەت ”بەش پەرز“ نى ئادا قىلىش، ئاللانى ئۇلۇغلاش، ئاللادىن قورقۇش، ئاللانى ھەق ئىكەم دەپ بىلىش ئارقىلىق ئاللانى تونۇش ۋە ئاللاغا يېقىنلىشىش مەقسىتىگە يېتىش تەلەپ قىلىنىدۇ؛ ”تەرىقەت“ بولسا تەسەۋۋۇپچىلىق

---

① «ئىسلام دىنى مەزھەپلىرى ۋە مەزھەپلەر تارىخىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، ئاپتورى نامەلۇم، بۇ نەقىل گەنسۇ ئۆلكىلىك كۇتۇپخانىدىكى قوليازمىدىن ئېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەشەببۇس قىلىدىغان دىلنى پاك قىلىپ، ھۇزۇر - ھالاۋەت، راھەت - پاراغەتتىن كېچىپ، دىلنى يورۇق قىلىپ، تەبىئەتنى تۈزەپ، جىم ئولتۇرۇپ ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق بەندە بىلەن ئاللانى بىرلەشتۈرۈش مەقسىتىگە يېتىش چارىسىدىن ئىبارەت.

لېكىن يۇقىرىقى باياندا خوپىيە سۇلۇكىگە مەنسۇپ خۋاسى مەزھىپىنىڭ ئاساسچىسى ما لەيچىنىڭ ئاتىسى ماشۇەن بىلەن قادىرىيە سۇلۇكىگە مەنسۇپ قۇببەنىڭ ئاساسچىسى چى جىگىنىڭ تەلىم ئالغانلىقى تىلغا ئېلىنمىغان. خۋاسى مەزھىپىنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: ماشۇەن ھىدايىتۇللاغا بىر جۈپ كۆمۈش قاچا ۋە باشقا ئېسىل بۇيۇملارنى سوۋغا قىلغان، ھىدايىتۇللا ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ، ئۇنىڭ تەقدىرىگە پۈتۈلگىنى بويىچە ئۆيلىنىپ، ئوغۇل پەرزەنت كۆرىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەن. ماشۇەن ئۆيلەنگەندىن كېيىن، دەرۋەقە، بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن، ئۇنىڭ ئىسمىنى "ئابدۇلھەلىم" قويغان، بۇ ئوغۇل خۋاسى مەزھىپىنىڭ ئاساسچىسى مالەيچىدۇر. چى جىگيى بولسا پەقەت ھىدايىتۇللانىڭ "سىنىڭ ئۇستازىڭ شەرقتىن كېلىدۇ، سەن چاپسان بېرىپ زىيارەت قىل" دېگەن بېشارىتىگىلا نائىل بولغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ بېشارەت مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 29- ئەۋلاد نەۋرىسى خوجا ئابدۇللاھنىڭ دېڭىز يولى ئارقىلىق جۇڭگوغا كېلىپ قادىرىيە سۇلۇكىنىڭ تەلىماتىنى تارقاتقانلىقىغا قارىتىلغان بولسا كېرەك. چى جىگيى ئۇ كىشىنى ئۇستاز تۇتۇپ، چوڭ قۇببە مەزھىپىنى قورغانىمىش①. ھىدايىتۇللانىڭ ماشۇەنگە پەرزەنت كۆرىسەن دەپ، چى جىگيىغا ئۇستاز تاپىسەن دەپ بېشارەت بەرگەنلىكى، ئەمەلىيەتتە، دىنىي جەھەتتە زورمۇزور ياساپ چىقىلغان گەپ، بۇنىڭدىكى مەقسەت خۋاسى مەزھىپىنىڭ مەنبەسىنى ۋە قادىرىيە قۇببەسىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى "پەيغەمبەرنىڭ 25- ئەۋلادى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كەلگەن" دېگەن رىۋايەت بىلەن باغلاشتىنلا ئىبارەت. بۇ رىۋايەتلەر تارىخي چىنلىقنى يوقاتقان بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەرگە ھىدايىتۇللانىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ دىن

---

① ماتۇلىڭ: «جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى مەزھەپلىرى ۋە مەزھەپ تۈزۈمىنىڭ قىسقىچە تارىخى».

تارقاتقان چاغدىكى تەسىرىنىڭ چوڭقۇر ھەم كەڭ بولغانلىقىدىن دالالەت بېرىدۇ.

مۇپتى مەزھىپى خۇپپىيە سۇلۇكىنىڭ چوڭراق تارمىقى ئىدى، بۇ مەزھەپنىڭ باياندا: بۇ مەزھەپنىڭ "پىركاملى" ما شۇجېنمۇ پەيغەمبەرنىڭ 25- ئەۋلادىنىڭ ھەققىي تەلىمنى ئالغان، دېيىلىدۇ. ما شۇجېن كاڭشىنىڭ 10- يىلى (يەنە بىر ئېيتىلىشتا 11- يىلى دېيىلىدۇ، ئالدىنقى بەتلەردىكى نەقىللەرگە قارالسۇن) شەنشىدىن گەنسۇغا مال توشۇپ كېتىۋاتقاندا، يول ئۈستىدە ھىدايىتۇللانى ئۇچراتقان ھەم بۇ "پەيغەمبەر ئەۋلادى"نىڭ دۇمبىسىدىكى يارىنى داۋالىغان. كېيىنكى يىلى ماشۇجېن چىڭخەينىڭ شىنىڭ شەھىرىگە بارغاندا، ھىدايىتۇللا ئۇنى مۇرشىدلىققا قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا خۇپپىيە تەلىماتىنى ۋە ئادا قىلىش زۆرۈر بولغان پەرىزلەرنى ئۆگەتكەن ھەمدە ئۇنى باشقىلارغا ئۆگىتىش ۋە تارقىتىشنى تاپىلىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا "مۇپتى" دەپ نام بەرگەن، يەنە كىتاب، تەسۋى، دەستار قاتارلىق سەككىز خىل نەرسىنى ماشۇجېننىڭ دىن تارقىتىشتىكى دەستىكى قىلىپ بەرگەن. كېيىن مۇپتى مەزھىپىدىكىلەر ئۇ نەرسىلەرنى "سەككىز ئەڭگۈشتەر" دەپ ئاتىغان[①]. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ مەزھەپ بۇ نەرسىلەرنى ئالاھىدە "ئەڭگۈشتەر راۋىقى"غا سېلىپ ساقلىغان بولسىمۇ، كېيىن تۇڭجى، گۇاڭشۈي يىللىرى ئارىلىقىدا يۈز بەرگەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە قارشى ئىككى قېتىملىق قوزغىلاڭدا يوقىلىپ كەتكەن. بۇ سەككىز ئەڭگۈشتەر ئىچىدىكى "كىتاب"نىڭ نامىنى دەلىللەشكە ئامال يوق، لېكىن ئىلگىرى دولىن دىن تارقىتىش ئۈمىكى گەنسۇدىن تاپقان ئىسلام دىنىغا دائىر 11 خىل كىتابنىڭ بەش خىلى نەقشبەندىيە سۇلۇكىگە مەنسۇپ كىتاب ئىكەن[②]. گەنسۇدا مۇپتى مەزھىپىنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر، ئاپپاق خوجا ما شۇجېنغا "تائەت - ئىبادەت قىلىپ دىن تارقىتىش"نى تاپىلىغاندا، خۇپپىيە

---

① ماتۇڭ: «جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى مەزھەپلىرى ۋە مەزھەپ تۈزۈمىنىڭ قىسقىچە تارىخى».

② ياپونىيىلىك زوكۇتو يازغان، لىڭ سۇڭچۇن تەرجىمە قىلغان «XIX- XVIII ئەسىردىكى شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، 2- قىسىم.

www.uyghurkitap.com

تەلىماتىغا دائىر كىتابلارنى بەرگەن بولۇشى مۇمكىن، ئەلۋەتتە. بۇنىڭدىن باشقا، "تەسۋى" بىلەن "دەستار"مۇ شىنجاڭدىكى ئىشان ۋە موللىلار دائىم ئىشلىتىدىغان بۇيۇملاردۇر①. ئاپپاق خوجا ئىچكى ئۆلكىلەردە دىن تارقىتىش جەريانىدا، خۇپىيە سۇلۇكىنىڭ تەلىماتى ۋە قائىدە - يوسۇنلىرىنى ئۆگىتىش بىلەنلا قالماي، بەلكى تەسەۋۋۇپچىلار قوللىنىدىغان يېزىق ۋە ئىشلىتىدىغان بۇيۇملارنىمۇ بىۋاستە تارقاتقان، بۇمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئاپپاق خوجا ما شۈجېننى "مۇرشىد" لىققا قوبۇل قىلغان ھەم ئۇنىڭغا "مۇپتى" دەپ نام بەرگەن. "مۇپتى" ئەرەبچە سۆز بولۇپ، "دىنىي شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئاساسەن ھۆكۈم چىقارغۇچى" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئاپپاق خوجىنىڭ ما شۈجېنغا بۇ نامنى بەرگەنلىكى ئۇنى ئەتىۋارلىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. "مۇرشىد" ئەرەبچە سۆز بولۇپ، "دىندا يېتەكچى"، "يول باشلىغۇچى" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇمۇ سۇفىزم تەشكىلاتلىرىدا دىنىي ئۇستازلارغا بېرىلىدىغان خاس نامدۇر.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئاپپاق خوجا "نىڭشيا، چىڭخەيلەردە ئۈچ مۇرشىد قوبۇل قىلغان: بىرىنچىسى، لى تايبابا، ئۇ ھىدايىتۇللانىڭ ياردەمچىسى ھەم ما شۈجېننىڭ دىنىي ئۇستازى، شىنىڭدىكى تۆك تايبابا ئۇنىڭ ئىز باسارى؛ ئىككىنچىسى، خېجۇ ئايمىقىنىڭ بافاڭ دېگەن يېرىدىكى ما زوڭشىڭ، ئۇ بىجياچاڭ مەزھىپىنىڭ تۇنجى پىرى؛ ئۈچىنچىسى، تاۋياڭنىڭ بىيشياڭ دېگەن يېرىدىكى ما شۈجېن، ئۇ مۇپتى مەزھىپىنىڭ ئاساسچىسى②".

ئاپپاق خوجىنىڭ دىن تارقىتىشى ئارقىلىق بۇ ئۈچ كىشىنىڭ مەزھەپ تەشكىلاتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىنى جۇڭگونىڭ ئىسلام تارىخىدىكى بىر چوڭ ئىش، دەپ قارىماي بولمايدۇ.

ئاپپاق خوجىنىڭ سەيلە - ساياھەت نامى بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەردە دىن تارقىتىش پائالىيىتىنى ئېلىپ بارغانلىقىغا تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەردە تۇرۇپ تەھلىل يۈرگۈزۈش ۋە باھا بېرىش كېرەك. ئۇنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ھەرىكەت قىلىشتىكى سىياسىي مەقسىتى ئۆزىنىڭ

---

① "تەسۋى" بىلەن "دەستار" ئەرەبچە سۆز، "تەسۋى" سۇفىلار ئىبادەت قىلغاندا ئىشلىتىدىغان تەسۋى، ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا، ئۈچ ئېغىز سۆز بىلەن ئاللاغا 33 قېتىم ھەمدۇسانا ئوقۇلىدىغان بولغاچقا، تەسۋىنىڭ ئورۇقى ئادەتتە 99 تال بولىدۇ، بىر ئورۇقنى سىرىپ ئۆتكۈزگەندە بىر قېتىملىق ھەمدۇسانا تاماملىنىدۇ، ئەگەر تەسۋى ئورۇقى 33 تال بولسا، ئۇ چاغدا تەسۋىنى ئۈچ قېتىم تەكرار ئۆتكۈزۈش كېرەك؛ "دەستار" مۇسۇلمانلارنىڭ ئاخۇنلىرى ياكى ئۆلىمالىرى بېشىغا يۆگەيدىغان سەللە.

② ماتولڭ: «جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى مەزھەپلىرى ۋە مەزھەپ تۈزۈمىنىڭ قىسقىچە تارىخى».

جەنۇبىي شىنجاڭغا پادىشاھ بولۇش قارا نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىدى، نەتىجىدە ئۇ جۇڭغار موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنى 70 يىلدىن ئارتۇق قۇل قىلىشى ۋە تالان-تاراج قىلىشىدەك ئېغىر ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئاق تاغلىقلارنى قۇترىتىپ، قارا تاغلىقلارنى دەھشەتلىك باستۇرۇپ، بۇ ئىككى چوڭ دىنىي گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ 200 يىلغىچە داۋاملىشىشىغا سەۋەبچى بولغان. شىنجاڭ تارىخىدىكى بۇ بالايىئاپەت دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزگەن. تارىخىي شەخس بولغان ئاپپاق خوجىنىڭ بۇنىڭدا جىنايى جاۋابكارلىقى بار. بىراق، ئۇ ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ دىن تارقىتىش جەريانىدا، يەنە بىر تەرەپتىن، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. دەرۋەقە، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئىسلام تەسەۋۋۇپچىلىقىغا مەنسۇپ ئون چوڭ مەزھەپ، 40 قا يېقىن تارماق مەزھەپنىڭ مەنبەسى ۋە شەكىللىنىش جەريانى ئىنتايىن مۇرەككەپ، لېكىن ئاپپاق خوجا يەنىلا شىنجاڭدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە بۇرۇن بېرىپ ئەڭ زور تەسىر قالدۇرغان دىن تارقاتقۇچى ھېسابلىنىدۇ.①

---

① يۇقىرىدا ئېيتىلغان، ئارخىپتا ساقلانغان ياكى مەتبەئەدە بېسىلغان مەزھەپلەر تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەردىن باشقا، خۇپىيە سۇلۇكىگە مەنسۇپ شىيەنمېن مەزھىپىدە ساقلانغان قوليازما «ئېسىل دىنىنىڭ شىيەنمېن خۇپىيە مەزھىپى» دېگەن ماتېرىيالدا مۇنداق دەپ خاتىرىلەنگەن:

"... (شىيەنمېن) جۇڭگودا بارلىققا كەلگەن مەزھەپلەر ئىچىدە ئەڭ بۇرۇنقىسى بولۇپ، ھازىرغىچە 300 يىلغا يېقىن تارىخقا ئىگە. ئۇ چىڭخەينىڭ شىنىڭ شەھىرىدىن ئوتتۇز بەش چاقىرىم يىراقتىكى نەنشەن (جەنۇبىي تاغ-ت)، يەنە بىر نامى فېڭخۇاڭشەن (سۈمۈرغ تېغى-ت) قويبېسىدە بارلىققا كەلگەن، كېيىن ئۇنىڭدىن جۇڭگودا ئەڭ بۇرۇن سەككىز كىشى تەلىم ئالغان بولۇپ، ھەرقايسىسىنىڭ دىنىي نامى بار. مەسىلەن، شىيەنمېن مەزھىپىنىڭ تۇنجى پىر ئۇستازى شيەن مىيجېن بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى 斧太子 (پاسبان بوۋا دېگەن مەنىدە —ت) دەپ ئاتايدۇ، ئۇنىڭ دىنىي نامى ئارىب گەۋھەر، تۇغۇلغان ۋە ئۆلگەن يىلى (مىلادى 1661 — 1731-يىللار)... كاڭشىنىڭ 8-يىلى (1669-يىلى) ھىدايىتۇللا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن دەسلەپ چىققاندا، ئەسىدۇللا مومەيدانى بىلەن بىللە گەنسۇنىڭ خۇاڭجۇڭ دېگەن يېرى (ھازىر چىڭخەيگە قارايدۇ) دىكى تاشقى دەريانىڭ چىياۋ كۆۋرۈكىدىكى چاۋياڭ راۋىقىدا تۇرغان، ئۇ چاغدا ئارىب (خۇدانى ئېتىراپ قىلغۇچى) سەككىز ياشتىن ئاشقان... ئاپپاق ھىدايىتۇللا (ھاياتلىق يولى)، تەگرى بىلەن بەندىنىڭ بىرلىكى، تەلىماتىنى ئارىبنىڭ دىلىغا سالغان... كاڭشىنىڭ 26-يىلى (مىلادى 1687-يىلى) ھىدايىتۇللا ئەسىدۇللانى ئېلىپ ئىككىنچى قېتىم ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن چىقىپ، ئاۋۋال تىبەتنىڭ روساڭ ئىبادەتخانىسىغا بارغان، ئاندىن خۇاڭجۇڭغا كېلىپ، شىمالىي كىچىك كوچىدىكى شېنجيالۇ بىناسىدا تۇرغان. ئۇ: سىلەرنى (يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تەلىم ئالغۇچى سەككىز شاگىرتنى دېمەكچى) شەخسلىكتىن ئادەمىيلىك ئورنىغا ئۆتكۈزمەكچىمەن، دەپ ئارىبقا دىن تارقىتىشنىڭ دەستىكى سۈپىتىدە، چوڭ مۇھۇر ۋە ئىككى پارچە دىنىي كىتاب بەرگەن."

بۇ قولىيازمىدىكى ئاپپاق خوجىنىڭ دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرىگە دائىر بايانلارنى يۇقىرىدا نەقىل قىلىنغان مەزھەپلەرنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىغا تولۇقلىما قىلىشقا بولىدۇ، بۇنى تەتقىقاتچىلار ئىلگىرىلەپ دەلىللەپ چىقار، دېگەن ئۈمىددىمىز. بۇنىڭدا شىيەنمېن مەزھىپىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ ئاپپاق خوجىنىڭ دىن تارقىتىشى بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكى شۈبھىسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتابى
www.uyghurkitap.com

## 2-بۆلۈم چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەردىكى سوفىزمنىڭ ئالاقىلىرى

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ ئالدى-كەينىدە، شىنجاڭدىكى ئىسلام تەسەۋۋۇپچىلىقى ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە ئىلگىرىلەپ تارقالغان، بۇنىڭدىكى ئاساسلىق شەخسلەر ھەم ۋەقەلەرنىڭ بىرى بابايىنىڭ لەنجۇدا دىن تارقاتقانلىقى، يەنە بىرى مامىڭشىننىڭ غەربىي يۇرتقا كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلغانلىقى ئىدى.

تاييابايىنىڭ لەنجۇدا دىن تارقاتقانلىقى ئېلىمىزدىكى قادىرىيە سۇلۇكىگە مەنسۇپ شياگېيۇەنتاڭ مەزھىپىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. مەزھەپ تارىخىي ماتېرىيالىدا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

"شياگېيۇەنتاڭ «خەيمېن» ياكى «شامېن» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇنىڭدا قادىرىيە تەلىماتى ئۆگىتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسچىسىنىڭ فامىلىسى خەي، ئىسمى كو بولۇپ، ئەسلى يۇرتى لەنجۇ شەھىرى، ئۇ شىنجاڭلىق «تاييابايى» دىن تەلىم ئالغان." "چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 22- يىلى (مىلادى 1757- يىلى) چىڭ خاندانلىقى شىنجاڭدىكى چوڭ خوجا بۇرھانىدىن بىلەن كىچىك خوجا جاھانلارنىڭ چىڭ خاندانلىقىغا قارشى توپىلىڭىنى بېسىقتۇرغاندىن كېيىن، «تاييابايى» ئەسىرگە چۈشۈپ، بېيجىڭغا يالاپ ئېلىپ مېڭىلغان، مەھبۇس ھارۋىسى لەنجۇدىن ئۆتكەندە، خەي كو گاۋلەن ناھىيىسىدە گۇندىپايلىق قىلىۋاتاتتى، ئۇ تاييابايىنى نازارەت قىلىشقا بەلگىلەنگەن. تاييابايى پەيغەمبەر ئەۋلادى بولغاچقا، خەي كو ئۇنى ناھايىتى ھۆرمەتلىگەن ھەم ئۇنىڭدىن تەلىم ئېلىپ، «خەيمېن» مەزھىپىنى قۇرغان... «خەيمېن» مەزھىپى «قۇرئان كېرىم»گە ئېتىقاد قىلغاندىن باشقا، ئاساسلىقى

ساداقەتلىكنى ھەممىدىن ئەلا دەپ بىلىدۇ. ئۇنىڭ مۇرىتلىرى ساداقەتلىكنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشى شەرت، ئەگەر ساداقەتسىزلىك قىلىدىغان بولسا، «خەيىپىن» مەزھىپىنىڭ مۇرىتى بولۇش سالاھىيىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ[①]."

لەنجۇدا دىن تارقاتقان «تايياباي» دېگەن كىشىگە كەلسەك، تۈرلۈك تارىخىي ماتېرىياللارنى تەھلىل قىلىپ قارىغاندا، ئۇ "پايتەختكە بېرىپ ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇر بەگلەر" ئىچىدىكى ئابدۇراخمان بولسا كېرەك. «ۋاڭ -گۇڭ بەگلەر تەرجىمىھالى» دا مۇنداق دېيىلگەن: "ئابدۇراخمان يەكەنلىك ... باشلىرىدا، يەكەندىكى ئەخمەت خوجىنى سېۋىن ئاروبدان ئەملىدىن ئېلىپ تاشلىغان، ئەخمەت ئۆلگەن، ئۇنىڭ ئوغلى بۇرھانىدىن بىلەن خوجا جاھاننى قولغا ئېلىپ قامىغان. يەكەن، قەشقەر پۇقرالىرى ئۆز ئالدىغا باشلىق تىكلىگەن، ئۇ ئىك خوجا يەنى ئابدۇراخماننىڭ بوۋىسى ئىدى. چيەنلۇڭنىڭ 20- يىلى چوڭ قوشۇن جۇڭغارلارنى تىنچىتىپ، بۇرھانىدىننى قويۇپ بېرىپ يەكەنگە قايتۇرغان. ئىك خوجا ئۇنى قوبۇل قىلمىغان، قوشۇنىمىزنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئىك خوجا بۇ قوشۇننى قارشى ئېلىپ شەھەرگە باشلاپ كىرگەن. شۇنىڭ بىلەن خوجا جاھاندا توپىلاڭ كۆتۈرۈش نىيىتى تۇغۇلغان ... ئىك خوجىنى قەتل قىلغان. ئابدۇراخمان بۇيرۇتلار تەرەپكە قېچىپ كەتكەن. خوجا جاھان ئۇنى تۇتتۇرۇپ ئېلىپ قاماپ قويغان. 24- يىلى چوڭ قوشۇن يەكەننى تىنچىتقاندا، ئابدۇراخمان قولغا چۈشكەن. ئۇ 25- يىلى پايتەختكە بارغان. ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىسى كونا خوجىلاردىن بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئىككىنچى دەرىجىلىك تەيجىلىك ئۇنۋانى بېرىلىپ ، پايتەختتە قالدۇرۇلغان، ئۇ 37- يىلى ئۆلگەن[②]."

ئابدۇراخمان مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئىككىنچى ئوغلى دوست خوجا سىستېمىسىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، بوۋىسى ئۇش خوجا "ئىك خوجا" دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ چىڭ خاندانلىقىغا قارشى چىقىشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن خوجا

---

① ماتۇڭ: «جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى مەزھەپلىرى ۋە مەزھەپ تۈزۈمىنىڭ قىسقىچە تارىخى».

② «خان تەرىپىدىن بېكىتىلگەن ۋاسسال موڭغۇل، ئۇيغۇر ۋاڭ-گۇڭ بەگلەر تىزىملىكى»، 117- جىلد، «ئابدۇراخمان قاتارلىقلارنىڭ تەرجىمىھالى».

جاھان تەرىپىدىن قەتل قىلىنغان، ئەۋلادلىرىمۇ قولغا ئېلىنىپ قامالغان. شۇڭا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا ئابدۇراخمان ”كونا خوجىلارنىڭ ئەۋلادى“ دېيىلگەن. بېيجىڭدا تۇرغان سەككىز بەگ ئىچىدە خوجىس (ئۇنىڭغا ”بېلى“ دېگەن ئۇنۋان بېرىلگەن)، ھاشىق (ئۇنىڭغا ”ياردەمچى ئەركان بەگ“ دېگەن ئۇنۋان بېرىلگەن)،قاسىم (ئۇنىڭغا ”تەيجى“لىك ئۇنۋانى بېرىلگەن)دىن باشقا، قالغان بەش خوجىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ھۆسىيىن (ئۇنىڭغا ”ياردەمچى ئەركان بەگ“ لىك ئۇنۋانى بېرىلگەن)، پەرسا (ئۇنىڭغا ”تەيجى“لىك ئۇنۋانى بېرىلگەن)، مەھمۇد (ئۇنىڭغا ”تەيجى“لىك ئۇنۋانى بېرىلگەن)، تۇردى (ئۇنىڭغا ”تەيجى“لىك ھەم ”ياردەمچى ئەركان بەگ“ لىك ئۇنۋانى بېرىلگەن) تۆت كىشى چىڭ قوشۇنلىرى ئاسىيلارغا جازا يۈرۈشى قىلغاندا ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىپ خىزمەت كۆرسەتكەن، پەقەت ئابدۇراخمانلا چىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىنغان، كېيىن ئوردىنىڭ ئېتىبار بېرىشىگە ئېرىشكەن. مەزھەپلەر باياندىكى ”تاييابىي ئەسىرگە چۈشۈپ بېيجىڭغا يالاپ ئېلىپ مېڭىلغان“ دېگەن سۆزنى بۇنىڭ بىلەنمۇ دەلىللەشكە بولىدۇ. ئابدۇراخماننىڭ بوۋىسى ئىك خوجا «مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دە ”ئىشان خوجا“ دېيىلگەن، بۇنىڭ مەنىسى ”دەرۋىش“، يەنى ئائىلىسىدىن چىقىپ تەركىدۇنيا بولۇپ، زاھىدلىق بىلەن ھايات كەچۈرگۈچى، دېگەن بولىدۇ. ئىك خوجىنىڭ ۋارىسى بولغان ئابدۇراخماننىڭ قادىرىيە تەلىماتىنى خەيكوغا ئۆگىتىشى، خۇيزۇلارنىڭ قادىرىيە سۇلۇكىگە مەنسۇپ ”شياگېيۇەنتاڭ“ خانىقاسىنى قۇرۇشى ئاپپاق خوجىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ خۇپىيە تەلىماتىنى تارقاتقانلىقىدىن كېيىنكى ئىش، شۇڭا ئۇ شىنجاڭدىكى تەسەۋۋۇپچىلىقنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقاتقۇچى يەنە بىر شەخس ھېسابلىنىدۇ.

ما مىڭشىننىڭ غەربىي يۇرتقا كېلىپ دىنىي ئىلىم تەھسىل قىلغانلىقىغا كەلسەك، بۇ شىنجاڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ ئۇزاق ئۆتمەي، خۇيزۇلاردىن چىققان مەشھۇر سوپىزمچى ئەرباب ما مىڭشىننىڭ غەربىي يۇرتتا ئىلىم تەھسىل

قىلىش، سەيلە-ساياھەت قىلىش ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئىچكىرىگە قايتىپ "يېڭى دىن" ئىجاد قىلغانلىقىغا قارىتىلغان. مامىڭشىن تەخمىنەن 1730-يىلى تۇغۇلغان، ئۇنىڭ دىنىي نامى "ئىبراھىم"، لەقىبى "ۋەقايىتۇللا" (ئاللا يولىنى قوغدىغۇچى)، ھۆرمەت نامى "گۆەنچۈەن ئەزىز" (گۆەنچۈەننىڭ ئاقساقىلى) ئىدى، ئەسلى يۇرتى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جىيجۇ (ھازىرقى ۋۇدۇ ناھىيىسى)، ئۇ ئىلىمىزدىكى ئىسلام دىنى جەھرىيە مەزھىپىنىڭ ئاساسچىسى. جەھرىيە مەزھىپى "يېڭى دىن" دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇ مەزھەپنى مامىڭشىن چيەنلۇڭنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە قۇرغان. مامىڭشىن ياش چېغىدا يەمەنگە بېرىپ ئوقۇغان، ئۇنىڭ كونكرېت ئەھۋالى ئىلگىرىكى مەزھەپ تارىخلىرىدىكى خاتىرىلەردە تەپسىلىي يېزىلمىغان، بۇ ھەقتىكى گەپلەرمۇ ئوخشاش ئەمەس. فرانسۇز ئالىمى جوسىف فلېيشېرنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، مامىڭشىننىڭ ئۇستازى يەمەندىكى نەقشىبەندىيە سۇلۇكىدىن ئەززەيىن ئىبنى مۇھەممەد ئابدۇلباقى مىجاجى (مىلادى 1643- ياكى 1644 — 1725-يىلى) زەيىننىڭ ئوغلى ھەم ۋارىسى ئابدۇلخالىق (تەخمىنەن 1705 — 1740-يىللار) ئىكەن. مامىڭشىننىڭ سىلسىلا شەھرىدە زەيىن بىلەن خالىققا ئەگەشكەنلىكى ئۇنىڭ ئىسلام دىنىنى "گۇللەندۇرۇش" دولقۇنىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن بىرمۇنچە ھەرىكەتلەر بىلەن باغلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، زەيىننىڭ ئۇستازى نەقشىبەندىيە سۇلۇكىنىڭ زور تەسىرگە ئىگە ئۆلىماسى ئىبراھىم ئىبنى ھەسەن كۇلانى ئىدى، بۇ كىشى مەدىنىدىكى ئۆلىمالار تەشكىلاتىنىڭ مۇھىم ئاساسچىلىرىدىن بىرى ئىدى، ئۇ مەزكۇر تەشكىلاتتىكى نۇرغۇنلىغان ئاتاقلىق شاگىرتلار ئىچىدە "گۇللەندۇرۇش" روھىنى تارقاتقان، ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئىسلامنى "گۇللەندۇرۇش" پىكىر ئېقىمىنى شىمالىي ھىندىستان ۋە ھىندونېزىيە قاتارلىق جايلارغا تارقاتقانىدى. "شۇڭا، جۇڭگودىكى مامىڭشىننىڭ ‹گۇللەندۇرۇش› ھەرىكىتى ھەققەتەن ئۇزاق تارىخىي مەنبەگە ئىگە①." شۇبھىسىزكى، جوسېف فلېيشېرنىڭ تەتقىقاتى

① جوسېف فلېيشېر: «جۇڭگودىكى سوفىزم».

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

جەھرىيە مەزھىپىنىڭ تارىخىي ماتېرىيالىغا نىسبەتەن مۇھىم دەلىل ۋە تولۇقلىما ھېسابلىنىدۇ، ئۇ ئارقىلىق مەزھەپلەر بايانىدىكى بەزى خاتالىقلارنىمۇ تۈزەتكىلى بولىدۇ①.

دىنىي پائالىيەت مۇراسىملىرى جەھەتتە مامىڭشىننىڭ "يېڭى دىنى" نىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ زىكىر قىلغاندا ھۆكمەتنى ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ مەزھىپى "جەھرىيە" دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، مەدىنىدىكى ئۆلىمالار تەشكىلاتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولغان ئىبراھىم كۇلانى ھۆكمەتنى "ئاۋاز چىقىرىپ" ئوقۇشنى بۇرۇنلا ياقلىغان ھەم بۇ ھەقتە چۈشەنچىمۇ بەرگەن، ئابدۇخالىق ۋە ئۇنىڭ يەمەندىكى تەشكىلاتىمۇ بۇ ئۇسۇلنى قوللانغان. لېكىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردىسىدا تۈزۈلگەن تارىخ كىتابلىرىدىن قارىغاندا، روشەنكى، مامىڭشىن چيەنلۇڭنىڭ 26-يىلى (مىلادى 1761-يىلى) قايتىش ۋاقتىدا، شىنجاڭنىڭ قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلىرىدىن ئۆتكەندە ھۆكمەتنى "ئۈنلۈك" ئوقۇيدىغان ئىسھاقىيە مەزھىپى بىلەنمۇ ئالاقە قىلغان، شۇڭا چىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرىدا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: "... مامىڭشىن 26-يىلى سىرتتىن قايتىپ كېلىش بىلەنلا يېڭى دىن تىكلەشكە كىرىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئايەتنى ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلغان، بۇ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدىكى ئۇيغۇرلار (مۇسۇلمانلار) دىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ئايەتنى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئۈنلۈك ئوقۇيدۇ... مامىڭشىن سىرتتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، غەربىي يۇرتتىكىلەردىن بۇنى ئۆگىنىپ، شۇ بويىچە تارقاتقان②." مامىڭشىن "يەكەن، قەشقەرگە بېرىپ، دىنىي كىتابلارنى ئۆگىنىپ

---

① ماتۇڭنىڭ «جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى مەزھەپلىرى ۋە مەزھەپ تۈزۈمىنىڭ قىسقىچە تارىخى» دا بايان قىلىنغان مامىڭشىننىڭ يەمەندىكى خانىقادا تۇتقان يەتتە ئەۋلاد ئۇستازىنىڭ ئىسمى مۇنۇلار: (1) مۇھىددىن، (2) باھاۋىددىن، (3) تاجىددىن، (4) ھەزرىتى باقى، (5) ھەزرىتى چىسەينى، (6) ئابدۇخالىق، (7) مۇھەممەد بۇرۋەسەينى. ئۇنىڭدا "يەتتىنچى ئەۋلاد بەشىنچى ئەۋلادنىڭ ئوغلى" دېيىلگەن. جوسېف فلېيشېرنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسەن، مەزھەپلەر بايانىدا يۇقىرىدىكى ئالتىنچى ئەۋلاد بىلەن يەتتىنچى ئەۋلاد ئۇستازىنىڭ ئىسمى ئاستىن — ئۈستىن قىلىۋېتىلگەن، دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ.

② «خان تەرىپىدىن بېكىتىلگەن لەنجۇ ھەققىدىكى قىسقىچە خاتىرە»، 8- جىلد.

كېلىپ، گەنسۇدا يېڭى بىر دىن ئىجاد قىلغان...[1]"

«شەنشى، گەنسۇلاردىكى بالايىئاپەتلەردىن خاتىرە» گە "خېجۇدىكى ئەزىز"، يەنى "خېجۇنىڭ ئاقساقىلى" ما مىڭشىننىڭ مۇنۇ بىر كۇپلېت شېئىرى كىرگۈزۈلگەن:

"ئىلىم ئۈچۈن باش ئېگىپ غەربىي يۇرتقا باستىم قەدەم،
قايتىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئالدىم قولۇمغا قوش ئەلەم.
تىكتىم شىمالغا ئاق ئەلەمنى، قىلدى يېشىل تۇغۇم جەۋلان،
ئاق ئەلەمنى تىكلا تۇتسام، يېشىل تۇغۇم مەۋجۇت ھامان[2]."

بۇ شېئىرنىڭ ئالدىنقى ئىككى مىسراسى مامىڭشىننىڭ ئۆزىمۇ غەربىي يۇرتقا ئىلىم ئىزدەپ بېرىپ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يېڭى دىن ئىجاد قىلىشقا كىرىشكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ شېئىردا تىلغا ئېلىنغان "غەربىي يۇرت" ئىلگىرىكى چاغلاردا بېرىپ ئوقۇغان يەمەننى كۆرسەتكەندىن باشقا، شىنجاڭنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تارىخ ماتېرىياللىرىدا مۇنداق دېيىلگەن: مامىڭشىن تارقاتقان "يېڭى دىن يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ھۆكمەت ئوقۇيدۇ ياكى بېشىنى چايقاپ ساماغا دەسسەيدۇ"، "ئۇنىڭ دىنىدىكىلەر ھۆكمەت ئوقۇغاندا باشلىرىنى چايقاپ، يالاڭ ئاياغ بولۇپ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ چۆرگىلەيدۇ، ھۆكمەت ئوقۇغۇچىلار ئالتۇن نۇر ئاستىدا جان بەرسە، جەننەتكە كىرەرمىش[3]." "يېڭى دىن مۇرىتلىرى توپلىشىپ ھۆكمەت ئوقۇيدۇ، ھۆكمەت ئەۋجىگە چىققاندا باشلىرىنى تېخىمۇ ئىرغاڭلىتىپ، مۇرىلىرىنى تولغايدۇ[4]."

بۇلار ئالدىنقى بابتا قىلىنغان شىنجاڭدىكى سوپىزم مەزھىپى ئىسھاقىيە سۇلۇكىنىڭ قائىدە-رەسىملىرى بىلەن بىرمۇنچە جەھەتلەردە ئوخشىشىپ

---

① «چىلاق گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 1341 ـ جىلد، 8 ـ بەت.
② «جۇڭگو ئىسلام دىنى تارىخىغا دائىر پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىدىن تاللانما»، 1- قىسىم، 732 ـ بەت.
③ «مۇسۇلمانلارنى تىنچىتىش ئەھۋالىدىن قىسقىچە خاتىرە»، «مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭى» گە قاراڭ.
④ «زو ۋېنشياڭ ھەزرەتنىڭ يوللىغان مەكتۇپلىرى»، 38-جىلد، 63-بەت. «يېڭى دىن قىسمى».

كىتىدۇ (يەتتىنچى بابنىڭ 1-بۆلۈمگە قاراڭ). "ھۆكمەت ئوقۇغۇچىلار ئالتۇن نۇر ئاستىدا جان بەرسە، جەننەتكە كىرىدۇ" دېگىنى سۇفىزم مەزھىپىنىڭ ئىشانلىرى ئۆزلىرىنى "ئاللا نۇرى" نىڭ ۋارىسى دەۋېلىپ، شۇ ئارقىلىق مۇرىتلار ئىچىدە شەكىللەندۈرگەن، ئىشانلارغا چوقۇنىدىغان خۇراپىي كۆز قاراش. بىراق، ئېھتىمۇ مۇھىمى شۇكى، مامىڭشىننىڭ غەربىي يۇرتتا ئىلىم تەھسىل قىلىش ئاساسىدا، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى سالار، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي رايون ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، مەزھەپ تۈزۈمى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ئىسلاھاتى غايەت زور ئىجتىمائىي تەسىر پەيدا قىلغان. "يېڭى دىن" نىڭ ئىجاد قىلىنىشى ۋە تارقىلىشى بىلەن كېلىپ چىققان XVIII ئەسىردىكى جەھرىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ قوزغىلىڭى جۇڭگونىڭ دېھقانلار ئىنقىلابى تارىخىدا تىللاردا داستان بولغۇدەك بىر سەھىپە قالدۇرغان.

بۇ مەزگىلدە شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىنىڭ تەسەۋۋۇپچىلىقى ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقىلىش بىلەنلا قالماي، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى دىنىي مەزھەپلەرمۇ شىنجاڭغا تارقالغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قادىرىيە مەزھىپى چيەنلۇڭنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا جى فېڭجۇ شىنجاڭغا كېلىپ دىن تارقاتقاندا شەكىللەنگەن بىر تارماق مەزھەپ ئىكەن. جەھرىيە مەزھىپى چيەنلۇڭنىڭ 34- يىلى (مىلادى 1769- يىلى) مامىڭشىننىڭ مەرتىۋىلىك مۇرىتى خېماليۇخۇ كونا دىن بىلەن يېڭى دىننىڭ توقۇنۇشى تۈپەيلىدىن، چىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۈرۈمچىگە پالانغان چاغدا شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەن. مامىڭشىن يەنە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ كاماجىيايە، سۇ ئاخۇن، جاۋ ئاخۇنلارنى شىنجاڭنىڭ دىنىي مەزھەپ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتكەن، كاجىيامايە شىخەنزىدە، سۇ ئاخۇن بىلەن جاۋ ئاخۇن ئايرىم-ئايرىم ھالدا غۇلجا ۋە موگغۇلكۈرەدە تۇرغان. چيەنلۇڭنىڭ 46- يىلى (مىلادى 1781- يىلى) مامىڭشىن جەھرىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ قوزغىلىڭىدا چىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىمۇ ھۆكۈمەت تەرىپىدىن شىنجاڭغا پالانغان. مامىڭشىننىڭ ئۈچ قىزى ۋە خوتۇنى جاڭ قۇشناچىممۇ ئىلگىرى -

كېيىن بولۇپ شىنجاڭدا شېھىت قۇربان بولغان، ئۇلارنىڭ ساداقەتلىك ۋە پاكلىق بىلەن شېھىت بولغانلىقى كېيىنكى كىشىلەر ئۈچۈن ئۈلگە بولغان.

مامىڭشىن ئىجاد قىلغان جەھرىيە مەزھىپى جەمئىي ئىككى فامىلە، ئۈچ جەمەت، سەككىز ئەۋلاد داۋاملاشقان[1]. «تەرىقەتنىڭ مەنبەسى» دېگەن كىتابتا ئالدىنقى بەش ئەۋلاد ئۇستازنىڭ شىنجاڭغا دىنىي مەزھەپ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان رەئىس تەيىنلەپ ئەۋەتكەنلىكى خاتىرىلەنگەن: پىر ئۇستاز مامىڭشىن شىنجاڭغا ئەۋەتكەن بىرىنچى ئەۋلاد رەئىس كاماجايە؛ پىڭلياڭ داۋزۇڭى مۇشيەنجاڭ، چۈەنجاڭ داۋزۇڭى ما داتيەن ئىككى ئۇستاز دەۋرىدە شىنجاڭدا لو ھەزرەت ئىككىنچى ئەۋلاد رەئىس بولۇپ تۇرغان؛ سىۆبا داۋزۇڭى ماداتيەن ئۇستاز بولغاندىن كېيىن، ئارقا-ئارقىدىن جىن ھەزرەت (جىمسارنىڭ خۇاشيەنيۈەن باغچىسىدا تۇرغان) بىلەن خې ھەزرەت (پىچاندا تۇرغان) نى ئايرىم-ئايرىم ھالدا تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى دىنىي ئىشلارغا مەسئۇل قىلغان؛ شىسەن داۋزۇڭى ما خۇالۇڭ (1849- يىلى ئۇستازلىق ۋەزىپىسىگە چىققان) داۋرىدە، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ رەئىسلىكىنى توقسۇندىكى خۇيزۇ ما ئىمام ئۈتكۈزۈۋالغان (كېيىن تۇرپانغا كۆچۈپ بارغان)، شىمالىي شىنجاڭغا مەشھۇر ئۆلىما لى سەنۆيىنى مەسئۇل قىلىپ تەيىنلىگەن (ئۈرۈمچىنىڭ سەنگۇڭ دېگەن يېرىدە تۇرغان). شۇ يىلى (1868- يىلى) مائىمام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى لى سەنۆيى باشقۇرغان[2].

---

① جەھرىيە مەزھىپى تارقاتقان ئىككى فامىلە، ئۈچ جەمەت، سەككىز ئەۋلاد مۇنۇلار: «جيېبجولوق ما، پىڭلياڭلىق مۇ، لىنجولوق ما فامىلىلىكلەر. بىرىنچى ئەۋلاد پىر ئۇستاز ما مىڭشىن، ئىككىنچى ئەۋلاد پىڭلياڭلىق ھەزرىتى مۇ شەنجاڭ، ئۈچىنچى ئەۋلاد ما خۇگتەي، تۆتىنچى ئەۋلاد ما يىدې، بەشىنچى ئەۋلاد شىيەنلىك ھەزرىتى ما خۇلۇڭ، ئالتىنچى ئەۋلاد بيەنلياڭلىق ھەزرىتى ما جىنچىڭ، يەتتىنچى ئەۋلاد شاگولوق ھەزرىتى ما يۈەنجاڭ، سەككىزىنچى ئەۋلاد شاگولوق 4- ھەزرەت ما جېنۋۇ.

② لى سەنۆيىدىن كېيىن شىنجاڭدىكى جەھرىيە مەزھىپى شاگو، بەنچياۋدىن ئىبارەت ئىككى سىستېمىغا بۆلۈنۈپ كەتكەن. بۇنىڭدىن باشقا، دىدا جەمەتى سىستېمىسى شىنجاڭغا كىرىپ، يېقىنقى زاماندىن ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 3- بۆلۈم ئىمام رەببانى مەزھىپىنىڭ تارقىلىشى

ئىمام رەببانى مەزھىپى — ھىندىستاندىكى سۇفىزم ئىلاھىيەتشۇناسى ۋە دىنىي داھىي ئىمام رەببانى (مىلادى 1564 — 1624- يىللار) نامى بىلەن ئاتالغان تەسەۋۋۇپچىلىق مەزھىپى. ئىمام رەببانى 1564 - يىل 6- ئاينىڭ 26- كۈنى دېھلى بىلەن لاھور ئارىلىقىدىكى سىرھىندى شەھرىدە تۇغۇلغان، شۇڭا ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى "ئەھمەد سىرھىندى"، ئۇنىڭ ئاتىسى ئابدۇلئەھەد بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، پەيغەمبەر ئەۋلادى ئىمىش. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىمام رەببانى قان سىستېمىسى جەھەتتە 26- ئەجداد ئارقىلىق مۇھەممەد پەيغەمبەرگە ئۇلىشىدىكەن، يەنى ئۆمەر ئىبنى ئەل خەتتاب (مىلادى 572 — 644- يىللار) تىن كېيىن، دىنىي سىستېما جەھەتتە 22 ئەجداد ئارقىلىق ئەبۇبەكرى (مىلادى 573 — 634- يىللار) گە ئۇلىشىدىكەن. ئىككى نەسەب سىستېمىسىنىڭ ھەممىسىدە سۈننىي مەزھىپىنىڭ قاتتىق ئورتودوكساللىق خۇسۇسىيىتى گەۋدىلەنگەن. ئىمام رەببانى كىچىك چېغىدىن تارتىپ ئاتىسىدىن دىنىي تەلىم ئالغان، سەل چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئاتاقلىق ئۇستازلارنى كەڭ تۇردە زىيارەت قىلىپ، ھەدىس، تەپسىر ۋە ئىلمىي مەنتىق بىلىملىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەن ھەم شۇ چاغدىكى ھىندىستاندا تەسىرى چوڭ بولغان چىشتىيە سۇلۇكىگە ۋە سۇھرەۋەردىيە سۇلۇكىگە قاتناشقان. كېيىن يەنە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نەقشبەندىيە سۇلۇكىنىڭ 7- ئەۋلاد پىر ئۇستازى خوجا باقى بىللاھ (مىلادى 1563 — 1603- يىللار) بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنى دەرھال ئۇستاز تۇتقان، ئۇنىڭ يېتەكلىشى بىلەن نەقشبەندىيە سۇلۇكىگە كىرگەن. ئۇنىڭ تەرىقەت نەسەب سىستېمىسى مەزكۇر سۇلۇكنىڭ ھەرقايسى ئەۋلاد ئۇستازلىرىنىڭ دىن تارقىتىش مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا مۇنداق:

1) ھەزرىتى خوجاباھائىددىن نەقشبەندى؛

2) مەۋلانە ياقۇپ چەرخى؛

3) ھەزرىتى خوجا ئۇبەيدۇللا ئەخرار؛

4) ھەزرىتى مەۋلانە مۇھەممەد زاھىد؛

5) ھەزرىتى خوجا مۇھەممەد دەرۋىش؛

6) ھەزرىتى خوجا ئەمكەنەقى؛

7) ھەزرىتى خوجا باقى بىللاھ؛

8) ھەزرىتى مۇجەددىد ئەلف سانى ئىمام رەببانى شەيخ ئەھمەد فارۇخى سىرھىندى①.

خوجاباقى بىللاھ ھىندىستان موغۇل ئىمپېرىيىسىگە ئەكبەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان يىللار (1556 ـ 1605ـ يىللار) نىڭ ئاخىرلىرىدا ھىندىستانغا كېلىپ دىن تارقاتقان، "ئۇ ناھايىتى سەممىي ھەم كەمتەر بولۇپ، ئۆز ئىشىنى مۇلايىملىق، چىقىشقاقلىق بىلەن ئېلىپ بارغان، ئۇنىڭ تەشكىلاتى ئاددىي پۇقرالار ۋە ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىلەن ئالاقە باغلاپ، ھوقۇقدارلارغا تەسىر كۆرسەتسە، ئىجتىمائىي ئالاقە جەريانىدا ئەڭ زور ئۇنۇم ھاسىل قىلغىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى." ② ئۇ ئۆزىنىڭ تەشكىلاتىغا پۇختا ئاساس سېلىپ، بىر تۈركۈم قابىل شاگىرت يېتىشتۈرگەن، ئىمام رەببانى ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋارىسلىرىدىن بىرى ئىدى. ئىمام رەببانى تالانتلىق ئەدىب ۋە چىۋەر ناتىق سۈپىتىدە باقى بىللاھنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان.

ئەكبەر ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە، ئىسلام دىنى بىلەن ھىندى دىنى ئۇتتۇرىسىدا كېلىشتۈرۈش خاراكتېرىدىكى بىر خىل دىن — «دىن — ئى — ئىلاھى» (مۇقەددەس ئېتىقاد) نى تۈزۈپ چىقىپ، ھىندى دىنى بىلەن

---

① بۇ ئىسىملىك شىنجاڭنىڭ كىرىيە ناھىيىسىدىن تېپىلغان نەقشبەندىيە شەجەرىسى ۋە ياپونىيىلىك شىياۋسۇڭ جيۇنەن يازغان «تاشكەنتتىكى ئىشانلار» دېگەن ماقالە (ياپونچە يېزىقتىكى «ئىسلام دۇنياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1985ـ يىل 1ـ ئاي، 23ـ ، 24ـ سانلىرى) دىكى شەجەرىگە ئاساسەن ئومۇملاشتۇرۇپ رەتلەپ چىقىلغان.

② سەييىد فەيياز مەھمۇد (پاكىستانلىق): «ئىسلام دىنىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 533ـ بەت، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1981ـ يىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىسلام دىنىنى كېلىشتۈرگەن، بۇ ئىككى خىل دىنىنىڭ پەرقى يوق دەپ تەشۋىق قىلغان، نەتىجىدە ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بۇزۇلۇپ، مۇسۇلمانلار ھىندى دىنى تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ كېتىشتەك خەۋپلىك خاھىش كېلىپ چىققان. ئىمام رەببانى ئەكبەرنىڭ دىنىي تەشەببۇسىغا قارشى تۇرۇپ، ئىسلام دىنىنى ئىچكى جەھەتتىن ساپلاشتۇرۇشنى ئۆز بۇرچى قىلىپ، ئەكبەر يۈرگۈزۈۋاتقان پان ئىلاھچىلىق پىكىر ئېقىمىغا كۆپ قېتىم تاقابىل تۇرغان ھەمدە ئۆزىنىڭ كەڭ بىلىمى ۋە چىن مەقسىتى ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى ساپلاشتۇرۇش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئىسلام دىنىغا سىڭىپ كىرگەن ھىندى دىنىنىڭ پان ئىلاھچىلىق تەركىبلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، سۈننىي مەزھىپىنىڭ ئورتودوكساللىقىنى يېڭىۋاشتىن ئەسلىگە كەلتۈرگەن. ئۇ نەقشىبەندىيە سۇلۇكىنىڭ ئەنئەنىۋى قائىدىلىرى ۋە مۇرەككەپ ئىبادەت رەسىم-يوسۇنلىرىنى ئىسلاھ قىلغان. ئالدى بىلەن شەرىئەتنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ، ئاللا بۇيرۇغان بەش پەرز قاتارلىق شەرىئەت بەلگىلىمىلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلىش ئاساسىدىلا جىم ئولتۇرۇپ ئىستىقامەت قىلىشقا بولىدىغانلىقىدا چىڭ تۇرغان. شەرىئەتنىڭ چوڭقۇر مەزمۇنلىرىنى ئاددىي تىل بىلەن چۈشەندۈرۈپ ، ئۇنى ئاممىباپلاشتۇرغان؛ كارامەت (مۆجىزاتنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىش) ھەققىدە داۋراڭ سېلىشنى دىن تارقىتىشنىڭ ۋاستىسى قىلىشقا قارشى تۇرغان، تەركىدۇنياچىلىققا قارشى تۇرۇپ، ھاياتلىق يولىغا ۋە رېئال تۇرمۇش مەسىلىلىرىگە ئەھمىيەت بەرگەن. شۇنداق قىلىپ، نەقشىبەندىيە تەلىماتىنى ساپلاشتۇرۇپ، بۇ سۇلۇك بارلىققا كەلگەندىن بۇيان يۇقتۇرۇۋالغان ئارىلاشما نەرسىلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئورتودوكسال ئېتىقادىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمام رەببانى «مۇجەددىدى — ئەلف — سانى» يەنى «ئىككىنچى ئىرانىڭ ئىسلاھاتچىسى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئىگە بولغان، ئۇنىڭ ۋەكىللىكىدىكى سۇلۇك «نەقشىبەندىيە مۇجەددىدى» يەنى «ئىسلاھاتچى نەقشىبەندىيە» دەپ ئاتالغان.

شەيخ ئەھمەد "ئىمام رەببانى" دېگەن نام بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى "مۇسۇلمانلارنى مۇكەممەل ئادەم قىلىپ تەربىيىلىگەن" ياكى "پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلىپ، ئەقىل ئىگىلىرىنى ھىدايەت يولىغا باشلىغان" دېگەن بولىدۇ. ئۇ ھىندىستاننىڭ پايتەختى دېھلىدا "ئىمام رەببانى مەدرىسى"نى بىنا قىلىپ، ئۇنىڭدا ئۆز تەلىماتىنى تارقىتىدىغان مەخسۇس دىنىي خادىملارنى يېتىشتۈرگەن. جاھانگىر ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان مەزگىل (1605 — 1627)دە ئىمام رەببانى ئوردىدىكى ياللانما ئۆلىمالارنىڭ ھەسەتخورلۇقى تۈپەيلىدىن، "ساختىپەزلىك قىلىپ ئۆزىنى خەلىپىنىڭ يۇكسەك مەنىۋى ئورنىغا قويدى" دېگەن تۆھمەت بىلەن ئەيىبلەنگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پادىشاھ چاقىرتقاندا مۇسۇلمانلارنىڭ قەتئىي ئېتىقادىنى ئاساس قىلىپ، تىز پۈكۈپ ئولتۇرۇشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، "دۆلەتكە قارشى چىقتى" دېگەن بەدنام بىلەن گۋالىيور تۈرمىسىگە تاشلانغان، بىر يىلدىن كېيىن جاھانگىر پادىشاھ ئۇنىڭ بىلەن يارىشىپ قېلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنى تۈرمىدىن ئازاد قىلغان. ئىمام رەببانى ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئىتى ۋە سۇفىزمنى ئاقلاپ، ئۆز تەلىماتىنى تارقىتىشتا تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن، ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئادەتتە "ئىمام رەببانىچىلار" دەپ ئاتالغان. ئىمام رەببانىنىڭ كاتتا ئەسىرى- «مەكتۇبات» مەزكۇر مەزھەپ ئەقىدىلىرىنىڭ تۈپ پروگراممىسى قىلىنغان.

ئىمام رەببانى مەزھىپى XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىدە شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرىپ، "ئايكۆل سىستېمىسى" بىلەن "يەكەن سىستېمىسى"نى شەكىللەندۈرگەن. شىنجاڭدىكى خويزۇلارنىڭ خۇپىيە مەزھىپى رىۋايەتلىرىدە ئايكۆل سىستېمىسى ئەلى ئاخۇن (تولۇق ئىسمى ھەزرىتى قۇتۇب ئەلفىل ئوسۇرى ۋەلىيۇل ئىشان مۇھەممەد غالى ئاخۇن شەيخ رەخمىتۇل ئەلى) ئىبىسملىك دىن تارقاتقۇچىنىڭ ھىندىستاندىن شىنجاڭغا كېلىپ، ئاقسۇنىڭ ئايكۆل دېگەن يېرىدە ئولتۇراقلىشىپ، مەدرىس سالدۇرۇپ، كەڭ كۆلەمدە دىن تارقىتىشى بىلەن شەكىللەنگەن دېيىلىدۇ. يەكەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

سىستېمىسى بولسا، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە شەيخ ئەۋلىيا دېگەن كىشىنىڭ ئافغانىستاننىڭ بەدەخشان ئۆلكىسىدىن شىنجاڭنىڭ يەكەن شەھىرىگە كېلىپ دىن تارقىتىشى بىلەن شەكىللەنگەن. بۇ دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ پائالىيەتلىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ناھايىتى زور تەسىر پەيدا قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە، خۇيزۇ، دۇڭشياڭ، سالار، باۋئەن مىللەتلىرىگىمۇ تارقالغان.

ئالدى بىلەن ئايكۆل سىستېمىسىدىن قارىغاندا، بۇ سىستېمىنىڭ پىر ئۇستازى ئەلى ئاخۇن جەمئىي بەش شاگىرت قوبۇل قىلغان. ئۇنىڭ ئىككىسى ئۇيغۇر بولۇپ، بىرىنىڭ دىنىي ھۆرمەت نامى "تامىر ھارىن"؛ يەنە بىرى قەشقەرلىق بولۇپ، دىنىي ھۆرمەت نامى "ئايدۇللا مەۋلانى". قالغان ئۈچ شاگىرتى خۇيزۇ بولۇپ، ئۇلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا شىنجاڭ، گەنسۇ، چىڭخەيلەردە دىن تارقاتقان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەسىرى چوڭ بولغىنى مافاڭ، ئۇنىڭ دىنىي نامى "ئالىم بىللاھى نۇرمۇھەممەد ئەلى سۇفى"، ھۆرمەت نامى "سۇلتانى ئالەم"، ئۇنىڭ ئەسلى يۇرتى گەنسۇنىڭ ئەنشى ناھىيىسىدىكى داۋەن دېگەن جاي بولغاچقا، ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن يەنە "ئەنشى داۋەنلىك ھەزرەت" دەپ ئاتالغان. مافاڭ چيەنلۇڭنىڭ 20- يىلى (مىلادى 1755- يىلى) ھەربىيگە قاتنىشىپ شىنجاڭغا كەلگەن، ئاقسۇدا تۇرغان مەزگىلدە ئەلى ئاخۇنغا شاگىرت بولۇپ تەلىم ئالغان، كېيىن پىچان، تۇرپان، ئۈرۈمچى، ساۋەن قاتارلىق جايلاردا دىن تارقىتىش بىلەن شۇغۇللانغان. مافاڭمۇ بەش شاگىرت قوبۇل قىلغان، ئۇلارنىڭ ئىككىسى ئۇيغۇر بولۇپ، بىرى پىچاننىڭ لۈكچۈن بازىرىدىن، ئىسمى ئەھمەد سۇفى؛ يەنە بىرى ئىلىلىق، ئىسمى مۇھەممەد قاسىم. قالغان ئۈچى خۇيزۇ: بىرى "يەنسىخەيلىك ھەزرەت"، ئىسمى ماپىي؛ يەنە بىرى "خېيلۇڭجياڭلىق ھەزرەت"، ئەسلى شىنجاڭنىڭ گۇچۇڭ شەھىرىدىن، دىنىي نامى مۇھەممەد ئەلى مۇسا. بۇ ئىككىسىنىڭ دىن تارقىتىشى بىلەن كېيىنكى چاغلاردا شىنجاڭدىكى خۇيزۇلار ئارىسىدا ئايكۆل سىستېمىسىنىڭ ئىككى تارمىقى شەكىللەنگەن. يەنە بىرى "شىنىڭ كاڭچېڭلىق ھەزرەت"،

ئۇ گەنسۇ، نىڭشىيا، چىڭخەي رايونلىرىدا كەڭ كۆلەمدە دىن تارقاتقان، بۇ كېيىنكى چاغلاردا شەكىللەنگەن خۇگمېن مەزھىپىنىڭ مەنبەسى بولغان.

ئەمدى يەكەن سىستېمىسىدىن قارىغاندا، شەيخ ئەۋلىيا بىنا قىلغان مەدرىس (مەزھەپ) شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرگىمۇ تارقالغان.

بېيجۋاڭ مەزھىپى. بۇ گەنسۇدىكى دۇڭشياڭلارنىڭ ئەڭ چوڭ مەزھىپى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسچىسى ماباۋجېن (مىلادى 1772 — 1825-يىللار)،دىنىي نامى "ھەمزە"، دۇڭشياڭ ناھىيىسى چۇنتەي يېزىسىنىڭ بېيجۋاڭ كەنتىدىن. ئۇ ئەسلىدە خۇاسى مەزھىپىنىڭ مۇرىتى بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى جياچىڭنىڭ 5- يىلى (1800- يىلى) خېجۇ رايونىنىڭ جىڭگۇ دېگەن پىرىدىكى ئىسمائىل (جىڭگولۇق ئەما ھەزرەت) بىلەن بىللە شىنجاڭنىڭ يەكەن مەدرىسگە شەيخ ئەۋلىيادىن تەلىم ئالماقچى بولۇپ بارغاندا، شەيخ ئەۋلىيا ئافغانىستانغا كېتىپ قايتمىغانىكەن. جياچىڭنىڭ 17- يىلى (1812- يىلى) ئىككىيلەن يەكەنگە ئىككىنچى قېتىم بېرىپ،شەيخ ئەۋلىيا بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن بىر يىل تەلىم ئالغان.

"شەيخ ئەۋلىيا ماباۋجېن ھارىنىنىڭ (بىلىمى) بىر قەدەر ياخشى ھەم ئىنتايىن ئىخلاسمەن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى مۇرشىدلىققا قوبۇل قىلىپ، خۇپىيەنىڭ تەشەببۇسلىرىنى ۋە ئىبادەتنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنى ئۆگەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇنىڭغا «قۇرئان» ۋە «ھەدىس» نى ئاساس قىلىپ، ‹ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىش›تىن ئىبارەت بەش پەرزنى ئىخلاس بىلەن ئادا قىلىشنى، ئاندىن بەلگىلەنگەن مۇھىم ۋاقىتلار بويىچە ئەتىگەن-ئاخشامدا ‹زىكىر› ئوقۇش ۋە جىم ئولتۇرۇپ ئىستىقامەت قىلىشنى تاپىلىغان. ماباۋجېن قايتىش ۋاقتىدا، ئۇنىڭغا ئىرشات (دىن تارقىتىش گۇۋاھنامىسى) بەرگەن، گۇۋاھنامىگە يەكەن مەدرىسىنىڭ دىن تارقىتىش تارىخى، تەشەببۇسى ۋە ماباۋجېنغا لىڭشيا رايونىدا دىن تارقىتىش ھوقۇقى بېرىلگەنلىكى يېزىلغان. بۇ گۇۋاھنامە ئەرەبچە يېزىلغان بولۇپ ، پەقەت ماباۋجېننىڭ ئۆزىگە خاس ئىكەنلىكى ، باشقىلار ئۇچۇن ئىناۋەتسىز ئىكەنلىكى

ئىزھار قىلىنغان. يەنە ئۇنىڭغا ئاۋۋال مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىش پەرزىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن دىن تارقىتىشقا بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان①."

ما باۋجېن جياچىڭنىڭ 19-يىلى (1814-يىلى) مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىپ، "ھاجى" بولۇپ ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن، ھېلىقى گۇۋاھنامىگە ئاساسەن دىن تارقىتىشقا كىرىشكەن. ئۇنىڭ شاگىرتلىرى غەربىي شىمالنىڭ ھەممە يەرلىرىدە بار ئىدى. ئۇلار "بېيجۇاڭ مەزھىپى" دەپ ئاتىلىپ، خېجۇ رايونىدىكى مۇپتى، چوڭ قۇببە، خۇاسى قاتارلىق چوڭ مەزھەپلەر بىلەن تەڭ قاتاردا تۇرغان. بېيجۇاڭ مەزھىپى روشەن ھالدا ئىمام رەببانى مەزھىپىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىدى، ئۇ سۈننىي مەزھىپىنىڭ ئورتودوكسال ئېتىقادى بويىچە ئىبادەت قىلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، خۇيزۇلار ئىچىدىكى قەدىمىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغاچقا، زور دەرىجىدە راۋاج تاپقان. بۇ مەزھەپنىڭ ھەر ئەۋلاد "ئاقساقال" (ئۇستاز) لىرى يەكەن مەدرىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن بولۇشى شەرت ئىدى، يەكەن مەدرىسى تەرىپىدىن دىن تارقىتىش گۇۋاھنامىسى بېرىلگەندىلا، شاگىرت قوبۇل قىلىپ دىن تارقىتالايتتى. ماباۋجېننىڭ چوڭ ئوغلى ھەسەن (1862-يىلى ۋاپات بولغان) شەيخ ئەۋلىيانىڭ "ئاغزاكى ئۇچۇرى" نى ئالغاندىن كېيىن دىنىي ھوقۇققا ۋارىسلىق قىلغان. ئۈچىنچى ئوغلى يۈسۈپ (1866- يىلى ۋاپات بولغان) ئىككى قېتىم شىنجاڭغا كەلگەن، بىرىنچى قېتىم يەكەندە شەيخ ئەۋلىيانىڭ كۈيئوغلى ھەم ۋارىسى خوجا شەرىپ بىلەن كۆرۈشكەن، ئىككىنچى قېتىم كەلگەندە خوجا شەرىپ ئالەمدىن ئۆتكەن بولغاچقا، ئۇنىڭ قەبرىسى ئالدىدا 40 كۈن ئولتۇرۇپ قۇرئان تىلاۋەت قىلغان. بېيجۇاڭ مەزھىپىنىڭ 3-، 4-، 6- ئەۋلاد ئۇستازلىرى يەكەن مەدرىسىدىن دىن تارقىتىش توغرىسىدا "تەۋسىيە" ئالغان. 5- ئەۋلاد ئۇستاز ماشاۋزۇڭ يەكەن مەدرىسىگە بارمىغانلىقتىن، پەقەت مەزھەپنىڭ مەسئۇلى سۈپىتىدە دىنىي ئىشلارغا

---

① ماتۇڭ: «جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى مەزھەپلىرى ۋە مەزھەپ تۈزۈمىنىڭ قىسقىچە تارىخى».

رەھبەرلىك قىلغان، "ئاقساقال" لىق سالاھىيىتىگە ئىگە بولمىغان، شۇڭا ئۇنىڭ دىن تارقىتىش جەھەتتىكى ئابرويى يۇقىرى ئەمەس ئىدى. بۇنىڭدىن يەكەن دىرىسىنىڭ بىپىجۇاڭ مەزھىپىگە نىسبەتەن ھەل قىلغۇچ تەسىرگە ئىگە ىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ماباۋجېنغا ھەمراھ بولۇپ ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن غەربكە بارغان جىڭگولۇق ئەما ھەزرەتكە كەلسەك، ئۇ ئىچكىرىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ماباۋجېنغا ياردەملىشىپ دىنىي تەلىماتنى تارقاتقان ھەم ئېتىقادچىلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا گۈمبەز ياسالغان، لېكىن ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بىپىجۇاڭ مەزھىپىنى بۆلۈپ تاشلاپ گەنسۇ، نىڭشىيا، چىڭخەيلەردە ئايرىم مەزھەپ قۇرۇپ، "جىڭگو مەزھىپى" دەپ ئاتالغان.

ماباۋجېن بەش چوڭ شاگىرت يېتىشتۈرگەن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۆز ئالدىغا ئىش تۇتۇپ راۋاج تاپقان بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسلا بىپىجۇاڭ سىستېمىسىغا مەنسۇپ ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر تالىپ داۋۇد خەلىپە بولۇپ، ئۇ كېيىن تۇڭجى يىللىرىدا شىنجاڭدا يۈز بەرگەن مۇسۇلمانلار توزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى تومىڭ ئىدى. تومىڭ قۇرغان مەزھەپ بىلەن "لوقمانى" (فامىلىسى ما، خوجا شەرىفنىڭ شاگىرتى) قۇرغان مەزھەپ شىنجاڭدىكى خۇيزۇلارنىڭ يەكەن سىستېمىسىغا تەۋە ئىككى تارماق مەزھىپى ئىدى.

شىنجاڭدىكى خۇيزۇلارنىڭ خۇپىيە مەزھىپى خەلىپىسىز خۇپىيە ۋە خەلىپىلىك خۇپىيە دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. خەلىپىسىز خۇپىيەنىڭ مەسچىتلىرى تەشكىلىي جەھەتتە قەدىمىيە مەزھىپى بىلەن ئوخشاش، خەلىپىلىك خۇپىيەنىڭ ئايرىم ئۇششاق مەزھەپلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەممىسى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئايكۆل سىستېمىسى بىلەن يەكەن سىستېمىسىغا مەنسۇپ ئىدى. بۇ ئىككى چوڭ سىستېمىنىڭ ھەرقايسىسىغا ئۆزىنىڭ خەلىپىلىرى رەھبەرلىك قىلاتتى، مۇرىتلىرى ئادەتتىكى چاغلاردا ئۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەسچىتلىرىدە شەرىئەت دائىرىسىدىكى دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىناتتى، لېكىن يەنە قەرەللىك ھالدا مەدرىس (خانىقا) غا بېرىپ، خەلپىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تەرىقەت ئىبادىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى. خانىقا تەشكىلى مەسچىت ۋە رايون چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايتتى. ئۇنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ ئىدى①.

ئىمام رەببانى مەزھىپىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى خۇيزۇلار ئىچىدە تارقاتقان مەزھەپلىرى ئىچىدە يەنە دىگمېن مەزھىپى بار. بۇ مەزھەپنىڭ ئاساسچىسى دىك شياڭ گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ لىنتاۋ ناھىيىسىدىن ئىدى، ئۇ مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىش پەرزىنى ئادا قىلىپ "ھاجى" بولغانلىقى ئۈچۈن، جياچىڭ يىللىرىدا شىنجاڭدا يۈرۈپ ئىلىم ئۆگەنگەن، يەكەن مەدرىسىدە تەلىم ئالغان، كېيىن لەنجۇ، خېجۇ ئەتراپلىرىدا دىن تارقاتقان، ئۇ قۇرغان مەزھەپ "دىگمېن مەزھىپى" دەپ ئاتالغان.

بۇنىڭدىن باشقا، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى تۇڭگۇي مەزھىپى، ياتۇ مەزھىپى، سالار دىنى قاتارلىق كېيىن قۇرۇلغان مەزھەپلەرنىڭمۇ يەكەن ، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى تەسەۋۋۇپچىلار بىلەن ئالاقىسى بار ئىدى، لىگمىڭتاڭ مەزھىپىنىڭ قۇمۇلدىمۇ تارمىقى بار ئىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى خۇپىيە تەشكىلاتىغا تەۋە ئىدى، يەنە كېلىپ بۇلارنىڭ كۆپى ئىمام رەببانىچىلاردىن تەلىم ئالغانىدى.

ئىمام رەببانىچىلار مەزھىپىنىڭ شىنجاڭ ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردە تارقىلىشىنى جۇڭگودىكى ئىسلام دىنىنىڭ ئورتودوكساللىقىنى گۆللەندۈرۈشتىكى بىر كۈچ دەپ قاراش كېرەك.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭ بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزئارا ئالاقە قىلىشى ۋە ئالماشتۇرۇشىنىڭ مۇھىم رولى ۋە ئەھمىيىتى مۇنداق:

① تەن ۋۇتىي، فۇيوي: «شىنجاڭدىكى خۇيزۇلار مەسچىتى» . ئىبتىشلارغا قارىغاندا، يەكەن سىستېمىسىنىڭ دىنىي ھوقۇقى شەيخ ئەۋلىيا جەمەتى ئىچىدە ۋارىسلىق ئاساسىدا داۋام قىلغان، ۋارىسلىق نەسەبى مۇنداق ئىكەن: شەيخ ئەۋلىيا — خوجا شەرىف — مەسۇم خوجا — نۇرخان خوجا — ئۆمەرخان خوجا — مۇھەممەد خوجا.

بىرىنچى، بۇنداق ئالاقە ۋە ئالماشتۇرۇش ئەينى چاغدا شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزئارا ئىلىم ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇشى جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇشىغىمۇ تۈرتكە بولغان. بەزى ئىسلام ئۆلىمالىرى مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ:

"جۇڭگودا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئون مىللەت بار. رايون پەرقى، مىللەتلەرنىڭ ئوخشىماسلىقى ئومۇمەن مۇنداق ئىككى خىل تىپ بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ: شىنجاڭ بىر خىل تىپ بولۇپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغىنى ئاساسەن ئالتە مىللەت... گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي ۋە باشقا ئۆلكە (رايون) لاردىكى مۇسۇلمانلار يەنە بىر خىل تىپقا كىرىدۇ. خۇيزۇ، دۇڭشياڭ، باۋئەن، سالاردىن ئىبارەت تۆت مىللەت ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ."

بۇ ئىككى خىل تىپنىڭ پەرقلىنىشى ئوخشاش بولمىغان رايونلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە كۆرسەتكەن تەسىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شىنجاڭ تارىخىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئالتە مىللەت (ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار، تاجىك) بولۇپ، "ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەزى مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق بولغاچقا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان①". تاجىكلاردىن باشقا بەش مىللەتنىڭ ھەممىسى تۈركىي تىللىق مىللەت بولۇپ، ئۇلاردا تۈرك —ئىسلام ئالاھىدىلىكى روشەن ئىپادىلەنگەن. ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان تۆت مىللەت بولسا "ئەرەب، بولۇپمۇ خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ بىر قەدەر چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان②" . چىڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرى، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئىككى خىل ئىسلام تىپى ئوتتۇرىسىدا خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە كەڭ ئالماشتۇرۇش بولغان بولسىمۇ، لېكىن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، سۇفىزم تەشكىلاتلىرىنىڭ تارقىلىپ كىرىشىگە ئەگىشىپ، دىنىي ئىلىم، مەدەنىيەت تۇرمۇشى جەھەتتىكى بۇ خىل ئالاقە، ئالماشتۇرۇشلار تېخىمۇ

---

① ماتوۋلاڭ: «جۇڭگودىكى ئىسلام دىنىي مەزھەپلىرى ۋە مەزھەپ تۈزۈمىنىڭ قىسقىچە تارىخى»
② يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.

قويۇقلاشقان. بىرىنچىدىن،شىنجاڭ ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى مۇسۇلمانلار قوللانغان دىنىي كىتابلار يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ يۇرۇشتۇرۇلگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا، گېرمانىيىلىك شەرقشۇناس مارتىن خارتمان شىنجاڭنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى مۇسۇلمانلار قوللىنىۋاتقان دىنىي كىتابلار ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، قەشقەر ۋە يەكەن رايونىدا قوللىنىۋاتقان 25 قىسىم (22 خىل) ئىسلام دىنى كلاسسىك كىتابلىرىنىڭ كاتولوگىنى تۈزۈپ چىققان، بۇنىڭ ئىچىدە ئىچكى ئۆلكىلەردىكىگە ئوخشاش بولغىنى جەمئىي 19 قىسىم (16 خىل) بولۇپ، خارتمان تۈزۈپ چىققان كاتولوگنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلىگەن. بولۇپمۇ سۇفىزمنىڭ ئىككى مۇھىم ئەسىرى — رۇمى يازغان «مەسنەۋى شېرىپ»، ئىمام رەببانى يازغان «مەكتۇبات» شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەردە كەڭ تارقالغان. ئىككىنچىدىن، دىنىي مەدەنىيەت، مەسىلەن، مىمارچىلىق سەنئىتىدىن قارىغاندا، شىنجاڭدىكى ئىسلام بىنالىرى (مەسچىت، مازارلار) ئەزەلدىن روشەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام بىناكارلىق ئۇسلۇبىغا ئىگە ئىدى؛ لېكىن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ مىمارچىلىق سەنئىتىنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرىغان. بۇ شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەن خۇيزۇلارنىڭ مەسچىت بىنالىرىدا ئىپادىلىنىپلا قالماي، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قايتا ياسالغان بەزى يەرلىك قۇرۇلۇشلار، مەسىلەن، سۇلتان ئۇۋەيس مازىرىنىڭ قۇرۇلۇشىدىمۇ ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ئۇسلۇبى قوللىنىلغان. ئۈچىنچىدىن، مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىدىن ئالغاندىمۇ، ئېلىمىزدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تەرەققىياتنى باشتىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھېيت-ئايەم، قائىدە-رەسىملىرى، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، نىكاھ-توي، ئۆلۈم ئۇزىتىش قاتارلىق ئىشلىرى قېلىپلىشىشقا يۈزلەنگەن، ئۇنىڭ بەزىلىرى ئورتاق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان. مەسىلەن، ھەرقايسى مىللەت مۇسۇلمانلىرى روزا ھېيت، قۇربان ھېيتتىن ئىبارەت ئىككى ئاساسلىق بايرامنى ئوخشاش تەبرىكلىگەندىن باشقا، "جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىكى

مۇسۇلمانلارنىڭ دۇئا-تەكبىر، بارات ئايىمى قاتارلىق ئىشلىرىنىڭ شىنجاڭدىن تارقىلىپ بارغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.①"

ئىككىنچى، ئېلىمىزدىكى ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشكە پايدىلىق بولغان.

جۇڭگونىڭ مۇسۇلمانلار رايونىدا مىڭ سۇلالىسىدىن بۇيان يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان فېئوداللىق ئىقتىسادىي بازىسىنىڭ ئورنىتىلىشى، خۇيزۇ، سالار، دۇڭشياڭ مىللەتلىرىنىڭ ئۆزلىرى ئورتاق گەۋدە بولۇپ شەكىللىنىشى، ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى بىلەن ئېلىمىزدىكى كۇڭزى ئەقىدىسى، بۇددا دىنى ۋە تويىن دىنلىرىنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى، ئېتىكا-ئەخلاق قارىشى بىرلەشتۈرۈلگەن فېئوداللىق ئىدېئولوگىيىنىڭ بارلىققا كېلىشى، بىر تەرەپتىن، ئىسلام دىنى بىلەن ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغۇچى مىللەتلەرنى بىر-بىرىگە چىپسىلاشتۇرغان، مىللەتنىڭ پىسخىكىلىق سۈپىتى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت تەرەققىياتى دىنىنىڭ يەنىمۇ راۋاجلىنىشىنى تەلەپ قىلغان؛ يەنە بىر تەرەپتىن، مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا سىنىپىي بۆلۈنۈش بولغانلىقتىن، فېئودال پومېشچىكلار سىنىپىمۇ ئۆز مەنپەئەتىنى ئاساس قىلىپ، دىندىن پايدىلىنىش، ئۇنى ئۆزگەرتىش ۋە گۈللەندۈرۈشنى تەلەپ قىلغان. شۇڭا، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە مەدرىس مائارىپىنى جانلاندۇرۇش، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر ئارىسىدا ئىسلام دىنى كىتابلىرىنى خەنزۇ يېزىقىغا تەرجىمە قىلىش پائالىيەتلىرى بارلىققا كەلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە سۇفىزم تەلىماتى خېلى زور سالماقنى ئىگىلىگەن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭدىكى ئىسلام تەسەۋۋۇپچىلىقىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقىلىشى سۇفىزمنى نەزەرىيىۋى تەشۋىقاتتىن ئىجتىمائىيلاشقان "مەزھەپ" تەشكىللەش ئەمەلىيىتىگە ئۆتۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان، ئىلگىرىكى قەدىمىيە مەزھىپىنىڭ مەسچىت تۈزۈمىدە ئۆزگىرىش پەيدا قىلغان، مەسچىتلەر مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ

---

① ياپونىيىلىك زوكۇتو يازغان، لىن سوڭجۇن تەرجىمە قىلغان: «XVIII – XIX ئەسىردىكى شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، 2-قىسىم، 640-بەت.

تۇرىدىغان تۈزۈم بۇزۇپ تاشلىنىپ، مەسچىتلەرنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتى تۇرغۇزۇلغان؛ جەھرىيە قاتارلىق مەزھەپلەرمۇ مەسچىتلەرگە ئاخۇن تەكلىپ قىلىش تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىپ، ئاخۇنلارنى ھەرقايسى مەزھەپ مۇرشىدلىرى تەيىنلەش تۈزۈمىنى يولغا قويغان. لېكىن، خېلى بۇرۇنلا شىنجاڭدىكى ئىشان-خوجىلارنىڭ دىنىي ئىمتىيازغا ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان خۇپىيەگە مەنسۇپ خۇاسى قاتارلىق مەزھەپلەردە دەسلەپتىن تارتىپ فېئوداللىشىش بىخى ئۈنۈپ چىققانلىقى، مەزھەپ ئۇستازلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جەمەتلىرى كۆپلەپ بايلىق توپلاپ، يەر-زېمىنلارنى قوشۇۋېلىپ، سىياسىي، دىنىي جەھەتتە ۋارىسلىق ئىمتىيازىنى راۋاجلاندۇرغانلىقى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە سىنىپىي بۆلۈنۈش جىددىيلىشىپ، نامرات مۇسۇلمان پۇقرالارنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە مامىڭشىن غەربكە ئىلىم ئېلىش ئۈچۈن ماڭغاندا،"مەزھەپ تۈزۈمىنى بىكار قىلىشقا بەل باغلاپ،دىن بولسا ئومۇمنىڭ، ئۇنى خۇسۇسىينىڭ قىلىۋالسا قانداق بولىدۇ، دېگەن ".① ئۇ ئىچكىرىگە قايتقاندىن كېيىن، "يېڭى دىن" ئىجاد قىلىپ، "ئاللا ئۈچۈن دىننى راۋاجلاندۇرۇش"، "پەيغەمبەر ئۈچۈن دىن تارقىتىش" نى تەشۋىق قىلغان؛ دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشقا دانىشمەنلەرنى تاللاپ قويۇشنى قۇۋۋەتلەپ، قارا-قويۇق ۋارىسلىق قىلىشقا قارشى تۇرغان؛ خەتمقۇرئان قىلىشتا ھەشەمەتچىلىك، ئىسراپخورلۇق قىلماي، ئاددىي-ساددا ۋە تېجەشلىك ئىش كۆرۈشنى تەكىتلىگەن؛ بۇ مەزھەپ "دىنغا كىرگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىگە ماددىي ياردەم بېرىلىدۇ "② دەپ بەلگىلىگەن، بۇ تەشەببۇس ۋە تەدبىرلەر نامرات مۇسۇلمانلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. ئەمما، مامىڭشىنىڭ ئەينى چاغدىكى دىنىي ئىسلاھاتى مۇقەررەر ھالدا فېئودال ھۆكۈمرانلىقىنىڭ نېگىزىگە بېرىپ تاقىلىدىغان بولغاچقا، باستۇرۇشقا ئۇچرىغان. "يېڭى دىن" نىڭ ئۆزىمۇ تارىخىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىقى

---

① «گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەينىڭ قىسقىچە تارىخى»، 18 — جىلد.
② «شۈنخۇا تەزكىرىسى».

مۇمكىن ئەمەس ئىدى. جەھرىيە مەزھىپى دەسلەپتە دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشقا دانىشمەنلەرنى قويغان بولسىمۇ، كېيىن دىنىي ھوقۇقتا ئەۋلادلىرى ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. شۇنداق قىلىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئېلىمىزدە ئىسلام دىنى مەزھەپ تۈزۈمى تولۇق شەكىللىنىپ، چوڭ ئاخۇن، قوشۇمچە يومېشچىكلار سىنىپىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان قورالغا ئايلانغان. XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىلىدە ئىمام رەببانى مەزھىپىنىڭ تارقىلىپ كىرىشى ئارقىسىدا، ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلى تەلىماتى گۈللىنىشكە باشلىغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە، ئىخۋانىيە مەزھىپى "قۇرئانغا ئەمەل قىلىپ، كونا ئادەتنى ئۆزگەرتىش" نى تەشەببۇس قىلغان، ئەۋلىيالارغا، ئەۋلىيالارنىڭ قەبرىسىگە چوقۇنۇشقا قارشى تۇرغان، بىدئەتلىكنى تەنقىدلەپ، مەزھەپلەرنىڭ نۇقسان-ئىللەتلىرىنى تۈگىتىشكە ئىنتىلگەن. بۇ پائالىيەتلەرمۇ شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ دىن ئالماشتۇرۇشى داۋامىدا ئالغا سۈرۈلگەن ۋە راۋاجلانغان.

ئۈچىنچى، ئېلىمىزدىكى ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىسلام دىنى جەھەتتىكى ئالاقىسىنى كۈچەيتكەن، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاقلىقىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىسلام دىنىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشىدا شىنجاڭ رايونى بىلەن ئىچكىرىنىڭ غەربىي شىمال ئۆلكە، رايونلىرى ۋە مۇسۇلمان نوپۇسى كۆپ بولغان ئۇيغۇرلار بىلەن خۇيزۇلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەملىكىتىمىزنىڭ مۇسۇلمان ئاھالىسى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان باشقا رايونلىرى ۋە مىللەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە، ئالماشتۇرۇشنىمۇ يېتەكلەپ، ھەرقايسى رايونلار ۋە ھەرقايسى مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۆزئارا تونۇشۇشى ۋە چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئىدىيە، مەدەنىيەتنىڭ ئۆزئارا سىڭىشىشى ۋە مەزھەپلەرنىڭ ئۆزئارا تەلىمات تارقىتىشى ئارقىسىدا، جۇڭگودىكى ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىياتىدا بىرلىككە

قاراپ يۈزلىنىش ئالاھىدىلىكى شەكىللەنگەن.

بىرىنچىدىن، مەزھەپ تەۋەلىكى جەھەتتە ئايرىم مىللەت شىئە ئېتىقادىنى ساقلاپ قالغان (تاجىكلار شىئە مەزھىپىنىڭ ئىسمائىلىيە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ) دىن باشقا، مۇتلەق كۆپ سانلىقى مىللەتلەرنىڭ ئېتىقادى سۈننىي مەزھىپىگە مەنسۇپ.

"غەربىي شىمال رايونىدا، مەيلى قەدىمىيە بولسۇن ياكى ھەرقايسى مەزھەپلەر ۋە ئىخۋانىلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سىرتقا ئۆزلىرىنى ھەنەفىيە فىقھىسىگە مەنسۇپ دەپ ئاتايدۇ. ھەنەفىيە فىقھىسى ئەسلى سۈننىي مەزھىپىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ مەزھەپلىرىدىن ئېيتقاندا، ئەلۋەتتە سۈننىي مەزھىپى ھېسابلىنىدۇ."[1]

شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مۇسۇلمانلىرىمۇ سىرتقا ئۆزلىرىنى "چوڭ ئىمام مەزھىپى" دەپ ئاتايدۇ، ئەمەلىيەتتە،ئۇلار ھەنەفىيە فىقھىسىگە مەنسۇپ، فىقھى بىلەن مەزھەپ ئوخشاش بىر ئۇقۇم بولمىسىمۇ، مەزھەپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، شۈبھىسىزكى، ئۇلارمۇ ئىچكى ئۆلكىلەردىكىگە ئوخشاش سۈننىي مەزھىپىگە مەنسۇپ.

ئىككىنچىدىن، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئىسلام دىنىدىمۇ شىئە مەزھىپىنىڭ ئامىللىرى بار. بۇ «چىڭ دەۋرىدىكى غەيرىي رەسمىي خاتىرىلەر» دە ئىسپاتلانغان. يەنە كېلىپ، "بۇ دىن، ئەمەلىيەتتە، پېرسىيەدىن ھىندىستانغا، ئاندىن جەنۇبتىكى دېڭىز ياقىسى رايونلىرىغا، ئاندىن گۇاڭدۇڭغا تارقالغان؛ يەنە بىرى، پېرسىيەدىن ئافغانىستانغا، ئاندىن ئۇيغۇرلار رايونىغا، ئۇ يەردىن گەنسۇ، شەنشىگە تارقالغان، بۇ قۇرۇقلۇق يولىدۇر. بۈگۈنكى كۈندە ماڭغۇچىلار كۆپىنچە قۇرۇقلۇق يولى بىلەن ماڭىدۇ."[2]

ئۈچىنچىدىن، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەردىكى سوفىزمچىلار

---

① شۈۋېنبو: «شىئە مەزھىپىنىڭ جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى سۈننىي مەزھىپىگە بولغان تەسىرى»، «جىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جۇڭگونىڭ ئىسلام دىنىغا دائىر ماقالىلار توپلىمى»، نىڭشيا پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات ئورنى، 1981 — يىل.

② ئالدىنقى بەتتىكى ئىزاھقا قاراڭ.

ئوخشاش بولمىغان رايون ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولسىمۇ، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى مەزھەپلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد، دىنىي تۈزۈم، دىنىي تەشكىلات شەكلى جەھەتلەردىكى ئاساسىي خۇسۇسىيىتى شىنجاڭدىكى تەسەۋۋۇپچىلاردىن ماھىيەت جەھەتتە پەرقلەنمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى بەزى مەزھەپلەرنىڭ شىنجاڭدىكى سۇفىزمچىلار بىلەن تەشكىلىي جەھەتتىمۇ بىۋاستە باغلىنىشى بولغان.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، جۇڭگودىكى ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭ ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىن ئىبارەت رايون خاراكتېرىگە ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشى ۋە ئومۇمىي گەۋدە جەھەتتە بىرلىككە قاراپ يۈزلىنىشىنىڭ بارلىققا كېلىشى جۇڭگونىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدىكى ھەم ھەرقايسى مىللەتتىن بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا سىڭىشىش، ئىناق ئۆتۈشتىن ئىبارەت تارىخىي ئەنئەنىسى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاقلىقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# چوڭ ئىشلار يىلنامىسى

**ھىجرىيە 1 ـ يىلى مىلادى 622 ـ 623 ـ يىلى تاڭ گاۋزۇڭنىڭ ۋۇدې 5 ـ 6 ـ يىلى**

ئىسلام دىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بارلىققا كەلگەن. ئىسلام دىنىنىڭ تارىخ ئېراسى ـ ھىجرىيە باشلانغان.

**ھىجرىيە 30 ـ 31 ـ يىلى مىلادى 651 ـ يىلى تاڭ گاۋزۇڭنىڭ يۇڭخۇي 2 ـ يىلى**

تازى (ئەرەب ئىمپېرىيىسى) تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ تارتۇق يوللىغان، ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئادەتتە بۇنى ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئەڭ بۇرۇن كىرگەنلىكىنىڭ ئالامىتى، دەپ قارايدۇ.

**ھىجرىيە 94 ـ 95 ـ يىلى مىلادى 713 ـ يىلى تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ كەييۈەن تۇنجى يىلى**

ئەرەب ئەمىر لەشكىرى قۇتەيبە سوغدىيانا (سەمەرقەند) نى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتكەن، شۇ سەپەردە يول ئۈستىدە ئۆلگەن ۋە قەشقەردە دەپنە قىلىنغان ئىسلام دىن تارقاتقۇچىلىرىمۇ بولغان.

**ھىجرىيە 320 ـ يىلى مىلادى 932 ـ يىلى كېيىنكى تاڭ سۇلالىسى مىڭزۇڭنىڭ چاڭشىڭ 3 ـ يىلى**

قاراخانىيلار خانى ساتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، كېيىن خانلىق تەختىنى تارتىۋېلىپ، قاراخانىيلار خانلىقىنى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ تۇنجى ئىسلام خانلىقى قىلىپ قۇرغان.

**ھىجرىيە 347 ـ يىلى مىلادى 958 ـ يىلى ئۇدۇن خانلىقىنىڭ تيەنشىڭ 9 ـ يىلى**

ئۇدۇن خانى (خوتەن خانى) ۋسارا تەگرىخان (لى شېڭتيەن) ئۆزى قوشۇن باشلاپ سۇلې (قەشقەر)گە جازا يۈرۈشى قىلغان.

**ھىجرىيە 349 - يىلى مىلادى 960 - يىلى كېيىنكى جۇ سۇلالىسىنىڭ شيەندې 7 - يىلى**

تەخمىنەن 200 مىڭ چېدىرلىق تۈركىي تىللىق چارۋىچى ئاھالە ئىسلام دىنىغا كىرگەن، بۇ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىدى.

**ھىجرىيە 351 - يىلى مىلادى 962 - يىلى ئۇدۇن خانلىقىنىڭ تيەنشىڭ 13 - يىلى**

ئۇدۇن خانى ۋسارا تەگرىخان سۇلېغا يەنە بىر قېتىم جازا يۈرۈشى قىلغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى تەرەپ ئۈزلۈكسىز ئۇرۇشقان، ئۇدۇن قوشۇنى سۇلې شەھرىنى بىر مەھەل ئىشغال قىلغان.

**ھىجرىيە 397 - يىلى مىلادى 1006 - يىلى شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ جىڭدې 3 - يىلى**

قاراخانىيلار خانى يۈسۈپ قادىرخان قوشۇن باشلاپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئۇدۇننى ئىشغال قىلغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئىسلام دىنى بۇددا دىنىنىڭ ئۇدۇندىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلىگەن.

**ھىجرىيە 461 - يىلى مىلادى 1068 - يىلى شىمالىي سۇڭ پادىشاھى شېنزۇڭنىڭ شىنىڭ تۇنجى يىلى**

قاراخانىيلار خانلىقى شەرقىي ۋە غەربىي خانلىق بولۇپ رەسمىي بۆلۈنۈپ كەتكەن.

**ھىجرىيە 462 - يىلى مىلادى 1069 - 1070 - يىلى شىمالىي سۇڭ پادىشاھى شېنزۇڭنىڭ شىنىڭ 2 - 3 - يىلى**

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى يازغان.

**ھىجرىيە 466 - يىلى مىلادى 1074 - يىلى شىمالىي سۇڭ پادىشاھى شېنزۇڭنىڭ شىنىڭ 7 - يىلى**

مەھمۇد قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى» نى يازغان.

**ھىجرىيە 526 - يىلى مىلادى 1131 - يىلى قاراقىتان پادىشاھى دىزۇڭنىڭ يەنچىڭ 8 - يىلى**

قىتان ئاقسۆڭەكلىرىدىن يوللىغ تاشىن غەربكە يۈرۈش قىلىپ، كېرمان دېگەن جايدا ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلاپ، قاراقىتان (غەربىي لياۋ) خاندانلىقىنى قۇرغان، كېيىن شەرقىي ۋە غەربىي قاراخانىيلار خانلىقى ئارقا - ئارقىدىن قاراقىتان خاندانلىقىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالغان.

**ھىجرىيە 608 - يىلى مىلادى 1211 - يىلى قاراقىتاننىڭ ئاخىرقى پادىشاھى (جىرۇق) نىڭ تيەنشى 34 - يىلى**

نايمان خانى كۈچلۈك يوللىغ جىرۇقنىڭ خانلىق ئورنىنى تارتىۋالغان ۋە شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىنى يوقىتىپ، ئىسلام دىنىغا يۇقىرى بېسىم سىياسىتىنى قوللانغان.

**ھىجرىيە 614 - يىلى مىلادى 1218 - يىلى موڭغۇل تەيزۇسى (چىڭگىزخان) نىڭ 13 - يىلى**

چىڭگىزخان چوڭ سانغۇن جەبەنوياننى كۈچلۈككە جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتكەن، قاراقىتان خاندانلىقى يوقىتىلغان، كېيىنكى يىلى چىڭگىزخاننىڭ ئۆزى غەربىي يۇرتقا يۈرۈش قىلغان.

**ھىجرىيە 622 - يىلى مىلادى 1225 - يىلى موڭغۇل تەيزۇسى (چىڭگىزخان) نىڭ 20 - يىلى**

چىڭگىزخان ئوغۇللىرىغا تۆت چوڭ خانلىقنى سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن، چاغاتاي قاراقىتانلارنىڭ بۇرۇنقى يېرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، يالۋاچ، مەسئۇت قاتارلىق مۇسۇلمان ئەمەلدارلارنى ئۇ يەرلەرنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىگەن.

**ھىجرىيە 679 - يىلى مىلادى 1280 - يىلى يۈەن شىزۇ (قۇبلاي) نىڭ جىيۈەن 17 - يىلى**

يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بېشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس

قىلىپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي يۇرتقا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتكەن، غەربىي يۇرتتىكى مۇسۇلمانلار يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە كۆپ جەھەتلەردىن تەرەققىي قىلغان.

**ھىجرىيە 748 ـ يىلى مىلادى 1347 ـ 1348 ـ يىلى يۈەن سۇلالىسى پادىشاھى شۈندىنىڭ جىجېڭ 7 ـ 8 ـ يىلى**

چاغاتاي خانلىقى شەرقىي ۋە غەربىي قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتكەن، تۇغلۇق تۆمۈر شەرقىي چاغاتاي خانى قىلىپ تىكلەنگەن، ئۇ مەۋلانە ئەرشىدىن خوجىنىڭ دالالىتىنى قوبۇل قىلىپ، شىنجاڭ تارىخىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان تۇنجى موڭغۇل خانى بولۇپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ كۈچى ۋە ئۇنىڭ شەرقىدىكى رايونلارغا تارقىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

**ھىجرىيە 791 ـ يىلى مىلادى 1388 ـ يىلى مىڭ تەيزۇنىڭ 21 ـ يىلى**

خىزىر خوجا بېشبالىقنى پايتەخت قىلغان، ئۇ تەختتە تۇرغان مەزگىلدە، تۇرپان رايونىغا ئاتالمىش «غازات» جىڭى قوزغىغان ۋە ئاخىر تۇرپاندىكى جەڭدە ئۆلگەن.

**ھىجرىيە 810 ـ يىلى مىلادى 1407 ـ 1408 ـ يىلى مىڭ چېڭزۇنىڭ يۇڭلې 5 ـ 6 ـ يىلى**

مەھمۇدخان ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغاندا، زورلۇق ۋاسىتىسى ئارقىلىق كۆپ ساندىكى موڭغۇللارنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزگەن.

**ھىجرىيە 840 ـ يىلى مىلادى 1437 ـ يىلى مىڭ يىڭزۇڭنىڭ جېڭتۇڭ 2 ـ يىلى**

شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ قوراللىق كېڭەيمىچىلىكى تۈپەيلىدىن، تۇرپاندىكى بۇددا راھىب كالانى گاڭ فوشيەن بېيجىڭغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان، شۇنىڭ بىلەن بۇددىزىم كۈچلىرى تۇرپاندىن چېكىنىپ چىققان، ئۇنىڭ ئورنىنى ئىسلام دىنى ئىگىلىگەن.

**ھىجرىيە 878 ـ يىلى مىلادى 1473 ـ يىلى مىڭ شيەنزۇڭنىڭ**

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

**چېڭخوا 9 - يىلى**

تۇرپان سۇلتانى ئەلى (يۇنۇسخان) مىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇمۇل ساقىسىغا ھۇجۇم قىلغان.

**ھىجرىيە 919 - يىلى مىلادى 1513 - يىلى مىڭ ۋۇزۇڭنىڭ جېڭدې 8 - يىلى**

مەنسۇرخان قۇمۇلنى ئىشغال قىلغان، ئىسلام دىنى بۇ رايوندا ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىگەن.

**ھىجرىيە 920 - يىلى مىلادى 1514 - يىلى مىڭ ۋۇزۇڭنىڭ جېڭدې 9 - يىلى**

سۇلتان سەئىدخان يەكەن خانلىقىنى قۇرغان، ئۇ تەختتە تۇرغان مەزگىلدە، نەقشبەندىيە سۇلۇكىنىڭ ئىشانى خوجا ئەخرارنىڭ ئەۋلادى خوجا نۇرى بىلەن خوجا يۇسۇپ يەكەن خانلىقىغا كېلىپ دىن تارقاتقان.

**ھىجرىيە 940 - يىلى مىلادى 1533 - يىلى مىڭ شىزۇڭنىڭ جياجىڭ 12 - يىلى**

سۇلتان ئابدۇرېشىتخان خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان، خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ ئابدۇرېشىتخان دەۋرىدە قەشقەرگە كېلىپ ئۇۋەيسى سۇلۇكىنى قۇرغان.

**ھىجرىيە 967 - يىلى مىلادى 1559 - يىلى مىڭ شىزۇڭنىڭ جياجىڭ 38 - يىلى**

ئابدۇركېرىمخان تەختكە چىققان. ئۇ تەختتە تۇرغان مەزگىلدە، تەخمىنەن 1580 - يىلى ئەتراپىدا ئىسھاق خوجىنى يەكەن خانلىقىغا تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن. لېكىن، خان خوجا بىلەن كېلىشەلمىگەنلىكتىن، خوجىنى قوغلاپ چىقارغان. ئىسھاق خوجا قازاق، قىرغىز رايونلىرىغا بېرىپ دىن تارقاتقان ۋە مەھمۇد سۇلتانىنىڭ مەنىۋى ئۇستازى بولغان.

**ھىجرىيە 1030 - يىلى مىلادى 1620 - يىلى مىڭ گۇاڭزۇڭنىڭ تەيچاڭ تۇنجى يىلى**

ئىشان كالاننىڭ ئوغلى مۇھەممەد يۇسۇپ قەشقەرگە كېلىپ دىن تارقاتقان، ئۇ ئىسھاق خوجىنىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن پۈت تىپىشكەن، نەتىجىدە ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىقتىن ئىبارەت قارىمۇقارشى ئىككى چوڭ دىنىي گۇرۇھ شەكىللەنگەن.

**ھىجرىيە 1080 - يىلى مىلادى 1670 - يىلى چىڭ شىخزۇ كاڭشىنىڭ 9 - يىلى**

ئىسمائىلخان ئابدۇللاخاننىڭ ئوغلى يولۋاسخاننى يېڭىپ، يەكەننىڭ ھۆكۈمرانى بولغان. ئاق تاغلىقلارنىڭ سەردارى ئاپپاق خوجا (ھىدايىتۇللا) يەكەن خانلىقىدىن قېچىپ چىقىپ، ئىچكىرىنىڭ غەربىي شىمال رايونلىرىدا سۇفىزمنىڭ خۇپپىيە تەلىماتىنى تارقىتىپ، "پەيغەمبەرنىڭ 25 - ئەۋلادى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كەلگەن" دېگەن رىۋايەتنى قالدۇرغان.

**ھىجرىيە 1090 - يىلى مىلادى 1680 - يىلى چىڭ شىخزۇ كاڭشىنىڭ 19 - يىلى**

ئاپپاق خوجا تىبەتكە بارغان، دالاي لامانىڭ تەۋسىيە قىلىشى ئارقىلىق، جۇڭغار خانى غالداندىن قوشۇن چىقىرىپ يەكەن خانلىقىنى يوقىتىشنى تەلەپ قىلغان.

**ھىجرىيە 1092 - يىلى مىلادى 1682 - يىلى چىڭ شىخزۇ كاڭشىنىڭ 21 - يىلى**

غالدان دەسلەپ ئۆزى تەيىنلىگەن يەكەن خانى ئابدۇرىشىتنى ئەمەلدىن قالدۇرغان، ئاپپاق خوجا جۇڭغارلارنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە جەنۇبىي شىنجاڭدا ئاق تاغلىق خوجىلار ھاكىمىيىتىنى تىكلىگەن.

**ھىجرىيە 1102 - يىلى مىلادى 1690 - يىلى چىڭ شىخزۇ كاڭشىنىڭ 29 - يىلى**

مۇھەممەد ئىمىن كاڭشىنىڭ ئۆزى قوشۇن باشلاپ غالدانغا جازا يۈرۈشى قىلغان پەيتتىن پايدىلىنىپ، تۇرپاندىن يەكەنگە كېلىپ، ئۆزىنى خان دەپ ئاتىغان، ئاپپاق خوجا نائىلاج تەختتىن چۈشكەن.

**ھىجرىيە 1103 - يىلى مىلادى 1692 - يىلى چىڭ شېڭزۇ كاڭشىنىڭ 31 - يىلى**

مۇھەممەد ئىمىن ئۆلتۈرۈلگەن، ئاپپاق خوجا قايتىدىن ھۆكۈمرانلىق تەختىگە چىقىپ، ئۆز ئوغلى يەھيانى خان دەپ جاكارلىغان.

**ھىجرىيە 1105 - يىلى مىلادى 1694 - يىلى چىڭ شېڭزۇ كاڭشىنىڭ 33 - يىلى**

ئاپپاق خوجا ئۆلگەن، شۇنىڭ بىلەن ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ ئوردىسى قالايمىقانلىشىپ، بىر - بىرىنى قىرغىن قىلىشقان، مۇھەممەد ئىمىن (ئاقۋاش خان) بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئەھمەد سۇلتان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يەكەنگە كېلىپ ھوقۇق تارتىۋالغان.

**ھىجرىيە 1108 - يىلى مىلادى 1696 - يىلى چىڭ شېڭزۇ كاڭشىنىڭ 35 - يىلى**

قۇمۇلدىكى ئەبەيدۇللا تارخان بەگ بېيجىڭغا ئەلچى ئەۋەتىپ، چىڭ سۇلالىسىگە چىن كۆڭلى بىلەن بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

**ھىجرىيە 1109 - يىلى 1697 - يىلى چىڭ شېڭزۇ كاڭشىنىڭ 36 - يىلى**

سېۋىن ئاراۋدان جوڭغارنىڭ خانلىق تەختىگە چىققان، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، جەنۇبىي شىنجاڭغا قوشۇن تارتىپ، يەكەن خانى (ئەھمەد سۇلتان) نى ئەسىر قىلىپ ئىلىغا ئېلىپ كەتكەن، ھەرقايسى شەھەرلەرنى يەنىلا ئاق تاغلىق خوجىلارغا تاپشۇرغان ۋە يەرلىك ھەربىي ئاقسۆڭەكلەرنى ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ ھاكىملىقىغا بىۋاستە تەيىنلىگەن. قارا تاغلىق خوجىلاردىن دانىيال يەكەنگە قايتىپ كەلگەنلىكتىن، ئىككى گۇرۇھ خوجىلار ئوتتۇرىسىدا يەنە تىركىشىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن.

**ھىجرىيە 1125 - يىلى مىلادى 1713 - يىلى چىڭ شېڭزۇ كاڭشىنىڭ 52 - يىلى**

سېۋىن ئاراۋدان جەنۇبىي شىنجاڭغا ئىككىنچى قېتىم يۈرۈش قىلىپ،

ئىككى گۇرۇھتىكى خوجىلارنى بىرلىكتە ئىلىغا ئېلىپ ماڭغان، قەشقەر، يەكەن خەلقى كۆرسەتكەن بىتەرەپ ئىك خوجىنى ھاكىم قىلىپ تەيىنلىگەن.

**ھىجرىيە 1132 ـ يىلى مىلادى 1720 ـ يىلى چىڭ شېڭزۇ كاڭشىنىڭ 59 ـ يىلى**

سېۋىن ئارۇبدان قارا تاغلىق خوجا دانىيالنى جەنۇبىي شىنجاڭغا قايتۇرۇپ، ئاقسۇ، يەكەن، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق شەھەرلەرنى باشقۇرۇشقا قويغان، ئۇنىڭ ئوغلى خوجا جاھاننى بارىمتاي قىلىپ تۇتۇپ قالغان.

شۇ يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى جۇڭغارغا جازا يۈرۈشى قىلغان، تۇرپاندىكى ئىمىن خوجا چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان.

**ھىجرىيە 1148 ـ يىلى مىلادى 1735 ـ يىلى چىڭ شىزۇڭ يۇڭجېڭنىڭ 13 ـ يىلى**

دانىيال خوجا ئۆلگەندىن كېيىن، خوجا جاھان قارا تاغلىقلارنىڭ دىنىي ھوقۇقىغا ۋارىسلىق قىلغان، غالدان سېرىن دانىيالنىڭ تۆت ئوغلىنى تۆت شەھەرنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىگەن.

**ھىجرىيە 1163 ـ مىلادى 1750 ـ يىلى چىڭ گاۋزۇڭ چيەنلۇڭنىڭ 15 ـ يىلى**

ئىمام رەببانى مەزھىپى XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ شىنجاڭدا تارقىلىشقا باشلىغان ۋە ئېلىمىزدىكى خۇيزۇلارغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن.

**ھىجرىيە 1168 ـ يىلى مىلادى 1755 ـ يىلى چىڭ گاۋزۇڭ چيەنلۇڭنىڭ 20 ـ يىلى**

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتىپ، جۇڭغارلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاياغلاشتۇرغان.

**ھىجرىيە 1173 ـ يىلى مىلادى 1759 ـ يىلى چىڭ گاۋزۇڭ چيەنلۇڭنىڭ 24 ـ يىلى**

چىڭ سۇلالىسى چوڭ ـ كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنجىتىپ، پۈتۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەن.

ما مىڭشىن يەمەندە ئوقۇشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ ئارقىلىق ئىچكى ئۆلكىلەرگە قايتىپ، يېڭى دىن (جەھرىيە مەزھىپى) نى ئىجاد قىلغان.

**ھىجرىيە 1174 - يىلى مىلادى 1760 - يىلى چىڭ گاۋزۇڭ چيەنلۇڭنىڭ 25 - يىلى**

ئىك خوجىنىڭ نەۋرىسى ئابدۇراخمان (خۇيزۇلار ئۇنى باباي دەپ ئاتايدۇ) بېيجىڭغا كېتىۋاتقاندا، لەنجۇدا خەي كوغا قادىرىيە تەلىماتىنى ئۆگەتكەن، شۇنىڭ بىلەن خەي كو «خەيمېن مەزھىپى» نى ئىجاد قىلغان.

**ھىجرىيە 1176 - يىلى مىلادى 1762 - يىلى چىڭ گاۋزۇڭ چيەنلۇڭنىڭ 27 - يىلى**

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا ھەربىي مەھكىمە تۇرغۇزۇپ، ۋە ئوخشاش بولمىغان رايونلاردا ئوخشاش بولمىغان ھۆكۈمرانلىق سىياسىتىنى يولغا قويغان.

**ھىجرىيە 1179 - يىلى مىلادى 1765 - يىلى چىڭ گاۋزۇڭ چيەنلۇڭنىڭ 30 - يىلى**

ئۇچتۇرپاندىكى مۇسۇلمان دېھقانلار قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن.

**ھىجرىيە 1244 — 1273 - يىللىرى مىلادى 1828 — 1857 - يىللىرى چىڭ شۈەنزۇڭ داۋگۇاڭنىڭ 8 - يىلىدىن چىڭ ۋېنزۇڭ شيەنفېڭنىڭ 7 - يىلىغىچە**

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جاھانگىر خوجا قاتارلىق ئاق تاغلىق خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتىپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىغان.

مەسئۇل مۇھەررىر: ساۋۇت سالاھىدىن
ئەخمەتجان ھوشۇر
مەسئۇل كوررېكتور: تۇرغۇن داۋۇت
كىتاب ئىسمىنى يازغۇچى: دولقۇن قادىر

# شىنجاڭ ئىسلام تارىخى

هاجى نۇرهاجى    چېن گوگۇاڭ

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ
پوچتانومۇرى : 100013 ،تېلېفون نومۇرى : 010-64290862
تارقاتقۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى شىنجاڭ خىزمەت پونكىتى
تور ئادرېسى : http://www.e56.com.cn
باسقۇچى : دىشىن باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
نەشرى : 1995-يىل 11-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2002-يىل 6-ئايدا بېيجىڭدا 2-قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850×1168مم . 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى : 12.875
سانى : 2000—5000
باھاسى : 18.00 يۈەن